دوكتور مۇھەممەد ئەلئەريفي

# ئۇ دۇنيا

«قۇرئان» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئاساسىدا كىچىك قىيامەت ۋە
چوڭ قىيامەتنىڭ ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

بسم الله الرّحمن الرّحيم

دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىيفىي

# ئۇ دۇنيا

(«قۇرئان» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئاساسىدا كىچىك قىيامەت
ۋە چوڭ قىيامەتنىڭ ھادىسەلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار)

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئىستانبۇل ھ. 1446/ م. 2025

بۇ كىتاب دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىفىي نەشرگە تەييارلىغان، «ئەتتەدمۇرىييە نەشرىياتى - رىياد (دار التدمرية)» ھ. 1433 / م. 2012 - يىللىق ئەرەبچە 1 - باسمىسى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

نەشر ئۇچۇرى (CIP)

*Öbür Dünya / . Muhammed el-Arifi*

ئۇ دۇنيا (كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەتنىڭ ھادىسەلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار) / العالم الأخير (أحداث القيامة الصغرى والكبرى وما بعده)؛ دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەرىفىي؛ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرجىمىسى؛ 1 - نەشرى 1 - بېسىلىشى (ئىستانبۇل)، ھ. 1446 / م. 2025؛ جەمئىي 566 بەت.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك كىتاب نومۇرى: ISBN 978-1-959397-94-6

I ①ئۇ دۇنيا («قۇرئان» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئاساسىدا كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەتنىڭ ھادىسەلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار) II ① دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەرىفىي III ئەقىدە ئىسلام – ئۇيغۇرچە IV ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرجىمە ۋە تەئلىف ئەسەرلىرى – (11)

# ئۇ دۇنيا

## («قۇرئان» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئاساسىدا كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەتنىڭ ھادىسەلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار)

مۇئەللىف : دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىفىي
تەرجىمە قىلغۇچى : مۇھەممەد بارات
نەشر قىلغۇچى : ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
مۇھەررىرى : دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ،ئە. توققۇزئوغۇز
كوررېكتورى : ئابدۇۋەلى ئابلىز، مۇھەممەد بارات
لايىھەلىگۈچى : ئا. ئاقھۇن
ئالاقىلىشىش ئادرېسى : saciyeder@gmail.com

ھ. 1446 / م. 2025 - يىلى 1 - نەشرى 1 - قېتىم بېسىلىشى (ئىستانبۇل)

نەشر ھوقۇقى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خاھلىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


قىسسە ........ 7

ئاخىرەت دۇنياسى نېمە ئۈچۈن؟ ........ 11

بىز نېمە ئۈچۈن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىمىز؟ ........ 13

قىيامەت ........ 20

كىچىك قىيامەت ........ 22

سەكرات ھالىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ........ 25

ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ سەكراتتىكى نەسىھەتلىرى ........ 41

ئۆلۈمگە ئىمان ئېيتىش ........ 49

ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش ........ 54

مېيىتكە ئالاقىدار ئەھكاملار ........ 57

بەرزەخ ھاياتى ........ 60

قەبر ........ 61

ئىنساننىڭ قەبردىكى ھالى ........ 64

روھ بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى ........ 71

قەبردە ئازاب ۋە نېئمەت بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى ........ 82

بەرزەخ ھاياتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ........ 90

قەبر ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار ........ 95

قەبر ئازابىدىن قۇتۇلۇش ........ 100

يوقاپ كەتمەيدىغان مەخلۇقاتلار ..... 107
قەبر توغرۇلۇق يەتتە مەسىلە ..... 111
ئاخىرەت كۈنى ..... 119
ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنى ..... 120
ئاخىرەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرى ..... 122
قىيامەت قاچان بولىدۇ ..... 127
ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرى ..... 131
سۈرنىڭ پۈۋلىنىشى ..... 137
قايتا تىرىلدۈرۈش ۋە قىيامەت مەيدانىغا يىغىش ..... 146
قىيامەت بولغان چاغدىكى قورقۇنچلۇق ئىشلار ..... 159
ھەشر قىلىش ..... 166
نامەئى ئەئمالنى تارقىتىش ..... 213
كۆرستىش ۋە ھېساب ئېلىش ..... 216
تارازا ..... 256
ھەۋزى كەۋسەر ..... 277
شاپائەت قىلىش ..... 290
ھەربىر ئۈممەت ئۆزلىرى چوقۇنغان ئىلاھلارغا ئەگىشىدۇ ..... 323
كافىرلار دوزاخقا قانداق ھەشر قىلىنىدۇ؟ ..... 326
پىلسىرات ..... 329
پىلسىراتتىن كېيىن مۇئمىنلەرنىڭ بىر - بىرىدىن قىساس ئالىدىغانلىقى ..... 337
ئەھلى فەترەتنىڭ ئەھۋالى ..... 340
دوزاخ ..... 343

دوزاخنىڭ ئىسىملىرى ..... 346
دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەمەللەر ..... 349
دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر ..... 364
دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى ..... 367
دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى ..... 370
دوزاخنىڭ قاتتىق قىزىق ۋە قاتتىق سوغۇقلۇقى ..... 373
دوزاخنىڭ چوڭلۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقى ..... 378
دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابلىنىشتا پەرقلىنىدىغانلىقى ..... 381
دوزاخ ئەھلىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى ..... 385
دوزاخ ئەھلىنىڭ تامىقى ..... 389
دوزاخ ئەھلىنىڭ كىيىملىرى ۋە كۆرپىلىرى ..... 393
دوزاخ ئەھلىنىڭ شەكىللىرى ۋە قەبىھلىكى ھەققىدە ..... 396
ئازابنىڭ باشقا تۈرلىرى ..... 398
ئاياللار جەننەت ئەھلىنىڭمۇ، دوزاخ ئەھلىنىڭمۇ كۆپچىلىكىدۇر ..... 409
دوزاخ ئەھلىنىڭ جاڭجاللىشىشى ..... 412
دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدىغان تۈنجى ئىنسانلار ..... 415
سادىر قىلغۇچىسىغا دوزاخ ۋەدە قىلىنغان گۇناھلار ..... 419
دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا نىجات تاپىدىغان ئىنسان ..... 426
جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئارىسىدىكى چاقىرىشلار ..... 430
قىيامەت كۈنى ئىبلىسنىڭ بارارجايى ..... 434
جەننەت ..... 443
جەننەتنىڭ ئىسىملىرى ..... 444
جەننەتكە قىزىقتۇرۇش ..... 447

جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللار ..... 451
جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان كىشى ..... 455
جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى ..... 461
جەننەتتىكى ئەھلىنىڭ سەردارلىرى ..... 465
جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەردارلىرى ..... 469
جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىش ھالىتى ..... 474
جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى توغرىسىدا ..... 479
جەننەتنىڭ مۆئەككەللىرى ..... 482
جەننەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ توپىسى ..... 484
جەننەتنىڭ خانەلىرى ۋە چېدىرلىرى ..... 486
جەننەتنىڭ پۇرىقى ..... 492
جەننەتنىڭ دەرەخلىرى ۋە مېۋىلىرى ..... 497
جەننەت ئەھلىنىڭ تائاملىرى ..... 499
جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىملىكى ..... 506
جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ..... 510
جەننەتنىڭ قاچىلىرى ..... 519
جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمى ۋە زىبۇزىننەتلىرى ..... 522
مۆئمىنلەرنىڭ سەبىي باللىرى جەننەتتە ..... 526
جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى ..... 529
جەننەتتە ئىسلام ئۇممىتى قانچىلىك بولىدۇ؟ ..... 531
جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمەتكارلىرى ..... 535
جەننەت ئاياللىرى ..... 537
دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ رەپىقە ..... 544

جەننەتنىڭ بازىرى ........ 547
مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى ........ 551
مۇئمىنلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى ........ 554
جەننەت ئەھلىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ........ 559
ئۆلۈمنى بوغۇزلاش ........ 561
خاتىمە ........ 565

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

## قىسسە

بىر يىگىت ماڭا بىرقانچە قېتىم تېلېفون قىلدى. بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ۋاقتىدا جاۋاب بېرەلمەي قالدىم. ئۇ تېلېفونۇمغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچۈر يوللىغىلى تۇردى.

مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم، قارشى تەرەپ تولىمۇ جىمجىت بولۇپ، ئاۋازىدىن بەك غەمكىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ماڭا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

– ئۇستاز، ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارىمىز؟

– ئەجەبلىنەرلىك گەپقۇ! ئۆلىمىز، ئاندىن قايتىدىن تىرىلىمىز، ئاندىن قىيامەت مەيدانىغا ھەشر قىلىنىمىز ۋە ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىمىز، ئاندىن... – مەن شۇنداق دېدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دەرھاللا گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى ۋە گاڭگىراش ئىچىدە مۇنداق دېدى:

– ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن.

گەپ قىلىش ئۇسلۇبىدىن ئۇنىڭ بەزى كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئوقۇپ قېلىپ ياكى ئاللىقانداق توغرا بىلەن خاتا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن تور بەتلەرگە كىرىپ قېلىپ تېڭىرقاپ قالغان ياكى توغرا ئىلىم ۋە ھۆججەت - دەلىللەرنى بىلمەي تۇرۇپ دىنسىزلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يېڭىلىپ قالغان بىر ياش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

– بالام! نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيسەن؟

– ئۇستاز! مەن دۇنيا هاياتى ۋە ئاخىرەت توغرۇلۇق سۆزلەنگەن تور بەتلەرگە كىردىم ۋە بەزى شەخسلەر بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ باردىم. مەن كىچىككىمدىن ئاتلاپ چوڭ بولغان ۋە تەربىيە ئالغان «جەننەت، دوزاخ، پىلسىرات، هېساب ئېلىش ۋە ئازاب بولۇش» دېگەن ئەقىدىلەر ئۈستىدە سوئال قويۇپ تەپەككۇر قىلدىم.

– بالام! ئۆزۈڭنى باس، ئۆزۈڭ تولۇق بىلمىگەن ئىلىمدە مۇنازىرە ئېلىپ بارمىغىن – دېدىم - دە ئۇنىڭغا ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردىم، – ﴿**بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)**﴾(17/«ئىسرائ»: 36).

ئۆزى ياخشى بىلمەيدىغان بىر ساھەدە گەپ قىلغان كىشىلەر بىردەك قايمۇقۇپ قالىدۇ، كاللىسىدا توغرا بىلەن خاتا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئازدۇرماقچى ۋە پىكرىنى قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولغان ئادەملەرگە يەمچۈك بولۇپ قالىدۇ.

بالام! تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە ئىمان بىزنىڭ ئەخلاقىمىزنىڭ يىلتىزىدۇر. كۆڭۈل پەقەت مۇشۇ ئەقىدە بىلەنلا خاتىرجەم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا كىرىدىغانلارنىڭ توختاۋسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ھەتتاكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسىتېت ئۇستازلىرى، چوڭ كەشپىياتچىلار، دىپلوماتلار ۋە مىنىستىرلارمۇ بار.

هېچكىم مەجبۇرلىمىسىمۇ ياكى مۇكاپات ۋەدە قىلمىغان بولمىسىمۇ، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جەننەت، دوزاخ، هېساب ۋە ئازابنىڭ بارلىقىغا دەۋەت قىلىدىغان بۇ دىنغا كىرىشكە ئېلىپ بارغان نەرسە نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ دەل تەۋھىد ۋە ئىنساندىكى تەبىئىي فىترەتتۇر. ئۇ كۆڭۈلنىڭ تەسكىن تېپىشى، روھنىڭ راھەتلىنىشى ۋە قەلبنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتىمىز ئادەمدىن ئىبارەت بىر جاندىن ياراتتى،

ئاندىن ئانىمىز ھەۋۋانى ياراتتى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىدىن ئىنسانلار كۆپەيدى. بىز بۇ دۇنيانى ئاۋات قىلىمىز، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىمىز ۋە ھاياتىمىزنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزىمىز، ئاندىن ئۆلۈپ كېتىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا تىرىلىمىز ۋە قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزدىن ھېساب بېرىمىز. بۇنىڭ ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللىرى باردۇر.

دوستۇم خۇددى تېلېفوننى ئېتىۋەتكەندەك دەرىجىدە جىمىپ كەتكەندى، مەن پات - پات ئۇنىڭغا: «ئاڭلاۋاتامسىز؟ گېپىم توغرىمۇ؟» دەپ تۇردۇم.

ئۇ چوڭقۇر ئويغا غەرق بولغان ئىدى.

مەن مۇشۇنداق قېرىنداشلىرىمنىڭ ئاخىرەت ئالەمى ھەققىدە ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر كىتابقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى تۈزۈشكە كىرىشتىم.

ئاللاھتىن بۇ كىتابنى مول مەنپەئەتلىك ۋە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئەمگەك قىلىپ بېرىشنى سورايمەن، ئامىن[1].

دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەرىيفىي

پادىشاھ سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەقىدە ۋە ھازىرقى زامان دىن - ئېقىملار پەنلىرى پروفېسسورى

دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئەزاسى

ئىسلام تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ئالىي كېڭىشىنىڭ ئەزاسى

رىياد

ھ. 1432، 9 - زۇلھەججە / م. 2011، 5 - نويابىر

(1) «ئۇ دۇنيا» ئاتلىق بۇ كىتابنى قىيامەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئالامەتلىرى ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئاياغلىشىشى ھەققىدە توختالغان «دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا» ئاتلىق كىتابىمنى تولۇقلىغۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

# ئاخىرەت دۇنياسى نېمە ئۈچۈن؟

جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇد ۋە سالاملار ئەنبىيالەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇ زاتنىڭ پاك ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھابلىرىغە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن.

سۆزىمىزگە كەلسەك: ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ۋە ئەمەللىرىگە قارىتا جازا، مۇكاپات بېرىلىدىغان بىر كۈندە قايتىدىن تىرىلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىغا بىرلىككە كەلدى. زالىم باشقىلارغا قىلغان زۇلمىغا قارىتا جازاغا ئۇچرايدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچى قىلغان ياخشىلىقىغا قارىتا مۇكاپاتلىنىدۇ. دېمەك، بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرقى نۇقتا ئەمەستۇر.

ھەقتائالا ئېيتىدىكى: ﴿*ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟*﴾(38/«ساد»: 28)، ﴿*ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەبەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر*﴾(64/«تەغابۇن»: 7).

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ رۇكنلىرىدىن بىرىدۇر. كىمكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشنى ۋە ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقنى يالغانغا چىقارسا، ئۇلۇغ ئاللاھقا كافىر بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿*زالىملار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دائىم يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ*﴾(7/«ئەئراف»: 45) دېگەن.

- ئۇنداقتا ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟

- ئۆلۈم دېگەن نېمە؟
- قەبردە نېمىلەر بولىدۇ؟
- هەۋز دېگەن نېمە؟ تارازا دېگەن نېمە؟
- پىلسىرات دېگەن نېمە؟ نامەئى ئەئماللەر دېگەنچۇ؟
- جەننەت ۋە دوزاخنىڭ سۈپىتى قانداق؟
- ئاخىرەتتىكى ئاجايىپ ئىشلار قايسىلار؟ ئاخىرەتتە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟
- ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىمىزنى قاچان كۆرىمىز؟

خوش ئۇنداقتا ئاخىرەت دۇنياسى ھەققىدىكى سەپىرىمىزگە ئاتلىنايلى!

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# بىز نېمە ئۈچۈن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىمىز؟

ئاللاھ تائالا دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن ئاخىرەت ھاياتىدىن ئىبارەت يەنە بىر ھاياتلىقنىڭ بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولۇپ، ئۇ كۈندە بولىدىغان ئەھۋاللاردىن بىزگە خەبەر بەردى ۋە بۇ خەبەرلەر بىلەن بىزگە ۋەز - نەسىھەت قىلدى. يەنە ئۇ كۈنگە ئىمان ئېيتىشنى ۋە تەييارلىق قىلىشنى بىزگە ۋاجىب قىلدى.

ئاخىرەت كۈنىنى ئەسلەش ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ۋە خەيرلىك ئىشلارغا ئالدىراشقا قىزىقتۇرىدۇ ۋە ئىنساندىن غەم - ئەندىشىنى يوق قىلىدۇ، يەنە ئىنساننى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشتىن يىراق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ھەقتائالا ئېيتىدۇكى: ﴿***قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز***﴾(21/«ئەنبىياء»: 47)، ﴿***گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچى تىرىك (مەڭگۈ) ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ***﴾(20/«تاھا»: 111).

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «**كىمدىكى بىراۋغا قارىتا تىل - ھاقارەت ياكى شۇنىڭدەك بىرەر زۇلۇم قىلغان ئەھۋال بولسا، ئۇنى بىرەر تىللا ياكى بىرەر تەڭگە پۇلمۇ بولمايدىغان كۈنگە قالدۇرماي، بۈگۈنلا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلغان زۇلمىغا لايىق ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ**»[1].

---

(1) بۇخارىي (2449). ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلىدىغان رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىن زۇلۇم قىلغۇچىنى ئەيىپ قىلىپ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى رازى قىلىشى ئۈچۈن دۈشمەنلىشىپ قالغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدىغانلىقىدۇر. ئەنەس

**ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىنساننى بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە دىنسىزلىق قىلىشتىن توسىدۇ. ئەمما، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان**

---

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «بىر كۈنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇۋاتقان ئىدى، تۇيۇقسىز ئۇ زاتنىڭ كۈلۈپ، ھەتتاكى ئۇدۇل چىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ زاتقا: ‹نېمە ئۈچۈن كۈلدىلە؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!› دېيىلگەندى، ئۇ زات مۇنداق دېدى: ‹ئۈممىتىمدىن ئىككى كىشى پەرۋەردىگارىمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىرى:

— ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا قېرىندىشىمدىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرگىن، — دېدى، ئاللاھ تائالا يەنە بىرىگە:

— قېرىندىشىڭغا ھەققىنى بەرگىن، — دېدى. ئۇ (ھەقنى بەرگۈچى):

— ئى رەببىم! مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمدىن ھېچ نەرسە قالمىدى، — دېدى. ھەق ئىگىسى:

— ئى رەببىم! مېنىڭ گۇناھلىرىمدىن ئۇنىڭغا يۈكلىگىن، — دېدى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى، ئاندىن دېدى:

— ھەقىقەتەن، ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، ئىنسانلار گۇناھلىرىنىڭ باشقىلارغا يۈكلىنىشىگە موھتاج بولىدىغان كۈندۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچىغا:

— بېشىڭنى كۆتۈرگىن، — دېدى. ئۇ كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ:

— ئى رەببىم! مەن ئالتۇن شەھەرلەرنى ۋە مەرۋايىتلار يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن قەسىرلەرنى كۆرۈۋاتىمەن، بۇ قايسى پەيغەمبەر ئۈچۈن؟ ياكى قايسى سىددىق ئۈچۈن؟ ياكى قايسى شېھىد ئۈچۈن؟ — دېدى. ئاللاھ تائالا:

— بۇ ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگەن ئادەم ئۈچۈن، — دېدى.

— بۇنىڭ پۇلىغا كىممۇ ئىگە بولالايدۇ؟

— سەن ئىگە بولىسەن.

— ئۇنداقتا نېمە بىلەن ئىگە بولىمەن؟

— قېرىندىشىڭنى ئەپۇ قىلىشىڭ بىلەن ئىگە بولىسەن.

— ئى رەببىم! مەن ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتتىم.

— سەن قېرىندىشىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن.

ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى:

— ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ› دېدى». (قاراڭ: ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (8718). ھاكىم: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىفۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب» تە (1469، 2103) «بەك زەئىف» ۋە «زەئىف» دېگەن. مۇئەللىف پۈتۈن كىتابتا ھەدىس نومۇرلىرىنى بايان قىلمىغاندىن سىرت، گاھىدا ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنى تولۇق تەخرىج قىلمىغان بولۇپ، نومۇرلارنى ۋە كېرەك بولغان يەردە ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ تەخرىجلىرىنى تەھرىرات مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان (— ت) بەلگىسى بىلەن تولۇق بايان قىلىپ ماڭىمىز — ت.)

ئېيتمايدىغان كافىرغا كەلسەك، ئۇ ھەرقانداق قەبىھ ۋە مۇنكەر ئىشتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿***ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن توغرا يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر***﴾(23/«مۇئمىنۇن»: 74) دېگەن.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىنساننى ئەخلاقىنى گۈزەل قىلىشقا، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشقا ۋە ئاخىرەتتە كاتتا ساۋابىنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيادا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ھەسرەت چەكمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«مۇسۇلمانغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت بولىدىكەن، ھەتتا بەدىنىگە كىرىپ كەتكەن بىر تىكەن چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ»**[1] دېگەن.

يەنە شۇنداقلا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئادەمنى گۇناھنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋە شۇ گۇناھلاردىن ئۆزىنى پاكلاشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەسھاب كىراملەر نەپسىدىن ھېساب ئېلىش ۋە نەپسىنى پاكلاشتا جانلىق ئۈلگىلەردىن ئىدى.

**قىسسە**

مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسھابىلەردىن ئىدى، بىر كۈنى شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ، ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ دېدەكى بىلەن بىللە بولۇشقا قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مائىز كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق بىر جايدا بۇ دېدەك بىلەن خالىي بولدى. بۇ ۋاقىتتا شەيتان بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى - دە، بۇ ئىككىسى زىنا قىلدى.

مائىز بۇ گۇناھ ئىشتىن پارىغ بولغان چاغدا، شەيتان ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغلاپ، نەپسىدىن ھېساب ئالدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە مالامەت قىلىپ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقتى. ھەتتاكى گۇناھ

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5640)؛ مۇسلىم (2572).

ئۇنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرۈپ، ھاياتى ئۇنىڭغا تار كەلدى ۋە قىلغان خاتالىقى ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. ئاندىن قەلبلەرنىڭ دوختۇرى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇ زاتقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغان كىشى زىنا قىلدى، مېنى پاكلاپ قويسىلا.

بۇ چاغدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ تەتۈر قارىۋالدى. مائىز يەنە ئۇ زاتنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن كېلىپ مۇنداق دېدى:

– ئى رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلاپ قويسىلا.

– ساڭا ۋاي! قايتقىن، ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىگىن ۋە تەۋبە قىلغىن.

مائىز قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە كېلىپ مۇنداق دېدى:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى پاكلاپ قويسىلا.

– زىنانىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تىۋۋلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە بۇيرۇق قىلىپ ئۇنى يېنىدىن چىقىرىۋەتتى. كېيىن ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە كېلىپ مۇنداق دېدى:

– ئى رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلاپ قويسىلا.

– سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! زىنانىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېدى ۋە بۇيرۇق قىلىپ ئۇنى يېنىدىن چىقىرىۋەتتى. كېيىن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم كېلىپ يۇقىرىقى سۆزىنى تەكرار دەۋرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ زات ئۇنىڭ قەۋمىدىن مۇنداق سورىدى:

– مائىزدا ساراڭلىق بارمۇ؟

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر

ئەھۋالنى بايقىمىدۇق.

- ئۇ ھاراق ئىچتىمۇ؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەندى، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى پۇراپ بېقىپ، ھېچقانداق ھاراقنىڭ پۇرىقىنى ھېس قىلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىزدىن مۇنداق سورىدى:

- زىنانىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

- شۇنداق بىلىمەن، خۇددى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئايالىغا ھالال يېقىنچىلىق قىلغاندەك، مەن يات بىر ئايالغا ھارام يېقىنچىلىق قىلىپ قويدۇم.

- بۇ سۆزۈڭ بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلىسەن؟

- مېنى پاكلاپ قويۇشلىرىنى مەقسەت قىلىمەن.

- بولىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دەپ بولۇپ، ئۇنى چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇۋىدى، ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر چالما - كېسەك قىلىندى.

مۇسۇلمانلار بۇ ساھابەنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئەسھابلىرى بىلەن ئۇ چالما - كېسەك قىلىنغان جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەسھابلىرىدىن ئىككى كىشىنىڭ بىر - بىرىگە: «ئاللاھ تائالا سەتر قىلسا، نەپسى ئۇنىمىغانلىقى سەۋەبتىن ئىتلار چالما - كېسەك قىلىنغاندەك، چالما - كېسەك قىلىنغان بۇ كىشىگە قارا» دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە گەپ قىلماي سۈكۈت قىلدى. ئاندىن بىرەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئاپتاپتا قىزىپ قورساقلىرى كۆپۈپ، ئىككى پۇتى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بىر ئېشەك تاپىنىڭ يېنىدىن

ئۆتۈپ قالدى. بۇ چاغدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

**– پالانى، پالانى ئىككى كىشى قېنى؟**

**– مانا بىز، ئى رەسۇلۇللاھ!**

**– چۈشۈپ بۇ ئېشەكنىڭ تاپىدىن يەڭلار!**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سىلىنى مەغفىرەت قىلسۇن، كىممۇ بۇنى يەيدۇ؟**

**– باياتىن ئىككىڭلارنىڭ (ئۆلۈپ كەتكەن) قېرىندىشىڭلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىغا تېگىپ غەيۋەتىنى قىلغىنىڭلار ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگەندىنمۇ قاتتىق ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇ شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر بۇ تەۋبە پۈتۈن ئۈممەتكە تەقسىم قىلىنىپ قالسا، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولاتتى. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھازىر جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدە ئۈزۈپ يۈرۈۋاتىدۇ[1].**

مائىز ئىبنى مالىكقا خۇش مۇبارەك بولسۇن! شۇنداق، ئۇ زىنادىن ئىبارەت ئېغىر گۇناھنى سادىر قىلىپ، ئۆزى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى بۇزۇۋەتتى. بۇ گۇناھتىن پارىغ بولغان چاغدا، گۇناھنىڭ لەززىتى كېتىپ، ھەسرەتلىرى قەلبىدە قېپقالدى. لېكىن، ئۇ شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر بۇ تەۋبە پۈتۈن ئۈممەتكە تەقسىم قىلىنىپ قالسا، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولاتتى.

## خۇلاسە كەلام

ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىنساننى ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋە رىيادىن ئۆزىنى تارتىدىغان قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. ھەقتائالا ئېيتقاندەك: ﴿***ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن،***

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (4428). ئالبانىي: ((«زەئىفۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب» ، 1686) «زەئىف» دېگەن — ت.

*ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ﴾*(«تەۋبە»: 18/9).

**يورۇتما**

**ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە سائادەتتۇر.**

# قىيامەت

«قىيامەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىككى نەرسىگە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بىرسى بىز كۆز ئالدىمىزدا داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان (ئۆلۈمدىن ئىبارەت) قىيامەت. يەنە بىرسى بىرلا قېتىم يۈز بېرىدىغان قىيامەت بولۇپ، پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۇ كۈندىن قورقىدۇ. ئۇنداقتا قىيامەت ـ كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەت دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

## كىچىك قىيامەت

بۇ خاس قىيامەت بولۇپ، ئەگەر بىر بەندە ۋاپات بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت بولغان بولىدۇ. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك: «ئۇلار ‹قىيامەت، قىيامەت› دېيىشىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىنىڭ قىيامىتى ئۇنىڭ ئۆلۈشىدۇر»[1].

«كىچىك قىيامەت» دېگەن بۇ سۆز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستىمۇ زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ دېگەنكى: «بىرمۇنچە قوپال ئەئرابىيلار نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇ زاتتىن قىيامەت توغرۇلۇق سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىگە قاراپ: ‹بۇ (بالا) ياشاپ قالسا، قىيامىتىڭلار قايىم بولمىغۇچە ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتمەيدۇ› دېدى»[2]. يەنى «بۇ بالا چوڭ بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئۆلۈم كېلىدۇ،

---

(1) ئىمام تەبەرىي: «تەفسىرۇ تەبەرىي»، (35857) — ت.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6511)؛ مۇسلىم (2952). (دېمەكچى بولغىنى شۇكى: «ئى سورىغۇچى! قىيامەت قاچان بولسا بولسۇن، سەن مۇشۇ بالىنىڭ كۆرىدىغان ئۆمرىدىن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرمەيسەن، ئەنە شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆلۈمۈڭ قىيامىتىڭنىڭ قوپقىنى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال قانچىلىك ئەمەل قىلىۋالالىغىنىڭغا قارىغىن» — ت.)

بۇ بالا ھەممىڭلارنىڭ ئاخىرىدا ئۆلىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

## چوڭ قىيامەت

بۇ ئومۇمىي قىيامەت بولۇپ، بۇ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى بىلەن زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتلىق پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالا خالايىقلارنى جازا، ھېساب، جەننەت ۋە دوزاخ ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿***ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ***﴾ (80/«ئەبەسە»: 21، 22) دېگەن سۆزىدە كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەتنى تىلغا ئالغان.

**پىچىرلىما**

**كىمكى كىچىك قىيامەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلسا، ئۇنىڭغا چوڭ قىيامەت ئاسان بولىدۇ.**

# كىچىك قىيامەت

كىچىك قىيامەت ـ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ روھنىڭ تەندىن ئايرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن مەخلۇقاتلار بۇ قىيامەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىلگىرىكىلەرنىڭ كۆپ ئەھۋاللىرى ۋە ئۆلارنىڭ سەكرات ھالەتتە قىلغان نەسىھەتلىرى بار.

- **ئۇنداقتا كىچىك قىيامەت (ئۆلۈم) يۈز بەرگەندە، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋاللىرى قانداق بولىدۇ؟**
- **سەكرات ھالەتلىرىگە ئالاقىدار قىسسەلەر**
- **ئاخىرقى ھالىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى نېمە؟**
- **روھنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟**

**ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز ئۆلۈمدۇر**

زىكىر قىلىنىشىچە، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قەدىر ـ قىممىتى ناھايىتى ئۈستۈن بىر ۋەزىر بولغانىكەن. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ۋەزىر بوپتۇ.

بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام چاشگاھ ۋاقتىدا تەختىدە ئولتۇرغانىكەن. يېنىدا بۇ ۋەزىرمۇ بار ئىكەن. تۇيۇقسىز بىر كىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام قىپتۇ ۋە سۆزلىشىشكە باشلاپتۇ. سۆزى جەريانىدا بۇ ۋەزىرگە شۇنداق بىر قاراپ قويۇپتۇ. ۋەزىر بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپتۇ. بۇ كىشى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن سوراپتۇ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھۇزۇرلىرىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ كىشى كىم؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى مېنى قورقۇتۇۋەتتى.

**– بۇ ئۆلۈم پەرىشتىسى بولۇپ، ئەر كىشىنىڭ سىياقىدا مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كىردى.**

**ۋەزىر بۇ گەپتىن چۆچۈپ كېتىپ يىغلاپتۇ ۋە:**

**– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىدىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، شامالغا بۇيرۇق قىلسىلا، مېنى ئەڭ يىراق جايغا، ھىندىستانغا ئاپىرىۋەتسۇن، – دەپتۇ.**

**شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام شامالغا بۇيرۇق قىپتىكەن، بۇ ۋەزىرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۆلۈم پەرىشتىسى يەنە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ ئادەتتىكى قېتىمقىدەك سالام قىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەپتۇ:**

**– سەن تۈنۈگۈن ھەمراھىمنى قورقۇتۇۋەتتىڭ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆتكۈر نەزەرىڭ بىلەن قارىغان ئىدىڭ؟**

**– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھۇزۇرۇڭغا چاشگاھ ۋاقتىدا كىردىم. ھالبۇكى ئاللاھ چۈشتىن كېيىن ھىندىستاندا ئۇنىڭ روھىنى قەبزى قىلىشىمغا بۇيرۇغان ئىدى، ئۇنىڭ سېنىڭ يېنىڭدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندىم.**

**– قانداق قىلدىڭ؟**

**– ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى قەبزى قىلىشىمغا بۇيرۇغان جايغا باردىم، ئۇنىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئاندىن ئۇنىڭ روھىنى قەبزى قىلدىم[1].**

**ئۆلۈم پەرىشتىسى شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ.**

**شۇنداق، بۇ ئۆلۈم ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئېلان قىلغان، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئەڭ چوڭ جەڭدۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿ئى**

(1) ئىبنى ئەبى شەيبە (35409)؛ ئەھمەد: «ئەززۇھد» (220). بۇ تابىئىن شەھر ئىبنى ھەۋشەبنىڭ سۆزى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ئەمەس. كۆپىنچە ئېھتىمالدا بۇ بىر يا راست، يا يالغان دېمەسلىككە بۇيرۇلغان ئىسرائىلىييات بولسا كېرەك — ت.

***مۇھەممەد!) سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ، دېگىن﴾*** (62/«جۇمۇئە»: 8) دېگەن.

دېمەك، پادىشاھلار، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، شەرەپلىكلەر، ئادەتتىكى ئىنسانلار، بايلار، كەمبەغەللەر، ھەتتاكى پەرىشتىلەر، جىن - شەيتانلار، ھايۋاناتلار ۋە قۇشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلاھىي ئاقىۋەتنىڭ ئالدىدا ئاجىزدۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا) ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلەردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»﴾*** (3/«ئال ئىمران»: 168)، ***﴿قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾*** (4/«نىسائ»: 78).

قېنى ئۇ قوشۇنلار، پادىشاھلىق، يۈز - ئابرۇي!
قېنى ئۇ كىسرالار، قەيسەرلەر!
قېنى ئۇ داھىيلار، تىجارەتچىلەر ۋە تېخى دوختۇرلار!

ھەممىگە قاچالماس بىر ئۆلۈم كەلدى،
ھۆكمىنى كەستى، يوقتەكلا بولدى.
ئىگە بولغان، بولۇنغان يوقاپلا كەتتى،
بىر بارمىش، بىر يوقمىش دېگەندەك بولدى.

باشلىنىش
ئۆلۈم ئۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىدۇر.

# سەكرات ھالىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى

سەكرات ۋە روھنىڭ بەدەندىن چىقىش ھالىتى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاجايىب بىر مۇقەررەرلىكتۇر. بولمىسا، ئۆلۈم كەدەرىدىن سۈزۈك بولغان ھايات بارمۇ؟ ئۆلۈم پۈتلىمىغان قەدەم بارمۇ؟ ئۇ ئاتا - ئەجدادلارنى ئېلىپ كەتمىدىمۇ؟ مەھبۇبلارنى تارتىۋالمىدىمۇ؟ سۆيگۈ رىشتىلىرىنى ئۈزۈۋەتمىدىمۇ؟ ئاياللارنى تۇل، سەبىيلەرنى يېتىم قىلمىدىمۇ؟

روھ بەدەندىن چىققان ۋاقىتتا ھەربىر ئىنساندا ھەر خىل ھالەتلەر بولىدۇ.

## پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋەدائىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېسەللى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. ئۇ زات ھەربىر سۆزى ۋە ھەربىر قاراشلىرىدا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدىغانلىقىغا جەزم قىلغان چاغدا، كىشىلەر بىلەن خوشلىشىشنى ئويلاپ بېشىنى تاڭدى، ئاندىن فەزل ئىبنى ئابباسنى كىشىلەرنى مەسجىدكە يىغىشقا بۇيرۇدى. فەزل كىشىلەرنى يىغقاندىن كېيىن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا يۆلىنىپ مېڭىپ كېلىپ، مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئاندىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: **«مەقسەتكە كەلسەك، ئى ئىنسانلار! مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن كېتىدىغان ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالدى، (بۇنىڭدىن كېيىن) بۇ ئورۇندا مېنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسىلەر. بىرەرىڭلارنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قالغان بولسام، مانا بۇ مېنىڭ دۈمبەمدۇر، قىساسىنى ئېلىۋالسۇن. بىرەرىڭلارنى تىللاپ يۈز - ئابرۇيىغا تەگكەن بولسام، مانا بۇ مېنىڭ يۈز -**

ئابروٰيۇمدۇر، قساسىنى ئېلىۋالسۇن. ھېچبىر كىشى مېنى بىخىللىقتىن قورقىدۇ دەپ قالمىسۇن. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىخىللىق مېنىڭ شەنىم ۋە ئەخلاقىم ئەمەس. سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار مەندە ھەققى بولسا، مەندىن ھەققىنى ئېلىپ مېنى گۇناھتىن خالاس قىلغان كىشىدۇر، شۇندىلا مەن ئۇستۈمدە بىرسىنىڭ ھەققى قالمىغان ھالدا ئاللاھقا ئۇچرىشىمەن». ئۇنىڭدىن كېيىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردىن چۈشۈپ، مۇبارەك ئۆيىگە كىرىپ كەتتى[1].

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسىلى

قىزىتما بۇ مۇبارەك زاتنىڭ بەدىنىنى قاپلاشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ چىقىپ، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى ئويلاپ تۇردى. بىر جۈمە كۈنى قىزىتمىسى بەك ئۆرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەسھابلىرى بىلەن نامازشامنى ئوقۇدى، ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ ئۆيدىكىلىرى سېلىپ بەرگەن كۆرپىگە چىقىپ ياتتى، قىزىتما پاك بەدىنىنى قىيناپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۆرپىدە ئۆزۈن يېتىپ قالدى. جامائەت خۇپتەن نامىزىغا يىغىلدى ۋە ئىمامى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن، ئۇ زاتنى ساقلاشقا باشلىدى. ھالبۇكى ئۇ زات كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرالماي ئۇلارنىڭ يېنىغا بالدۇر چىقالماي قالدى.

بەزىلەر:

– ناماز! ناماز! – دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ئۇ زات ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى ۋە:

– جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ – دېگەندى، ئۇلار:

– ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ، – دېدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىنىنىڭ ھارارىتىنىڭ ئۆرە تۇرۇشقا

(1) ئەبۇ يەئلا (6824). (ھۆسەين سەلىم ئەسەد: «سەنەدى زەئىف» دېگەن — ت.)

يول قويمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

**– چوڭ بىر قاچىدا سۇ ئەكىلىپ، ئۈستۈمدىن قۇيۇڭلار،** – دېدى. ئۇلار چوڭ قاچىدا سوغۇق سۇ ئەكىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن قۇيدى. ئۇ زات بەدىنى سوۋۇپ، بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئەسھابلىرىگە:

**– بولدى، كۇپايە،** – دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇ قۇيۇشنى توختاتتى. ئاندىن ئۇ زات ئورنىدىن تۇرۇش ئۇچۇن ئىككى قولىغا تايانغان ئىدى، ھوشىدىن كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن (ئەتراپىدىكىلەردىن):

**– جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟** – دەپ سورىدى.

– ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ.

**– ماڭا چوڭ قاچىدا سۇ ئەكىلىڭلار.**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇيۇندى، ئەسھابلىرى ئۈستىدىن سۇ قۇيۇپ بەردى. بەدىنىدە بىرئاز ياخشىلىنىش ھېس قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، تۇنجى بولۇپ يەنە:

**– جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟** – دەپ سورىدى.

– ياق ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ.

**– ماڭا چوڭ قاچىدا سۇ ئەكىلىڭلار.**

ئۇلار نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۈستىدىن قۇيۇشقا باشلىدى. خېلى كۆپ سۇ قۇيغاندىن كېيىن، ئۇ زات قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، سۇ قۇيۇشنى توختاتتى. ئاندىن ماغدۇرى قالمىغان ئىككى قولىغا تايىنىپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى قەلبلىرى ئۆرتەنگەن، كۆزلىرى ياش تۆككەن ھالدا پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ تۇراتتى. مەسجىدتىكى جامائەت بولسا ئۇزۇندىن بۇيان تەكبىر

ئېيتىشقا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتىپ، رۇكۇ، سەجدىلەرنى بىللە قىلىپ ناماز ئوقۇپ كەلگەن بۇ ئىمامنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ مەسجىدتە ئولتۇرۇۋاتقانىدى. ئۇ زات ھوشىدىن كېتىپ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى ۋە:

– جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ – دېدى.

– ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىنىگە قاراپ ئويلاندى، بۇ ۋاقىتتا قىزىتما بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى.

شۇنداق، كېسەل دىنغا ياردەم بەرگەن ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان بۇ مۇبارەك بەدەننى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇ شۇنداق بەدەنكى، ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان ۋە ھاياتلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرگەن، كېچىلىرى ئۇزۇن قىيامدا تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن، مېھرىبان ئاللاھتىن قورقۇپ كۆزلىرى ياش تۆككەن، ئاللاھ يولىدا ئازاب چەككەن، ئاچ قالغان ۋە جىھاد قىلغان بىر بەدەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ بۇ ھالىنى ۋە كېسەلنىڭ بەدىنىگە چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەرگە بۇرۇلۇپ:

– ئەبۇبەكرنى بۇيرۇڭلار، ئۇ جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن! – دېدى[1].

شۇنىڭ بىلەن بىلال نامازغا تەكبىر ئېيتتى، ئەبۇبەكرى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرابىغا ئۆتۈپ، ئىمام بولۇپ جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ غەمكىنلىكى ۋە قاتتىق يىغلىغانلىقى سەۋەبىدىن جامائەت قىرائىتىنى ئاڭلىيالماي قېلىشقا تاس قالدى. شۇنداقتىمۇ خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولدى.

بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بولغاندا، جامائەت مەسجىدكە يىغىلدى.

(1) بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (664، 687)؛ مۇسلىم (418) — ت.

ئەبۇبەكرى يەنە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نامازلارنىڭ ھەممىسىدە بىرقانچە كۈن ئەبۇبەكرى ئىمام بولۇپ جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بەردى، بۇ چاغدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىدە يېتىۋاتاتتى.

## جامائەت نامىزى

دۈشەنبە كۈنى پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىنىدە بىرئاز ياخشىلىنىش بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئابباس ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى چاقىردى، بۇ ئىككىيلەن ئۇ زاتنى ئۇلۇغ ۋە سول تەرىپىدىن يۆلىدى. ئۇ زات ئىككى پۇتىدا يەرنى سىجىپ، بۇ ئىككى ساھابەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭدى ۋە ئۆيى بىلەن مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى ئاچتى. بۇ چاغدا نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ بولغان، جامائەت ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىنىڭ سەپ - سەپ بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا قارىدى. بۇ ئەسھابلەر بولسا مۇبارەك يۈزلەر ۋە پاك بەدەنلەرنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇ زات بىلەن ناھايىتى كۆپ بىللە ناماز ئوقۇغان، بىللە جىھاد قىلغان ۋە ھەمسۆھبەت بولۇشقان ئىدى. كېچىلىرى بىللە قىيامدا تۇرغان ۋە كۈندۈزلىرى بىللە روزا تۇتۇشقان ئىدى. بالا - قازالارغا بىللە سەۋر قىلىشقان ۋە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشقان ئىدى. شۇنداقلا دىنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئائىلە - تاۋابىئاتىدىن، قېرىنداشلىرىدىن، ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىدىن ۋە يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى. ھالا بۈگۈن بولسا ئۇ زات ئۇلاردىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت دىيارىغا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ نامازدىكى ھالىتىنى كۆرۈپ زوقلاندى ۋە يۈزى ئاينىڭ بىر پارچىسىدەك نۇرلۇق تەبەسسۇم قىلدى. ئاندىن پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كۆرپىسىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەڭ پاك ۋە پاكىز يارىتىلغان بۇ روھنى قەبزى

قىلىش ئۇچۇن ئاسماندىن چۈشتى.

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئۆلۈم سەكراتى

ئۆلۈمنىڭ سەكراتلىرى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ روھى ۋە بەدىنى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى.

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئېيتىدۇ: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنى سەكراتتىكى ھالىتىدە كۆردۈم. ئۇ زاتنىڭ يېنىدا بىر قەدەھ سۇ بار ئىدى، قولىنى قەدەھكە كىرگۈزدى. ئاندىن يۈزىنى شۇ سۇ بىلەن سىلىدى ۋە:

**– بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن ئۆلۈمنىڭ قىيىن سەكراتلىرى بار، – دېدى[1].**

**– كۆڭلۈمنى ئەزدىلىغۇ دادا! – دەپ يىغلاشقا باشلىدى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها.**

**– دادىڭىزغا بۈگۈندىن كېيىن قىيىنچىلىق بولمايدۇ،** – دېدى[2] نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۈنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ. مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىنى سىلاشقا ۋە شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدىم، ئۇ زات:

**– بولدى قىلىڭ، ئاللاھتىن جىبرىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىللار بىلەن بىللە بولىدىغان رەفىيقۇلئەئلا (يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە بولۇش) نى سورايمەن، – دېدى»[3].**

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ نەپسى قىيىنلىشىپ ئۆلۈمنىڭ سەكراتلىرى ئېغىرلاشقان چاغدا، ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادىن خوشلىشىۋاتقانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان، ئۈممەتلىرى ئۈچۈن بەك

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4459) ؛ مۇسلىم (2443) ــــ ت.

(2) بۇخارىي (4462) ــــ ت.

(3) ئىبنى ھىببان (6591). ئىبنى ھەجەر: «ئەلفۇتۇھاتۇررەببانىييە» ، 100/4 «سەھىھ» دېگەن ــــ ت.

مۇھىم بولغان ۋە شىركتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى: «ئاللاھ يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار ئەنبىيالىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى»[1]، «ئەنبىيالىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغان قەۋمگە ئاللاھنىڭ غەزىپى قاتتىق بولدى»[2].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا دېگەن سۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىن: «ناماز، نامازنى قولدىن بەرمەڭلار ۋە قول ئاستىڭلاردىكىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار»[3] دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

شۇنداق، ئەنبىيائىلەرنىڭ سەييىدى، تەقۋادارلارنىڭ يولباشچىسى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دوستى بولغان بۇ زات ھېچبىر كىشى «مېنىڭ ھەققىم بارتى» دەپ ھەق تەلەپ قىلمىغان، ھېچبىر كىشىگە بىرەر ئېغىز سۆز بىلەنمۇ ئەزىيەت بەرمىگەن، ھارام ماللار بىلەن، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ۋە گۇناھ - مەئسىيەت قىلىش بىلەن ئۆزىنى بۇلغىمىغان، بەلكى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغان، رەببىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان، باشقىلارنى ناماز ئوقۇشقا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئاللاھقا شىرك كەلتۈرۈشتىن، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسقان ھالەتتە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ زاتنى سۈپەتلەپ ئېيتتىكى: ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾(9/«تەۋبە»: 128).

## ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يۆتكىلەيلى، بۇ بولسا دىنغا ياردەم بەرگەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان ۋە مەجۇسىيلارنىڭ دۆلىتىنىڭ

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (437)؛ مۇسلىم (530)ــــ ت.

(2) مالىك: «مۇۋەتتا» ، (593). ئالبانىي: («مشكات» ، 750) «سەھىھ، مۇرسەل» دېگەن ــــ ت.

(3) ئەھمەد (26526). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن ــــ ت.

ئوتىنى ئۆچۈرگەن زاتتۇر.

بۇ زاتقا كافىرلار ھەسەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ھەسەت قىلغىنى ئەبۇلۇئلۇئە ئىسىملىك بىر مەجۇسىي بولۇپ، ئۇ مەدىنىدە تۆمۈرچىلىك ۋە ياغاچچىلىق قىلىدىغان بىر قۇل ئىدى ۋە تۈگمەن ياسايتتى.

بۇ كافىر قۇل ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈردى. بىر كۈنى ئۆمەر ئۇنىڭغا يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ:

– ئاڭلىسام، سەن «ئەگەر خاھلىسام، شامال بىلەن ئايلىنىدىغان تۈگمەن ياسايمەن» دەپسەن! – دېگەنىدى، ئۇ قۇل:

– سەن ئۈچۈن شۇنداق بىر تۈگمەن ياسايمەنكى، بۇ تۈگمەن مەشرىق بىلەن مەغرىب ئەھلىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ، – دېدى.

– بۇ قۇل مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ئۆمەر ھەمراھلىرىغا قاراپ شۇنداق دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قۇل كېتىپ، ئىككى بىسلىق تۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر خەنجەر ياسىدى. بۇ خەنجەرنىڭ بۇ تەرىپىنى تىقسىمۇ، ئۇ تەرىپىنى تىقسىمۇ ئوخشاشلا مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى ۋە بۇ خەنجەرنى بىر ئادەمگە تىققاندا خەنجەرنىڭ كۈچى بىلەن ياكى زەھەرنىڭ كۈچى بىلەن ئۆلتۈرەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنى زەھەر بىلەن سۇغاردى.

ئاندىن بىر كۈنى قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئۆيىدىن چىقىپ، مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆمەرنى پايلاپ تۇردى. تاكى ئۆمەر جامائەتنى بامدات نامىزىغا ئويغىتىش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرگەنگە قەدەر بۇ يەردە تۇردى. بامدات نامىزىغا تەكبىر ئېيتىلدى ۋە ئۆمەر جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ نامازغا قولاق قاقتى. بۇ زات قىرائەتنى باشلىغاندا، بۇ مەجۇسىي قۇل ئۇنىڭغا ئېتىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۈچ يېرىگە خەنجەر تىقىۋەتتى، بىرىنچىسى كۆكرىكىگە،

ئىككىنچىسى يان تەرىپىگە، ئۈچىنچىسى كىندىكىنىڭ ئاستىغا تىقىلغان ئىدى.

ئۆمەر ۋارقىرىدى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر***﴾[«ئەھزاب»: 38/33] دېگەن ئايەتىنى ئوقۇغان ھالدا يەرگە يىقىلدى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ نامازنى تولۇقلاپ ئوقۇپ بەردى. ئەمما، قول بولسا پىچىقنى تۇتقان پېتى ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سەپلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ ۋە سول تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلارغا تىقىپ، ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئون ئۈچ كىشىگە خەنجەر تىقتى، ئۇلاردىن يەتتىسى شېھىد بولدى، ئاندىن خەنجىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا توختىدى. ئۇنىڭغا بىرەرسى يېقىنلاشسىلا خەنجەر تىقاتتى، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە قېلىن بىر تونىنى تاشلىغان ئىدى، ئۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە كۈچى يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىگىمۇ خەنجەر تىقتى - دە، قانلىرى ئېتىلىپ چىققان ھالدا ئۆلدى.

ئۆمەر ھوشسىز ھالەتتە ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىلدى، جامائەتمۇ يىغلاشقان ھالدا بىللە ماڭدى، ئۇ تاكى كۈن چىقىشقا ئاز قالغانغا قەدەر ھوشسىز ياتتى.

## جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە قارىدى ۋە تۇنجى سۆزى:

– جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ – بولدى.

– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! شۇنداق جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدى.

– ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن، نامازنى تەرك ئەتكەن ئادەمنىڭ ئىسلامى بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇ ئەكەلدۈرۈپ تاھارەت ئالدى ۋە ناماز ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىدى، تۇرالمىدى، ئاندىن ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يۆلەندى. ئوغلى ئۇنى ئارقىسىدا ئولتۇرغۇزدى، ئۇنىڭ يارىلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دەيدۇكى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بارماقلىرىمنى قويغان ئىدىم، يارىنى ئېتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن يارىسىنى سەللىلەر بىلەن تاڭدۇق. ئۆمەر بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن:

– ئى ئىبنى ئابباس! مېنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا قارىغىن؟ – دېگەندى، ئىبنى ئابباس:

– سىلىگە بىر مەجۇسىي قۇل خەنجەر تىقتى، ئاندىن يەنە بىرمۇنچە جامائەتلەرگە تىقتى، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، – دېدى.

– ماڭا خەنجەر تىققان قاتىلنى دەرگاھىدا ماڭا ھۆججەت قىلىۋېلىشى ئۈچۈن بىر قېتىممۇ سەجدە قىلىۋېلىشقا نېسىپ قىلمىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن».

ئاندىن تېۋىپ ئۆمەرنىڭ يارىسىنى كۆرۈپ، خەنجەرنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرىگە يەتكەن ۋە يەتمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە خورما ئارىلاشتۇرۇلغان سۈتنى ئىچۈرگەن ئىدى، سۇ قورسىقىنىڭ ئاستىدىكى يارىسىدىن چىقىپ كەتتى. تېۋىپ «بۇ چىققان سۇ قان ۋە يىرىڭكەن» دەپ بىلدى. ئاندىن بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ ئىچۈرگەن ئىدى، سۈتمۇ كىندىكىنىڭ ئاستىدىكى يارىسىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا تېۋىپ «خەنجەر ئۇنىڭ بەدىنىنى تىتىۋېتىپتۇ، قورسىقى ھەرگىزمۇ يېمەك ۋە سۈنى كۆتۈرەلمەيدىكەن» دەپ بىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ۋەسىيەت قىلسىلا، سىلى بۇگۈن ياكى ئەتە ۋاپات بولۇپ كېتىشلىرى مۇمكىن.

– راست ئېيتتىڭ، ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا بىر گەپنى قىلغان

بولساڭ، سېنى يالغان ئېيتتى دېگەن بولاتتىم، – دېدى ئۆمەر ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن ھالدا تولۇق ئىشەنچىسى بىلەن. ئاندىن:

– ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر پۈتۈن دۇنيا ماڭا تەۋە بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا تۇرغان چاغدىكى قورقۇنچىنىڭ بەدىلىگە فىدىيە قىلىۋەتكەن بولاتتىم، – دېدى.

### ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدھىيەلىگەنلىكى

ئىبنى ئابباس ئۆمەرنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابقا قىزىقىپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ سۆزلەرنى قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ سىلىگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، مۇسۇلمانلار مەككىدە قورققان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ سىلى ئارقىلىق دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىشىغا دۇئا قىلغان ئەمەسمىدى؟! سىلى مۇسۇلمان بولغان چاغدا، مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئىززەت بولدى ۋە سىلىنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن ئىسلام ئاشكارا بولدى، سىلى ھىجرەت قىلغاندا ھىجرەتلىرى غەلىبە بولدى، يەنە كېلىپ سىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قېلىپ قالمىدىلا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلىدىن رازى بولغان ھالدا ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىنكى خەلىفىگە ۋەزىر بولدىلا، ئۇمۇ سىلىدىن رازى بولغان ھالدا ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاندىن خەلىفە بولدىلا، ئاللاھ سىلى ئارقىلىق شەھەرلەرنى ئاۋات قىلدى، ماللارنى يىغدى ۋە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن سىلىگە شېھىدلىكنى نېسىپ قىلدى، سىلىگە مۇبارەك بولسۇن.

– مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار، – دېدى ئۆمەر ئىبنى ئابباس سۆزىنى

تۇگەتكەندىن كېيىن ۋە:

– سۆزۈڭنى قايتا دېگىن، – دېدى ئولتۇرۇپ بولۇپ.

ئىبنى ئابباس سۆزىنى قايتا دېگەندىن كېيىن:

– ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەغرۇر كىشى سىلەر مەغرۇرلاندۇرغان كىشىدۇر، – دېدى.

ئاندىن ئۆمەر ئىبنى ئابباسقا قارىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابباسنىڭ ئىلمىنى ۋە تەقۋالىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– سەن ئاللاھقا ئۇچراشقان كۈنى دەرگاھىدا مەن ئۈچۈن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

– ھەئە.

– ئى ئاللاھ! ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر.

ھەزرىتى ئۆمەر خۇشال بولۇپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر كېلىپ ئۆمەرگە مەدھىيە ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا باشلىدى([1]).

## ئۆمەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى نەسىھەتى

بىر يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

– ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھنىڭ بېشارىتى بىلەن خۇش بېشارەت ئالغايلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولۇش بىلەن ئىسلامىيەتكە كۆرسەتكەن نۇرغۇن تۆھپىلىرى ئۆزلىرىگە ئايان، ئاندىن كېيىن خەلىفە قىلىنىپ، ئادىللىق بىلەن باشقۇردىلا، ئاندىن مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن شېھىدلىككە ئېرىشتىلە، – دېگەندى، ئۆمەر:

– ئى جىيەنىم! ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ زىيىنىمغىمۇ،

(1) ئەبۇ يەئلا (2731). ھۇسەين سەلىم ئەسەد: «سەھىھ» دېگەن — ت.

پايدامغىمۇ بولماستىن گۇناھىمغا ئۇدۇل بولۇپ كەتسىلا، ئالمىغان بەرمىگەن بولۇپ، قۇتۇلغان بولسام، كاشكى! ــ دېدى. ئۇ يىگىت قايتۇۋدى، ئۇنىڭ ئىزارىنىڭ يەرگە تېگىپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ماۋۇ بالىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا:

ــ ئى جىيەنىم! كىيىمىڭنى كۆتۈرۈۋالغىن، كىيىمىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن چىدايدۇ ھەم پەرۋەردىگارىڭغا تەقۋادارلىق قىلىشقا يېقىن بولىدۇ، ــ دەپ نەسىھەت قىلدى[1].

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەرنىڭ ئاغرىقى ئاۋۇپ ھوشىدىن كېتىشكە باشلىدى. (بۇ ھەقتە) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دەيدۇكى: «دادام ھوشىدىن كەتتى، بېشىنى تۇتۇپ قۇچىقىمغا قويدۇم. بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

ــ بېشىمنى يەرگە قويغىن، ــ دېدى. كېيىن ھوشىدىن كېتىپ، بېشى مېنىڭ قۇچىقىمدىكى ھالەتتە يەنە ھوشىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ بېشىمنى يەرگە قويغىن.

ــ ئى دادا! قۇچىقىم بىلەن يەر ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ــ يۈزۈمنى توپىغا قويغىن، شۇنداق قىلساڭ ئاللاھ ماڭا رەھىم قىلىشى مۇمكىن، جان ئۈزگىنىمدىن كېيىن مېنى دەرھال يەرلىكىمگە قويۇڭلار! چۈنكى، ئەگەر خەيرلىك بولۇپ قالسا، مېنى ئۇنىڭغا ئاپارغان بولىسىلەر، ئەگەر يامانلىق بولۇپ قالسا، ئۇنى گەدىنىڭلاردىن تېز ئېلىۋەتكەن بولىسىلەر».

ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

ــ ئەگەر ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنماي قالسا، ئۆمەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھالىغىمۇ ۋاي! (ئانىسى ئۇنى تۇغقانلىقى

(1) بۇخارىي (3700) ـــ ت.

ئۇچۇن دېمەكچى)[1].

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى ۋە قاتتىق سەكرات ئازابى تارتىپ جان ئۈزدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرىدىن ئىبارەت ئىككى ھەمراھىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى.

شۇنداق ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆلدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدەكلەر ئۆلمىدى. ئۇ ياخشى ئەمەللەرگە ۋە كاتتا دەرىجىلەرگە نائىل بولدى. ئۇنىڭغا قەبرىسىدە «قۇرئان» ئوقۇغانلىقى ۋە مېھرىبان ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغانلىقلىرى ھەمراھ بولىدۇ، ئوقۇغان نامازلىرى ئۇلپەت بولىدۇ، قىلغان جىھادلىرى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دۇنيادا ئۇ ئاز چارچىمىدى، لېكىن ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئارام ئالدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابەنىڭ قاتارىدىن ساناپ دېدىكى: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىكى چېغىمىزدا ئۇ زات:

**– چۈشۈمدە ئۆزۈمنى جەننەتتە كۆردۈم. بىر ئايال بىر قەسىرنىڭ يېنىدا تاھارەت ئېلىۋېتىپتۇ. ‹بۇ كىمنىڭ قەسرى؟› دېۋىدىم، پەرىشتىلەر: ‹ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ› دېيىشتى. مەن ئۇنىڭ قاتتىق كۈنلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئارقامغا ياندىم، – دېگەنىدى، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆمەر يىغلاپ كېتىپ:**

**– سىلىدىنمۇ كۈنلەيمەنمۇ، يا رەسۇلەللاھ! – دېدى»[2].**

### ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ كېسىلى ئېغىرلاشتى. بالىلىرى دوختۇر ئېلىپ كېلىشنى ئېيتقانىدى، ئۇ ئۇنىمىدى. كېيىن كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۆلۈمنىڭ سەكراتىغا

(1) ئىبنى ئەلمۇبارەك: «ئەززۇھد ۋەررەقائىق»، (435، 436) ـــ ت.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3242)؛ مۇسلىم (2395).

چۈشكەن چاغدا، ئوغۇللىرىغا تـوۋلاپ: «تېۋىپــڭلار قېنــى؟ ئەگــەر ئـۇ راستچىل بولسا، مېنى ساقايتىپ باقسۇن» دېدى[1].

**ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير**

ئامــىر ئىبنــى ئابــدۇللاھ ئىبنــى زۇبەيــر ئۆلــۈم كۆرپىــسىدە يېتىــپ، ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئېلىپ، ئائىلىسى ئەتراپىدا يىغلىشىپ تۇرغان چاغدا، مۇئەززىنىنىڭ نامازشامغا ئـەزان توۋلىغىنىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ نەپـەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ بەدىنـى قاتتىـق ئاغرىۋاتقـان بولسـىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

- قولۇمنى تۇتۇڭلار!

- نەگە بارىمىز؟

- مەسجىدكە بارىمىز.

- سەن بۇ ھالەتتە تۇرساڭمۇ بارىمىزمۇ؟!

- شـۇنداق، سـۇبھانەللاھ! نامازغـا چاقىرىۋاتسـا ئـاڭلاپ تـۇرۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمايمەنمۇ! قولۇمنى تۇتۇڭلار!

ئـۇلار ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتـۇپ مەسجىدكە ئېلىپ كەلدى. ئـۇ ئىمـام بىلـەن بىـر رەكئـەت نامازنـى ئوقـۇپ بولغاندىـن كېيىـن، سـەجدە قىلىۋاتقان ھالەتتە جان ئۈزدى[2].

شـۇنداق، ئـۇ سـەجدە قىلىۋاتقـان ھالەتتـە جـان ئـۈزدى. كىمكـى نامـاز ئوقۇسـا ۋە پەرۋەردىگارىنىـڭ تائىتىگـە سـەۋر قىلسـا، ئۇنىـڭ ھاياتـى پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد**

سـالىھلەر ۋاپـات بولىدىغـان چاغـدا ياخشـى ئەمەللەردىـن ئايرىلىـپ قالىدىغانلىقىغا ھەسـرەت چېكىشـىدۇ ۋە تېخىمـۇ يۇقـىرى دەرىجىلەرگە

---

(1) ئىبنى ئەبىددۇنيا: «المحتضرين/ سەكراتقا چۈشكەنلەر» ، (128) — ت.

(2) ئىبنۇلجەۋزىي: «سفەتۇسسەفۋە» ، (174) — ت.

ئېرىشىش ۋە ئېخمۇ كۆپ ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن «ئۆمرىمىز ئۇزۇن بولسىكەن!» دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد سەكراتتا چۈشكەن چاغدا يىغلىدى، ئۇنىڭدىن:

- نېمىگە يىغلايدىلا؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناماز ۋە روزىدىن (ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمغا) ئەپسۇسلىنىپ يىغلايمەن، - دېدى، ئاندىن جان ئۈزگەنگە قەدەر «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ تۇردى[1].

### يەزىد رەققاشىي

يەزىد رەققاشىي ئۆلۈم سەكراتىغا چۈشكەن چاغدا يىغلاشقا باشلىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ئى يەزىد! ئۆلۈپ كەتسەڭ، كىم سەن ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدۇ؟ كىم سەن ئۈچۈن روزا تۇتىدۇ؟ كىم سەن ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتىدۇ؟» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاھادەت ئېيتتى ۋە جان ئۈزدى[2].

ئاللاھتىن بىزگە گۈزەل خاتىمە نېسىپ قىلىشىنى سورايمىز، ئامىن.

### ۋەز

﴿ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغاندا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ﴾[16/«نەھل»: 32].

(1) ئىبنى ئەبىددۇنيا: «المحتضرين/ سەكراتتا چۈشكەنلەر» ، (186) — ت.
(2) ئىبنى ئەبىددۇنيا: يۇقىرىقى مەنبە ، (184) — ت.

# ئۆلۈغلىرىمىزنىڭ سەكراتتىكى نەسىھەتلىرى

ئۆلۈم چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ ئارىسىنى ئايرىمايدۇ، پادىشاھ بولسۇن، ۋەزىر بولسۇن، تىجارەتچى بولسۇن ياكى ئەمىر بولسۇن، ئەجىلى توشقاندا يۈز - خاتىرە قىلمايدۇ. تۆۋەندىكىلەر پادىشاھلارنىڭ سەكرات ھالىتىدىكى ۋەز - نەسىھەتلىرى:

## ھارۇن رەشىد

بۇ كۆپلىگەن زېمىنلارغا ئىگە بولغان ۋە ئۇ زېمىنلارنى لەشكەرلەر بىلەن توشقۇزغان پادىشاھ ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇلۇتقا قاراپ: «سەن يامغۇرۇڭنى ھىندىستانغا ياغدۇرغىن ياكى چىنغا ياغدۇرغىن، ياكى ئۆزۈڭ خاھلىغان بىر يەرگە ياغدۇرغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قايسىبىر زېمىنغا يامغۇرۇڭنى ياغدۇرساڭ، ئۇ زېمىن مېنىڭ پادىشاھلىقىم ئاستىدىدۇر» دېگەنىدى.

ھارۇن رەشىد بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن چىقتى، بۇھلۇل ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– ئى بۇھلۇل! ماڭا نەسىھەت قىلغىن.

– ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تارتىپ داداڭغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاتا - بوۋىلىرىڭ قېنى؟

– ئەنە ئاۋۇلار ئۇلارنىڭ قەسىرلىرى.

– ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى قېنى؟

– مانا بۇ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى.

– ئاۋۇلار ئۇلارنىڭ قەسىرلىرى، بۇ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى بولسا،

قەسرلىرى قەبرلىرىدە نېمىگە ئەسقاتتى؟

– ئى بۇھلۇل! راست ئېيتتىڭ، يەنە نەسىھەت قىلغىن، – دېدى هارۇن.

بۇھلۇل مۇنداق دېدى:

دۇنيادىكى قەسرلىرىڭ كەڭرى،
ئۆلگىنىڭدە كەڭرى بولسىچۇ قەبرەڭ!

هارۇن بۇنى ئاڭلاپ يىغلىدى ۋە:

– يەنە نەسىھەت قىلغىن، – دېدى.

بۇھلۇل مۇنداق دېدى:

– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى!

كىسرانىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە بولدۇڭمۇ دەيلى،
يىللارچە پاشاپسەن نېمىلەر بولدى،
تىرىكلەرنىڭ بارارگاھى قەبر ئەمەسمۇ؟
سورالماسسەنمۇ بىر - بىرلەپ ئۆلۈمدىن كېيىن؟!

– شۇنداق، – دېدى هارۇن.

هارۇن رەشىد بۇ سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ قالدى. سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، قوماندان ۋە قوغدىغۇچىلىرىنى چاقىرىپ:

– لەشكەرلىرىمنى يىغىڭلار، – دېدى.

لەشكەرلەر قىلىچ ۋە قالقانلىرى بىلەن كەلدى. ئۇلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ، ھەممىسى هارۇننىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. هارۇن ئۇلارنى كۆرگەندە يىغلىدى ۋە:

– ئى پادىشاھلىقى يوقاپ كەتمەيدىغان زات! پادىشاھلىقى يوقاپ كېتىدىغان بەندەڭگە رەھىم قىلغىن، – دېدى.

بۇ خەلىپە تاكى جان ئۈزگەنگە قەدەر يىغلىدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۇنياغا پادىشاھ بولغان بۇ كىشىنىڭ تاۋۇتى كۆتۈرۈلدى ۋە جەستى تار قەبرىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭغا ۋەزىرلىرى ھەمراھ بولمىدى، ئۆلۈمگە ئېچىنغانلار بىللە ياتمىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قاچا تاماق بىللە دەپنە قىلىنمىدى ۋە ئاستىغا كۆرپە سېلىپ بېرىلمىدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ۋە مال - مۈلكى ئۇنىڭغا قىلچە ئەسقاتمىدى.

## ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان

خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئۆلۈم سەكراتى كەلگەندە، قاتتىق قايغۇرۇشقا ۋە نەپسى قىينىلىشقا باشلىدى. ئۇ ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇدى، دېرىزىلەر ئېچىۋېتىلدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان كەمبەغەل بىر كىر يۇيغۇچىنى كۆردى، ئۇ كىشى كىيىملەرنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇتۇش ئۈچۈن تاملارغا ئۇرۇۋاتاتتى.

ئابدۇلمەلىك دېدىكى: «كاشكى مەن كىر يۇيغۇچى بولۇپ قالسامچۇ! كاشكى مەن ياغاچچى بولۇپ قالسامچۇ! كاشكى مەن ھامال بولۇپ قالسامچۇ! كاشكى مەن مۇئمىنلەرنىڭ ئىشىغا ئىگە (خەلىپە) بولمىغان بولسامچۇ!». شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋاپات بولدى.

شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بىر دىيارغا يۆتكىلىپ كەتتىكى، ئۇ دىياردا ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتكارلار يوق، ئىززىتىنى قىلىدىغان ساھىپخانلار يوق، ھەمسۆھبەت بولىدىغان ۋەزىرلەر يوق. ئۇلار شۇنداق بىر دىيارغا يۆتكىلىپ كەتتىكى، ئۇ دىياردا ئۇلارغا پەقەت ياخشى ئەمەللىرىلا ئەسقاتىدۇ ۋە قىلمىشلىرى يېزىلغان سەھىپىلىرى ئۇلارغا خۇسۇمەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا: ***﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾***(41/«فۇسسىلەت»: 46) دېگەن.

دۇنيادا بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلدى، تېنىنى سالامەت قىلدى. لېكىن، ئۇلار رەھىمسىز ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشتىن غەپلەتتە قالدى. ئۇلار ئۆلۈمنى ئەينەن كۆرگەن چاغدا دۇنياغا قايتىشنى تىلىدى. بۇ تىلىكى

تىجارەت، مال - دۇنيا، ئۆرۈق - تۇغقان ۋە بالىچاقا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ياراتقۇچى ۋە ھەممىدىن بۈيۈك ئاللاھ شۇنداق ھۆكۈم قىلغانكى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلمايدۇ.

## سەكراتنىڭ باشقا ھالەتلىرى

ئاسىي - گۇناھكار، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلگەن ۋە ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلىپ، دۇنياغا بولغان مۇھەببىتى ئۇلارغا غالىب كەلگەن ئىنسانلارغا كەلسەك، سەكرات ھالىتىدە ئۇلارغا ئازاب بولىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبىي ئېيتىدۇ: «دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن، ئۆزۈن ئارزۇ - ئارمانلار مەغرۇرلاندۇرۇپ قويغان بىر كىشىگە ئۆلۈم سەكراتى كېلىپ قاتتىق قىينالغان ۋاقتتا، بالىلىرى رازىلىق ئېلىشۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا يىغىلدى ۋە:

– ‹لا اله الا الله / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگىن، – دېدى.

ئۇ نەپسى بوغۇلۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى. بالىلىرى يۇقىرىدىكى سۆزنى قايتا دېگەندى، ئۇ تۆۋلاپ تۇرۇپ:

– پالانى زېمىنغا مۇنداق قۇرۇلۇش قىلىڭلار، پالانى يەرگە مۇنداق نەرسە تېرىڭلار، پالانى دۇكانغا مۇنداق نەرسە ئەكىلىڭلار، – دېدى. ئاندىن داۋاملىق بۇ سۆزنى دېگىنىچە ئۆلۈپ كەتتى»[1].

شۇنداق، ئۇ يەر - زېمىن ۋە دۇكانلىرىنى تەرك ئەتكەن ھالدا ئۆلۈپ كەتتى، بۇ نەرسىلەردىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پايدىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بولسا ھەسرىتى داۋاملىشىدۇ.

---

(1) ئىمام قۇرتۇبىي: «التذكرة في أحوال الموتى وأمور الآخرة»، 217 - بەت.

**هاراقكەش**

ئىمام ئىبنۇلقەييىم رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «داۋاملىق هاراقكەشلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغان بىر كىشى سەكرات ھالىتىدە تۇرغان چاغدا، ئەتراپىدىكى كىشلەردىن بىرسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى پالانى! ئى پالانى! ‹لا الە الا اللە / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگىن، - دېدى.

ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، رەڭگى تاتىرىپ، تىلى ئېغىرلاشتى. يېنىدىكى كىشى ئۇنىڭغا:

- ئى پالانى! ‹لا الە الا اللە / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگىن، - دەپ تۇردى، ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ:

- ياق، سەن هاراق ئىچكىن، ئاندىن ماڭا هاراق بەرگىن، سەن هاراق ئىچكىن، ئاندىن ماڭا هاراق بەرگىن، - دەپ توۋلىدى. ئۇ روھى يارانقۇچىسىنىڭ تەرىپىگە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر بۇ سۆزنى داۋاملىق دېدى»[1].

مۇھەممەد ئىبنى مۇغىس پاسىق، كۆپ هاراق ئىچىدىغان، هاراقكەشلەرنىڭ ئۆيىدىن چىقمايدىغان بىر كىشى ئىدى. ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلۈمنىڭ سايىسى يېقىنلىشىپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان چاغدا، ئەتراپىدىكىلەردىن بىرسى ئۇنىڭدىن مۇنداق سورىدى:

- بەدىنىڭدە قۇۋۋەت بارمۇ؟ ماڭالامسەن؟

- شۇنداق، خاھلىسام بۇ يەردىن هاراقكەشلەرنىڭ ئۆيىگە مېڭىپ بارالايمەن.

- ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەيمەن، «مەسجىدكە مېڭىپ بارالايمەن» دېسەڭچۇ!

- بۇنداق قىلىش ماڭا غالىب كەلدى، ھەربىر ئادەم ئادەتلەنگەن ئىشىغا كۆنۈپ قالىدىكەن، مەن مەسجىدكە بېرىشقا ئادەتلەنمىدىم.

(1) ئىبنۇلقەييىم: «الجواب الكافي»، 143 - بەت.

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى[1].

ئىبنى ئەبۇ رەۋۋاد ئېيتىدۇ: «سەكرات ھالىتىدە تۇرغان بىر كىشىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ‹لا الە الا اللە / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگەن كەلىمىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ كەلىمىنى ئېيتىشى ئۈچۈن توسالغۇ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ئۇلار قايتا - قايتا ئۆگەتتى ۋە ئاللاھنى ئەسلەتتى. ئۇ قاتتىق قىينىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ نەپسى قىينىلاشقان چاغدا تۇۋلاپ: ‹مەن ”لا الە الا اللە / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېگەن كەلىمىگە كۇفرىلىق قىلىمەن› دېدى. ئاندىن نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ جان ئۈزدى».

ئىبنى ئەبۇ رەۋۋاد دەيدۇكى: «ئۇنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەھلىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇلار: ‹ئۇ ھاراقكەش ئىدى› دېدى»[2].

ئاللاھقا سىغىنىپ، ھاياتىمىزنىڭ يامانلىق بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن پاناھلىق تىلەيمىز ۋە يەنە پاسىكىنچىلىقلارنىڭ ئانىسى، ناچار ئىشلارنىڭ بېشى بولغان ھاراقتىن پاناھلىق تىلەيمىز. كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاخىرەتتە ئۇنى ئىچەلمەيدۇ. كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاللاھ ئۇنى ئاخىرەتتە تىينەتۇل خەبال بىلەن سۇغىرىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

– تىينەتۇل خەبال دېگەن نېمە؟ – دەپ سورالغاندا، ئۇ زات:

– دوزاخ ئەھلىنىڭ قان - يىرىڭلىرى، – دېگەن[3].

پەقەت ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغان ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئەپۇ قىلغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا.

(1) ئىبنۇلقەييىم: يۇقىرىقى مەنبە، 254 ـ بەت.
(2) ئىبنۇلقەييىم: يۇقىرىقى مەنبە، 165 ـ بەت.
(3) مۇسلىم (2002).

نەغمە - ناۋا چالىدىغان ۋە ناخشا ئېيتىدىغان ئىنسانلار ئۇچۇنمۇ ۋاپات بولۇشىدىن ئىلگىرى نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە سىناقلار بولىدۇ.

## نامازنى تەرك ئەتكۈچى

ئەڭ چوڭ جىنايەت ئەھلى بولسا نامازنى تەرك ئەتكۈچى شەيتاننىڭ يارەمچىلىرىدۇر. ئىسلام بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر. نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ۋاپات بولىدىغان ۋاقتتا ۋە ئاخىرەتتە ھالى بەك خاراب بولىدۇ.

ئىمام ئىبنۇلقەييىم ئېيتىدۇكى: «نۇرغۇن گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئىبادەتلەرگە سەل قارىغان بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاللاھنى ئەسلىتىشكە ۋە ‹لا الە الا اللە / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگەن كەلىمىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ روھى چىقىشقا باشلىغان چاغدا يۇقىرى ئاۋازى بىلەن توۋلىدى ۋە: ‹"لا الە الا اللە / بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق" دەيمەن، لېكىن ماڭا مەنپەئەت قىلمايدۇ، مەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ باققىنىمنى بىلمەيمەن› دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاپات بولدى»[1]. مانا بۇ ئۆلۈم ئاخىرەت يولىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ئىنسان مېلىغا ۋە بەدىنىگە كەلگەن زىيان - زەخمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟

ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان بىلمەيدۇ، بەلكى بىر تەسلىكتىن كېيىن چوڭ ئاسانلىق كېلىشى مۇمكىن. ئۇ كىشىگە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتكەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ: **«سىلەردىن بىركىم كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر چوقۇم شۇنداق قىلىدىغان بولسا: ‹ئى ئاللاھ! ماڭا ھاياتلىق خەيرلىك بولىدىغانلا بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن، ماڭا ئۆلۈم**

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «الجواب الكافي»، 215 - بەت.

خەيرلىك بولىدىغان بولسا، جېنىمنى ئالغىن، دېسۇن»[1]. ئۇ زات يەنە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن ۋە ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى چاقىرمىسۇن. شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ، مۇئمىنگە ئۇنىڭ ئۆمرى پەقەت ياخشىلىقنىلا زىيادە قىلىدۇ» دېگەن[2].

## بايان

**ئىنساننىڭ ھاياتىدا قىلغان ئەمەلىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ قانداق ئاخىرلىششىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.**

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6351)؛ مۇسلىم (2680) ـــ ت.
(2) مۇسلىم (2682) ـــ ت.

## ئۆلۈمگە ئىمان ئېيتىش

كىمكى ئۆلۈم ھەققىدە تەپەككۇر قىلسا، ئۆلۈمنىڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تۇرغان، مېڭىۋاتقان ھەممە كىشىگە كېلىدىغان، بەندىلەرنى دۇنيا ھاياتىدىن ئېلىپ چىقىپ جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

كاشكى ئۆلۈم پەقەتلا يوق بولۇپ كېتىش، روھنىڭ بەدەندىن چىقىپ كېتىشى ۋە گۈزەل كېچە ۋە كۈندۈزلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشلا بولغان بولسىچۇ!

گەپ ئۆلۈمنىڭ ئۆزىدە ئەمەس. ئۆلۈم بىر ئىشىك بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ، لېكىن ئەڭ چوڭ مەسىلە ئۆلۈمدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلاردۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا 54 - سۈرە قەمەرنىڭ 24 - ۋە 54 - ئايەتلىرىدە ئېيتقاندەك، بارىدىغان جاي جەننەتكە ياكى دوزاخقا بولىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتتا بەندە دۇنيادا قانداق ياشىغان بولسا، ئاخىرقى ھاياتى شۇ بويىچە تامام قىلىنىدۇ، كىمكى ھاياتىنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش، قىيامدا تۇرۇش، كۆپ سەدىقە بېرىش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن بولسا، ئاخىرقى ھاياتى شۇ ئەمەللەر بىلەن تامام قىلىنىدۇ، كىمكى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن باش تارتىپ ياخشى ئىشلارنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتى شۇ بويىچە تاماملىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

### ئۆلۈم دېگەن نېمە؟

ئۆلۈم – ئىنسان، جىن ۋە ھايۋاناتلاردىن تارتىپ پۈتۈن مەخلۇقاتلار بىلىدىغان بىر ھادىسە بولۇپ، ئۇزۇن شەرھلەشلەرگە موھتاج بولمايدۇ.

ئۆلۈم–قىسقارتىپ ئېيتقاندا، روھنىڭ بەدەندىن چىقىپ كېتىشىدۇر.

ئۆلۈپ كېتىش روھنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئەمەس. روھ يوقالمايدۇ،

بەلكى بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن نېئمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ياكى ئازابقا دۇچار بولىدۇ، بۇ نېئمەت ۋە ئازاب بەزىدە روھنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، بەزىدە روھ ۋە بەدەننىڭ ھەر ئىككىسىگە بولىدۇ.

ئۆلۈمگە ئىمان ئېيتىش – «پۈتۈن مەخلۇقاتلار چوقۇم ھالاك بولىدۇ، ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» دېگەن ئۇقۇملارغا ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلما، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ، (مەخلۇقاتتىن ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر**﴾ (28/«قەسەس»: 88)، ﴿**زېمىندىكى ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ (55/«رەھمان»: 26، 27)، ﴿**ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)**﴾ (3/«ئال ئىمران»: 185).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا سىغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەنكى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ئاللاھ ئۆلمەيدۇ، جىنلار، ئىنسانلار (ھەممىسى) ئۆلىدۇ»[1] دەيتتى.

ئۆلۈمگە ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋەكىل قىلىنغاندۇر.

## ئۆلۈم پەرىشتىسى كىم؟

مېھرىبان ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدىن ھەربىر پەرىشتىنىڭ بىر ۋەزىپىسى بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى شۇ ۋەزىپىگە مۇئەككەل قىلغان. جىبرىل ۋەھىيگە، مىكائىل يامغۇرغا، ئىسراپىل سۇر پۈۋلەشكە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە دېگەندەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە تاغقا

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7383)؛ مۇسلىم (2717).

مۇئەككەل قىلىنغان ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە (ئۆلۈم پەرىشتىسى) بار. ئۆلۈم پەرىشتىسىنى ئاللاھ تائالا مۇنداق تىلغا ئالغان: ***﴿ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾***(32/«سەجدە»: 11).

ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ ياردەمچىلىرى بار بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان - ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ﴾***(6/«ئەنئام»: 61).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدۇ» دېگەن[1]. ئۆلۈم پەرىشتىسى بىر جاننى ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش ۋاقتىدىن بۇرۇن قەبزى قىلمايدۇ، ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇددەت بار بولۇپ، ئۆلۈم پەرىشتىسى ئاشۇ مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكىپ جاننى ئالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ). كىمكى دۇنيا ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ)؛ كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز، شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز﴾***(3/«ئال ئىمران»: 145).

بۇ ئەجەل ئىنسانغا ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا پۈتۈۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«ھەقىقەتەن ھەربىرىڭلار (نىڭ يارىتىلىدىغان ماددىسى) ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا قىرىق كۈندە جەملىنىدۇ. ئاندىن يەنە ئاشۇنداق ئۇيۇل قان بولىدۇ. ئاندىن يەنە ئاشۇنداق بىر چىشلەم گۆش بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ بىر پەرىشتەنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ تۆت نەرسىنى پۈتۈشكە بۇيرۇلۇپ: ئۇنىڭ ئەمەلىنى،**

(1) ئەھمەد (18557). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

رىزقىنى، ئەجىلىنى ۋە «بەختلىك ياكى بەختسىز» دەپ پۈتكىن دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا روھ پۈۋلىنىدۇ»[1].

### بىر كىشى ئۆزىنىڭ نەدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿*قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچكىم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەبەرداردۇر*﴾(31/«لۇقمان»: 34).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىر بەندىنىڭ روھىنى مەلۇم بىر زېمىندا قەبزى قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ زېمىندا شۇ بەندىگە بىر ھاجەتنى پەيدا قىلىدۇ» دېگەن[2].

بۇ رىئاللىقتا كۆپ يۈز بېرىدىغان ئىشتۇر. مەلۇم بىر يۇرتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان، لېكىن كۆڭلىدە ئۇ يۇرتقا بېرىپ قېلىشنى خىيالمۇ قىلمىغان نۇرغۇن ئىنسانلار بار، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەزەلىي تەقدىرىدە ئۇ ئىنساننىڭ شۇ زېمىندا ۋاپات بولۇشىنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئىنسان ئۈچۈن شۇ زېمىندا «داۋالىنىش، تىجارەت قىلىش ياكى خىزمەت قىلىش» دېگەندەك بىر ھاجەتنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنساننى شۇ زېمىندا قەبزى قىلىدۇ.

### ئۆلۈمنى ئەسلەش

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «لەززەتلەرنى ئۈزگۈچى ئۆلۈمنى

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3208)؛ مۇسلىم (2643).
(2) ئەھمەد (15578). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

**كۆپ ئەسلەڭلار» دېگەن[1]. يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «دۇنيادا سەن غېرىبتەك ياكى يولۇچىدەك بولغىن» دېگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: «كەچ قىلغىنىڭدا تاڭنى كۈتمىگىن، تاڭ ئاتقۇزغىنىڭدا كەچنى كۈتمىگىن. ساغلام ۋاقتىڭنى بىتاپ ۋاقتىڭدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن، هايات ۋاقتىڭنى مامات ۋاقتىڭدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن»[2].**

ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرگەنلىك بولامدۇ؟

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ،** – دېگەندى، مەن:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشمۇ؟ بىز هەممىمىز ئۆلۈمنى يامان كۆرىمىز، – دېسەم، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– ئۇنداق ئەمەس، مۇئمىنگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننىتى بىلەن بىشارەت بېرىلسە، ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، شۇڭا بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كافىرغا ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى بىلەن بىشارەت بېرىلسە، ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ، شۇڭا بىلەن ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ،** – دېدى»[3].

**رىئاللىق**

**كۆپ ئىنسانلار ئۆلۈمنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، لېكىن ئاز ئىنسانلار ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىدۇ.**

---

(1) ئەھمەد (2995). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن.

(2) بۇخارىي (6416).

(3) مۇسلىم (2684).

## ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش

بەندىگە ئۆلۈم ئۇچۇن ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ، بۇ ئۆلۈم شەك - شۈبھىسىز چوقۇم كىچىك - ھەممىمىزگە كېلىدۇ، بەندىگە ھالىنى ياخشىلىۋېلىشى ئۇچۇن پۇرسەت بەرمەيدۇ.

- **ئۇنداقتا ئىنسان ئۆلۈمگە قانداق تەييارلىق قىلىدۇ؟**
- **ئۆلۈمدىن كېيىن مەنپەئەت قىلىدىغان ئەمەللەر قايسىلار؟**

**گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئىنسان ئۇچۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ھالىنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿*بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىرئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلەرگە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىڭلار. ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەبەرداردۇر*﴾(63/«مۇنافىقۇن»: 10، 11).**

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەشتىن ئىلگىرى بەشنى غەنىيمەت بىلگىن: قېرىشىڭدىن ئىلگىرى ياشلىقىڭنى، كېسەل بولۇشىڭدىن ئىلگىرى ساقلىقىڭنى، كەمبەغەللىشىپ قېلىشىڭدىن ئىلگىرى باي ۋاقتىڭنى، ئالدىراش بولۇپ قېلىشىڭدىن ئىلگىرى بوش ۋاقتىڭنى ۋە ئۆلۈپ كېتىشىڭدىن ئىلگىرى ھاياتلىقىڭنى غەنىيمەت بىلگىن» دېگەن[1].**

### ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەسقاتىدىغان ئەمەللەر

**بەندە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەسقاتىدىغان ئەمەللەر:**

(1) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (7846). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3355) «سەھىھ» دېگەن.

پەرزەنتلەرنىڭ سالىھلەردىن بولۇپ ئەھلى تۇغقانلىرىغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەش، مەنپەئەتلىك شەرئىي ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋەيەنە سەدىقە جارىيە بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ پەزىلەتلەرنى جەملەپ: **«ئەگەر ئىنسان ۋاپات بولسا، ئۈچ ئىشتىن باشقا ئىشلاردا ئۇنىڭ ئەمەلى (ئەمەلىنىڭ ساۋابى) ئۈزۈلىدۇ: سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ بالا» دېگەن**[1].

مۇسۇلمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ساۋابى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە جارىيەنىڭ جۈملىسىدىن يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدە كەلگەن تۆۋەندىكى بايانلار بار: **«مۆئمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمەلى ۋە ياخشى ئىشلىرىدىن ساۋابى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان ئىشلار: ئۆگەنگەن ۋە تارقاتقان (مەنپەئەتلىك) ئىلىم، تەربىيەلەپ قويغان سالىھ بالا، مىراس قالدۇرۇپ قويغان مۇسھەف (قۇرئان)، سېلىپ قويغان مەسجىد، مۇساپىرلار ئۈچۈن سېلىپ قويغان ئۆي، سۇ ئاقتۇرۇپ قويغان ئۆستەڭ ۋە ساۋابى ۋاپات بولغاندىن كېيىن يېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تېنى ساغلام، ھايات ۋاقتىدا مال - دۇنياسىدىن چىقىرىپ قىلغان سەدىقە»**[2].

### ۋەسىيەتنامە يېزىش

ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشنىڭ جۈملىسىدىن يەنە ۋەسىيەتنامە يېزىپ قويۇش بار بولۇپ، ئىنسان مېلىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىپ ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشى سۈننەتتۇر. بەزى ئەسھابلەر مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، يەنە بەزىلىرى تۆتتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلغاندى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئەمەللىرىڭلارنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن ۋاپات بولىدىغان چېغىڭلاردا مېلىڭلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى**

---

(1) مۇسلىم (1631).

(2) ئىبنى ماجە (242). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 200) «ھەسەن» دېگەن.

**سەدىقە قىلىشقىلارنى تەۋسىيە قىلدى» دېگەن[1]. يەنە: «قولىدا ۋەسىيەت قالدۇرغۇدەك بىرنەرسە بولغان بىر مۇسۇلماننىڭ يېنىدا يېزىقلىق ۋەسىيىتى بولمىغان ھالدا ئىككى كېچە قونۇپ قېلىش ھەققى يوق» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدىن باشلاپ، يېنىمدا ۋەسىيەتنەمە يېزىلمىغان ھالەتتە بىر كېچە ئۆتۈپ باقمىدى» دېگەن[2].**

### ئۆلۈمنىڭ روھ بىلەن بولغان ئالاقىسى

كىشىلەر بەدەننىكى روھنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە ھەر خىل كۆزقاراشلاردا بولدى. ئۇ تىرىك، يەڭگىل بىرنەرسە بولۇپ، گۈلدە سۇ ماڭغاندەك، زەيتۇندا ياغ ماڭغاندەك بەدەننىكى ئەزالاردا ماڭىدۇ. روھ بىلەن تەن ياشايدۇ، روھ بىلەن نەپەس بىرنەرسىدۇر، ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى تەندۇر، ئەگەر روھ تەندىن ئايرىلسا، تەندىن ھاياتلىق ئايرىلغان بولىدۇ.

روھ مەخلۇقتۇر، لېكىن روھ تەننىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۆلمەيدۇ. روھلارنىڭ ئۆلۈشى ئۇنىڭ تەنلەردىن ئايرىلىشى ۋە چىقىپ كېتىشىدۇر، لېكىن ئۇ يوقاپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ تەن يوقاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇد بولىدۇ ۋە نېئمەتنىڭ ياكى ئازابنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

**ھەقىقەت**

**كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ.**

---

(1) ئىبنى ماجە (2709). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 2207) «ھەسەن» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2738)؛ مۇسلىم (1627).

# مېيىتكە ئالاقىدار ئەھكاملار

بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم - پەننىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تېبابەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مېيىتتە كۆرۈلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدىغان ئالامەتلەر بەك ئېنىق بولۇپ كەتتى. بەزىدە ئىنسان دوختۇر ۋە تېببىي ئەسلىھەلەردىن يىراق بىر جايدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى ھوشىدىن كەتكەن كىشىدىن پەرقلەندۈرەلىشى ئۈچۈن، ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىۋېلىشى كېرەك.

ئۆلۈم ئۈچۈن شەرئىي ئەھكاملار ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار فىقھىي مەسىلىلەر بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، مېيىتنى يۇيۇش ۋە كېپەنلەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش بەك مۇھىم.

- **ئۇنداقتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى نېمە؟**
- **مېيىتنى قانداق يۇيىمىز ۋە كېپەنلەيمىز؟**
- **ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ۋە دەپنە قىلىش قانداق بولىدۇ؟**

## ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى

ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ بىرقانچە ئالامەتلىرى بار بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر روھ تەندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مېيىتتە كۆرۈلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) كۆزنىڭ چەكچىيىپ قېلىشى، كۆز يىراققا قارىغاندەك بىرنەرسىگە قاراپ قالىدۇ؛

2) بۇرنىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ قېلىشى؛

3) ئومۇمەن پۈتۈن بەدەننىڭ بوشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاستىنقى

جاۋغاينىڭ بوشاپ كېتىشى؛

4) پۇتۇن بەدەننىڭ مۇزلاپ كېتىشى؛

5) يۈرەك سوقۇشىنىڭ توختاپ قېلىشى.

بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسى بىر ئادەمدە كۆرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز.

## جىنازىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش

جىنازىنى تەييارلاشقا، قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىشقا ۋە مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئالدىراش سۈننەت ۋە مۇستەھەبتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «مېيىت جىنازىغا سېلىنىپ، ئەرلەر ئۇنى مۈرىلىرىدە كۆتۈرگەندە، (ئەگەر) مېيىت سالىھ بولسا: ‹مېنى قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ ساۋابىغا تېزراق ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ ساۋابىغا تېزراق ئېلىپ بېرىڭلار!› دەيدۇ. ئەگەر ئۇ پاسىق بولسا: ‹ھالىمغا ۋاي! مېنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر!؟› دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسانلاردىن باشقا جىمى مەۋجۇدات ئاڭلايدۇ، ناۋادا ئۇ (پەرياد)نى ئىنسانلار ئاڭلىيالىغان بولسا، ھوشىدىن كېتەتتى»[1]. يەنە ئېيتتىكى: «جىنازىنى تېز ئېلىپ مېڭىڭلار! ئەگەر مېيىت ياخشى بەندە بولسا، ئۇنى ياخشى ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكە تېز ئېلىپ بارىسىلەر؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقىچە بولسا ياماندۇر، دولاڭلاردىكى يۈكتىن تېز قۇتۇلىسىلەر»[2].

## مېيىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ

ئىنسان ھاياتىدا مال - دۇنيا يىغىش، ئائىلە - سەرەمجانلىرى، ياخشى ماشىنىلارنى سېتىۋېلىش ۋە كەڭرى ئازادە ئۆيلەرگە ئىگە بولۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئائىلىسى ۋە بالا - چاقىلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە يەنە ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، كۆپ ئەمەللەرنى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

(1) بۇخارىي (1380).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1315)؛ مۇسلىم (944).

ئەگەر ئادەم بالىسى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭغا ماشىنىسى، باشقا مال - دۇنيالىرى، قېرىنداشلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىدىن ئىبارەت ئەھل - تۇغقانلىرى ۋەيەنە ياخشى - يامان ئەمەللىرى ئەگىشىدۇ. ئۇ دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى نەرسە ئارقىسىغا يېنىپ كېتىدۇ، بىرنەرسە بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەبرىسىگە كىرىدۇ. شۇنداق، ئۇنىڭدىن ئەھلى، دوستلىرى، مال - دۇنيالىرى ۋە ياخشى كۆرگەن ئادەملىرى كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ، ئەمەللىرى بولسا كەينىگە يانماي ئۇنىڭ بىلەن قەبرىسىگە بىللە كىرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «مېيىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئىككىسى قايتىپ كېتىپ، بىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ، ئۇنىڭغا ئائىلە - تاۋابىئاتى، مال - مۈلكى ۋە ئەمەللىرى ئەگىشىپ مېڭىپ، ئائىلە - تاۋابىئاتى بىلەن مال - مۈلكى قايتىپ كېتىپ، ئەمەللىرى قالىدۇ»[1].

ئىنسان ئۇنىڭ روھىنىڭ تېنىدىن ئايرىلىشى بىلەنلا دۇنيا ھاياتىدىن بەرزەخ ھاياتىغا يۆتكىلىدۇ.

بەرزەخ ھاياتى دېگەن نېمە؟ قەبرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتە توختىلىمىز.

**ئەجەبلەنگىن!!**

**بىز دۇنيادا قەبرىدە بىز بىلەن تۇرماي ئارقىسىغا يېنىپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىمىزيۇ، قەبرىگە بىز بىلەن كىرىدىغان نەرسىگە سەل قارايمىز.**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6514)؛ مۇسلىم (2960).

# بەرزەخ ھاياتى

«بەرزەخ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى چېگرا» دېگەنلىكتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا تاتلىق دېڭىز بىلەن تۇزلۇق دېڭىز ھەققىدە: ***﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ﴾***(55/«رەھمان»: 20) دەپ ئېيتقاندەك. يەنى «تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق سۇنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئىككىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر توساق بار بولۇپ ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ» دېگەنلىكتۇر.

بەرزەخ ھاياتى - دۇنيا ھاياتى بىلەن ئاخىرەت ھاياتىدىن ئىبارەت ئىككى ھاياتلىقنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ھاياتلىقتۇر. ئۇ ئىنسان ۋاپات بولغاندىن باشلاپ، مەيلى بۇ ئىنسان يەرگە دەپنە قىلىنغان بولسۇن ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولسۇن، ياكى سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن بولسۇن ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەن بولسۇن، قايتا تىرىلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتۇر.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەرزەخ ھاياتىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ ھاياتلىقتا قايتا تىرىلىدىغان كۈن (قىيامەت كۈنىگىچە) قېپقالىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كافىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال - مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴾*** (23/«مۇئمىنۇن»:99، 100).

## قەبر

قەبر ئۇ قىيامەت قايىم بولغىچە ئىنساننىڭ ئۆيى ۋە تۇرالغۇسىدۇر. ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ دەپنە قىلغاندىن تارتىپ قەبرنى بىلگەن ۋە مېيىتنى دەپنە قىلغان ئىدى. سالىھلەر قەبرلەرنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىپ ياش تۆكىدۇ ۋە قەلبلىرى ئېرىيدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇ قەبرلەرگە كىرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

- ئۇنداقتا قەبر دېگەن نېمە؟
- ئىنساننىڭ قەبردىكى ھالى قانداق بولىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قەبرلەرنى زىيارەت قىلىشقا بۇيرۇدى؟

### قىسسە

«ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر تۇغقىنىنىڭ جىنازىسىغا ئەگىشىپ چىققان ئىدى، ئۇ دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە بۇرۇلۇپ قاراپ مۇنداق دېدى: ‹ئى خالايىق! قەبر ماڭا نىدا قىلىپ:

– ئى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز! مېنىڭ دوستلارغا قانداق قىلغانلىقىمنى سورىمامسەن؟ – دېگەنىدى، مەن:

– قېنى دېگىن، – دېدىم.

ئۇ دېدىكى:

– كېپەنلەرنى يىرتىپ تاشلىدىم، بەدەنلەرنى تىتما - تىتما قىلىۋەتتىم، قانلارنى شوراپ، گۆشلەرنى يېدىم.

– ئۇگە - بوغۇملارغا قانداق قىلغانلىقىمنى سورىمامسەن؟

– قانداق قىلدىڭ؟

-ئالىقانلارنى بېغىشلاردىن، بېغىشلارنى جەينەكلەردىن، جەينەكلەرنى تاغاقلاردىن، كاسىلارنى يوتىلاردىن، يوتىلارنى تىزلاردىن، تىزلارنى پاچاقلاردىن، پاچاقلارنى يوتلاردىن ئايرىدىم›.

ئاندىن ئۆمەر يىغلىدى ۋە دېدىكى: ‹ئاگاھ بولۇڭلاركى، دۇنيانىڭ باقاسى ئازدۇر، ئەزىز ئادىمى خاردۇر، ياشلىرى قېرىيدۇ، هاياتلار ئۆلىدۇ، مەغرۇر ئادەم دۇنيا بىلەن مەغرۇرلانغان ئادەمدۇر.

نۇرغۇن شەهەرلەرنى بىنا قىلغان ئاهالىلەر قېنى؟! تۇپراق ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى نېمە قىلدى؟! قۇرتلار ئۇلارنىڭ سۆڭەك - بوغۇملىرىنى نېمە قىلدى؟! ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا كەڭرى، ئېسىل، چىرايلىق ۋە رەتلىك كرېسلولاردا ئولتۇرۇشقان، نۇرغۇن خىزمەتكارلار خىزمىتىنى قىلغان ۋە يېقىنلىرى هۆرمىتىنى قىلغان ئەمەسمىدى؟! ئەگەر ئاشۇ جايلاردىن ئۆتۈپ قالساڭ، ئۇلارنى توۋلاپ باققىن، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قانچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىگە قارىغىن، بايلىرىدىن سوراپ باققىنكى، بايلىقىدىن نېمە قالدى؟! پېقىرلىرىدىن سوراپ باققىنكى، پېقىرلىقىدىن نېمە قالدى؟!

ئۇلاردىن سورىغىن! گەپ قىلغان تىللىرى قېنى؟ گۈزەللەرگە قارىغىن! كۆزلىرى، سىلىق تېرىلىرى، گۈزەل يۈزلىرى ۋە يۇمران تەنلىرى قېنى؟! قۇرتلار بۇ ئەزالارنى نېمە قىلدى؟! توپا ئاستىدا رەڭلەر ئۆچتى، ئەتلەر چىرىدى، چىرايلىق يۈزلەر توپىغا ئايلاندى، گۈزەللىكلەر يوق بولدى، بويۇنلار سۇندى ۋە ئەزالار پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە قۇللىرى قېنى؟! يىغىپ ساقلاپ قويغان خەزىنىلىرى قېنى؟! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى كۆرپە قىلىپ سېلىپ باقماي، ياستۇقمۇ قىلىپ باقمايلا ئۆلۈپ كەتتى. مانا هازىر ئۇلار جاڭگاللاردا توپىلارنىڭ ئاستىدا قەبرىلىرىدە يالغۇز ئەمەسمۇ؟! كېچە بىلەن كۈندۈز ئۇلارغا باراۋەر ئەمەسمۇ؟! هېچ ئەمەل قىلالمايدىغۇ؟! ئۇلار دوستلىرىدىن ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلدى، ئاياللىرى باشقا ئەرلەرگە ياتلىق بولۇپ كەتتى، بالىلىرى كوچا - كويلاردا تەمتىرەپ يۈرۈشتى ۋە مال - مۈلكى مىراسخورلىرىغا تارقىتىلدى، ئاللاھ بىلەن

قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە قەبرىسى كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە كەڭرى قىلىنغان، قەبرىدە ھۇزۇر سۈرۈۋاتقانلارمۇ بار».

ئاندىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز يىغلىدى ۋە: «ئى ئەتە قەبرىنى ماكان تۇتقۇچى! سېنى دۇنيادا نېمە مەغرۇرلاندۇردى، سېنىڭ سىلىق كىيىملىرىڭ قېنى؟ خۇش پۇراقلىرىڭ قېنى؟ توپىنىڭ ئاستىدا ھالىڭ نېچۇك؟! كاشكى قۇرتلار قايسى مەڭزىڭدىن باشلاپ يەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسامچۇ! كاشكى دۇنيادىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا ئۆلۈم پەرىشتىسى ماڭا قانداق ۋە نېمە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسامچۇ!» دېدى.

ئاندىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قاتتىق يىغلىدى ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتتى... ئۇنىڭدىن كېيىن بىر جۇمە ئۆتۈپ ۋاپات بولۇپ كەتتى... ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن»[1].

### ئىبرەت

**قەبرى سېنىڭ بارارگاھىڭدۇر. ئۇنى ئاۋات قىلامسەن ياكى خاراب قىلامسەن، ئۇ ساڭا قالدى.**

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(1) ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسبەھانىي: «ھىليەتۇلئەۋلىيائ ۋە تەبەقاتۇلئەسفىيائ» ، 261/5 — ت.

# ئىنساننىڭ قەبرىدىكى ھالى

قەبىر تۇرلۇك ئەھۋاللار يۈز بېرىدىغان جاي بولۇپ، ئۇ جايغا ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئەھۋاللارنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ھەر خىل بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ قەبرىدىكى ئەھۋالىمۇ ھەرخىل بولىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنىڭ ئەھۋاللىرىنى، روھنىڭ تەندىن قانداق چىقىدىغانلىقىنى، پەرىشتىلەرنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقى ۋە ئاسمان ئىشىكلىرىنىڭ مۇئمىنلەرگە قانداق ئېچىلىدىغانلىقىنى، كافىرلارغا قانداق تاقىلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى.

- **ئۇنداقتا مۇئمىن بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمە؟**
- **روھنىڭ تەن بىلەن بولغان ئالاقىسى قانداق؟**

## مۇئمىننىڭ ھالى

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر جىنازىغا ئەگىشىپ چىقتۇق. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇۋاتقان چاغدا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، بىزمۇ خۇددى بېشىمىزدا بىر قۇش باردەك جىم ئولتۇردۇق. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– **ئاللاھقا سىغىنىپ قەبىر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەڭلار!** – دېدى، بىز:

– ئاللاھقا سىغىنىپ قەبىر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمىز، – دېدۇق.

– **ئاللاھقا سىغىنىپ قەبىر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەڭلار!**

– ئاللاھقا سىغىنىپ قەبىر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمىز.

– **ئاللاھقا سىغىنىپ قەبىر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەڭلار!**

– ئاللاھقا سغىنىپ قەبر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمىز.

ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى: ‹شەك - شۈبھىسىزكى، مۆئمىن بەندە دۇنيادىن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە يۈزلەنگەن چاغدا، ئۇ بەندىگە ئاسماندىن ھەربىرىنىڭ يۈزى قۇياشتەك، ئاق يۈزلۈك بولغان، جەننەتنىڭ كېپەنلىرىدىن بىر كېپەننى ۋە خۇش پۇراقلىرىدىن بىر خۇش پۇراقنى بىللە ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىلەر چۈشىدۇ. ئۇلار بۇ بەندىنىڭ يېنىدا كۆز يەتكۈسىز ھالەتتە (روھىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ) ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدۇ ۋە: ”ئى پاك جان! ئاللاھنىڭ مەغفىرىتى ۋە رازىلىقى بىلەن چىققىن“ دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ روھ تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ (ئاستا) ئېقىپ چۈشكەندەك سىلىق ھالەتتە چىقىدۇ. ئۆلۈم پەرىشتىسى بۇ روھنى ئالىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى بۇ روھنى ئالغاندىن كېيىن، قالغان پەرىشتىلەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۇنى ئېلىپ، ئېلىپ كەلگەن كېپەنگە ۋە خۇش پۇراققا ئورايدۇ ۋە ئۇ روھتىن يەر يۈزىدە مەۋجۇد بولغان ئەڭ پۇراقلىق ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك پۇراق چىقىدۇ. ئۇ پەرىشتىلەر بۇ روھنى ئېلىپ ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتىلەر جامائىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، پەرىشتىلەر جامائىتى: ”بۇ نېمە خۇش پۇراق؟“ دەپ سورايدۇ، (روھنى ئېلىپ كەلگەن) رەھمەت پەرىشتىلىرى: ”ئۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانى“ دەپ دۇنيادىكى ئىنسانلار ئاتاشقان ئەڭ چىرايلىق ئىسىملىرى بىلەن ئاتايدۇ. تاكى ئۇ روھنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاسماننىڭ ئېچىلىشىنى تىلەيدۇ، ئۇلارغا ئاسمان ئېچىلىدۇ، ھەربىر ئاسماندىن ئۇ ئاسماننىڭ مۇقەررەب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاسمانغىچە ئۇ (روھقا) ھەمراھ بولىدۇ. ئاخىرى يەتتىنچى ئاسمانغا يېتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ: ”بەندەمنىڭ كىتابىنى ئىللىيىين[1]غا يېزىڭلار ۋە ئۇنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، شەك - شۈبھىسىزكى مەن ئۇنى زېمىندىن ياراتتىم، زېمىنغا قايتۇرىمەن ۋە يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمەن“ دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ روھ بەدىنىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە

---

(1) ئىللىيىين / ئىللىيىيۇن (عِلِّيُّون): «ئۈستۈن، يۇقىرى جاي؛ يەتتىنچى ئاسمان؛ مۆئمىنلەرنىڭ روھلىرىنىڭ بارار جايى؛ ئىتائەتمەنلەرنىڭ نامەئى ئەمالى ئورۇن ئالىدىغان يەر» دېگەن مەنىدىكى «قۇرئان» ئاتالغۇسى. قاراڭ: شەۋكانىي: «فەتھۇلقەدىر»، 7/444 ـــ ت.

كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ:
– رەببىڭ كىم؟ – دەيدۇ. ئۇ بەندە:
– رەببىم ئاللاھ، – دەيدۇ.
– دىنىڭ نېمە؟
– دىنىم ئىسلام.
– سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى كىم؟
– رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.
– ئەمەلىڭ نېمە؟
– ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىم ۋە تەستىق قىلدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاسماندىن بىر نىدا: "بەندەم راست ئېيتتى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار، جەننەتنىڭ كىيىمىدىن كىيگۈزۈڭلار ۋە جەننەتكە قارىتىپ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىڭلار" دەيدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن كېلىپ تۇرىدۇ، قەبرىسى كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە كەڭرى قىلىنىدۇ ۋە يۈزى چىرايلىق، كىيىملىرى چىرايلىق، خۇش پۇراق پۇراپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كېلىپ:

– سېنى خۇرسەن قىلىدىغان نەرسە بىلەن خۇشال بولغىن، بۇ سېنىڭ ۋەدە قىلىنغان كۈنۈڭدۇر، – دەيدۇ. ئۇ بەندە:
– سەن كىم؟ يۈزۈڭ خەيرلىك ئېلىپ كېلىدىغان يۈزكەن، – دەيدۇ.
– مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەلىڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئاللاھنىڭ تائىتىگە بەك ئالدىرايتتىڭ. ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتاتتىڭ، ئاللاھ ساڭا مۇكاپات بەرسۇن›.

شۇنداق ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا: ‹مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەلىڭ› دەيدۇ، ئۇنداقتا ئۇ بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قايسىلار؟

ئۇ ياخشى ئەمەللەر: ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى، تۇتقان روزىسى، باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى، سەدىقىلىرى، ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان يىغىسى، ھەج ۋە ئۆمرەلىرى، «قۇرئان» ئوقۇغانلىقى، مېھرىبان ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلىكى، كېچىلەردە قىيامدا تۇرغانلىقى، ھەممىدىن غالىب، جەببار ئاللاھتىن قورققانلىقى، ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغانلىقى، ئىلىم تەلەپ قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلىقىدۇر. مۆئمىن بەندە خۇش بېشارەت بېرىدىغان بۇ يۈزنى كۆرگەندىن كېيىن ئەتراپىغا قاراپ، قەبرىسىنىڭ جەننەتنىڭ سېلىنچىلىرى سېلىنغان

هالـدا كەڤـرى قىلىنغانلىقىنـى ۋە ئۆزىگـە جەننەتنىـڭ كـيىملىرىدىـن كـيگۈزۈلگەنلىـكىنـى كۆرسـە، بـۇ نېئمەتنىـڭ جەننەتتىكـى ئۇنـى كۈتـۇپ تۇرغـان نېئمەتلەرگـە سېلىشـتۇرغاندا ھېچ نەرسـىگە باراۋەر ئەمەسـلىكىنى بىلىـپ يېتىـدۇ ۋە رەببىگـە دۇئـا قىلىـپ: ‹ئـى رەببىـم! مـەن ئەھلىـم ۋە مـاللىرىمغا قايتىـشىم ئۈچۈن قىيامـەتنى قايىـم قىلغىـن› دەيدۇ.

## كافىر ياكى پاسىقنىڭ ھالى

نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم (يۇقىـرىدىكـى ھەدىسـنىڭ داۋامـىدا) ئېيتـىدۇ: ‹شـەك ـ شۈبھىسـىزكى، كافىـر ياكى پاسىق بەنـدە دۇنيادىـن خوشلىشىـپ، ئاخىرەتكە يۈزلەنگـەن چاغـدا، ئاسماندىن يـۈزى قـارا، قوپـال، يىرىـك كىيملەرنـى كيگـەن پەرىشـتىلەر چۈشـۈپ، ئۇنـىڭ يېنىـدا كـۆز يەتكۈسـىز ھالەتتـە ئولتۇرىـدۇ. ئانـدىـن ئۆلـۈم پەرىشتىسـى كېلىـپ، ئۇنـىڭ بېشـىدا ئولتـۇرۇپ: ”ئـى نىجىـس جـان! ئاللاھنىـڭ غەزىپـى بىلـەن چىققىـن“ دەيـدۇ، روھ (چىقىشـنى يامـان كۆرگەنلىكى ئۈچـۈن) ئۇنـىڭ بەدىنىگـە تارقـاپ كېتىـدۇ. پەرىشتە ئـۇ روھنى خۇددى كاۋاپ زىخىدىـن ھـۆل يۇڭ تارتىـپ ئېلىنغانـدەك تارتىـپ ئالىدۇ[1]. ئۇ روھقا ئاسمان ـ زېمىـن ئارىسـىدىكى ھەممـە پەرىشـتىلەر ۋە ئاسـماندىكى ھەممـە پەرىشـتىلەر لەنەت قىلىدۇ.

ئۆلـۈم پەرىشتىسـى بـۇ روھنـى ئالغاندىـن كېيىـن، ئـازاب پەرىشـتىلىرى كۆزنـى يۇمـۇپ ـ ئاچقۇچـە ئۇنـى ئېلىـپ، قوپـال يىرىـك كىيملەرگـە يۆگەيـدۇ، ئۇنىڭدىـن يەر يۈزىـدە مەۋجـۇد بولغـان ئـەڭ سېسـىق تاپىنىـڭ پۇرىقىـدەك سېسـىق پـۇراق چىقىـدۇ، ئاندىـن پەرىشـتىلەر ئۇنـى ئېلىـپ ئۆرلەيـدۇ، ھەربىـر پەرىشـتىلەر جامائەتىنىـڭ يېنىدىـن ئۆتكەنـدە، ئـۇلار: ”بـۇ نېمىدېگـەن نىجىـس پـۇراق؟“ دەيـدۇ، ئـۇ روھنـى ئېلىـپ كەلگـەن پەرىشـتىلەر: ”بـۇ پالاننىـڭ بالىسـى پالانـى“ دەپ ئۇنـى دۇنيادىكـى ئىنسـانلار ئاتايدىغـان ئـەڭ سـەت ئىسـىم بىلـەن ئاتايـدۇ. تاكـى ئـۇ روھنـى دۇنيـا ئاسـمىنىغا ئېلىـپ كېلىـپ، ئاسـماننىڭ ئېچىلىشـىنى تىلەيـدۇ، بـۇ چاغـدا ئـۇ روھ ئۈچۈن ئاسمان ئېچىلمايدۇ›.

بـۇ يەرگـە كەلگەنـدە نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم بـۇ ئايەتنـى

(1) كاۋاپ پىشىپ بولغاندىن كېيىن زىختىكى گۆشنىڭ قالدۇقلىرىغا ھـۆل يۇڭنى يۆگەپ تارتسا، يۇڭ تىتىلىپ كېتىدۇ.

ئوقۇدى: ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسمانىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾ (7/«ئەئراف»: 40).

‹ئاللاھ: "ئۇنىڭ كىتابىنى يەتتىنچى زېمىندىكى سىججىن[1]غا يېزىڭلار" دەيدۇ ۋە ئۇ قاتتىق تاشلىۋېتىلىدۇ›.

بۇ يەرگە كەلگەندە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾(22/«ھەج»: 31).

‹ئاندىن ئۇنىڭ روھى بەدىنىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ:

— رەببىڭ كىم؟ — دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە:
— ھا، ھا بىلمەيمەن — دەيدۇ.
— دىنىڭ نېمە؟
— ھا، ھا بىلمەيمەن.
— بىلمىدىڭ ۋە ئوقۇمىدىڭ.

ئاندىن ئاسماندىن بىر نىدا: "ئۇ يالغان ئېيتتى، ئۇنىڭغا ئوتتىن كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار ۋە دوزاختقا قارىتىپ دەرۋازىنى ئېچىپ قويۇڭلار" دەيدۇ.

دوزاخنىڭ قاتتىق ھارارىتى ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى تارايتىلىدۇ، ھەتتاكى قوۋۇرغىلىرى بىر - بىرىسىگە كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە يۈزى، كىيىمى سەت، پۇرىقى سېسىق بىر كىشى كېلىپ:

— سېنى ئۇسال قىلىدىغان نەرسىنى بىلىۋالغىن، بۇ دۇنيادىكى چېغىڭدا ۋەدە قىلىنغان كۈنۈڭدۇر. سەن ئاللاھنىڭ تائىتىگە ئالدىرىمايتتىڭ، ئاللاھقا ئاسىي

(1) سىججىن (السِّجِّينُ): تارچىلىق؛ جەھەننەمدىكى بىر ۋادىنىڭ ئىسمى؛ فاجىرلەرنىڭ روھلىرىنىڭ بارار جايى؛ يامانلارنىڭ نامەئى ئەئمالى ئورۇن ئالغان يەر دېگەن مەنىدىكى «قۇرئان» ئاتالغۇسى. قاراڭ: شەۋكانىي: «فەتھۇلقەدىر»، 7/440 — ت.

بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىراپتىتىڭ، ئاللاھ ساڭا قاتتىق جازا بەرسۇن، — دەيدۇ.

ئۇ بەندە:

— سەن كىم؟ يۈزۈڭ يامانلىق يېغىپ تۇرىدىغان يۈزكەن، — دەيدۇ.

— مەن سېنىڭ ناچار ئەمەلىڭ›.

ئۇنداقتا ئۇنىڭ يامان ئەمەللىرى قايسىلار؟

يامان ئەمەللىرى: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى، ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى، قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلغانلىقى، هاراق ئىچكەنلىكى، زىنا قىلغانلىقى، ئۆسۈم يېگەنلىكى، ناخشا ئاڭلىغانلىقى، نەسىھەت قىلغۇچىلارغا قۇلاق سالمىغانلىقى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىدۇر. بۇ ۋاقىتتا بۇ بەندە ھەسرەت چېكىدۇ، لېكىن بۇ ھەسرەت ھېچ نەرسىگە كار قىلمايدۇ. ئۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، لېكىن كۆز ياشلىرى مەنپەئەت قىلمايدۇ.

ئى بەندە! سەن ھارامغا قارىغان ۋە شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن ۋاقتىڭدا بۇ كۆز ياشلىرىڭ نەدە قالغان ئىدى، ئەۋرىتىڭنى ھارامدىن ساقلىشىڭ ۋە كۆز - قۇلاقلىرىڭنى ھارامدىن ساقلىشىڭ ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ نەسىھەت قىلىنغان ئىدىڭ. ھازىر يىغلىغىن ياكى يىغلىمىغىن، بەرىبىر ئازابتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن. ***﴿دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر (دېيىلىدۇ)﴾***(52/«تۇر»: 16).

بەندە بۇ چاغدا قەبرىدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ تېخىمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

(يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىدا) نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى: ‹ئۇ بەندە (پاسىق ياكى كافىر): ”ئى رەببىم! قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن“ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەبرىسىگە قارىغۇ، گاس، گاچا بىرەيلەن كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئەگەر تاغ ئۇرۇلسا تاغنى تالقان قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدىكى يوغان بىر بولقا بار بولۇپ، بۇ بولقا بىلەن ئۇنى (پاسىق ياكى كافىرنى) شۇنداق بىر قاتتىق ئۇرىدىكى، ئۇ توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن

**ئـاللاھ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئـۇ (گاس، قارىغـۇ) بىرەيلـەن ئۇنى يەنـە بىـر قېتىم ئۇرىـدۇ. ئـۇ قاتتىـق تـوۋلايـدۇ، ئۇنىـڭ تـوۋلىغـان ئاۋازىنـى ئىنس - جىندىـن باشقا ھەممە مەخلۇقات ئاڭلايدۇ››»[1].**

مانـا بـۇلار ئىنسـانلارغا قەبرىلـرىـدە بولـىدىغـان ئەھـۋاللاردۇر، شـۇنىـڭ ئۈچـۈن مۇسـۇلمان كىشـى بۇنـى ياخشـى بىلـىـپ، تەييارلـىـق قىلىشـى، ئىمـان ئېيتىشـى، قەبرىسـىنىڭ جەننەتنىـڭ باغچىلىرىـدىـن بىـر باغچـا بولۇشـى ئۈچـۈن ئىشـتىياق باغلىشـى ۋە ياخشـى ئەمەللەرنـى كـۆپ قىلىشى كېرەك.

## دۇئا

**ئى ئاللاھ! قەبرىلىرىمىزنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن قىلغىن، بىزلەرنى دوزاخ ئازگاللىرىدىن ساقلىغىن.**

---

(1) ئەبـۇ داۋۇد (4753)؛ ئەھمـەد (18557). ئالبانـىي: («سـەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىـب»، 3558) «سەھىھ» دېگەن.

## روھ بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى

قەبرە ئازابى ۋە قەبرىدىكى نېمەت شەك - شۈبھىسىز ھەق بولۇپ، بۇ، مەيلى دەپنە قىلىنغان بولسۇن ياكى دەپنە قىلىنمىغان بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

- ئۇنداقتا قەبرە ئازابى روھقا بولامدۇ ياكى بەدەنگىمۇ؟
- روھلارنىڭ تۇرىدىغان جايى نەدە؟
- مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى نەدە تۇرىدۇ، كافىرلارنىڭ روھلىرىچۇ؟

روھ – ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن**﴾(17/«ئىسرائ»: 85) دېگەن.

قەبرە ئازابى ۋە قەبرىدىكى نېمەت ئەسلىدە روھقا بولىدۇ. ئەگەر تەن كۆيۈپ كەتكەنلىك ۋە پارچىلىنىپ تىلگەنلىك سەۋەبىدىن، روھ تەن بىلەن بىر بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بەربىر ئوخشاش. چۈنكى، روھ بەدەنسىزمۇ نېمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ياكى ئازابلىنىدۇ، يەنى نېمەت ۋە ئازابنى ھېس قىلىدۇ.

روھلارنىڭ تۇرىدىغان جايى نەدە؟

ئىنسانلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن روھلىرىنىڭ تۇرىدىغان جايى ئوخشاشمايدۇ، بەزىلىرى جەننەتتە تۇرىدۇ، بەزىلىرى دوزاختا تۇرىدۇ، بەزىلىرى زېمىندا تۇرىدۇ ۋە بەزىلىرى باشقا جايلاردا تۇرىدۇ.

### ئەنبىيائىلەرنىڭ روھلىرى

«سەھىھەين»دە ئىسپاتلىنىشىچە، ئەنبىيائىلەرنىڭ روھلىرى بەرزەخ ھاياتىدا رەفىيقۇلئەئلادا تۇرىدۇ، ئۇ ئەڭ ئۈستۈن ئىللىييىندۇر. خۇددى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئىسرائ - مېئراج

كىچىسىدە كۆرگەنگە ئوخشاش. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى ئاسماندا، يەھيا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىككىنچى ئاسماندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۈچىنچى ئاسماندا، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى تۆتىنچى ئاسماندا، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى بەشىنچى ئاسماندا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئالتىنچى ئاسماندا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يەتتىنچى ئاسماندا كۆردى.

## شۇھەدائىنىڭ روھلىرى

شۇھەدائىنىڭ روھلىرى بەرزەخ ھاياتىدا يېشىل قۇشنىڭ قارنىدا بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاللاھنىڭ: ﴿***ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇلىدۇ)***﴾(3/«ئال ئىمران»: 169) دېگەن سۆزى ھەققىدە سورالغاندا ئېيتتىكى: «ئۇلارنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ قارنىدا بولىدۇ، ئۇ روھلار ئۈچۈن ئەرشكە ئېسىپ قويۇلغان چىراغلار بار بولۇپ، جەننەتنىڭ ئىچىدە خاھلىغان ئورۇنغا ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ. ئاندىن يەنە ئاشۇ چىراغلارغا قايتىپ كېلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئاشكارا بولۇپ:

**— بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلامسىلەر؟ — دەيدۇ، ئۇلار:**

**— بىز جەننەتنىڭ ئىچىدە خاھلىغانچە ئۇچۇپ يۈرۈۋاتساق، يەنە نېمىنى ئارزۇ قىلاتتۇق، — دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيدۇ، ئۇلار جاۋاب بەرمىسە داۋاملىق سورىلىدىغانلىقىنى بىلىپ:**

**— ئى پەرۋەردىگارىمىز! جانلىرىمىزنى تەنلىرىمىزگە قايتۇرساڭ، بىز سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، بىزنىڭ مۇشۇلا ئارزۇيىمىز بار، — دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ باشقا ئارزۇسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ»[1].**

## شۇھەدائىنىڭ روھلىرىنىڭ تەپسىلاتى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى

---

(1) مۇسلىم (1887).

جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەرزەخ ھاياتىدا ئىككى قانىتى بار بولۇپ، ئۇ ئىككى قانىتى بىلەن جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

جەئفەر ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئۇ ۋە ئايالى ئەسمائ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى، جەئفەر ئۇ ۋاقىتتا 21 ياش ئەتراپىدا ئىدى. مەككەدە ئۇنىڭغا ئېغىر ئەزىيەت يەتتى، شۇنىڭ بىلەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ناتونۇش ۋە يىراق كىشىلەرنىڭ زېمىنى بولغان ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇ قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئابرۇيلۇق كىشى بولسىمۇ، تىلى ئەرەب تىلى بولمىغان ناتونۇش ئىنسانلارنىڭ بۇ يۇرتىغا ھىجرەت قىلىپ چىقتى. ئۇ ھەبەشىستاندا ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن «قۇرەيشلەر مۇسۇلمان بوپتۇ» دېگەن خەبەرنى ئاڭلاپ، ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ مەككەگە قايتتى، ھالبۇكى قۇرەيشلەر تېخى كۇفرى ھالىتىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى يەنە ھەبەشىستانغا قايتۇردى، بۇ قېتىم ئۇ ھەبەشىستانغا قايتىپ كېلىپ تولۇق يەتتە يىل تۇردى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھ. 7 / م. 628 - يىلى) خەيبەرنى فەتىھ قىلغاندىن كېيىن، ھەبەشىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلار مەدىنىگە كىرگەن چاغدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەئفەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەك خۇشال بولدى. زىكىر قىلىنىشىچە، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەئفەرنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا سۆيۈپ ۋە قۇچاقلاپ تۇرۇپ: **«قايسىسىغا خۇشال بولۇشۇمنى بىلمىدىم: خەيبەرنىڭ فەتىھ قىلىنغانلىقىغىمۇ ياكى جەئفەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگىمۇ؟»** دېگەن ئىدى[1]. جەئفەر ئۇ زاتقا بەك ئوخشايتتى، ئۇ زات ئۇنىڭغا: **«سەن چىرايىمدىمۇ، ئەخلاقىمدىمۇ ماڭا ئوخشىدىڭ»** دەيتتى[2].

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «زادۇلمەئاد»، 139/2. ھاكىم: («ئەلمۇستەدرەك»: «جەئفەر ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ خىسلەتلىرى» بابى)، 230/2.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2699)؛ مۇسلىم (1783) ــــ ت.

## مۇئتە غازىتىغا چىقىش

جەئفەر مەدىنەگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «رۇملار مۇسۇلمانلارغا قارشى لەشكەر توپلاۋېتىپتۇ» دېگەن خەبەر يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئتە دېگەن جايغا بېرىپ رۇملۇقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىدى ۋە ئۇلارغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئەمىر قىلىپ: «ئەگەر زەيد مۇسىبەتكە ئۇچرىسا، جەئفەر كىشىلەرگە ئەمىر بولسۇن، جەئفەرگىمۇ مۇسىبەت يەتسە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئەمىر بولسۇن»[1] دېدى. مۇسۇلمانلار تەييارلىق قىلدى، ئۇلار ئۈچ مىڭ جەڭچى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

مۇسۇلمانلار مۇئتە دېگەن جايغا يېتىپ باردى، رۇم قوشۇنى يۈز مىڭ جەڭچىدىن تەركىپ تاپقان قوشۇن ئىدى. ئۇرۇش باشلاندى، جەڭ تۇغىنى زەيد تۇتتى، ئۇ مۇسىبەتكە ئۇچراپ شېھىد قىلىندى. ئاندىن جەئفەر تۇغنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ جەڭ مەيدانىغا كىردى، جەڭ بەك قىزىپ كەتكەن چاغدا:

جەننەت گۈزەل، يېقىن نەقەدەر،
شاراب خۇشبۇي مۇزدەك شۇ قەدەر.
رۇملار رۇمدۇر، ئازابى يېقىن،
كافىر ئۇلار، نەسەبى يىراق.
ئۇچراپ قالسام بىر كۈن ئۇلارغا،
قىلىچ بىلەن چاپىمەن بىراق.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇغان ھالدا ئۆزىنى ئېتىدىن ئاتتى.

جەئفەر تۇغنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتقان ھالەتتە قىلىچى بىلەن رۇملۇقلارنى ئۇرۇۋەردى. بىر رۇملۇق كېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئۇرغان

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (438)؛ ئەھمەد (22551). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ئىدى، قولى ئۈزۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغنى سول قولى بىلەن تۇتتى، سول قولىمۇ مۇسىبەتتە يولۇقۇپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى بىلىكى بىلەن تۇتۇپ، تاكى شېھىد بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز ياشتا ئىدى[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دەيدۇكى: «مەن جەئفەرنى يىقىلغان ۋاقىتىدا بەدىنىدە توقسانىدىن كۆپرەك ئورۇندا نەيزە سانجىلغان، ئۇرۇلغان ۋە ئوقيا تەگكەن ھالەتتە كۆردۈم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ گەدىنىدە بىرمۇ ئۇرۇلغان ئىز يوقكەن. ئۇ شېھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن توغنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە تۇتتى، ئۇمۇ مۇسىبەتكە ئۇچراپ شېھىد قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد توغنى ئېلىپ قوشۇننى چېكىندۇردى»[2].

### مەدىنەدە شۇھەدائىنىڭ خەۋىرى

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى مۇئتەدىكى مۇجاھىدلارنىڭ خەۋىرى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا مەدىنەدە بولغان ئەھۋاللارنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىنىمىزغا چىقتى، ئاندىن مۇنبەرگە چىقىپ:

– بۇ غازات قىلغۇچى قوشۇننىڭ خەۋىرىنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ – دېگەندى، بىز:

– بولىدۇ، – دېدۇق.

– توغنى زەيد تۇتقاندى، ئۇ مۇسىبەتكە ئۇچراپ شېھىد قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەڭلار!

جامائەت:

– ئى ئاللاھ! ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن!

– دېدى.

– ئاندىن بايراقنى جەئفەر تۇتقاندى، ئۇمۇ مۇسىبەتكە ئۇچراپ شېھىد

(1) ئىبنى ھىشام: «ئەسسىرەتۇننەبەۋىييە»، 28/5 — ت.
(2) بۇخارىي (4261، 4262) — ت.

قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەڭلار!

- ئى ئاللاھ! ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن!

- ئاندىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە تۇتقانىدى، ئۇمۇ مۇسىبەتكە ئۇچراپ شېھىد قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەڭلار!
- ئى ئاللاھ ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن.

ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆز يېشى قىلىپ مۇنبەردىن چۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەئفەرنىڭ ئۆيىگە باردى».

جەئفەرنىڭ ئايالى ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس دەيدۇ: «مەن بالىلىرىمنى يۇيۇپ تازىلاپ، مايلاپ ۋە خېمىر يۇغۇرۇپ جەئفەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئىدىم. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كىرىشكە ئىجازەت سوراپ ئۆيگە كىردى ۋە: ‹جىيەنلىرىمنى چاقىرىڭ› دېدى. مەن چۈجەكتەك ئۇ بالىلارنى ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن چاغدا: ‹دادىمىز جەئفەركەن› دەپ ئويلاپ ئالدىغا كېلىپ ئېسىلىشقا ۋە سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ زات ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئەسمائ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىگە جەئفەر توغرۇلۇق بىر خەبەر يەتتىمۇ؟
- دېدى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈكۈت قىلدى. ئەسمائ يەنە:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىگە جەئفەر توغرۇلۇق بىر خەبەر يەتتىمۇ؟
- دېگەنىدى، ئۇ زات:

- جەئفەر شېھىد قىلىندى، - دېدى.

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ بالىلىرى يېتىم قالدىمۇ، ئۇنىڭ بالىلىرى يېتىم قالدىمۇ!

- ئۇلارغا كەمبەغەللىكتىن قورقۇۋاتامسىز، مەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ۋەلىسىدۇرمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹يىغلايدىغان

**ئاياللار جەئفەرگە ئوخشاشلارغا يىغلىسۇن› دېگەن ھالەتتە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى»**[1].

ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە قايتىپ كېلىپ: **‹جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە تاماق تەييارلاپ بېرىڭلار، ئۇلار مۇسىبەتلىك بولدى› دېدى»**[2].

شۇنداق، جەئفەر شېھىد قىلىنىپ ئەھلىدىن ۋە مال - دۇنياسىدىن ئايرىلدى، لېكىن ئۇ كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە كىردى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«مەن جەئفەرنى جەننەتتە كۆردۈم، ئۇنىڭ قانغا بويالغان ئىككى قانتى بار بولۇپ، شۇ ئىككى قانتى بىلەن جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئۇچۇپ يۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن**[3].

## ھەمزەمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇھەدائىنىڭ سەردارى بولمىش تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى بەرزەخ ھاياتىدا كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ: **«مەن كېچىدە جەننەتكە كىرىپ قارىدىم، جەئفەر پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئۇچۇۋېتىپتۇ، ھەمزە بولسا كارىۋاتقا يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرۇپتۇ» دېگەن**[4].

## بەرزەخ ھاياتىدىكى شۇھەدائىنىڭ روھلىرى

بۇ روھلارنىڭ بەزىلىرى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدا يېشىل گۈمبەزنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«شۇھەدائ يېشىل گۈمبەزنىڭ ئىچىدە جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ،**

---

(1) ئىبنى ئابدۇلبەر: «ئەلئىستىيئاب»، 243/1.

(2) تىرمىزىي (998)؛ ئىبنى ماجە (1610)؛ ئەھمەد (1751). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 998) «سەھىھ» دېگەن.

(3) سۇيۇتىي: «ئەلجامىئۇسسەغىر»، (4367). ئىمام سۇيۇتىي: «سەھىھ» دېگەن.

(4) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (4890). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3363) «سەھىھ» دېگەن.

**ئۇلارغا رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا چىقىپ تۇرىدۇ» دېگەن[1].**

## شۇھەدائىدىن باشقا مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى

بەزى مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى بەرزەخ ھاياتىدا قۇش بولۇپ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«شەك - شۈبھىسىزكى، مۇئمىننىڭ روھى بىر قۇش (پوكىنىدا) بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنى بەدىنىگە قايتۇرغانغا قەدەر جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ» دېگەن[2].**

جەننەتتە مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشامدۇ؟

شۇنداق، مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى بەرزەخ ھاياتىدا ئۆزئارا بىر - بىرسىنى زىيارەت قىلىپ ئۇچرىشىدۇ ۋە گەپلىشىدۇ. بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«مۇئمىن سەكراتتا چۈشسە، رەھمەت پەرىشتىلىرى بىر پارچە ئاق يىپەك رەختنى ئېلىپ كېلىپ: ‹ئى جان! رازى بولغان ۋە رازى قىلىنغان ھالدا ئەڭ ئاسان ۋە ياخشى يول بىلەن ئاللاھقا ئۇچرىشىش ئۈچۈن چىققىن› دەيدۇ، ئۇ ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك خۇش پۇراق بىلەن چىقىدۇ. ھەتتاكى پەرىشتىلەر ئۇ روھنى بىر - بىرسىگە سۇنۇپ، ئاسماننىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە: ‹زېمىندىن سىلەرگە كەلتۈرۈلگەن بۇ پۇراق نېمىدېگەن خۇشبۇي!› دەيدۇ. ئاندىن ئۇنى مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرىنىڭ يېنىغا كىرگۈزىدۇ. مۇئمىن روھلار ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەلگىنىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار يوقىتىپ كەتكەن ئادىمى كەلگەندە، خۇشال بولغاندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ ۋە:**

**— پالانى قانداق بولدى؟ پوكۇنى قانداق بولدى؟— دەپ سورىشىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا:**

**— ئۇ دۇنيانىڭ غېمى بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى، — دەيدۇ.**

**يېڭى كەلگەن روھ:**

**— ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنىدىغۇ؟ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلتۈرۈلمىدىمۇ؟ —**

---

(1) ئەھمەد (2390). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

(2) نەسائىي (2075). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 2373) «سەھىھ» دېگەن.

دەيدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى جاۋاب بېرىپ:

ــ ئۇ كىشى دوزاختىقا ئېلىپ كېتىلدى، ــ دەيدۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، كافىر سەكراتتا چۈشكەندە، ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا ئوتتىن بولغان كېپەنلەرنى ئېلىپ كېلىپ: ‹سەن غەزەپلەنگەن ۋە ساڭا غەزەپ قىلىنغان ھالدا ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ ئازابىغا چىققىن› دەيدۇ، ئۇ تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق بىلەن چىقىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ روھنى زېمىننىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى كافىرلارنىڭ روھلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر ‹بۇ نېمىدېگەن سېسىق پۇراق› دېيىشىدۇ»[1].

شۇنداق، مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تونۇيدۇ.

## شۇھەدائ

ئاللاھ تائالا شۇھەدائ ھەققىدە ئېيتىدۇ: ﴿*ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەبەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەبەر بېرىشنى تىلەيدۇ*﴾(«ئال ئىمران»: 3/ 169 – 171).

بۇ ئايەتلەردە شۇھەدائنىڭ پەزىلىتى، ئۇلارغا قىلىنىدىغان ھۆرمەت

---

(1) نەسائىي (1833). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3559) «سەھىھ» دېگەن. بۇ ھەدىستىكە بىنائەن ئېيتىمىزكى، كافىرنىڭ روھى ئاسمانغا ئۆرلىيەلمەيدۇ، چۈنكى، ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىلمايدۇ. ئۇ ئەڭ ئاستىنقى زېمىننىڭ ئىشىكلىرىدە بولىدۇ.

ۋە ئاللاھ ئۆز پەزل - ئېھسانىدىن ئۇلارغا ئاتا قىلىدىغان نېئمەتلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، يەنە ھايات كىشىلەرگە شېھىد بولۇپ كەتكەن قېرىنداشلىرىغا قارىتا تەسەللى بېرىش، سەۋر قىلىشقا ئۈندەش، شۇنداقلا ئۇلارنىمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە شېھىد بولۇشقا ئۆزىنى ئاتاشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى: **﴿ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن﴾** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر» دېگەنلىكتۇر.

**﴿أَمۡوَٰتَۢا﴾** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى – «سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ‹ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى، يوقاپ كەتتى ۋە ئۇلارغا دۇنيا ھاياتىنىڭ لەززەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىش ئاخىرلاشتى› دېگەن خىيال كەلمىسۇن، بەلكى ئۇلار ھازىر ھۆرمەتلىنىش دىيارى بولغان پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھاياتتۇر» دېگەنلىكتۇر.

**﴿ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ﴾** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى – «جەننەتتە تۈرلۈك نېئمەتلەر بىلەن ئەڭ ئالىي دەرىجىدە ھۇزۇرلىنىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

**﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر﴾** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى – «ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئۇلارغا ئاتا قىلغان نەرسىدىن خۇشال بولىدۇ، بۇ نېئمەتلەر گۈزەل، كۆپ ۋە كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ نېئمەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈللىرى خۇشال بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

ئۇلارنىڭ نېئمەت ۋە خۇشاللىق تولۇق بولغاندىن كېيىنكى ھالىنى سۈپەتلەپ، ئاللاھ تائالا دېدىكى: **﴿ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن قېرىنداشلىرىغا خۇش - خەبەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە تېخى دۇنيادا ھايات ياشاۋاتقان، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلمىگەن قېرىنداشلىرىنىڭ ھامىنى بۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ

بۇلار ئېرىشكەن نېئمەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن رەببىنىڭ دەرگاھىدا نېئمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇش يوق ۋە دۇنيادا قېلىپ قالغان بالىلىرىغا غەم قىلىش يوق (غەم قىلمايدۇ).

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىنى سۈپەتلەپ ئايەتنى بۇ سۆزى بىلەن تاماملىدى: **﴿ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش - خەبەر بېرىشنى تىلەيدۇ﴾**[1].

ئاللاھتىن سائادەتمەنلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، شۇھەدائىنىڭ ئۆلۈمىنى، تەقۋادارلار بىلەن ھەشر قىلىشنى ۋە ئەنبىيائىلەرگە ھەمراھ قىلىشنى سورايمىز.

**نەتىجە**

**قەبرىدىكى نېئمەت ۋە ئازاب روھقا بولىدۇ، بەزىدە بەدەنگە بىللە بولىدۇ.**

(1) شەيخ سەئدىي: «تيسير الكريم الرحمن» ئاتلىق تەفسىر.

# قەبردە ئازاب ۋە نېئمەت بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى

قەبىر ئاخىرەت مەنزىللىرىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە پەرۋەردىگارىغا ئۇچرىشىشنى تەييارلىق قىلغان ئادەمگە ئۇلپەت ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ئۆيدۇر. يامان ئەمەل قىلغان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەتائەتىگە بىپەرۋالىق قىلغان ئادەم ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ۋە زۇلمەت ئۆيدۇر.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ھەقىقەتەن، قەبىر ئاخىرەت مەنزىللىرىنىڭ ئەۋۋىلىدۇر، ئەگەر بەندە شۇ يەردىن قۇتۇلسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئاسان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردىن قۇتۇلالمىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تېخىمۇ تەس بولىدۇ»[1].**

- **ئۇنداقتا قەبردە بولىدىغان ئىشلارنىڭ دەلىللىرى نېمە؟**
- **قەبردىكى سوئال - سوراق قاچان باشلىنىدۇ؟**
- **ئۆلۈكلەر ھايات كىشىلەرنىڭ زىيارەت قىلغانلىقىنى بىلەمدۇ؟**

قەبردە بولىدىغان ئازاب ۋە نېئمەتكە ئىمان ئېيتىش غەيبكە ئىمان ئېيتىشنىڭ جۈملىسىدىن ۋە يەنە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش ئاساسلىرىدىن بولۇپ، بۇنىڭغا قۇرئاندا ۋە ھەدىسلەردە كۆپ دەلىللەر بار.

## قەبردە ئازاب ۋە نېئمەت بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى

ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ئائىلىسى ھەققىدە ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئوتقا*** تەقدىم ***قىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)***﴾(40/«غافىر»: 46).

---

(1) تىرمىزىي (2308)؛ ئىبنى ماجە (4267). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3461) «ھەسەن» دېگەن.

دېمەك، ئۇلار قەبرلىردە ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا دوزاخقا تەڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە ئېيتىدۇ: ﴿***ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىيلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ***﴾(«تەۋبە»/9: 101).

بىرىنچى ئازاب كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا دۇنيادا غەم - قايغۇغا مۇپتىلا قىلىش بىلەن بولىدىغان ئازاب؛ ئىككىنچى ئازاب بولسا قەبرىدە بولىدىغان ئازاب. ئاندىن ئۇلار قىيامەت كۈنى بولغاندا دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «(مۇئمىن) بەندە قەبرىسىگە قويۇلۇپ، ئۇ تېخى قايتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كىرىپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— سەن ماۋۇ كىشى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ — دەيدۇ. ئۇ:
— مەن ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:
— دوزاختىكى ئورنىڭغا قارا، ئاللاھ ئۇنى ساڭا جەننەتتىكى بىر ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەردى، — دەيدۇ».
نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى: «شۇنداق قىلىپ ئۇ دوزاختىكى ئورنى بىلەن جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. ئەمما، كافىر ياكى مۇناپىق بولسا:
— بىلمەيمەن. كىشىلەر نېمە دېسە شۇنى دېگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:
— يا ئەقىل ئىشلىتىپ بىلىۋالمىدىڭ، يا بىلىدىغانلارغا ئەگەشمىدىڭ، — دېيىلىدۇ.
ئاندىن مېڭىسىگە بازغان بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇرۇلىدۇكى، ئۇ ئىنس - جىندىن باشقا يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغۇدەك قاتتىق چىرقىراپ

كېتىدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە: «(قەبرىدىكى ئازابتىن قورقۇپ) بىر - بىرىڭلارنى دەپنە قىلماي تاشلاپ قويۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، قەبرىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىپ قويغان بولاتتىم» دېگەن[2]. يەنە: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبىر ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمەن» دېگەن[3]. يەنە: «قەبىر ئازابى ھەقتۇر»[4] دېگەن.

## قەبردىكى نېئمەت كىمگە بولىدۇ؟

مۇئمىنلەرگە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ﴾(16/«نەھل»: 32).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «(مۇئمىن) بەندە قەبرىسىگە قويۇلۇپ، ئۇ تېخى قايتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كىرىپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— سەن ماۋۇ كىشى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ — دەيدۇ. ئۇ:

— مەن ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:

— دوزاختىكى ئورنىڭغا قارا، ئاللاھ ئۇنى ساڭا جەننەتتىكى بىر ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەردى، — دېيىلىدۇ»[5].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1338)؛ مۇسلىم (2870).

(2) مۇسلىم (2868). بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قەبىر ئازابىنى ئاڭلىيالايدىغان قۇۋۋەت بەرگەچكە، ئۇممىتىگىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، قەبىر ئازابىنى ئاڭلىتىشىغا دۇئا قىلىشنى ئويلىدى. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە پەيدا بولغان قورقۇنچ سەۋەبىدىن بىر - بىرىنى دەپنە قىلماي قېلىشىدىن قورقتى» دېگەنلىكتۇر.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1377)؛ مۇسلىم (588).

(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1372)؛ مۇسلىم (903).

(5) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1338)؛ مۇسلىم (2870). بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى

يەنە بىر ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «مۆئمىن كىشى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاسماندىن بىر نىدا: ‹بەندەم راست ئېيتتى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار، جەننەتكە قارىتىپ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىڭلار ۋە جەننەتنىڭ كىيىملىرىدىن كىيگۈزۈڭلار› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن كېلىپ تۇرىدۇ ۋە كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە ئېچىپ بېرىلىدۇ»[1].

## قەبر ئازابى كىمگە بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ھەددىدىن ئاشقان ئىنسانلارنى قەبىر ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، ئۇ ئازاب ئەسلىدە كافىرلارغا بولىدۇ ۋە يەنە ئاسىي - گۇناھكار مۆئمىنلەرگىمۇ بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ‹ئىككىسى ئازابلىنىۋاتىدۇ، (لېكىن) چوڭ گۇناھ سەۋەبىدىن ئازاب چېكىشىۋاتقىنى يوق› دەپ بولۇپ، ئاندىن: ‹ياق! (دەرۋەقە) ئۆز ۋاقتىدا ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈكىدىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرى بولسا سۇخەنچىلىك قىلاتتى› دېدى. ئاندىن خورما دەرىخىنىڭ بىر شېخىنى ئەكەلدۈرۈپ سۇندۇرۇپ، ھەر قەبرىگە بىردىن سانجىپ قويدى.

– ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭلا؟ – دەپ سورىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ دېدىكى:

– بۇ شاخلار قۇرۇپ قالمىسىلا – ياكى قۇرۇپ قالغانغا قەدەر – ئۇلارنىڭ ئازابى يېنىكلىتىلىشى مۇمكىن»[2].

---

شۇكى: «ئەگەر سەن ئاسىي - گۇناھكار بەندە بولغان بولساڭ، دوزاختىكى بۇ ئورۇن ساڭا تەييارلانغان ئىدى. ئاللاھ بۇنى جەننەتتىكى بىر ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەردى» دېيىلگەنلىكتۇر.

(1) ئەبۇ داۋۇد (4753). ئالبانىي («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 4753) «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (216)؛ مۇسلىم (292). بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قەبردىكى ئىككى كىشىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خورما دەرىخىنىڭ ھۆل بىر شېخىنى ئېلىپ، ئۇنى ئىككى پارچە قىلدى ۋە

قەبرگە خورما شېخىنى سانجىپ قويۇش ئازابتىن قۇتۇلدۇرامدۇ؟

**ئۇنداق بولمايدۇ، ئەمما نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق قىلىشى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس ئىشتۇر. چۈنكى، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: «مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆل شاخلار قۇرۇپ كەتكىچە بولسىمۇ ئارام تېپىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم» دېگەن.**

**يەنە بىر تەرەپتىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبردىكى ئىككى كىشىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، خورما ياغىچىنى سانجىپ قويدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقىلار قەبردىكى ئادەمنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟ ئۇ قەبرگە خورما شېخىنى سانجىپ قويسا، ئۆزىنى ئۇلۇغ سانىغاندەك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قەبر ئازابىنى يەڭگىللەتكۈدەك ئۇلۇغ زاتمىدى؟![1]**

---

ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت ۋە ياخشىلىق بولۇشى ئۈچۈن، ھەربىر قەبرگە بىر پارچىنى سانجىپ قويدى» دېيەلىكتۇر.

(1) ئۆلىمالار بۇ ئىشنىڭ ھۆكمىدە ئوخشىمىغان قاراشتا. بىرقىسىم ئالىملار «شاپائەتنى تىلىغا ئالغان ھەدىسكە ئاساسەن، بۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس بىر ئىش ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى مەكرۇھ (ياكى بىدئەت ۋە ھەتتا ھارام) دەپ قارىغان بولسىمۇ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرىدە ھۆل شاخلا تىلىغا ئېلىنغان بولسا، يەنە بەزىلىرىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى قوشۇپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى بىر ۋەقەلىك بولماستىن، بەلكى ئايرىم ـ ئايرىم ۋەقەلىكلەردۇر. (قاراڭ: قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە»، 154 ـ بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي»، 320/1). ئەسھابلەردىن بۇرەيدە ئەلئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ قەبرىسىگە ئىككى تال خورما شېخىنى قويۇپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. (قاراڭ: «سەھىھۇلبۇخارىي»، «جىنازا ئەھكاملىرى» بۆلۈمى، «قەبرىگە خورمىنىڭ ھۆل شېخىنى سانجىپ قويۇش» بابى.) ئەبۇ بەرزە ئەلئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ، تابىئىنلاردىن ئەبۇل ئالىيەمۇ شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان. (قاراڭ: سۇيۇتىي: «شرح الصدور بشرح حال الموتى والقبور»، 305 ـ بەت؛ ئىبنى سەئد: «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا» (8742). يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا ۋە ساھابەنىڭ ئەتەي ۋەسىيەت قىلغانلىقىغا تايىنىپ، كۆپچىلىك ئالىملار گەرچە قانداق يەڭگىللىتىلىدىغانلىقىغا ئالاقىدار تەپسىلاتنى ئېنىق بىكىتەلمىگەن بولسىمۇ: «بۇ جىرىم ۋە گىياھلار قۇرۇپ قالمىغان مۇددەتچە قەبر ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ، شۇڭا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ جىرىم تىكىش ياكى ھۆل شاخ سانجىپ قويۇش باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئىش» دەپ قارىغان ـــ ت.

### مېيىتنى قەبرىسىدە سوئال - سوراق قىلىش قاچان باشلىنىدۇ؟

مېيىت قەبرىسىگە قويۇلۇپ دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن روھى بەدىنىگە قايتىدۇ ۋە سوئال - سوراق باشلىنىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندا، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا توختايتتى ۋە: **‹قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغفىرەت ۋە سەباتلىق تىلەڭلار! چۈنكى ئۇ ھازىر سوراقتا تارتىلىۋاتىدۇ›** دەيتتى»[1].

### ئىنسانلار قەبر ئازابىنى ئاڭلامدۇ؟

قەبر ئازابىنى ئىنس - جىنلارنىڭ ئاڭلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كافىر ھەققىدە: **«... ئۇ ئىنس - جىندىن باشقا يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغۇدەك قاتتىق چىرقىراپ كېتىدۇ»** دېگەن[2].

لېكىن، ھايۋانلار قەبر ئازابىنى ئاڭلايدۇ، مەدىنىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا يەھۇدىيلارنىڭ ئاياللىرىدىن ئىككى قېرى ئايال كىرىپ، قەبر ئازابى توغرۇلۇق گەپلەشتى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئائىشە ئۇ زاتتىن قەبر ئەھلىنىڭ ئازابى توغرۇلۇق سورىغان ئىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئۇ ئىككىسى راست ئېيتىپتۇ. ئۇلار شۇنداق قاتتىق ئازابلىنىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئازابىنى بارلىق ھايۋانلار ئاڭلاپ تۇرىدۇ»** دېدى[3].

### مېيىت ھايات كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلامدۇ؟

بۇ ھەقتە ئالىملار ئارىسىدا بىرنەچچە قاراش بار. كۆپچىلىكرەكى «ئۆلۈكلەر تىرىكلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ» دېگەن قاراشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ***﴿تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى مۇئمىنلەر بىلەن كافىرلار) باراۋەر بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەق دەۋەتنى) خاھلىغان***

(1) ئەبۇ داۋۇد (3221). ئالبانىي («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 3221) «سەھىھ» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1338)؛ مۇسلىم (2870).
(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6366)؛ مۇسلىم (586).

كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ***ئاڭلىتالمايسەن***﴾(«فاتىر»: 22/35)﴿ دېگەن.

لېكىن، مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىنىڭ ئاياغلىرىنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... ئۇ قايتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان چاغدىلا...» دېگەن[1].

مېيىت ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىغانلىقى بىلەن ئازابلىنامدۇ؟

شۇنداق ئازابلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېيىت ئۇنىڭغا ئۇن سېلىپ يىغا - زار قىلىنغانلىقتىن قەبرىسىدە ئازابلىنىدۇ» دېگەن[2].

ئەسلىدە مېيىت ئۆز ئەمەللىرىگە قارىتا ھېساب ئېلىنىدۇ، نېئمەت بېرىلىدۇ ياكى ئازابلىنىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۇ ھەدىستە «باشقىلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازابلىنىدۇ دەپ» زىكىر قىلىندى؟

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار «باشقىلار مېنى ئالىلەم ياخشى كۆرىدىغان ۋە داۋاملىق ياششىمنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەمكەن دەپ قالسۇن» دەپ، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئائىلىسىگە: «ماڭا يىغلاڭلار ۋە ياقاڭلارنى يىرتىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلاتتى[3].

بۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر مۇسۇلمان كىشى جاھىلىيەت ئەھلى قىلغان ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئازابلىنىشقا لايىق بولىدىغان گۇناھ - مەئسىيەت بولىدۇ.

ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەققىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«مېيىت ئەھلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە يىغلايدىغان ۋە ياقىلىرىنى يىرتىدىغان ئادىتى بارلىقىنى بىلسە ۋە كۆرگەن بولسا، ئاندىن ئۆزىگىمۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يىغلايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى توسمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ».

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1338)؛ مۇسلىم (2870).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1292)؛ مۇسلىم (927).
(3) «مىشكاتۇلمەسابىھ»، (669/5).

يەنە: «‹مېيىت ئازابلىنىدۇ› دېگەننىڭ مەنىسى: ‹مېيىت باشقىلارنىڭ يىغلىغىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئەلەم تارتىدۇ› دېگەنلىك» دەپمۇ ئىزاھلانغان.

ئاللاھتىن بىزنى رەھمىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈشىنى سورايمىز.

### ئەقىدە

**قەبر ئازابى ۋە نېئمىتى ئىنساننىڭ سەزگۈ ئەزالىرى بىلەلمەيدىغان بولسىمۇ، ئۇ ئىمان ئېيتىش ۋاجىب بولغان غەيب ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.**

# بەرزەخ ھاياتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى

بەرزەخ ھاياتى ئىنسان مەيلى دەپنە قىلىنمىسۇن ياكى قىلىنمىسۇن، ئۆلگەندىن تارتىپ تاكى قايتا تىرىلدۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پاسىل دەۋر بولۇپ، ئىنس - جىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر.

كىشىلەرنىڭ بەرزەخ ھاياتىدىكى ئەھۋالى ئۆلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا ھەر خىل بولىدۇ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمىدىن بىزگە خەبەر بەرگەن.

- **ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ قەبرىلىرىدىكى ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟**
- **قەبرىدىكى نېئمەت ۋە ئازابنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟**
- **نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرگەنمۇ؟**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاۋايى - ھەۋەسى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى سۆزلىگەنلىرى ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىن ئۇ زاتقا ۋەھيى قىلىنغان ۋەھيىدۇر. ئۇ زات ئاللاھ ۋەھيى قىلغان ۋە ئۆزى بىۋاستە كۆرگەن بەرزەخ ھاياتىنىڭ خەبەرلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. بەرزەخ ھاياتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقى بۇ خەبەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رەھمىتى غەزىپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ مەغفىرەت قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى ۋە سېخىي زاتتۇر. لېكىن، جەببار (قەھر قىلغۇچى دېگەن مەنىدە) سۈپەتكىمۇ ئىگە بولغان ئاللاھ غەزەپلىنىپ قالسا، ئۇ غەزىپىنى پەقەت ئۆزىلا قايتۇرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئەسلىتىش ئۈچۈن، چۈشىدە كۆرگەن بەزى ئازابنىڭ تۈرلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. ئەنبىيائلەر چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارمۇ ۋەھيىدۇر.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىگە: ‹قايسىڭلار

چۈش كۆردۈڭلار؟› دەپ كۆپ سوراپ تۇراتتى، ئاللاھ چۈش كۆرسەتكەن كىشىلەر چۈشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، بىر كۈنى ئەتىگەندە رەسۇلۇللاھ دېدىكى: ‹بۈ كېچە ماڭا ئىككى كىشى كېلىپ مېنى قوپۇرۇپ ماڭدى:

— يۈر، يۈر، — دېدى. مەن ئۇلار بىلەن يۈردۈم، بىز ياتقان بىر كىشىنىڭ قېشىغا باردۇق، قارىساق يەنە بىر كىشى ئۇنىڭ بېشىدا يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ تاشنى ئۇنىڭ كاللىسىغا تاشلاپ كاللىسىنى مىجىۋېتىپ، تاش دومىلاپ كەتسە ئۇنىڭ ئارقىدىن بېرىپ يەنە ئۇنى قولىغا ئالدى، مىجىلغان كاللا ئەسلىگە كېلىشىگە ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ، يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىلغان ئىشنى تەكرارلايتتى. مەن ئىككىيلەنگە:
— سۇبھانەللاھ! بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سورىسام، ئۇلار:
— يۈر، يۈر، — دېدى. بىز يۈرۈپ ئوڭدىسىدا ياتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدۇق، قارىساق بىر ئادەم ئۇنىڭ بېشىدا تۆمۈر قەلەمتۇراچلارنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ياتقان ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ بىر تەرىپىگە يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىلىپ گەدىنىگىچە تىلدى، بۇرنىدىن ئىلىپ گەدىنىگىچە تىلدى، كۆزىدىن ئىلىپ گەدىنىگىچە تىلدى، ئاندىن يۈزىنىڭ ئۇ تەرىپىگە يۆتكىلىپ ئۇنىمۇ يەنە بىر يۈزىنى تىلغاندەك تىلدى، ئۇ يۈزىنى تىلىپ بولغىچە دەسلەپتە تىلغان يۈزى ئەسلىدىكىدەك ساقىيىپ بولدى، ئۇ يەنە ساقايغان يۈزى تەرەپكە قايتىپ دەسلەپتە قىلغاندەك قىلغىلى تۇردى، مەن ئىككىيلەنگە:
— سۇبھانەللاھ! بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سورىسام، ئۇلار:
— يۈر، يۈر، — دېدى. بىز يۈرۈپ بىر تونۇرغا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، ئۇنىڭدىن قىيا - چىيا ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىچىگە قارىساق، ئۇنىڭدا يالىڭاچ ئەر ۋە ئاياللار بار ئىكەن، تۆۋەندىن ئۇلارنىڭ ئاستىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت كېلىۋىدى، ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى، مەن ئىككىيلەندىن:
— بۇلار كىملەر؟ — دېسەم، ئۇلار:
— يۈر، يۈر، — دېدى. بىز يۈرۈپ قاندەك قىپقىزىل بىر دەرياغا كەلدۇق، قارىساق ئۇ دەريادا بىر ئادەم سۇ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ، ئۇ سۇ ئۈزۈۋاتاتتى، قىرغاقتا بىر ئادەم نۇرغۇن تاشلارنى يىغىۋاپتۇ، سۇ ئۈزگەن ئادەم سۇ ئۈزۈپ تاش يىغىۋالغان ئادەمنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئاغزىنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تاش تىقىپ قوياتتى، ئۇ يەنە سۇ ئۈزۈپ كېتىپ ھەر قېتىم قايتىپ كەلسە ئاغزىنى يوغان ئاچاتتى، قىرغاقتىكى ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش تىقىپ قوياتتى، مەن

ئىككىلەندىن:

— سۇبهانەللاھ! بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سورىسام، ئۇلار:

— يۈر، يۈر، — دېدى. بىز يۈرۈپ كۆرۈنۈشى سەن كۆرگەن ئەڭ قەبىھ ئادەم شەكلىدە بولغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇنىڭ قېشىدا ئوت بار بولۇپ، ئۇ ئوتقا ئوتۇن سېلىپ قالاپ ئوتنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرەتتى، مەن ئىككىلەندىن:

— سۇبهانەللاھ! بۇ نېمە؟ — دەپ سورىسام، ئۇلار:

— يۈر، يۈر، — دېدى. بىز يۈرۈپ بۈك - باراقسان بىر باغقا كەلدۇق، ئۇنىڭدا باھارنىڭ رەڭگارەڭ گۈللىرىدىن بار ئىدى، قارىساق باغنىڭ ئوتتۇرىدا بويىي ئىنتايىن ئېگىز، ئېگىزلىكىدىن بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ بېشىنى كۆرەلمەي قالغۇدەك بىر ئادەم تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەن كۆرۈپ باققان ئەڭ كۆپ باللاردىنمۇ كۆپ باللار تۇرۇپتۇ، مەن ئىككىلەندىن:

— بۇ نېمە؟ بۇلار نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سورىسام، ئۇلار:

— يۈر، يۈر، — دېدى. بىز يۈرۈپ شۇنداق چوڭ بىر باغقا كەلدۇقكى، مەن ئۇنداق چوڭ باغ كۆرۈپ باقمىغان، ئىككىلەن ماڭا:

— ئۆرلە، — دېدى، بىز ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ ئاخىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قىشلاردىن سېلىنغان بىر شەھەرگە كەلدۇق، شەھەر دەرۋازىسىغا كېلىپ ئېچىشنى تەلەپ قىلغىنىمىزدا دەرۋازا بىزگە ئېچىلدى، بىز ئۇنىڭدىن كىردۇق، بىزنى شۇنداق بىر ئەرلەر كۈتۈۋالدىكى، ئۇلارنىڭ يېرىمى سەن كۆرەلەيدىغان ئەڭ چىرايلىق كىشىلەر، يېرىمى سەن كۆرەلەيدىغان ئەڭ سەت كىشىلەر ئىدى، مەن بىلەن كەلگەن ئىككىيلەن ئۇلارغا:

— بېرىپ ئاۋۇ دەرياغا سەكرەڭلار، — دېۋىدى، ئۇ يەردە توغرىسىغا ئېقىۋاتقان سۈيى خۇددى ساپ سۈتتەك ئاپئاق بىر دەريا بار ئىدى، ئۇلار بېرىپ دەرياغا چۆمۈلۈپ بىزگە قايتىپ كېلىشتى، ئۇلاردىكى قەبىھلىك يوقاپ ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كەلگەن ئىدى، ئىككىيلەن ماڭا:

— بۇ ئەدن جەننىتىدۇر، مانا بۇ ئىككىسى سېنىڭ تۇرالغۇڭ، — دېدى. كۆزۈمنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر قەسىر تۇرۇپتۇ، ئىككىيلەن ماڭا:

— مانا بۇ ئىككىسى سېنىڭ تۇرالغۇڭ، — دېدى. مەن ئۇ ئىككىيلەنگە:

— ئاللاھ سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغاي، ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار ئۇنىڭغا كىرىپ باقسام، — دېدىم. ئىككىيلەن ماڭا:

— هازىرچە كىرسەڭ بولمايدۇ، سەن كېيىن چوقۇم كىرىسەن، — دېدى.

مەن ئۇ ئىككىيلەنگە:

**– مەن بۇ كىچە ئاجايىب ئىشلارنى كۆردۈم، مېنىڭ كۆرگەنلىرىم قانداق ئىشلار؟ – دېسەم، ئۇلار دېدى:**

**– بىز ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويىمىز، سەن كەلگەندە كالللىسى تاش بىلەن يانجىلىۋاتقان ئادەم بولسا "قۇرئان"نى ئۆگىنىپ تاشلىۋەتكەن ۋە پەرز نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماي ئۇخلايدىغان ئادەمدۇر[1]. سەن كەلگەندە ئاغزى، بۇرنى ۋە كۆزى گەدىنىگىچە تىلىنغان ئادەم بولسا ئۆيىدىن ئەتىگەن چىقىپ ھەممە يەرگە يېيىلىپ كېتىدىغان بىر يالغان سۆزنى قىلغان ئادەمدۇر[2]. تونۇرغا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئىچىدىكى يالىڭاچ ئەر ۋە ئاياللار بولسا زىناخور ئەر ۋە ئاياللاردۇر، سەن كەلگەندە دەريادا سۇ ئۈزۈپ ئاغزىغا تاش تىقىلغان ئادەم بولسا جازانە يېگۈچىدۇر. ئوت قالاۋاتقان، ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ مېڭىۋاتقان كۆرۈمسىز ئادەم بولسا جەھەننەم گۈندىپايلىرىنىڭ چوڭىدۇر. باغدىكى ئېگىز بوي ئادەم بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باللار بولسا تۇغۇلما ئىمان بىلەن ۋاپات بولغان ھەممە باللاردۇر». مۇسۇلمانلاردىن بەزىسى:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشرىكلەرنىڭ باللىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللىمۇ؟**

**– دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

---

(1) بۇ ئادەمنىڭ ئازابلىنىشىنىڭ سەۋەبى: ئۇ «قۇرئان»نى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي ۋە ئەھكاملىرىغا، بۇيرۇقلىرىغا ئەگەشمەي تاشلىۋەتكەن كىشىدۇر ياكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ ۋە باش تارتىپ «قۇرئان»نى تىلاۋەت قىلماي تاشلاپ قويغان كىشىدۇر، ياكى «قۇرئان»غا قانائەت قىلمىغانلىقى ۋە ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى تاشلاپ قويغان كىشىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇ بامدات نامىزى بولسۇن ياكى باشقا نامازلار بولسۇن، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماي ئۇخلايدىغان كىشىدۇر. ئۇنىڭ جازاسى بولسا نامازغا ئېغىرلىق قىلغان، نامازغا ئويغىنىش ئۈچۈن ئاكتىپ بولمىغان ۋە ئۇيقۇنى ئارتۇق كۆرگەن، شۇنىڭدەك «قۇرئان»دىن ۋە «قۇرئان»غا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقان بۇ ئىنساننىڭ بېشىغا ئۇرۇلۇشتۇر.

(2) ئاغزى، بۇرنى ۋە كۆزى گەدىنىگىچە تىلىنىدىغان بۇ ئادەم يالغان گەپ قىلىپ، يالغان خەبەرلەرنى ئويدۇرۇپ، كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ ياكى سۇنئىي ھەمراھ قانالللىرى، ئىنتېرنېت، گېزىت - ژورنال ۋە تېلېفون دېگەندەك ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدە تارقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يالغان خەبەر بىردەمدىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېيىلىپ بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «پالانى ماڭا مۇنداق دېگەن ياكى مۇنداق كۆرگەنىدىم، ياكى مۇنداق نەرسىنى پۇرىغانىدىم» دەپ ئويدۇرۇپ چىققان يالغان خەۋىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ قىيامەت كۈنى ئاغزى، بۇرنى ۋە كۆزى تىلىنىپ جازالىنىدۇ.

– مۇشرىكلەرنىڭ باللىرىمۇ بىللە، يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى قەبىھ كىشىلەر بولسا ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەندۇر، – دېدى»[1].

ئاللاھتىن ھەممىمىزگە رەھمەت قىلىشىنى سورايمىز، ئامىن.

ۋەز

قەبىر ئازابى قاتتىق ئەلەملىك، لېكىن ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7047)؛ مۇسلىم (2275).

## قەبرە ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار

قەبرىدىكى ئازاب ۋە نېئمەتكە سەۋەب بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار بولۇپ، ئاللاھ بىزگە ھالال - ھارامنى بايان قىلىپ بەردى ۋە توغرا يولغا، ئازغۇنلۇققا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىمۇ بايان قىلىپ بەردى، پەرۋەردىگارىمىز ھېچبىر كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ.

- **ئۇنداقتا قەبرىدىكى ئازابقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**
- **قەبرىدىكى نېئمەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**
- **ئىنسان بۇنىڭغا قانداق تەييارلىق قىلىشى كېرەك؟**

شەرىئەتنىڭ ئەسلى مەنبەلىرىنى تەپەككۇر قىلغان كىشى قەبرىدىكى ئازابقا ۋە نېئمەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ يېتىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە تېنىش

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ـ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، بۇ بەندىنىڭ دۇئا، ناماز، مال بوغۇزلاش ۋە ياردەم تىلەشتىن ئىبارەت بەزى ئىبادەتلەرنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كافىرغا قەبرىدە ئازاب بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلىۋېتىپ دېدىكى: **«ئاندىن ئۇنىڭغا قولىدا تۆمۈردىن ياسالغان بولقا تۇتتۇۋالغان گاس، گاچا بىرسى مۇسەللەت قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ بولقا بىلەن تاغقا ئۇرۇلسا، تاغ تopپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى، ئۇ كافىرنى بولقا بىلەن شۇنداق بىر ئۇرۇدىكى، ئۇ ئۇرغانلىقىنىڭ ئاۋازىنى ئىنس - جىنلاردىن باشقا مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە ئاڭلايدۇ، بۇ ئۇرۇشتىن ئۇ كافىر توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە روھى قايتۇرۇلىدۇ»**[1].

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (4753). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 4753) «سەھىھ» دېگەن.

بۇ تۆمۈر بولقىنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق سۈپەتلىگەن: **«ئەگەر بۇ بولقىنى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىكى ئىنسانلار بىر يەرگە يىغىلسىمۇ كۆتۈرەلمىگەن بولاتتى. بۇ بولقىدىن ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئوت يانىدۇ ۋە قوۋۇرغىلىرى بىر - بىرسىگە كىرىشىپ كەتكىچە قەبرىسى تارايتىلىدۇ»**[1].

## 2) سۈيدۈك تېگىپ كېتىشتىن ساقلانماسلىق

بۇ سىيىپ بولغاندىن كېيىن سۈيدۈكنىڭ ئەسەرىنى تازىلىۋېتىشكە ئەھمىيەت بەرمەي، كىيىمگە تېگىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قەبىر ئازابىنىڭ كۆپىنچىسى سۈيدۈكتىن بولىدۇ»** دېگەن[2].

مۇسۇلمان كىشىگە بەدىنى، كىيىمى ۋە نامازگاھىدىن نىجاسەتلەرنى تازىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى يارىشىدۇ.

## 3) سۆخەنچىلىك قىلىش

سۆخەنچىلىك قىلىش - كىشىلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن گەپ توشۇشتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: **‹ئىككىسى ئازابلىنىۋاتىدۇ، (لېكىن) چوڭ گۇناھ سەۋەبىدىن ئازاب چېكىشىۋاتقىنى يوق›** دەپ بولۇپ، ئاندىن: **‹ياق! (دەرۋەقە) ئۇلار ۋاقتىدا ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈكىدىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرى بولسا سۆخەنچىلىك قىلاتتى›** دېدى. ئاندىن خورما دەرىخىنىڭ بىر شېخىنى ئەكەلدۈرۈپ سۇندۇرۇپ، ھەر قەبرىگە بىردىن سانجىپ قويدى.

- ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىلا؟ - دەپ سورىلىۋىدى،

---

(1) بەيھەقىي: «شۇئەبۇلئىيمان»، (391). ھەدىسنىڭ ئىسنادى زەئىف.

(2) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (654). سۇيۇتىي: («ئەلجامىئۇسسەغىر»، 5353) «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ دېدىكى:

**– بۇ شاخلار قۇرۇپ قالمىسىلا ــ ياكى قۇرۇپ قالغانغا قەدەر ــ ئۇلارنىڭ ئازابى يېنىكلىتىلىشى مۇمكىن»[1].**

## 4) غەيۋەت قىلىش

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «مەن (مىئراج كېچىسى) ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغىنىمدا، تۇچ تىرناقلىرى بىلەن يۈز ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلاۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ: ‹ئى جىبرىل! بۇلار كىملەر؟› دېگەنىدىم، جىبرىل: ‹ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يېگەن (غەيۋىتىنى قىلغان) ۋە غەيۋىتىنى قىلىپ گۆشلىرىنى يەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ نومۇسى ھەققىدە گەپ قىلىدىغانلار› دېدى»[2].**

## 5) غەنىيمەتتىن ئوغرىلاش

بۇ مۇجاھىدلار ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئالغان غەنىيمەتلەردىن تەقسىملىنىشتىن ئىلگىرى ئوغرىلاش بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتىدۇ: ﴿***ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ***﴾(«ئال ئىمران»: 3/161).

غەنىيمەتتىن ئوغرىلاش قەبىر ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىندۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللەن بىللە خەيبەر غازىتىغا چىقىپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش غەنىيمەت ئالماي، ئۇلاغ مال، كىيىم -

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (216)؛ مۇسلىم (292).

(2) ئەبۇ داۋۇد (4878). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 2839) «سەھىھ» دېگەن.

كىچىك ۋە ھەرخىل نەرسە - كېرەكلەرنى غەنىيمەت ئالدۇق. بەنى زۇبەيب ئايمىقىدىن رىفائە ئىبنى زەيد دېگەن بىر كىشى ئۆزىنىڭ مىدئەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇلىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىيە قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋادى قۇراغا قاراپ يۈزلەندى، ۋادى قۇراغا كەلگىنىدە مىدئەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈۋاتقان چاغدا بىر ياۋا ئوق كېلىپ ئۇنىڭغا تېگىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان ئىدى، قوشۇندىكىلەر:

- ئۇنىڭغا شەھىدلىك مۇبارەك بولغاي، - دېيىشكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**- ياق، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ خەيبەر غازىتىدا غەنىيمەتتىن ئېلىۋالغان، تەقسىمات قىلىنماي قالغان تون ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ،** - دېدى. قوشۇندىكىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئادەم بىر - ياكى ئىككى - تال كەش بوغقۇچنى ئېلىپ كېلىۋىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**- بۇ ئوتتىن بولغان بىر تال - ياكى ئىككى تال - كەش بوغقۇچ، - دېدى»**[1].

## 6) رامازاندا روزىنى قەستەن بۇزۇش

رامازان ئېيىدا تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغۇچە روزا تۇتۇش ۋاجىب بولۇپ، روزا تۇتۇش ۋاجىب بولغان كىشىگە كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېپتار قىلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ، بەلكى گۇناھ ۋە جازاغا لايىق بولۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«چۈشۈمدە يېنىمغا ئىككى كىشى كەلدى. ئۇ ئىككى كىشى بىلىكىمدىن تۇتۇپ، بىر تاغنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە:**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6707)؛ مۇسلىم (115).

— تاغقا چىققىن، — دېگەندى، مەن:
— چىقالمايمەن، — دېدىم.
— ساڭا ئاسان قىلىپ بېرىمىز.
مەن چىقىپ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قاتتىق تۇۋلاش ۋە ۋارقىراشلارنى ئاڭلاپ:
— بۇ نېمە ئاۋازلار؟ — دېگەندىم، ئۇلار:
— بۇ دوزاختىكىلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى، — دېدى. ئاندىن مېنى ئېلىپ مېڭىپ، پۇتىنىڭ بۆلجۈڭگۆشلىرىدىن ئېسىپ قويۇلغان، ئاغزىلىرى يېرىلىپ قان ئېقىپ تۇرۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. مەن:
— ئۇلار نېمە ئادەملەر؟ — دېدىم، ئۇ:
— ئۇلار كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىپتار قىلىۋەتكەن كىشىلەردۇر، — دېدى»[1].

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر بەرزەخ هاياتىدىكى ئەهۋاللارنى شەرھلەپ بېرىدىغان بىر قىسىم شەرئىي كۆرسەتمىلەردۇر.

## پايدىلىق سۆز

**مۇسۇلماننىڭ قەبرىدىكىلەرنىڭ ئەهۋالىنى بىلىشى ئۇنى قەبر ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن نېرى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.**

(1) نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، (3286). ئالبانىي: («سەھىهۇتتەرغىب»، 1005) «سەھىھ» دېگەن.

# قەبىر ئازابىدىن قۇتۇلۇش

مۇسۇلمان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش ۋە يېقىنلىشىش ئۈچۈن، بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشقا ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇلغاندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قەبىر ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەمەللەرنى سۆزلەپ بەردى.

- **ئۇنداقتا بۇ ئەمەللەر قايسىلار؟**
- **بۇ ئەمەللەر نېمە ئۈچۈن باشقا ئەمەللەردىن ئالدىن ئورۇنغا قويۇلدى؟**
- **بۇ ئەمەللەرنىڭ پەزىلىتى نېمە؟**

ئومۇمەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بەندىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتتە دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. ياخشى ئەمەللەر بىر - بىرىدىن پەرقلىقتۇر. بۇ ئەمەللەر تۆۋەندىكىچە:

**1) ناماز**

ناماز – ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ، نامازنى مۇھاپىزەت قىلغان كىشى دىنىنى مۇھاپىزەت قىلغان بولىدۇ، نامازنى مۇھاپىزەت قىلمىغان كىشى باشقا ئىبادەتلەرنى تېخىمۇ بەك مۇھاپىزەت قىلمايدۇ. ناماز ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغان كىشىنى قەبىر ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

**2) زاكات**

زاكات – ئىسلامنىڭ رۇكنىلىرى ۋە چوڭ ئاساسلىرىدىندۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ مالدىكى ھەققى بولۇپ، «قۇرئان»دا زىكىر قىلىنغان سەككىز ئورۇنغا بېرىلىدۇ.

**3) روزا**

روزىمۇ ئىسلامنىڭ چوڭ رۇكنىلىرىدىن بولۇپ، رامازان ئېيىنىڭ

روزىسى ۋاجىب روزىدۇر. دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنىنىڭ روزىسى، ئاشۇرا كۈنى، ئەرەفات كۈنى ۋە ئۆتنىڭدىن باشقا پەزىلەتلىك كۈنلەرنىڭ روزىسى نەپلە روزىلاردۇر.

4) ياخشى ئىشلارنى قىلىش

ياخشى ئىش – بۇ ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ئىبادەتلەر، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆتنىڭدىن باشقا بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5) سەدىقە ۋە سىلە - رەھىم قىلىش

سەدىقە قىلىش – بۇمۇ ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، مال، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىلە - رەھىم قىلىش – ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا مۇلايىم بولۇشنى كۆرستىدۇ.

6) مەئرۇپ ئىشلار

بۇمۇ ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ئاللاھ قىلىشقا بۇيرۇغان ھەممە ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقىلارغا كۈلۈمسىرەپ قاراش مەئرۇپتۇر، نەسىھەت قىلىش مەئرۇپتۇر ۋە سەدىقە قىلىش مەئرۇپتۇر.

7) باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش

بۇمۇ ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، باشقىلارغا ھەدىيە بېرىش ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ھەدىسكە جەملەپ ئېيتتىكى: «**جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مېيىت ھەمراھلىرى قايتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى**

ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇئمىن بولسا، ناماز بېشى تەرەپتە، زاكات ئوڭ تەرىپىدە، روزا سول تەرىپىدە، ياخشى ئىشلىرى ۋە كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئىككى پۇتى تەرەپتە بولىدۇ. ئاندىن ئازاب بېشى تەرەپتىن كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا ناماز: ‹مېنىڭ تەرىپىمدىن كىرىش مۇمكىن ئەمەس› دەيدۇ. ئاندىن ئازاب ئوڭ تەرىپىدىن كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا زاكات: ‹مېنىڭ تەرىپىمدىن كىرىش مۇمكىن ئەمەس› دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئازاب سول تەرىپىدىن كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا روزا: ‹مېنىڭ تەرىپىمدىن كىرىش مۇمكىن ئەمەس› دەيدۇ. ئاندىن ئازاب ئىككى پۇتى تەرەپتىن كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا ياخشى ئىشلار ۋە باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى: ‹مېنىڭ تەرىپىمدىن كىرىش مۇمكىن ئەمەس› دەيدۇ...»[1]

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئېيتتىكى: «ئىنسان قەبرىسىگە كىرگەندە، ئەگەر ئۇ مۇئمىن بولسا، ناماز ۋە روزىدىن ئىبارەت ئەمەللىرى ئەتراپىدا بولىدۇ. پەرىشتە نامىزى تەرەپتىن كەلسە، ناماز ئۇنى قايتۇرىدۇ، روزا تەرەپتىن كەلسە، روزا ئۇنى قايتۇرىدۇ...»[2]

### 8) ئاللاھقا سىغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھلىق تىلەش

دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھقا يالۋۇرۇش بەندىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھتىن قەبرى ئازابىدىن ساقلاشنى سوراش كېرەك. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قېرىپ كېتىشتىن ۋە قەبرى ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمەن»[3].

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «خۇددى خەت يېزىش ئۆگىتىلگەندەك، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بۇ كەلىمىلەرنى ئۆگەتكەن ئىدى: ‹ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ بېخىللىقتىن پاناھلىق تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (2630)؛ ئىبنى ھىببان: «سەھىھۇ ئىبنى ھىببان»، (5058). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 3561) «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەھمەد (27021)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (19762). سەنەدى ھەسەندۇر.

(3) مۇسلىم (2722).

پاناھلىق تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ ئۆمۈرنىڭ ئەڭ خار دەۋرىگە قايتۇرۇلۇپ قېلىشىمىزدىن پاناھلىق تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ دۇنيانىڭ فىتنەسىدىن ۋە قەبرە ئازابىنىڭ فىتنەسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇ كەلىمىلەر بىلەن دۇئا قىلاتتى: ‹ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ دوزاخنىڭ فىتنەسىدىن[2]، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، قەبرىنىڭ فىتنەسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ فىتنەسىنىڭ يامانلىقىدىن، پېقىرلىقنىڭ فىتنەسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بايلىقنىڭ فىتنەسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن›»[3].

شۇنىڭدەك مېيىت نامىزى ئوقۇغاندا، مېيىت ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى قەبرىنىڭ فىتنەسىدىن قۇتۇلدۇرۇشىغا دۇئا قىلىشىمىز يولغا قويۇلدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇغاندا مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ! ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنىڭغا ئافىيەت بەرگىن، ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇنىڭ زىياپىتىنى ئېسىل قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭرى قىلغىن. ئۇنى سۇ بىلەن، قار بىلەن، مۆلدۈر بىلەن يۇيغىن. ئۇنى خاتالىقلاردىن ئاق كىيىمنى پاسكىنىچىلىقلاردىن پاكىزلىغاندەك پاكىزلىغىن. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى قارارگاھىنى ياخشىراق قارارگاھقا، ئەھلىنى ياخشىراق ئەھلىگە، جۈپتىنى ياخشىراق جۈپكە ئالماشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن ۋە ئۇنى قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[4].

---

(1) بۇخارىي (6390).

(2) دوزاخ فىتنەسىدىن قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دوزاختا ئېلىپ بارىدىغان فىتنەلەر كۆزدە تۇتۇلغان. يەنە ﴿دوزاختا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ﴾(67/«مۇلك»: 8، 9) دېگەن ئايەتتىكى تاپا ـ تەنە، سوئال ـ سوراقلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ئېھتىمال. قاراڭ: مۇبارەكفۇرىي: «مىرئاتۇلمەفاتىيھ»، 8/469 ـــ ت.

(3) بۇخارىي (6375).

(4) مۇسلىم (963).

## قەبر ئازابىدىن قۇتۇلغۇچىلار

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبر ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەمەللەرنى سۆزلەپ بەرگەندەك، شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىدە يەنە بىر قىسىم ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ قەبر ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغانلىقىنىڭ بايانى كەلدى. ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

### 1) شېھىد

ئۇ ـ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس قىلىپ، كەينىگە يانماي ئالدىغا ئىلگىرىلەپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر. بىر كىشى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ:

– مۆئمىنلەرنىڭ ھالى نېمە؟ ئۇلار قەبرلىرىدە پىتنەگە ئۇچرايدۇ، شېھىد بولسا پىتنەگە ئۇچرىمايدۇ، – دېگەندە، ئۇ زات:

**– ئۇنىڭ بېشىدا ئوينىتىلغان قىلىچلارنىڭ يالت - يۇلتلىرى ئۇنىڭغا يېتەرلىك، – دېدى**[1].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشتا مۆئمىن مۇجاھىدنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇپ جەڭ مەيدانىدىن قاچمىغانلىقى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىمانىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە ئۆلۈپ كەتكۈچە دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ قەبرىسىدە سىنىلىشقا ياكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقىدىن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەستىق قىلغانلىقىدىن سورىلىشقا موھتاج بولمايدۇ.

### 2) ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلىغۇچى

ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلاش دېگىنىمىز–دۈشمەنلەرنى مۇسۇلمانلاردىن توسۇش ئۈچۈن، ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ چېگرالىرىدا ئايرىلماي مۇستەھكەم تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامنى ھىمايە قىلىش يولىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ماللىرىدىن ئايرىلىپ جىھاد قىلغان ۋە چېگرا ساقلىغانلار ئۈچۈن كاتتا پەزىلەت بار.

---

(1) نەسائىي (2053). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي» ، 2052) «سەھىھ» دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەرقانداق كىشى ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەل دەپتىرى يېپىلىدۇ. پەقەت ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلىغان ھالدا ۋاپات بولغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنىگىچە زىيادە قىلىنىدۇ ۋە قەبرىنىڭ فىتنەسىدىن ئەمىن بولىدۇ» دېگەن[1]. يەنە: «بىر كېچە - كۈندۈز چېگرا ساقلاش بىر ئاي روزا تۇتۇپ، قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ (چېگرا ساقلاپ) ئۆلۈپ كەتسە، قىلغان ئەمەلى ئۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىپ تۇرىدۇ، رىزقىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلىپ تۇرىدۇ ۋە (قەبرىدىكى) سوراق قىلغۇچى پەرىشتىنىڭ سوراقىقا تارتىشىدىن ئەمىن بولىدۇ» دېگەن[2].

### 3) قورساق ئاغرىقى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى

بالا - قازا ۋە سىناقلارنى ئاللاھ تائالا خاتالىقلارغا كەففارەت قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدۇ. كېسەل بولۇش ۋە كېسەلنىڭ سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كېتىش بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم قورساق ئاغرىقىدىن ئۆلسە، ئۇ قەبرىسىدە ھەرگىز ئازابلانمايدۇ»[3] دېگەن. يەنە: «قورساق ئاغرىقىدا ۋاپات بولغان كىشى شېھىدتۇر»[4] دېگەن. يەنى ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ.

### 4) ھەر كېچىسى سۈرە مۈلكنى ئوقۇش

«قۇرئان»نىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر، لېكىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى سۈرىلەرگە ئايرىم پەزىلەتنى خاس قىلغان بولۇپ، سۈرە مۈلكنى ئوقۇش بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ سۈرىنى

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (2500)؛ تىرمىزىي (1621). تىرمىزىي: «سەھىھ» دېگەن. يەنى مۇنكەر، نەكىر ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال - سوراق قىلىشىدىن ئەمىن بولىدۇ. «بۇ ئەمىن بولۇش قانداق بولىدۇ» دېگەنگە قارىتا بىر قاراشتا: «ئۇ ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا پەقەت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ كىشىنىڭ چېگرا ساقلىغان ھالەتتە ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ساغلاملىقىغا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر» دېيىلگەن. يەنە بىر قاراشتا: «ئىككى پەرىشتە ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن فىتنە ھاسىل بولمايدۇ» دېيىلگەن. قاراڭ: ئەزىم ئابادىي: «ئەۋنۇل مەئبۇد»، 178/7 ـــ ت.

(2) مۇسلىم (1913).

(3) نەسائىي (2052). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي»، 2051) «سەھىھ» دېگەن.

(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5733)؛ مۇسلىم (1914).

ئوقۇش قەبر ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سۈرە مۇلك قەبر ئازابىدىن ساقلىغۇچىدۇر»[1] دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «كىمكى ﴿تَبَـٰرَكَ ٱلَّذِى بِيَدِهِ ٱلْمُلْكُ﴾نى ھەر كېچىسى ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قەبر ئازابىدىن ساقلايدۇ. بىز نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بۇ سۈرىنى توسقۇچى (مانعة) دەپ ئاتايتتۇق. جەزمەنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى سۈرە بولۇپ، كىمكى بۇ سۈرىنى ھەر كېچىسى ئوقۇسا كۆپ ۋە ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ»[2].

## ھەرقانداق دەپنە قىلىنغۇچىنى قەبر قىسىدۇ

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە: «بۇ ئەرش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەتلەنگەن، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان ۋە نامىزىغا يەتمىش مىڭ پەرىشتە قاتناشقان كىشى ئىدى، ئۇ قەبرىدە قاتتىق بىر قىسىلىپ، ئاندىن قويۇپ بېرىلدى» دېگەن[3].

**نۇر**

**كىمكى قەبر ئازابىدىن ساقلايدىغان ئەمەللەرنى قىلىپ تۇرسا، ئۇ سائادەت ۋە نېئمەت ئەھلىدۇر.**

(1) تىرمىزىي (2890). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 887) «زەئىف» دېگەن.

(2) نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، (10479). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 1589) «ھەسەن» دېگەن.

(3) نەسائىي (2055). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي»، 2054) «سەھىھ» دېگەن.

## يوقاپ كەتمەيدىغان مەخلۇقاتلار

پەرۋەردىگارىمىز جەللە جەلالۇھۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقىدىن باشقا ھەممە پادىشاھلىق يوقىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ***﴾(«رەھمان»: 55/ 26، 27).

شۇنداق، زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ، ئۆلىدۇ، يوق بولىدۇ ۋە توپا يەپ كېتىدۇ. لېكىن، شەرئىي كۆرسەتمىلەردە بەزى نەرسىلەر يوقالمايدۇ دەپ مۇستەسنا قىلىنغان.

- **ئۇنداقتا بۇ نەرسىلەر قايسىلار؟**
- **ئۇنى يوقىلىپ كەتمەيدۇ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان نەرسىنى يوق قىلىدۇ، خالىغان نەرسىنى يوقاتماي قالدۇرىدۇ. پەرۋەردىگارىمىز خالىغان نەرسىنى يارىتىدۇ ۋە تاللايدۇ. مەخلۇقاتلاردىن ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ ۋە يوقاپ كېتىدۇ، پەقەت سەككىز تۈرلۈك نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ نەرسىلەر تۆۋەندىكىچە:

**1) تۇغۇر سۆڭىكىنىڭ ئۇچى**

بۇ دۇمبىنىڭ ئومۇرتقىلىرىدىن ئەڭ ئاستىدىكى ئاخىرقى ئومۇرتقا بولۇپ، «ئۇسئۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىن بۇ ئەزادىن باشقىلىرىنى توپا يەپ يوقاپ كېتىدۇ، بۇ ئەزادىن بولسا ئىنسان قايتا تىرىلىدۇ.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەقەت بىرلا ئۇستىخاندىن باشقا ئىنسانىنىڭ ھەممە يېرى چىرىپ كېتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تۇغۇر سۆڭىكىنىڭ ئۇچىدۇر،**

ئۇنىڭدىن ئىنسان قىيامەت كۈنى قايتا قوراشتۇرۇلىدۇ» دېگەن[1].

**2) روھلار**

روھنىڭ تەبىئىتى ۋە ھەقىقىتى ھەققىدىكى ئىلىمنى پەرۋەردىگا-رىمىزلا بىلىدۇ. لېكىن، تەننىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى تەندە روھنىڭ مەۋجۇد بولۇشى بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر روھ تەندىن ئايرىلسا تەن ئۆلىدۇ، روھ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئەگەر ئۇ روھ سالىھ بولسا، ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، سالىھ بولمىسا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ. لېكىن، ھەر ئىككىلا ھالەتتە روھ تەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

دېمەك، روھ يوقالمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«شۇھەدائىنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ قارنىدا بولىدۇ، ئۇ روھلار ئۈچۈن ئەرشكە ئېسىپ قويۇلغان چىراغلار بار بولۇپ، جەننەتنىڭ ئىچىدە خالىغان ئورۇنغا ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ. ئاندىن يەنە ئاشۇ چىراغلارغا قايتىپ كېلىدۇ»** دېگەن[2].

ئەمما، مۇئمىننىڭ روھىغا كەلسەك، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە: **«شەك - شۈبھىسىزكى، مۇئمىننىڭ روھى بىر قۇش (پوكىنىدا) بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنى بەدىنىگە قايتۇرغانغا قەدەر جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ»** دېگەن[3].

**3) جەننەت ۋە دوزاخ**

جەننەت ۋە دوزاخنى ئاللاھ تائالا ئىتائەت قىلغانلارنى ئىززەتلەش، ئاسىيلىق قىلغانلارنى خار قىلىش ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى يوقالمايدۇ، بەلكى مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ***﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ﴾*** («نىسائ»: 57/4) دېگەن.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4935)؛ مۇسلىم (2955).

(2) مۇسلىم (1887).

(3) نەسائىي (2075). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2373) «سەھىھ» دېگەن.

### 4) ئەرش

ئەرشنىڭ لۇغەت مەنىسى – پادىشاھ ئولتۇرىدىغان كارىۋات دېگەنلىكتۇر. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەرشى ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقىغا لايىق رەۋىشتە بولۇپ، «قۇرئان»دا يەتتە ئورۇندا ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشنىڭ ئۈستىدە بەرقارار بولغانلىقى زىكىر قىلىنغان. ئالايلۇق:

﴿***مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) بەرقارار بولدى***﴾(20/«تاھا»: 5)، ﴿***ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە بەرقارار بولدى***﴾(7/«ئەئراف»: 54).

ئەرش مەخلۇقاتلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى يوق بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس، مەڭگۈ قېلىش ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ سۈر پۈۋلەنگەندە باشقا مەخلۇقاتلار يوقاپ كەتكەندەك يوقاپ كەتمەيدۇ.

### 5) كۇرسى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تەفسىرلىگەندەك(1)، ئۇ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدۇر. دېمەك، كۇرسى باقىيدۇر، يوقاپ كەتمەيدۇ.

### 6) شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر

ئۇلار جەننەت ئۈچۈن يارىتىلغان جەننەتنىڭ ئاياللىرىدۇر، ئۇلار باشقا مەخلۇقاتلار يوقاپ كەتكەندەك يوقاپ كەتمەيدۇ.

### 7) لەۋھە

ئۇ – ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ تەقدىرلىرىنى يازغان لەۋھۇلمەھپۇز بولۇپ، بۇ لەۋھەمۇ يوقاپ كەتمەيدىغان مەخلۇقاتلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

### 8) قەلەم

ئاللاھ تائالا قەلەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىشقا بۇيرۇغان. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە

---

(1) ئەلەۋىي سەققاف: «كىتاب ۋە سۈننەتتە كەلگەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى»، 223 ـ بەت. (قاراڭ: ئىمام تەبەرىي: «ئەتتەفسىر»، 2601 ـــ ت.)

**ئېيتىدۇ: «ئاللاھ تۇنجى ياراتقان نەرسە قەلەمدۇر، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا:**

**ــ يازغىن! ــ دېدى، قەلەم:**

**ــ رەببىم! نېمىنى يازىمەن؟ ــ دېدى، ئاللاھ تائالا:**

**ــ قىيامەت بولغۇچە بولىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ تەقدىرىنى يازغىن، ــ دېدى»[1].**

ئىمام سۇيۇتىي بۇنى تۆۋەندىكى بېيتقا جەملەپ دېگەنكى:

مەخلۇقاتتىن سەككىز تۈرگە باقىيلىق ھاكىم،
قالغانلىرى يوقلۇق ئىچرە تارۇ - مار بولۇر.
ئۇلار ئەرش، كۈرسى، جەننەت ۋە دوزاخ،
تۇغۇر سۆڭەك، روھ ۋە قەلەم، لەۋھۇلمەھپۇزدۇر.

## ئەقىدە

رەببىمىز خالىغىنىنى يارىتىپ، خالىغىنىنى باقىي، خالىغىنىنى پانىي قىلىدۇ.

(1) ئەبۇ داۋۇد (4700)؛ تىرمىزىي (3319). ئالبانىي: («شەرھۇتتاھاۋىيە» ، 264) «سەھىھ» دېگەن.

## قەبر توغرۇلۇق يەتتە مەسلە

ئىنسانلاردىن قەبرلەرگە ئالاقىدار شەرىئەتكە خىلاپ، خاتا ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بەزىبىر خاتا ئەقىدىلەر بەزى يۇرتلاردا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئەسكەرتىش بېرىپ قويۇشنى مۇناسىپ كۆردۈم.

- ئۇنداقتا بۇ قايسى مەسىلىلەر؟
- قەبر توغرۇلۇق شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلار قايسىلار؟
- بۇ ئىشلارنى قانداق تۈزىتىمىز؟

ئاللاھ تائالا ئەنبىيائىلەرنى ئىنسانلارغا ئۈگەتكۈچى ۋە نەسىھەت قىلغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنى ياخشىلىققا ۋە توغرا يولغا باشلايدۇ، خاتا يوللاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن كەلگەن قەبرلەرگە ئالاقىدار تۆۋەندىكى يوليورۇقلار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

**بىرىنچى مەسلە**

شەك - شۈبھىسىزكى، قەبر ئازابى ۋە قەبردىكى نېئمەت غەيب ئىشلار بولۇپ، ئەقىل بىلەن قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. غەيبكە ئىمان ئېيتىش مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىندۇر، خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك: ﴿***ئەلىف لام، مىم، بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر، ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ***﴾(2/«بەقەرە»: 1 – 3).

شۇ نەرسىنى بىلىۋېلىش مۇھىمكى، قەبر ئازابى ئۇ بەرزەخ ئازابىدۇر. ئۆلۈپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئازابقا لايىق بولۇپ، قەبرگە دەپنە قىلىنغان بولسۇن ياكى دەپنە قىلىنمىغان بولسۇن، ئۇنىڭغا ئازابتىكى نېسىۋىسى يېتىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەن بولسۇن ياكى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسۇن ياكى دارغا ئېسىلغان بولسۇن، ياكى دېڭىزغا غەرق

بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھامىنى ئۇنىڭ روھى ۋە بەدىنىگە قەبرگە دەپنە قىلىنغان كىشىگە يەتكەن قەبر ئازابى بولىدۇ.

### ئىككىنچى مەسىلە

ئۈن سېلىپ يىغلاش ۋە ۋارقىراش ھارام بولۇپ، بۇ ئەھۋال بەزى ئىنسانلاردىن، بولۇپمۇ ئاياللاردىن كۆپ يۈز بېرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«يۈزلىرىنى كاچاتلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، جاھىلىيەتنىڭ يىغا - زارىنى قىلغان ئادەم بىزدىن ئەمەس»** دېگەن[1]. يەنە: **«ئۈن سېلىپ يىغلىغۇچى ئايال تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە قىيامەت كۈنى كۈكستىن ئىشتان، قوتۇر كېسىلىدىن كۆينەك كىيگۈزۈلۈپ تۇرغۇزۇلۇپ قويۇلىدۇ»** دېگەن[2].

يېقىن ئادىمى ئۆلۈپ كەتكەن كىشى سەۋر قىلىشى ۋە ئەجىر ئۈمىد قىلىشى كېرەك، شۇنداقلا سەۋر قىلسا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: ‹مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكىلەردىن تاللاپ سۆيگەن ئادىمىنىڭ جېنىنى ئالسام، ئاندىن ئۇ مېنىڭ ساۋابىمنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنىڭغا سەۋر قىلسا، مەندە ئۇنىڭغا بېرىدىغان جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق›»**[3].

### ئۈچىنچى مەسىلە

قەبرلەرنى زىيارەت قىلىش يوللۇق ئىش بولۇپ، قەبرلەرنى زىيارەت قىلىشتىكى مەقسەت قەبرنى ياكى قەبرنىڭ توپىسىنى تەبەررۇك بىلىش ۋە قەبردىكى مېيىتتىن مەنپەئەت كۈتۈش بولماستىن، ئىبرەت ئېلىش ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەش بولۇشى كېرەك.

قەبر زىيارىتى ئۈچۈن مەلۇم بىر كۈننى خاس قىلىۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زىيارەت ئۈچۈن مەلۇم كۈنلەرنى خاس قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىغان. ئۇ زات: **«كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا (دىنىمىزدا) ئۇنىڭدا بولمىغاننى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»** دېگەن[4].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي، (1294)؛ مۇسلىم (103).
(2) مۇسلىم (934).
(3) بۇخارىي (6424).
(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2697)؛ مۇسلىم (1718).

بەزىلەر قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا «فاتىھە»نى ئوقۇيدۇ، بۇ بىدئەتتۇر. چۈنكى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا «قۇرئان» ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىغان، بەلكى قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى ۋە مەغفىرەت تىلەيتتى[1].

بىرەر قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىدكە ئالاھىدە سەپەر قىلىنمايدۇ، (ئۇلار) مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ مەسجىدىم ۋە مەسجىدى ئەقسا» دېگەن[2].

**تۆتىنچى مەسىلە**

**جىنازىدىكى بىدئەتلەر ۋە شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلار:**

1) جىنازىغا ياكى قەبرىگە گۈللەرنى قويۇش[3]؛

بۇ كافىرلارنىڭ دىنى ۋە شوئارلىرىغا ئوخشاپ قېلىش بولۇپ، بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر قەۋمگە قەستەن ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر»[4] دېگەن.

2) شۇنىڭدەك شۇھەدائىغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا رەھمەت تىلەش ئۈچۈن قىسقا مۇددەت سۈكۈتتە تۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ روھلىرىغا قارىلىق تۇتۇش؛

(1) بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى پەرقلىق بولغان كۆپ مەسىلىلەردە مۇئەللىف مەلۇم بىر قاراشنى ياقلىغان. بۇ مەسىلىنى مىسالغا ئالساق، ئۆلىمالار قەبر بېشىدا «فاتىھە» ۋە «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىشنىڭ ھۆكمىدە «مەكرۇھ» ۋە «جائىز» دېگەندەك قاراشلاردا بولغان. كۈچلۈك قاراشتا بۇ ئىش بىدئەت ياكى مەكرۇھ ئەمەس. شۇڭا، قەبر بېشىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلسا بولىدۇ ــ ت.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1864)؛ مۇسلىم (827).

(3) ئۆلىمالار بۇ ئىشنىڭ ھۆكمىدە ئوخشىمىغان قاراشتا. كۆپچىلىك بۇنى مۇستەھەب دەپ قارىسا، بىرقىسىم ئالىملار «شاپائەتنى تىلغا ئالغان ھەدىسكە ئاساسەن، بۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس بىر ئىش ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى مەكرۇھ (ياكى بىدئەت ۋە ھەتتا ھارام) دەپ قارىغان ــ ت.

(4) ئەبۇ داۋۇد (4031)؛ ئەھمەد (5115). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى زەئىپ» دېگەن.

**بۇمۇ چوڭ بىدئەت ۋە كافىرلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاپ قېلىشتۇر. ئۇنداق قىلماستىن روھلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش ۋە مەغفىرەت تىلەش كۇپايە قىلىدۇ.**

**3) شۇنىڭدەك خاتىرە بولسۇن دەپ ياكى باشقا بىر مەقسەتتە ئۆلۈكلەرگە ۋە تىرىكلەرگە رەسىملەرنى ئېسىپ قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛**

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ماڭ بېرىپ، ھەرقانداق سۈرەتنى يوقات، ئېگىز ياسالغان قەبرىلەرنى تۈزلىۋەت!» دېگەن[1].**

**4) جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭغاندا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كوللېكتىپ تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىش؛ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىش يوللۇقتۇر.**

**5) قەبرىستانلىقتا ياكى مېيىتنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئەزان ئېيتىش؛**

**بۇمۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياكى ئەسھابلىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىش ئەمەس، بەلكى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا (دىنىمىزدا) ئۇنىڭدا بولمىغاننى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ» دېگەن[2].**

**6) جىنازا نامىزىدىن ۋە دەپنىدىن كېيىن كوللېكتىپ دۇئا قىلىش؛**

**ئۇنداق قىلماستىن، ھەربىر ئادەم ئايرىم دۇئا قىلىشى يوللۇقتۇر[3].**

---

(1) مۇسلىم (969).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2697)؛ مۇسلىم (1718).

(3) كوللېكتىپ دۇئا قىلىشنى چەكلەش ئورۇنسىزدۇر. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇد (3221) رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ:
«قېرىندىشىڭلارغا مەغفىرەت تىلەڭلار! ئاللاھتىن ئۇنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىنى تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ» دېگەن بولغاچقا، بىر كىشى دۇئا قىلسا، قالغانلار ئامىن دېسە ياكى كوللېكتىپ دۇئا قىلسا ياكى ھەركىم ئۆز ئالدىغا دۇئا قىلسا ھەدىستىكى كۆرسەتمىگە ئۇيغۇن بولىدۇ — ت.

7) مېيىتنى ساندۇق بىلەن دەپنە قىلىش.

ئەسلىدە مېيىت ساندۇققا سېلىنماستىن كېپەنلىنىپ قەبرىگە دەپنە قىلىنىشى كېرەك. ئەمما، مېيىتنىڭ بەدىنى پارچىلىنىپ كەتكەن ياكى دۆلەتنىڭ قانۇنى مېيىتنى ساندۇق بىلەن دەپنە قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان، مېيىت ئىگىلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلالمايدىغان ئەھۋاللاردا ساندۇق بىلەن دەپنە قىلىنسا بولىدۇ.

**بەشىنچى مەسىلە**

ئىنسان بىر ياخشى ئەمەلنى قىلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مېيىتكە ھەدىيە قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، بۇ «مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەج - ئۆمرە قىلىش، سەدىقە قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، تۇتالمىغان ۋاجىب روزىلىرىنى تۇتۇپ قويۇش» دېگەندەك شەرىئەت يول قويغان دائىرىدە بولۇشى كېرەك.

ئەمما، «ساۋابى مېيىت ئۈچۈن بولسۇن» دېگەن نىيەت بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كەلمىگەن. شۇنىڭدەك ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن «قۇرئان» ئوقۇيدىغان قارىيلارنى ئىجارىگە ئېلىش بىدئەتتۇر.

**ئالتىنچى مەسىلە**

مىراسنى تارقىتىشتىن ئىلگىرى، مېيىتنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ چىقىملىرىنى چىقىرىش، قەرزلىرىنى تۆلەش ۋە ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىننىڭ روھى تاكى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر (يۇقىرى ئورۇنغا يېتىشتىن) ئېسىلىپ تۇرىدۇ»[1] دېگەن.

ئاخىرقى مەسىلە:

بۇ ئاخىرقى مەسىلە چوڭ مەسىلە ۋە چوڭ مۇسىبەتتۇر. ئۇ بولسىمۇ قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلىش، ئۆلۈكلەردىن ھاجەتلەرنى سوراش ۋە «ئۆلۈپ كەتكەن ئەۋلىيائىلەر ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى راۋا قىلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ئوخشاش شىرك ئەمەللەردۇر.

---

(1) تىرمىزي (1078). ئالباني: («سەھىھۇتتىرمىزي»، 1078) «سەھىھ» دېگەن.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن***﴾(7/«ئەئراف»: 194).

بەزى قەبرىنى تاۋاپ قىلغۇچىلار قەبرىنى تاۋاپ قىلىپ، تۇۋرۇكلىرىنى سىلاپ، ياغاچلىرىنى سۆيىدۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ. شۇنداقلا «كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشى ۋە پەرزەنتلىك بولۇش» دېگەندەك ھاجەتلىرىنى سورايدۇ. بەزىدە قەبرىنى زىيارەت قىلغۇچى قەبردىكى ئۆلۈككە: «ئى سەييىدىم! مەن يىراق يۇرتتىن كەلدىم، مېنى قۇرۇق قول قايتۇرمىغىن» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن كېسىلىنىڭ ساقىيىشىغا، يوقاپ كەتكەن ئادىمىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلىشىنى سوراپ دۇئا قىلىشقا باشلايدۇ، ھالبۇكى نامىزىدا ئاللاھتىن بۇ ئىشلارنى سوراپ دۇئا قىلىشتىن غەپلەتتە قالىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر***﴾(46/«ئەھقاف»: 5).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**كىمكى ئاللاھنى قويۇپ باشقا ئىلاھقا دۇئا قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە دوزاختا كىرىدۇ**» دېگەن[1]. «پالانى پېقىر كىشى پالانى قەبرىنىڭ يېنىدا دۇئا قىپتىكەن، قەبردىكى ئۆلۈك ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ ياكى پالانى كېسەل كىشى قەبرىنىڭ يېنىدا دۇئا قىپتىكەن، كېسىلى ساقىيىپتۇ ياكى بالىلىق بوپتۇ» دېگەندەك گەپلەرگە ئالدانماسلىق كېرەك. بەلكى ھېچبىر شېرىكى يوق ئاللاھقا دۇئا قىلىش كېرەك. ئاللاھقا نامازدا، مەسجىدتە، ھەج ۋە ئۆمرە قىلغاندا دۇئا قىلىش كېرەك، قەبرىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلماسلىق كېرەك.

## قەبرىلەرگە مەسجىد سېلىش ھارام بولىدۇ

مەسجىدنىڭ ئىچىدە ياكى سەيناسىدا، ياكى قىبلە تەرىپىدە قەبر

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4497)؛ مۇسلىم (92).

بولسا، ئۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ[1]. چۈنكى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ئەنبىيائىلىرىنىڭ ۋە سالىھلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالاتتى، سىلەر قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار. ھەقىقەتەن مەن ئۇنداق قىلىشتىن توسىمەن»** دېگەن[2]. يەنە ھەرقانداق شەكىلدە قەبرە قاتۇرۇش ھارام بولىدۇ. چۈنكى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنى گەج بىلەن قاتۇرۇشتىن ۋە قەبرە ئۈستىگە بىنا سېلىشتىن توسقان[3].

شەرىئەتنىڭ ئەسل قائىدىسىدە مېيىت قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان توپىنىلا دۆۋىلەپ قويۇش ۋە ئېگىزلىكىنى بىر غېرىچتىن ئارتۇق قىلماسلىق كېرەك.

شۇنىڭدەك قەبرىلەرگە قۇببە بىنا قىلىش ھارام بولىدۇ. چۈنكى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **ھەرقانداق سۈرەتنى يوقات، ئېگىز ياسالغان قەبرىلەرنى تۈزلىۋەت!»** دېگەن[4]. باشتا دېيىلگەندەك، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنى گەج بىلەن قاتۇرۇشتىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا قۇرۇلۇش قىلىشتىن توسقان.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەمدۇ! ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش (يەنى سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ***

---

(1) ئۆلىمالار بۇ ئىشنىڭ ھۆكمىدە ئوخشىمىغان قاراشتا. كۆپچىلىك «قەبرە بار مەسجىدتە ناماز ئوقۇش دۇرۇس» دەپ قارىغان بولۇپ، پاسىل تام بولمىغان ئەھۋالدا «مەكرۇھ»، «جائىز» ۋە «ھارام» دېگەندەك قاراشلاردا بولغان. ئەمما، مۇئەللىف كەلتۈرگەن ھەدىس بولسا قەبرىنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ، قەبرىنىڭ ئۆزىگە چوقۇنۇش ئەھۋالىغا قارىتىلغاندۇر ـــ ت.

(2) مۇسلىم (532).

(3) مۇسلىم (970).

(4) مۇسلىم (969).

دەۋەتنىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر). سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن. ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋە ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن ئاللاھقا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). ھەقىقەتەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان ئاللاھ مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار (ھىدايەت تاپماق توغرۇل دەۋىتىڭنى) ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ﴾(7/«ئەئراف»: 191 – 198).

راستچىللىق

سېنىڭ «ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق يەككە - يېگانە زاتتۇر» دەپ ئىمان ئېيتقانلىقىڭ بىۋاستە ئاللاھقا دۇئا قىلىشىڭنى تەقەززا قىلىدۇ.

# ئاخىرەت كۈنى

ئىنسان ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان مۇددەتتە بەرزەخ ھاياتىدا تۇرۇپ، ئاللاھ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىدىغان ۋاقىت كەلگەندە سۇر پۈۋلىنىدۇ، ئىنسانلار ھەشر قىلىنىدۇ ۋە قىيامەت قايىم بولىدۇ.

- **ئۇنداقتا قىيامەت قاچان بولىدۇ؟**
- **سۇرنى پۈۋلەشنىڭ مەنىسى نېمە؟**
- **ئۇلار قەبرىلىرىدىن قانداق چىقىدۇ؟**
- **غەرق بولۇپ كەتكەن ۋە كۆيۈپ كەتكەنلەرگە ئوخشاش قەبرىگە قويۇلمىغانلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار قانداق تىرىلدۈرۈلىدۇ؟**
- **ئاللاھ پەقەت ئىنسانلارنىلا قىيامەت مەيدانىغا يىغامدۇ ياكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىمۇ؟**
- **جىنلارنى ھەشر قىلىشنىڭ يولى قانداق؟**

تۆۋەندە بۇ تۈرلۈك كاللىغا كېلىدىغان سوئاللارغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىلىدۇ.

## ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنى

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ بىر رۇكنىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، ئەنبىيائىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئاالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر***﴾(2/«بەقەرە»: 177).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىماننى شەرھلەپ: «ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەنبىيائىلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشىڭ ۋە ياخشىلىق - يامان تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشىڭدۇر» دېگەن[1].

### ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى

قىيامەت كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى جەزملىك تەستىق قىلىش، ئۆلۈمگە ۋە ئۆلۈمدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا ئىمان ئېيتىش ۋە قىيامەتنىڭ ئاالامەتلىرىنى تەستىق قىلىشتۇر. كىمكى ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلسا ياكى ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا شەك قىلسا، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ، كاپىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى***

---

(1) مۇسلىم (8).

***قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾***(4/«نىسائ»: 136).

ئاخىرەت كۈنى شەكسىز يۈز بېرىدۇ، كىمكى ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا شەك قىلسا، كافىر بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقارغۇچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ «كافىرلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدۇ» دەپ بايان قىلدى. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿(سىلەرگە) ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتتە (يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشىدا) ھېچ شەك يوق دېيىلسە، سىلەر (ھەددىدىن زىيادە سەركەشلىكىڭلاردىن): «قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمىز، (ئۇنىڭغا) بىز ھەقىقي ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار﴾***(45/«جاسىيە»: 45).

ئاخىرەت كۈنىنىڭ شەكسىز كېلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش ۋاجىب بولۇپ، ئاللاھ نىجات تاپىدىغان مۆئمىنلەر ھەققىدە: ***﴿ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (ئەنبىيائلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ﴾***(2/«بەقەرە»: 4) دېگەن.

ئاخىرەت كۈنىنىڭ شەكسىز كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بولسا ئاللاھ تائالا: ***﴿شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾***(22/«ھەج»: 7) دېگەن.

**يورۇتما**

**كىمكى قايتا تىرىلدۈرۈشكە، جەننەت ۋە دوزاختا ئىمان ئېيتمىسا، ئۇ ئىسلام دىنىغا كافىر بولغان بولىدۇ.**

## ئاخىرەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرى

ئاللاھ تائالا كىتابىنى ھەممە نەرسىنى بايان قىلغۇچى قىلىپ چۈشۈردى ۋە ھۆرمەتلىك ئەنبىيائىلىرىنى خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئاللاھ تائالا بىزگە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى بىلدۈردى ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالنى سۈپەتلەپ بەردى.

- ئۇنداقتا ئاخىرەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟
- نېمە ئۈچۈن بۇ قورقۇنچلۇق سۈپەتلەر بىلەن كەلدى؟
- بۇ سۈپەتلەرنى ئوقۇغىنىدا مۆئمىن نېمە قىلىشى كېرەك؟

ئاخىرەت كۈنى ـ ئۇ سۇر پۈۋلىنىدىغان ۋە قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كۈننى نۇرغۇن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى سۈپەتلەر ئۇ كۈننىڭ ۋە ئۇ كۈندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ:

**1) بولىدىغانلىقىدا شەك يوق ھەق كۈن**

شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ شەك - شۈبھىسىز كېلىدىغان كۈندۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ۋەدە قىلغانىدەك: ﴿***ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار***﴾(35/«فاتىر»: 5).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت ھەقتۇر»[1] دېگەن.

**2) كاپىرلارغا ئېغىر كۈندۇر**

ئۇ كۈندە ئەمەللەر ئۈزۈلىدۇ، ئەجەللەر ئاخىرلىشىدۇ ۋە ھەربىر

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1120)؛ مۇسلىم (92).

ئىنسان ئۆزى قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ياخشىلىقنى ئاۋۇتۇش ۋە يامانلىقنى ئازايتىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**سۇر چېلىنغان ۋاقىت - ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر، كافىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر**﴾(74/«مۇددەسسىر»: 9، 10).

ئەمما، مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن بۇ ئاسان كۈندۇر، چۈنكى ئۇ كۈندىكى چوڭ قورقۇنچ ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەرشىنىڭ سايىسىدا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق ئەھۋاللار بار.

**3) ھەربىر كىشىگە قىلغىنىنىڭ مۇكاپات - جازاسى تولۇق بېرىلىدىغان كۈندۇر**

ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى تولۇق بېرىلىدۇ. ھەممە ئەمەللەر ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ۋە يالغان ئېيتمايدىغان كىتابتا يېزىلغاندۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنى توپلايمىز، ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ جازاسى ۋە مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان، ئۇلارغا (ئازابنى زىيادە قىلىۋېتىش ياكى ساۋابنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن) زۇلۇم قىلىنمايدىغان شۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟**﴾(3/«ئال ئىمران»: 25).

**4) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋاقتى بەلگىلەنگەن كۈندۇر**

بۇ كۈن بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئىلگىرى - كېيىن قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿**ئېيتقىنكى، سىلەرگە (ئازاب ئۈچۈن) ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئىلگىرى - كېيىن بولمايسىلەر**﴾ (34/«سەبەئ»: 30) دېگەن.

**5) يېقىن كۈندۇر**

شۇنداق ئۇ كۈن، بىز بەك يىراق دەپ قارىساقمۇ، بەك يېقىن كۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كۈننى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ ۋەدە قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ زامانى ئۆتۈپ كېتىپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ زامانى كەلدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن باش بارمىقىدىن كېيىنكى بىگىز بارمىقىنى مۇنداق قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹مەن ئەۋەتىلگەن ۋاقىت

بىلەن قىيامەت ئارىلىقى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىچىلىك› دېگەن»[1].

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ. بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز﴾(70/«مەئارىج»: 6، 7).

6) تۇيۇقسىز كېلىدىغان كۈندۇر

بەندىلەر ئىلىم - پەن ۋە چۈشەنچىدە قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا ئەنبىيائىلىرىگىمۇ ۋە پەرىشتىلىرىگىمۇ بىلدۈرمىگەن چوڭ بىر سىر بولۇپ، بۇ مەسىلىدە جاۋاب بەرگۈچى سورىغۇچىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿لېكىن، قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ - دە، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ۋە ئۆزرە بايان قىلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ﴾(21/«ئەنبىيائ»: 40)، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (ئاللاھ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ. گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ﴾(7/«ئەئراف»: 187).

7) بۈيۈك كۈندۇر

ئۇ مەخلۇقاتلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بۈيۈك بىر كۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ ئۇنداق بىر كۈن بولمايدۇ. ئۇ كۈندە چوڭ ھادىسىلەر ۋە قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾(83/«مۇتەففىفىن»:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4936)؛ مۇسلىم (2950).

دېگەن.[5، 6]

### 8) قۇياش بەندىلەرگە يېقىن قىلىنىدۇ

قىيامەت كۈنى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، كائىناتنىڭ رىتىمى بۇزۇلىدۇ، ئاسمان قىپقىزىل بولۇپ لاۋۇلدايدۇ ۋە قۇياش مەخلۇقاتلارغا يېقىن قىلىنىدۇ. مىقداد ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دېدىكى: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹**قىيامەت كۈنى قۇياش بەندىلەرگە بىر ياكى ئىككى مىل مىقداردا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.** - (راۋىيلاردىن) سۇلەيم: ”بۇ زېمىننىڭ مۇساپىسىنى ئۆلچەيدىغان مىلمۇ ياكى كۆزگە سۈرمە تارتىدىغان مىلمۇ؟ بىلمىدىم“ دېگەن. - **ئىنسانلار قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ تەرلەيدۇ. بەزىلەر ئوشۇقىغىچە، بەزىلەر تىزىغىچە، بەزىلەر بېلىگىچە، يەنە بەزىلەر ئاغزىغىچە تەرلەيدۇ›».** بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى: «مەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (تەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن) قولى بىلەن ئاغزىغا ئىشارەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن[1].

### 9) ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچ كىشى گەپ قىلالمايدىغان كۈن

شۇنداق، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئىنس - جىنلار (ئۇلارنىڭ ياخشىلىرى، يامانلىرى ھەممىسى)، پەرىشتىلەر ۋە ئەنبىيائىلەر ھەممىسى سۈكۈت قىلىپ گەپ قىلالمايدۇ. پەقەت مۇتلەق پادىشاھ ئاللاھ گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلغان كىشىلا گەپ قىلالايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم ئاللاھتىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ***﴾(11/«ھۇد»: 105)، ﴿***بۇ كۈندە (كىشىلەر ئاللاھنىڭ مەھشەرگە) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ، مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن***﴾(20/«تاھا»: 108).

### 10) پۈتۈن پادىشاھلىق يېگانە ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىدىغان كۈن

---

(1) مۇسلىم (2864).

پادىشاھلارنىڭ پادىشاھلىقى يوقايدۇ، پارس پادىشاھلىرىنىڭ بەللىرى سۇنىدۇ، رۇم ۋە رۇس پادىشاھلىرىنىڭ ئارمانلىرى يوق بولىدۇ. يۈز - ئابرۇيى، ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق، پادىشاھلىق تەختى ۋە ھۆكۈم پەقەت مۇتلەق پادىشاھ ۋە ئەڭ چوڭ ھۆكۈم چىقارغۇچى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.

شۇنداق، پادىشاھلىق يەككە - يېگانە قەھر قىلغۇچى ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە ئاللاھقا ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر﴾***(40/«غافىر»: 16)، ***﴿پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھقا خاستۇر، بۇ كۈن كافىرلارغا قىيىندۇر﴾***(25/«فۇرقان»: 26).

### 11) ئاللاھنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر پۇشايمان قىلىدىغان كۈن

ئاللاھنىڭ زىكرىدىن باش تارتقان، ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئازغۇن يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى پۇشايمان قىلىدۇ ۋە خاراب بولىدۇ. ئىنسان پەيغەمبەر چاقىرسا باش تارتىپ، باشقا بىرسى چاقىرسا ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿شۇ كۈنى زالىم (يەنى كافىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىست! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىست! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك - شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ﴾***(25/«فۇرقان»: 27 – 29).

## نەتىجە

**ئاخىرەت كۈنىنىڭ سۈپەتلىرى بىزگە ئاشۇ كۈننىڭ تەبىئىتىنى ۋە ئۇ كۈندىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.**

# قىيامەت قاچان بولىدۇ

مەخلۇقاتلاردىن ھېچبىرى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت يېگانە ئاللاھ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەبەرداردۇر﴾*** (31/«لۇقمان»: 34)، ***﴿ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر﴾*** (79/«نازىئات»: 42 ـ 45).

- **ئۇنداقتا بىرەرسىنىڭ قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىشى مۇمكىنمۇ؟**
- **قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىزمۇ؟**

جىبرىل ئەلەيھىسسالام نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ زات:

**ـ بۇ ھەقتە سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بەكرەك بىلمەيدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن[1].**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (50)؛ مۇسلىم (9).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر› دېگەن، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: **﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېملەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېملەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾**(31/«لۇقمان»: 34)»[1].

قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

كىمكى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت بولغان بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان تۇرسا، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلسە پايدىسى بولامدۇ؟! مەسىلەن، پەرەز قىلايلى، ئۇ كىشى «بىر يىلدىن كېيىن قىيامەت بولىدۇ» دەپ بىلگەن بولسا، ئۇنىڭ قىيامەت بولغىچە ياشايدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىغان كىشىلەرنى «**قىيامەت كۈنى ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلىمەن**» دېگەندەك پايدىلىق سوئاللارنى سوراشقا يۈزلەندۈرگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بەردىكى: «بىر ئادەم نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت توغرۇلۇق سوراپ:

– قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ – دېگەندى، رەسۇلۇللاھ:

– ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟ – دېدى. ئۇ كىشى:

(1) بۇخارىي (1039).

– ئـاللاھ ۋە ئاللاھنـىڭ رەسـۇلى سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنى سۆيۈشتىن باشقا تەييارلىغىنىم يوق، – دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ:

– سەن (قىيامـەت كۈنـى) سـۆيگەن ئادىمىڭ بىلـەن بىللە بولىسـەن، – دېدى». ئەنـەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ دېدىكـى: «بىـز ھېـچ نەرسـىگە نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: ‹سـەن سـۆيگەن ئادىمىڭ بىلـەن بىللە بولىسەن› دېگەن سۆزىگە خۇش بولغاندەك، خۇشال بولۇپ باقمىدۇق»[1].

قىيامـەت قايسى كۈنى بولىدۇ؟

ھەدىسـلەردە قىيامەتنىـڭ قايسـى كۈنـى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلـەپ بېرىدىغـان مەزمـۇنلار كەلگـەن بولـۇپ، قىيامـەت جۈمـە كۈنـى بولـىدۇ. بـۇ ھەقتـە نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «قىيامـەت جۈمە كۈنىدىن باشقا كۈنـدە بولمايـدۇ»[2] دېگـەن. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، ھەممـە مەخلۇقـاتلار ئاشـۇ كۈنـدىـن قورقـىدۇ. نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم يەنـە ئېيتـىدۇ: «قۇياش چىققانلىكى كۈنلەرنىڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر. شۇ كۈنىدە ئـادەم يارىتىلـدى. شـۇ كۈنـى زېمىنغـا چۈشـۈرۈلدى. شـۇ كۈنـى تەۋبىسـى قوبـۇل قىلىندى. شـۇ كۈنى ۋاپات بولـدى. شـۇ كۈنى قىيامـەت قوپىدۇ. ئىنس - جىنىدىن باشقا ھەرقانـداق جانلىق جۈمە كۈنى تـاڭ ئاتقانىدىـن بـاشلاپ، كـۈن چىققۇچە قىيامەت بولۇپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ۋارقىرايدۇ»[3].

ئۇ كۈننىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقى

قىيامـەت كۈنى بۈيـۈك ۋە ئۇلـۇغ كۈنـدۇر، بەلكـى ئـەڭ ئـۇزۇن ۋە تـەس كۈنـدۇر. ئـۇ كۈننـىڭ مـقـدارى ئەللـىك مـىـڭ يـىـل بولـۇپ، بەندىلـەر ئارىسـىدا سـوت ئېچىلـىدىغـان ۋە خۇسـۇمەتلەر بىـر تـەرەپ قىلـىنىدىغـان كۈنـدۇر. نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئېيتتىكـى: «ئالتۇن ياكى كۈمۈشى بار ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان بىر كۈندە بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3688)؛ مۇسلىم (2639).
(2) مۇسلىم (854).
(3) ئەبۇ داۋۇد (1046). ئالبانىي: («ھىدايەتۇررۇۋۋاتى»، 1307) «سەھىھ» دېگەن.

**ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن لېگەنلەر ياسىلىپ، جەھەننەم ئوتلىرى بىلەن قىزىتىلىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ بىقىنى، پېشانە ۋە دۈمبىسى داغلىنىپ تۇرىدۇ، لېگەنلەر سوۋۇپ قالسا، قايتا قىزىتىلىپ تۇرىدۇ»[1].**

بۇ كۈن ئۇزۇن ۋە قىيىن بولسىمۇ، بىراق مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن ئاسان كۈندۇر. بۇ كۈن مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتچىلىكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەرگە پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىچىلىكتۇر»[2]** دېگەن.

**خەبەر**

**«قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىشىڭ پايدىسىز، پايدىلىق بولغىنى «ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىم» دەپ سورىشىڭدۇر.**

---

(1) مۇسلىم (987).

(2) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (283). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامئ»، 8193) «سەھىھ» دېگەن.

# ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرى

ئاخىرەت كۈنى دۇنيادا مەخلۇقاتلار بېشىدىن كەچۈرىدىغان ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈندۇر. بۇ كۈن بۈيۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسىملىرىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرى ھەم سۈپەتلىرىدۇر، چۈنكى ئىسىم سۈپەتكە دالالەت قىلىدۇ.

- **ئۇنداقتا ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرى قايسىلار؟**
- **نېمە ئۈچۈن ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرى كۆپ بولىدۇ؟**

ئەرەب تىلىدا مەلۇمكى، بۈيۈك نەرسىنىڭ ئىسىملىرى كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى زىيادە بولغانسىرى ئۇنىڭ ئىسىملىرى شۇنچە زىيادە بولىدۇ. تۆۋەن، پەس نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى كۆپ بولمايدۇ.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىسمى «قىيامەت (ئورنىدىن تۇرۇش) كۈنى» دېگەن ئىسىمدۇر. چۈنكى، ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿**قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى**﴾(75/«قىيامەت»: 1) دېگەن.

ئاللاھ ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۆرە تۇرىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىپ: ﴿***ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ***﴾(83/«مۇتەففىفىن»: 6) دېگەن.

ئۇ كۈننىڭ ئىسىملىرىدىن يەنە:

**1) ئاخىرەت كۈنى (اليوم الاخر)**

چۈنكى، بۇ كۈندىن كېيىن دۇنيا كۈنلىرىدىن بىر كۈن بولمايدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***شۈبھىسىزكى، مۆئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار***

**پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ يوقتۇر﴾**[2/«بەقەرە»: 62].

### 2) جازا كۈنى (يوم الدين)

چۈنكى، بۇ كۈندە بەندىلەرگە جازا - مۇكاپات بېرىلىدۇ ۋە ھېساب ئېلىنىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿جازا - مۇكاپات ۋە ھېساب كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾**[1/«فاتىھە»: 4].

### 3) توپلاش كۈنى (يوم الجمع)

چۈنكى، ئاللاھ بۇ كۈندە ئاۋۋالقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى جازا - مۇكاپات بېرىش ۋە ھېساب ئېلىش ئۈچۈن توپلايدۇ. ئاللاھ تائالا: **﴿ئۇ كۈندە ئاللاھ سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ ئۆزئارا زىيان ئۇرىدىغان كۈندۇر﴾**[64/«تەغابۇن»: 9] دېگەن.

### 4) فەتھ كۈنى (يوم الفتح)

چۈنكى، بۇ كۈندە ئەمەللەر ئاشكارا بولىدۇ، پەردىلەنگەن، ئېتىلگەن نەرسىلەر ئېچىلىدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبىسى (فەتھى) ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئېيتقىنكى، «فەتھ كۈنى كافىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ﴾**[32/«سەجدە»: 29].

### 5) ئەمەلگە ئاشقۇچى كۈن (الواقعة)

بۇ كۈن، ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئەمەلگە ئاشقۇچى كۈن بولغان چاغدا﴾**[56/«ۋاقىئە»: 1].

### 6) ھەق - ناھەقنى ئايرىش كۈنى (يوم الفصل)

چۈنكى، بۇ كۈندە ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿(ئەنبىيائىلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى)﴾**[31/«لۇقمان»: 34].

### 7) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋاز (الصاخة)

چۈنكى، بۇ كۈندە قۇلاقلارنى پاڭ قىلغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق ئاۋاز چىقىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ)***﴾(80/«ئەبەسە»: 33).

### 8) بۈيۈك باستۇرۇش كۈنى (الطامة الكبرى)

چۈنكى، بۇ كۈن ھەرقانداق بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئىشنى باستۇرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***بۈيۈك باستۇرۇش كەلگەن چاغدا***﴾(79/«نازىئات»: 34).

### 9) بۈيۈك چەككۈچى (القارعة)

چۈنكى، بۇ كۈن ئۆزىدىكى قورقۇنچلار بىلەن قەلبلەرنى چېكىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿***بۈيۈك چەككۈچى نېمىدۇر***﴾(101/«قارىئە»: 1، 2) دېگەن.

### 10) دەھشەتلىك ئەھۋال (الحاقة)

چۈنكى بۇ كۈندە ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***دەھشەتلىك ئەھۋال نېمىدۇر***﴾(69/«ھاققە»: 1، 2).

### 11) سائەت (الساعة)

چۈنكى، بۇ كۈن مەخلۇقاتلارغا تۇيۇقسىز بىر سائەتتە كېلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***سائەت توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر***﴾(31/«لۇقمان»: 34).

### 12) ئاخىرەت (الآخرة)

چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا كۈنى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان***

***كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (ئەنبىيائىلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ﴾***(2/«بەقەرە»: 4).

### 13) زىيان تارتىش كۈنى (يوم التغابن)

چۈنكى، بۇ كۈندە جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە زىيان ئۇرىدۇ. ھەقتائالا: ***﴿ئۇ كۈندە ئاللاھ سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ ئۆزئارا زىيان ئۇرىدىغان كۈندۇر﴾***(64/«تەغابۇن»: 9) دېگەن.

### 14) ھەسرەت كۈنى (يوم الحسرة)

چۈنكى، بۇ كۈندە ئىبادەتكە سەل قارىغانلار ۋە ئاسىي - گۇناھكارلار قىلالماي قالغان ياخشى ئەمەللىرىگە ۋە گۇناھ - مەئسىيەت قىلغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر﴾***(75/«قىيامەت»: 39).

ئۇنىڭدىن باشقا قىيامەت كۈنىنىڭ كۆپ ئىسىملىرى بار بولۇپ، ھەربىر ئىسىم شۇ كۈندە يۈز بېرىدىغان بىر ئىشنى سۈپەتلەيدۇ ياكى ئۇ كۈندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بىر ھالەتكە ياكى ئۇ كۈننىڭ بۈيۈكلىكىگە ۋە دەھشەتلىرىنىڭ قاتتىقلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

## قىيامەت كۈنىنىڭ مەيدانلىرى

قىيامەت كۈنى بەك ئۇزۇن بىر كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە ئىنسانلار نۇرغۇن مەيدانلاردا ۋە نۇرغۇن ئەھۋاللاردا بولىدۇ. بۇ مەيدان ۋە ئەھۋاللار ئىنسانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەھۋاللىرىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە بىر ئادەم بىرقانچە مەيداندا بولىدۇ. بەزى مەيدانلاردا ھېچ كىشى ئەمەلىدىن سورالمايدۇ، بەلكى مۇناقەشە قىلىنماستىن (قاتتىق ھېساب ئېلىنماستىن) ئەمەللىرى يۈزىگە سېلىنىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿بۇ كۈندە ھېچبىر ئىنس - جىن ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن سورالمايدۇ***

***(يەنى گۇناھلىرىنىڭ ئالاھىدە ئالامىتى بولغانلىقتىن مۇنداق سوراشقا ھاجەت بولمايدۇ)﴾*** (55/«رەھمان»: 39).

يەنە بەزى ئورۇندا ئىنسانلار ئەمەللىرىدىن سورىلىدۇ، لېكىن بۇ بىلىۋېلىش ئۈچۈن سوراش بولماستىن، ئېتىراپ قىلدۇرۇش، خار قىلىش ۋە مات قىلىش ئۈچۈن سورالغان سوئالدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ***﴾ (37/«سافقات»: 24)، ﴿***بىز ئەلبەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (ئەنبىيائىلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، ئەنبىيائىلەردىنمۇ ئەلبەتتە (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز***﴾ (7/«ئەئراف»: 6).

يەنە بەزى ئورۇندا مەخلۇقاتلار سورىلىدۇ، ئۇلار ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئاللاھقا ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***كافىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ***﴾ (4/«نىسائ»: 42).

قىيامەتنىڭ يەنە بەزى ئورۇنلىرىدا كافىرلار سورىلىدۇ. ئۇلار يالغان ئېيتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ كافىر ئىكەنلىكىنى تېنىۋالىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان، پىچىرلاشقانلىقلىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدىغان ۋە مەخپىيەتلىكلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان زاتنىڭ ئالدىدا تۇرسا، بۇ تېنىۋېلىش قانداقمۇ ئۇلارغا كار قىلسۇن؟! بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ، ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ***﴾ (6/«ئەنئام»: 23، 24).

يەنە بەزى ئورۇنلاردا ھالاك بولغۇچى ۋە يالغانغا چىقارغۇچىلارغا

بارلىق خەبەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ئۇلار داۋالغۇشۇپ چۆچۈپ كېتىشىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەھۋاللار نائېنىق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئەنبىيائىلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟» ئۇ كۈندە ئۇلارغا بارلىق خەبەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا سوراشمايدۇ﴾***(28/«قەسەس»: 65، 66).

ئۇلار پەرۋەردىگارى ئۇچۇن نېمە دېيىشنى بىلەلمەيدۇ، ئۇلارغا ھۆججەت قاراڭغۇ بولىدۇ، نېمە بىلەن ھۆججەت كەلتۈرۈشنىمۇ بىلەلمەيدۇ ۋە قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.

**رەھمەت**

**قىيامەت كۈنى ئۇزۇن ۋە قىيىن بولسىمۇ، مۆئمىنلەرگە ئاساندۇر.**

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# سۇرنىڭ پۇۋلىنىشى

سۇرنىڭ پۇۋلىنىشى–قىيامەتنىڭ ۋاقتى كېلىپ، كائىنات ئۆزگىرىپ، دۇنيا پاتپاراقلاشقان چاغدا يۈز بېرىدىغان تۇنجى ھادىسەدۇر.

- **ئۇنداقتا سۇر دېگەن نېمە؟ سۇرنى كىم پۇۋلەيدۇ؟**
- **سۇر قانچە قېتىم پۇۋلىنىدۇ؟ ھەربىر پۇۋلەشتىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟**
- **بەندىلەرنىڭ ھەممىسى بىھوش قىلىنامدۇ؟**

سۇر – پۇۋلىنىدىغان مۈڭگۈز شەكلىدىكى بىر نەرسە بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «قَرْنٌ» دېگەن سۆز قوينىڭ مۈڭگۈزىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدىكى: «بىر ئەئرابىي نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– سۇر دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىغانىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– پۇۋلىنىدىغان مۈڭگۈز، – دەپ جاۋاب بەردى»[1].

**سۇرنى پۇۋلىگۈچى**

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇرنى پۇۋلەشكە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىدۇر. بۇ پەرىشتە ھەممە ۋاقىتتا سۇرنى پۇۋلەشكە تەييار ھالەتتە بولۇپ، پەرۋەردىگارىمىزدىن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇرنى پۇۋلىگۈچى پەرىشتىنىڭ ئاللاھ ئۇنى ياراتقاندىن تارتىپ، سۇرنى پۇۋلەشكە تەييار ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ دېگەنكى: «سۇر ئىگىسى بولغان پەرىشتىنىڭ كۆزى ئاللاھ ئۇنى (سۇرنى پۇۋلەشكە) مۇئەككەل قىلغاندىن تارتىپ تەييار ھالەتتە تۇرغۇچىدۇر. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ -

---

(1) تىرمىزىي (2430). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 2430) «سەھىھ» دېگەن.

ئاچقۇچە ئارىلىقتا بۇيرۇق قىلىنىپ قىلىشتىن قورقۇپ، ئەرش تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى گوياكى ئاسماندا چاقناپ تۇرغان چوڭ ئىككى يۇلتۇزدەكتۇر»[1].

قىيامەت يېقىنلىشىپ قالغان بۇ زاماندا ئىسرافىل ئەلەيهىسسالام سۇرنى پۈۋلەشكە تېخىمۇ بەك تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

**– سۇر ئىگىسى (ئىسرافىل ئەلەيهىسسالام) سۇرنى ئاغزىغا قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، سۇرنى پۈۋلەش ئۈچۈن ئۆزىگە كېلىدىغان بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تۇرسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولاي؟! – دېگەنىدى، مۇسۇلمانلار:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! (ئۇ چاغدا) نېمە دەيمىز، – دېگەن ئىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:**

**– حسبُنا اللهُ ونعمَ الوكيلُ توكَّلْنا على اللهِ ربِّنا / ئاللاھ بىزگە كۇپايىدۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل، بىز رەببىمىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق، دەڭلار! – دېدى[2].**

## سۇرنىڭ پۈۋلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى

سۇرنى پۈۋلەش ھەقىقىي پۈۋلەش بولۇپ، بۇ پۈۋلەشنى پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاڭلاپ قورقۇنچتىن يىقىلىدۇ.

«قۇرئان» ۋە سۈننەتتە سۇرنىڭ پۈۋلىنىدىغانلىقىغا دەلىللەر بار. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خاھلىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ﴾*** [«زۇمەر»: 68/39]، ***﴿ئۇ كۈندە سۇر چېلىنىدۇ، ئاللاھ خاھلىغانلاردىن (يەنى پەرىشتىلەر، ئەنبىيائىلەر ۋە شۇھەدائىدىن)***

(1) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (8901). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 1078) «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (3243). ئالبانىي: (سەھىھۇتتىرمىزىي»، 3243) «سەھىھ» دېگەن.

***باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەممە ئاللاھقا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ﴾***[27/«نەمل»: 87]، ***﴿سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾***[36/«ياسىن»: 51].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«ئاندىن سۇر چېلىنىدۇ. ئۇنى پەقەت بويىنىنىڭ بىر تەرىپىنى پەس قىلىپ، يەنە بىر تەرىپىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاق سالغان ئادەملا ئاڭلايدۇ. ئۇنى ئالدى بىلەن تۆگىسىنى سۇغىرىدىغان كۆلنى ئوڭلاۋاتقان كىشى ئاڭلايدۇ. ئالدى بىلەن بۇ ئادەم سۇر ئاۋازىدىن ئۆلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۆلۈشكە باشلايدۇ»**[1].

## سۇرنىڭ پۈۋلىنىش قېتىم سانى

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇرنى ناھايىتى قاتتىق ئىككى قېتىم پۈۋلەيدۇ:

### بىرىنچى پۈۋلەش

ئۇنىڭدىن پۈتۈن جانلىقلار قورقۇپ كېتىدىغان ۋە ئۆلۈپ كېتىدىغان پۈۋلەش: بۇ پۈۋلەشتە پۈتۈن جانلىقلار ئۆلىدۇ ۋە ئالەم ھالاك بولىدۇ. بۇ پۈۋلەش بىلەن ئىنس - جىن، پەرىشتىلەر، ھايۋاناتلار، قۇشلار ۋە ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسى يوق بولىدۇ، پەقەتلا غالىب ۋە قەھر قىلغۇچى ئاللاھ قالىدۇ.

### ئىككىنچى پۈۋلەش

قەبرىلەردىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن پۈۋلەش بولۇپ، بۇ پۈۋلەشتە ئۆلۈكلەر قايتىدىن تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پۈۋلەشنى ۋە بۇ ئىككى پۈۋلەشتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى زىكىر قىلىپ دېدىكى: ***﴿سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار***

(1) مۇسلىم (2940).

**تۇرۇپ (نىمگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ﴾**[(39/«زۇمەر»: 68)].

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى سۇر پۈۋلەنگەندىن كېيىن قەبرىلىرىدىن تۇرۇش ھالىتىنى سۈپەتلەپ دېگەنكى: **﴿سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾**[(36/«ياسىن»: 51)].

ئاللاھ تائالا بىرىنچى پۈۋلەشنى ‹راجفة›، ئىككىنچى پۈۋلەشنى «رادفة» دەپ ئاتاپ: **﴿بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دە تەۋرىگۈچى (زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا (ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) يەنە بىرى ئەگىشىپ تەۋرەيدۇ﴾**[(79/«نازىئات»: 6، 7)] دېگەن.

يەنە بىر ئورۇندا ئاللاھ تائالا بىرىنچى پۈۋلەشنى «صيحة / قاتتىق ئاۋاز»، ئىككىنچى قېتىمدا «النفخ بالصور» دەپ كەلتۈردى. **﴿ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا (يەنى ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چالغان سۇرىنىلا) كۈتىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا سودا - سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) جاڭجاللىشىپ تۇرغان ھالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾**[(36/«ياسىن»: 49 – 51)].

### ئىككى پۈۋلەشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنىڭ مىقدارى

ئىككى پۈۋلەشنىڭ ئارىلىقىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئوچۇق بىر بايان كەلمىدى. لېكىن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بۇنىڭغا بىرئاز ئىشارەت كەلگەن. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئىككى پۈۋلەشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت قىرىق» دېگەنلىكىنى ئېيتقاندى، بىرى:

– قىرىق كۈنمۇ؟ – دېسە، ئۇ (ئەبۇ ھۇرەيرە):

– (بىلمىگەچكە) تەيىنلىمەيمەن، – دېدى.

– قىرىق ئايمۇ؟ – دېسەم، ئۇ:

– تەيىنلىمەيمەن، – دېدى.

– قىرىق يىلمۇ؟ – دېسەم، ئۇ:

– تەيىنلىمەيمەن، – دېدى. ئۇ (رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ) يەنە دېدى: **«ئاندىن ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرسا، ئۇلار خۇددى ئوت - چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنىشىدۇ، پەقەت بىرلا ئۇستىخاندىن باشقا ئىنساننىڭ ھەممە يېرى چىرىپ كېتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تۇغۇر سۆڭىكىنىڭ ئۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن ئىنسان قىيامەت كۈنى قايتا قوراشتۇرۇلىدۇ»** دېدى[1].

## سۇر قايسى كۈنى پۈۋلىنىدۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جانلىقلار ئۆلۈپ كېتىدىغان بىرىنچى سۇرنىڭ پۈۋلىنىشى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلار قايتا تىرىلىپ قىيامەت قايىم بولىدىغان ئىككىنچى سۇرنىڭ پۈۋلىنىشى ھەر ئىككىلىسى جۈمە كۈنى بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جۈمە كۈنىدۇر. ئۇ كۈندە ئادەم يارىتىلدى، يەنە شۇ كۈندە قەبزى قىلىندى. ئۇ كۈندە سۇر پۈۋلىنىدۇ ۋە ئۇ كۈندە خالايىقلار ئۆلىدۇ. ئۇ كۈندە ماڭا كۆپ دۇرۇد ئېيتىڭلار، سىلەرنىڭ ئېيتقان دۇرۇدىڭلار ماڭا كۆرسىتىلىدۇ،** – دېگەندى، ئەسھابلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى چىرىپ كېتىدىغان تۇرسىلا، بىزنىڭ ئېيتقان دۇرۇدىمىز سىلىگە قانداق كۆرسىتىلىدۇ؟ – دېگەندى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– ھەقىقەتەن ئاللاھ زېمىنغا ئەنبىيائىلەرنىڭ تەنلىرىنى يېيىشنى ھارام قىلغان، – دېدى[2]. يەنە: «قىيامەت جۈمە كۈنىدىن باشقا كۈندە بولمايدۇ»[3] دېگەن.**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4935)؛ مۇسلىم (2955).

(2) ئەبۇ داۋۇد (1531)؛ نەسائىي (1375). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 1047) «سەھىھ» دېگەن. ھەدىسنىڭ مەنىسى «ئەنبىيائىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسى ئۇلۇغ ۋە كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن، زېمىن ئۇلارنىڭ تەنلىرىنى يېمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تەنلىرى چىرىپ كەتمەيدۇ».

(3) مۇسلىم (854).

يەنە: «جۈمە كۈنى ئىنس - جىندىن باشقا بارلىق جانلىقلار قىيامەت قايىم بولۇشتىن قورقۇپ، تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ جىمجىت تۇرىدۇ»[1] دېگەن.

## بىرىنچى قېتىم پۈۋلەنگەن سۇرنى ئاڭلايدىغان تۇنجى كىشى

سۇر بىرىنچى قېتىم پۈۋلىنىدۇ، ھالبۇكى ئۇ چاغدا ئىنسانلار ۋە باشقا مەخلۇقاتلار ئادەتتىكىدەك ياشاۋاتقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بازاردا كىيىم ئېلىۋاتقان، بىر قىسمى تۆگىسىنى سېغىپ سۈتىنى ئىچىش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىۋاتقان، بىر قىسمى سۇ يىغىپ تۆگىسىنى سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى كۆلچەكنى ئوڭشاۋاتقان، يەنە بىر قىسمى خاتىرجەم ھالدا بىر لوقما، بىر لوقمىدىن تاماق يەۋاتقان بولىدۇ.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز سۇرنى پۈۋلەيدۇ. بۇ پۈۋلەشتە شۇنداق بىر قورقۇنچ باركى، ئۇنىڭدىن جانلار تىترەپ كېتىدۇ، يەرەكلەر يېرىلىپ كېتىدۇ ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ جانلىرى تەنلىرىدىن چىقىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «قىيامەت چوقۇم ئىككى كىشى رەختلىرىنى ئالدىلىرىغا يېيىپ تېخى سودىسىنى پۈتتۈرۈپ ياكى ئۇنى قاتلاپ يىغىپ بولغۇچە قايىم بولۇپ كېتىدۇ. قىيامەت چوقۇم كىشى سۈتلۈك تۆگىسىنىڭ سۈتىنى سېغىپ قايتىپ تېخى ئۇنى ئىچىپ بولغۇچە بولۇپ كېتىدۇ. قىيامەت چوقۇم ئۇ كىشى كۆلچىكىگە لاي سۇۋاۋېتىپ تېخى ئۇنىڭدا ئۇلىغىنى سۇغارماستىنلا قايىم بولۇپ كېتىدۇ. قىيامەت چوقۇم كىشى لوقمىسىنى ئاغزىغا ئاپىرىشقا قايىم بولۇپ كېتىپ ئۇنى يېيەلمەي قالىدۇ»[2].**

## ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلىدىغانلىقى

سۇر پۈۋلەنگەن چاغدىكى قورقۇنچ بەك قاتتىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،

(1) مالىك (243)؛ ئەھمەد (23842). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6506)؛ مۇسلىم (157).

ئاللاھ بۇ سۇر پۈۋلىنىشتىن ئىلگىرى مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن قەبزى قىلىدۇ. پەقەت مەخلۇقاتلارنىڭ ناچارلىرىلا قېپقالىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۇر پۈۋلىنىشتىن ئىلگىرى ۋە سۇر پۈۋلىنىش جەريانىدا بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىپ دېگەنكى: «دەججال ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ ۋە 40 ۋاقىت تۇرىدۇ (راۋىي: 40 كۈن، 40 ئاي ياكى 40 يىل دېگەننى بىلەلمىدىم، ـ دەيدۇ)[1]. شۇ چاغدا، ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ (ئىيسا ئەلەيھىسسالام) دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ[2]. ئاندىن ئىنسانلار (ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن) ئارىسىدا ئاداۋەتمۇ بولماي يەتتە يىل ئىناق - ئىتتىپاق ياشايدۇ. ئاندىن ئاللاھ شام تەرەپتىن سوغۇق شامال ئەۋەتىدۇ. ئۇ شامال يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق ياكى ئىمان بولغان كىشىنى قالدۇرماي قەبزى روھ قىلىدۇ، ھەتتا بىرەرسىڭلار تاغنىڭ باغرىغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شامال شۇ يەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ[3]. يەر يۈزىدە يامان ئىشلارغا بېرىلىشتە قۇشنىڭ ئۇچقىنىدەك تېز، يىرتقۇچ ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ھۆركىرەيدىغان ئىنسانلار قالىدۇ، بۇ چاغدا، يامان ئىشقا ئوتتەك ئالدىرايدىغان، يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋەھشىي ئىنسانلار قالىدۇ. ئۇلار نە ياخشىلىققا بۇيرۇمايدۇ،

---

(1) دەججال زېمىندا قىرىق كۈن تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ قىرىق كۈننىڭ ھەممىسى بىزنىڭ كۈنلىرىمىزگە ئوخشاش ئەمەستۇر. ئۇنىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك، يەنە بىر كۈنى بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەكتۇر. قالغان كۈنلىرى بىزنىڭ كۈنلىرىمىزگە ئوخشاشتۇر. دەججالنىڭ ئەھۋاللىرىنى «دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا» ئاتلىق كىتابىمدا تەپسىلىي بايان قىلدىم.

(2) «دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا» ئاتلىق كىتابتا دەججال، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە كاتتا ئەسھابلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد توغرۇلۇق تەپسىلىي بايان بېرىلدى.

(3) يەنى بۇ شامال مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرىنى بەك سىلىقلىق بىلەن قەبزى قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ روھلىرىنى قەبزى قىلىش ئۈچۈن، ھەممە جايدىن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ھەتتاكى ئۇلار تاغنىڭ باغرىغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شۇ يەرگە كىرىپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

نە يامانلىقتىن توسمايدۇ[1]. ئاندىن شەيتان ئۇلارغا بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ:

— مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەمسىلەر، — دەيدۇ، ئۇلار:

— بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ — دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭ، تۇرمۇشى پاراۋان بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن سۇر چېلىنىدۇ. ئۇنى پەقەت بويىنىنىڭ بىر تەرىپىنى پەس قىلىپ، يەنە بىر تەرىپىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاق سالغان ئادەملا ئاڭلايدۇ. ئۇنى ئالدى بىلەن تۆگىسىنى سۇغىرىدىغان كۆلنى ئوڭلاۋاتقان كىشى ئاڭلايدۇ. ئالدى بىلەن بۇ ئادەم سۇر ئاۋازىدىن ئۆلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۆلۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ شەبنەمدەك بىر يامغۇر ياغدۇرىدۇكى، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ. ئاندىن: ‹ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار› دېيىلىدۇ. پەرىشتىلەرگە: ‹ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، ئۇلار (جىمىكى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراققا تارتىلىدۇ› دېيىلىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەرگە: ‹دوزاخقا يوللىنىدىغانلارنى چىقىرىڭلار› دېيىلسە، ‹قانچىلىكتىن قانچىنى› دەپ سورىلىدۇ. ھەر مىڭدىن 999 نى دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، ئۇ شۇنداق بىر كۈندۇركى، دەھشىتىدىن بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر كۈندۇركى، ئىشلار قىيىنلىشىدۇ»[2].

ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل!

سۈرنىڭ چېلىنىشى قورقۇنچلۇق ئىشتۇر، ئۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ئىشلار تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە «حسبنا الله ونعم الوكيل / ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل بولغۇچى!» دېيىشنى ئۆگەتتى. يەنى ئاللاھقا ئىلتىجا

---

(1) بۇنىڭ مەنىسى، شامال مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرىنى قەبزى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە ناچار ئىنسانلارلا قېپقالىدۇ. ئۇلار بەك ئالدىراڭغۇ ۋە تەنتەك ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى ۋە ئەقىللىرى يولۋاس ۋە شىرلاردەك يىرتقۇچ ۋەھشىي ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر. ئۇلار ھەرقانداق مۇنكەر ئىشنى قىلىشتىن قورقمايدۇ، بەلكى مۇنكەر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ ۋە قىلمايدۇ.

(2) مۇسلىم (2940).

قىلىشىمىز بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، ئۇ ئاللاھ قورققانلارغا ئامانلىق بەرگۈچىدۇر.

**بىردەم توختاش**

**ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بەك ھەيۋەتلىك، دەرىجىسى ئۈستۈن ۋە داۋاملىق ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، ياراتقۇچى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقى ۋە قورققانلىقى ئۈچۈن تىترەيدۇ.**

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# قايتا تىرىلدۈرۈش ۋە قىيامەت مەيدانىغا يىغىش

ئىككىنچى قېتىم سۇر پۈۋلەنگەندىن كېيىن بەندىلەر قىيامەت مەيدانىغا يىغىش ئۈچۈن قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

- **ئۇنداقتا قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ مەنىسى نېمە؟**
- **ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى نېمە؟**
- **قىيامەت مەيدانىغا يىغىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**
- **ئۇ قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟**
- **قەبرىگە قويۇلمىغانلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟**

«البعث / قايتا تىرىلدۈرۈش» ۋە «النشر / يىغىش» دېگەن سۆز - ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىش ۋە كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەن، غەرق بولۇپ كېتىپ بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتكەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتكەنلەردىن تارتىپ ھەممە ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ھېچ نەرسە نامى ئۆلۈغ رەببىمىز ئاللاھتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھېساب ۋە جازا ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرىدىندۇر. بۇنىڭغا كۇفۇرلۇق قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىش ئاللاھنى يالغانغا چىقارغانلىق ۋە كۇفۇرلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق***﴾ («فۇرقان»: 11/25).

ئاللاھ بەندىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن چىقىرىدىغانلىقىنى كۆپ ئايەتلەردە زىكىر قىلغان. بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿***ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم***

***ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾*** (21/«ئەنبىيائ»: 104)، ***﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾*** (32/«سەجدە»: 11)، ***﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەبەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾*** (64/«تەغابۇن»: 7).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر بىر بەندە نېمە ئىش ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالىتىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېگەن[1]. يەنە: «ئاندىن ئۇلار نىيىتى بويىچە تىرىلدۈرۈلىدۇ»[2] دېگەن.

**قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنىڭ رىئال دەلىللىرى**

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىنسانلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان كۆپ دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆز ئالدىمىزدا ئايان قىلدى. بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

**1) قۇرغاق زېمىننىڭ يامغۇر بىلەن ياشىرىدىغانلىقى**

بىز ھېچقانداق زىرائەت، ئۆسۈملۈك ۋە ھاياتلىق بولمىغان ئۆلۈك، قاغجىراپ كەتكەن زېمىنلاردىن ئۆتۈپ قالىمىز. ئەگەر ئاللاھ ئۇ زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرسا، ئۇنىڭغا ھاياتلىق قايتىپ كېلىدۇ ۋە يېشىللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. ئاشۇ چىرىپ كەتكەن ئۇستىخانلارنى، قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ، قايتىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، ئاللاھ بېشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ كەتكەن گىياھسىز جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەرنى***

(1) مۇسلىم (2878).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2118)؛ مۇسلىم (2884).

**چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشقىلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾**(7/«ئەئراف»: 57).

ئەبۇ رەزىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟ – دېگەنىدىم، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– سەن قۇرۇپ كەتكەن، ئاندىن يېشىللىقتا ئايلانغان، ئاندىن يەنە قۇرۇپ كەتكەن، ئاندىن يەنە يېشىللىقتا ئايلانغان چۆللۈكتىن ئۆتۈپ باقتىڭمۇ؟ ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنىڭغا ئوخشاش تىرىلدۈرىدۇ، – دېدى»**[1].

**2) دەسلەپكى يارىتىشنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە دەلىل قىلىش**

مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ئۆزىنىڭ خاھلىغىنى بويىچە ياراتقان ۋە ئۆزى خاھلىغان شەكىلدە سۈرەتكە كىرگۈزگەن زات ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم خاھلىغىنى بويىچە خاھلىغان ۋاقىتتا قايتا يارىتىشقا قادىردۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، قايتا يارىتىش دەسلەپكى يارىتىشتىن كۆپ ئاساندۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿ئۇ كۈندە ئاسمانني (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾***(21/«ئەنبىيائ»: 104)، ***﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) ئاللاھقا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾***(30/«رۇم»: 27).

**3) بەزى ئۆلۈكلەرنىڭ دۇنيادا تىرىلدۈرۈلگەنلىكى**

بەنى ئىسرائىلدا ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئادەمنى كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلگىنىگە ئوخشاش[2]، ئاللاھ بەزى

---

(1) ئەھمەد (16238). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1334) «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

(2) بەنى ئىسرائىلدا بالىلىق بولالمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ مال - دۇنياسى

ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: **﴿سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ﴾**(2/«بەقەرە»: 73).

يەنە تام، ئۆگزىلىرى يىقىلاي دەپ قالغان خارابە شەھەردىن ئۆتكەن كىشىگە يۈز بەرگەن ئەھۋالمۇ بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇنى ئاللاھ بۇ سۆزىدە زىكىر قىلغان: **﴿ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ**

---

بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر جىيەنى ئۇنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى ئىدى. جىيەنى مىراس ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىپ، تاغىسىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن جەسەتنى كېچىدە ئاپىرىپ، بىر كىشىنىڭ ئىشىكىگە قويۇپ قويدى. تاڭ ئاتقاندا بۇ بالا «سىلەر تاغامنى ئۆلتۈرۈپسىلەر» دەپ دەۋا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېدەللىشىپ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوراللاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى دانا كىشىلەر: «ئىچىڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بار تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈسىلەر» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ، ئۇلارنى بىر كالىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشنى ئېيتتى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى﴾ (2/«بەقەرە»، 67). ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلىپ، قانداقلىكى بىر كالىنى بوغۇزلىغان بولسا، كۇپايە قىلغان بولاتتى. لېكىن، ئۇلار ئىشنى تەسلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىش تەسلىشىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلار سۈپەتلەنگەن كالىنى بىر كىشىنىڭ يېنىدىن تاپتى. ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭدىن باشقا كالا يوق ئىدى. ئۇ كىشى: «ئۇنى ئۇنىڭ تېرىسى توشقۇدەك ئالتۇنغا بېرىمەن» دېدى. ئۇلار كالىنى تېرىسى توشقۇدەك ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ بوغۇزلىدى ۋە مېيىتنى ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇرغان ئىدى، ئۇ مېيىت قوپتى. ئۇلار:

— سېنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دېگەندى، ئۇ:

— بۇ ئۆلتۈردى، — دەپ جىيەنىگە ئىشارەت قىلدى. ئاندىن يەنە ئۆلدى. (قاراڭ: تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر: «سۈرە بەقەرە»نىڭ تەفسىرى، 145/1).

ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. ئاللاھ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرگىنىڭ ئۈچۈن) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى﴾(2/«بەقەرە»: 259)، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى﴾(2/«بەقەرە»: 260).

**4) ئاللاھنىڭ بىرنەرسىنى ئۇنىڭغا زىت بىرنەرسىدىن چىقىرىشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقى**

بۇ ئاللاھنىڭ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكتىن تىرىك جانلىقنى چىقىرىشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ خۇددى ئاللاھنىڭ يېشىل دەرەختىن ئوتنى چىقارغىنىغا ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلۈشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەربىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر». ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر﴾(36/«ياسىن»: 78 – 80).

**5) ئاللاھنىڭ ئۆز قۇدرەت - كامالى بىلەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى**

يارىتقانلىقى

ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى ئاجايىپ كاتتا مەخلۇقاتلارنى يارىتىش ئەلبەتتە ئىنساننى يارىتىشتىن چوڭدۇر. دېمەك، چوڭ، كاتتا نەرسىنى يارىتىشقا قادىر زات ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان نەرسىنى يارىتىشقا ئەلبەتتە قادىردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿**ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، ئاللاھ ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾(36/«ياسىن»: 81).

## قەبرگە قويۇلمىغانلارنىڭ ئەھۋالى

غەرق بولۇپ بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتكەن ياكى ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن، ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئەھۋاللاردا ئۆلۈپ كېتىپ قەبرگە دەپنە قىلىنمىغان ئىنسانلارمۇ قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىپ مەھشەرگە يىغىلىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلگىرىكىلەردىن بىر كىشىنىڭ قىسسەسىنى بايان قىلىپ دېگەنكى: «**ئاللاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - دۇنيا، پەرزەنت بەرگەن. ئۇ كىشى ئۆلۈش ئالدىدا بالىلىرىغا:**

**— سىلەرگە قانداقراق ئاتا بولغان ئىدىم؟ — دېگەن ئىدى، بالىلىرى:**

**— ياخشى ئاتا، — دېدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساۋابىنى كۈتكۈدەك بىرەر ياخشىلىق قىلىپ قويالمىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا ئۇنى چوقۇم ئازابلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ:**

**— ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مېنى كۆيدۈرۈڭلار، كۈلگە ئايلانغىنىمدا كۈلۈمنى ئېزىپ كۈچلۈك شامال چىققاندا مېنى سورۇۋېتىڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلىپ بالىلىرىدىن ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىغا ئەھدۇپەيمانلارنى ئالغان، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بالىلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلغان. ئاللاھ دەرھال:**

**— پەيدا بول، — دەپ بۇيرۇۋىدى، ئۇ ئادەم شۇ ھامان ئۆرە تۇردى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن:**

**— ئى بەندەم! ئۇنداق قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ — دېگەندە، ئۇ:**

**— سەندىن قورقۇش، — دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ**

رەھمەت قىلىشلا قۇتقۇزۇپ قالغان»[1].

شۇنداق، قىيامەت كۈنى خالايىقلارنىڭ ھەممىسى قايتا تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئىشلار بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەمەللىرىگە قارىتا جازا ۋە مۇكاپات ئېلىشى ئۈچۈن قىيامەت مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## قايتا تىرىلدۈرۈش قانداق بولىدۇ؟

غەيبكە ئالاقىدار ئىشلار پەقەت ۋەھيى ئارقىلىقلا بىلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىرقانچە ھەدىسلەردە قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئىككى سۈر پۈۋلەشنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى ۋە بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

**«(قىيامەت بولغاندا چېلىنىدىغان) ئىككى سۈرنىڭ ئارىسىدا ٤٠ بار›. ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە دېدى: ‹ئاندىن ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرسا، ئۇلار خۇددى ئوت - چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنىشىدۇ، پەقەت بىرلا ئۇستىخاندىن باشقا ئىنسانىنىڭ ھەممە يېرى چىرىپ كېتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تۇغۇر سۆڭىكىنىڭ ئۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن ئىنسان قىيامەت كۈنى قايتا قۇراشتۇرۇلىدۇ»›**[2].

دېمەك، ھايات قالغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مىقدارىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدىغان مەلۇم زامان قېپقالىدىغان بىرىنچى قېتىملىق سۈر پۈۋلەنگەندىن كېيىن، ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرىدۇ. شۇ يامغۇر بىلەن ئۇلارنىڭ تەنلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ ئېيتقاندەك بولىدۇ: ***﴿ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾***

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6481)؛ مۇسلىم (2757).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4935)؛ مۇسلىم (2955).

(21/«ئەنبىيائ»: 104).

مەيلى قەبرلەردىكى ياكى دېڭىزلاردىكى، ياكى تاغلاردىكى، ياكى چۆللەردىكى بولسۇن، جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى قايتا يارىتىلغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنىدۇ.

ئارقىدىنلا روھلار جەسەتلەرگە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇ جەسەتلەرگە ھاياتلىق قايتىپ كېلىدۇ ۋە زېمىن يېرىلىپ قەبرلىرىدىن ھايات ھالەتتە چىقىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ، ئەنە شۇ يىغىش بىزگە ئاساندۇر﴾*** (50/«قاف»: 44)، ***﴿سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾*** (36/«ياسىن»: 51).

دېمەك، ئۇلار قەبرلىرىدىن چىقىپ مەھشەرگە بارىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«ئاندىن سۇر چېلىنىدۇ. ئۇنى پەقەت بويىنىنىڭ بىر تەرىپىنى پەس قىلىپ، يەنە بىر تەرىپىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاق سالغان ئادەملا ئاڭلايدۇ. ئۇنى ئالدى بىلەن تۆگىسىنى سۇغىرىدىغان كۆلنى ئوڭلاۋاتقان كىشى ئاڭلايدۇ. ئالدى بىلەن بۇ ئادەم سۇر ئاۋازىدىن ئۆلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۆلۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ شەبنەمدەك بىر يامغۇر ياغدۇرىدۇكى، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا) قاراپ تۇرىدۇ. ئاندىن: ‹ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار› دېيىلىدۇ. پەرىشتىلەرگە: ‹ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، ئۇلار (جىمىكى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراققا تارتىلىدۇ› دېيىلىدۇ»**[1].

### جەسەتلەر ئۆسۈملۈك ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ

شۇنداق، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى تىرىلىپ ئۈنۈپ چىققاندەك، ئاللاھ تائالا جەسەتلەرگە يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن جەسەتلەر تۇغۇر سۆڭىكىدىن ئۈنۈپ چىقىپ تولۇق ئەسلى ھالىتىگە كېلىدۇ. ئاللاھ

(1) مۇسلىم (2940).

تائالا بۇنى سۈپەتلەپ دېگەنكى: ***﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، ئاللاھ بىشارەتچى قىلىپ شامالLarنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ كەتكەن گىياھسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾*** (7/«ئەئراف»: 57).

ئىنسان سامساق، پىياز، يالپۇز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىققاندەك تۇغۇر سۆڭىكىدىن قايتا ئۈنۈپ چىقىدۇ.

بۇ بايانلار نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىلگىرىكى مۇنۇ ھەدىسلىرىدە سۆزلەندى: «(قىيامەت بولغاندا چېلىنىدىغان) ئىككى سۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ٤٠ بار. ئاندىن ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرسا، ئۇلار خۇددى ئوت - چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنىشىدۇ، پەقەت بىرلا ئۇستىخاندىن باشقا ئىنساننىڭ ھەممە يېرى چىرىپ كېتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تۇغۇر سۆڭىكىنىڭ ئۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن ئىنسان قىيامەت كۈنى قايتا قوراشتۇرۇلىدۇ»[1].

ئۇ زات يەنە ئېيتتىكى: «ئادەم بالىسىنىڭ ھەممە ئەزاسىنى زېمىن يەپ كېتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ تۇغۇر سۆڭىكىلا قالىدۇ. ئۇ شۇ تۇغۇر سۆڭىكىدىن يارىتىلغان ۋە يەنە شۇ سۆڭەكتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ»[2].

## مەخلۇقاتلار ئاۋۋالقى يارىتىلىشىدىن پەرقلىق يارىتىلامدۇ؟

«قۇرئان» ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت شەرئىي مەنبەلەرنىڭ دالالەتلىرىنى تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئايدىڭ بولىدۇكى، مەخلۇقاتنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىنكى تەبىئىتى تەننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە كۆتۈرۈشچانلىقى جەھەتتە دەسلەپتە يارىتىلغاندىكى تەبىئىتىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

بۇ قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىدىغان، ھېساب ئېلىنىدىغان ۋە جازا

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4935)؛ مۇسلىم (2955).

(2) مۇسلىم (2955).

- مۇكاپات بېرىلىدىغان ئىنسانلار دۇنيادا ياشىغان خەلققە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خەلق دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئاللاھ دۇنيادا ياشىغان بەندىلەرنىڭ ئۆزىنى تىرىلدۈرىدۇ، لېكىن ئۇلار بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارلىرى جەھەتتە دۇنيادىكى چاغدىكىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بۇلارنىڭ مىساللىرى:

1) بەندىلەر ئۇ كۈندە دۇنيادا كۆرمىگەن پەرىشتىلەرنى، جىنلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ؛

ئۇلارغا خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك: ﴿***ئۇنىڭغا: «ئى ئىنسان! (دۇنيادىكى چېغىڭدا) بۇ (ئېغىر كۈن) دىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى پەردەڭنى سەندىن كۆتۈرىۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈردۇر» دېيىلىدۇ***﴾ (50/«قاف»: 22).

2) جەننەت ئەھلى تۈكۈرمەيدۇ ۋە چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ؛

3) قىيامەت كۈنى بەك ئۇزۇن بولسىمۇ بەندىلەر قاتتىق ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتمەيدۇ؛

4) ئاسىي - گۇناھكارلار ۋە كاپىرلار ئوتتا كۆيىدۇ، لېكىن ئۆلۈپ قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك: ﴿***(ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ***﴾ (14/«ئىبراھىم»: 17).

## زېمىن يېرىلىپ ئەڭ ئاۋۋال ھوشىغا كېلىدىغان ئادەم

ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنىپ، ئىنسانلار قەبرىلىرىدە تولۇق يارىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىقىشى ئۈچۈن قەبرىلەر يېرىلغان چاغدا، تۇنجى تىرىلدۈرۈلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن زېمىن يېرىلىدىغان كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇ زات دېگەنكى: «**مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ خوجىسىدۇرمەن، قەبرىسى تۇنجى بولۇپ يېرىلىدىغانمۇ مەن، تۇنجى شاپائەتچىمۇ ۋە تۇنجى**

شاپائىتى قوبۇل قىلىنغۇچىمۇ مەن»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر يەھۇدىي بىر - بىرىنى ھاقارەتلىشىپ، مۇسۇلمان:

- مۇھەممەدنى پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن تاللىغان زات بىلەن قەسەم،

- دېۋىدى، يەھۇدىي:

- مۇسانى پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن تاللىغان زات بىلەن قەسەم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان قولىنى كۆتۈرۈپ يەھۇدىينى بىر كاچات ئۇردى، يەھۇدىي نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇسۇلمان بىلەن ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى دېگەن ئىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرىپ ئۆزىدىن سورىدى، ئۇمۇ شۇنداق جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مېنى مۇسادىن ئەۋزەل قىلىۋەتمەڭلار. چۈنكى، جىمى ئادەملەر قىيامەت كۈنى ھوشىدىن كېتىدۇ، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ھوشۇمدىن كېتىمەن، ئاندىن ئەڭ ئاۋۋال ھوشىغا كېلىدىغىنى مەن بولىمەن، ھوشۇمغا كېلىپ شۇنداق قارىسام، مۇسانىڭ ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنلەر قاتارىدا بولۇپ، مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلگەنمۇ ياكى ئاللاھ (بىھوش قىلىشتىن) مۇستەسنا قىلغانلاردىنمۇ؟ بىلمەيمەن› دېدى»[2].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «سۇر چېلىنغاندا، ئاللاھ خاھلىغان كىشىلەردىن باشقا پۈتۈن ئادەملەر قىيامەت كۈنى ھوشىدىن كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە بىر قېتىم چېلىنغاندا، ئەڭ ئاۋۋال ھوشىغا كېلىدىغان ئادەم مەن بولىمەن، ھوشۇمغا كېلىپ

---

(1) مۇسلىم (2278).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2411)؛ مۇسلىم (2373). بۇنىڭ مەنىسى «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىرىنچى سۇرنىڭ چېلىنىشى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ قاتارىدىنمۇ ياكى ئاللاھ تائالا: ﴿سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خاھلىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ﴾ دەپ ئېيتقاندەك، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىستىسنا قىلىنغانلار قاتارىدىنمۇ، بىلمەيمەن» دېگەنلىكتۇر. باشتا ئېيتىلغاندەك، ئۆلمەيدىغان مەخلۇقاتلار: روھ، ئەرش ۋە ھۆر پەرى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنى سۇرنىڭ چېلىنىشى ھەققىدىكى بابتا تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

**شۇنداق قارىسام، مۇسانىڭ ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. مۇسا كىشىلەر بىلەن ھوشىدىن كېتىپ، مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلگەنمۇ ياكى تۇر كۈنى بىھوش قىلىنغىنى ھېساب بولۇپ، بىھوش قىلىنمىغانمۇ، بىلمەيمەن» دېدى[1].**

## قايتا تىرىلدۈرۈشنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى

**قايتا تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىندۇر. قايتا تىرىلدۈرۈشنى ئىنكار قىلغان كىشى ئاللاھنى يالغانغا چىقارغان ۋە «قۇرئان»نى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹ئادەم بالىسى مېنى يالغانچىغا چىقاردى. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى توغرا ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنى تىللىدى. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقارغىنى بولسا ”ئاللاھ مېنى بۇرۇنقى ھالىمغا ئوخشاش قايتا تىرىلدۈرەلمەيدۇ“ دېگەنلىكىدۇر. ھالبۇكى ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن يارىتىش ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگەندىنمۇ ماڭا ئاسان ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ مېنى تىللىغىنى بولسا ”ئاللاھنىڭ بالىسى بار“ دېگىنىدۇر. ھەقىقەتتە مەن بىردۇرمەن، سامەددۇرمەن، (ھەممە ماڭا موھتاجدۇر) مەن بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3414)؛ مۇسلىم (2373). ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا گەپ قىلغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن ئاللاھقا قاراشنى تىلىگەن. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئۆزىنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا تاغقا تەجەللى قىلغان، تاغ (ئاللاھ تائالانى كۆرگەن چاغدا) كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ھوشىدىن كەتكەن. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: ﴿مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرەي» دېدى. ئاللاھ: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنسانىنىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾ («ئەئراف»: 7/143).

ئەمەس. ھېچكىم ماڭا تەڭداش بولالمايدۇ»»[1].

قايتا تىرىلدۈرۈشكە ئىمان ئېيتىش - ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ھېساب، جازا - مۇكاپات، جەننەت ۋە دوزاخقا ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاخىرى، سۇر چېلىنىپ، زېمىننىڭ ھەممە جايلىرىدا ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىققان چاغدا، ئاللاھ ئۇلارنى بۆيرۈپ بىر ئورۇنغا يىغىدۇ.

- ئۇنداقتا بۇ ئورۇن نەدە؟
- ئۇ ئورۇندا نېمە ئىشلار بولىدۇ؟
- بەندىلەر ئۇ ئورۇنغا قانداق يېتىپ بارىدۇ؟

بۇ مەزمۇنلار تۆۋەندىكى بابتا سۆزلىنىدۇ.

## ھۆججەت

قايتا تىرىلدۈرۈشنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر كۆپ بولۇپ، بۇ دەلىللەر ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار نىڭ ئۈستىدىن ھۆججەت بولىدۇ.

(1) بۇخارىي (4974).

# قىيامەت بولغان چاغدىكى قورقۇنچلۇق ئىشلار

قىيامەت كۈنى زېمىن باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، كائىناتنىڭ ھەرىكىتى پاتپاراقلىشىدۇ ۋە ئەلجەببار جەللە جەلالۇھۇ بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.

- **ئۇنداقتا ئاسمانلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟**
- **زېمىن قانداق ئايلىنىپ كېتىدۇ؟**
- **ئۇ ۋاقىتتا بەندىلەرگە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟**

ئاللاھ بىزگە ئىنسانلارنى قاتتىق قورقۇتىدىغان ۋە قەلبلەرنى تىترىتىۋېتىدىغان قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللاردىن خەبەر بەردى.

دېمەك، زېمىن تەۋرىتىلىدۇ، تاغلار كۆكۈم - تالقان قىلىنىدۇ، دېڭىزلارغا ئوت كېتىدۇ، ئاسمان يېرىلىدۇ، قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ، ئاينىڭمۇ نۇرى ئۆچىدۇ ۋە تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ، نۇرى يوقايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز زېمىننى چاڭگاللاپ تۇتىدۇ ۋە ئاسمانلارنى ئوڭ قولى بىلەن قاتلايدۇ.

## قىيامەت كۈنىدىكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھالى

«قۇرئان» ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرى ئاللاھنىڭ زېمىننى چاڭگاللاپ تۇتىدىغانلىقىنى ۋە ئاسمانلارنى قاتلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاسمانلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى قاتلىغاندەك قاتلايمىز***﴾(21/«ئەنبىيائ»: 104)، ﴿***ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ***﴾(39/«زۇمەر»: 67).

بۇ ئايەتتىكى «سجل» كەلىمەسى قەغەزگە خەت يازىدىغان پۈتۈكچى دېگەنلىكتۇر. ئۇ خەتنى يېزىپ بولغان چاغدا، قەغەزنى قاتلايدۇ.

شۇنىڭدەك قىيامەت كۈنىمۇ نامى ئۇلۇغ ئاللاھ ئاسمانلارنى بىر - بىرىگە قاتلايدۇ ۋە چاڭگاللاپ تۇتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ (قىيامەت كۈنى) زېمىننى چاڭگاللايدۇ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولى بىلەن قاتلايدۇ، ئاندىن: ‹پادىشاھ مەندۇرمەن، زېمىن پادىشاھلىرى قېنى؟› دەيدۇ» دېگەن[1]. يەنە: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئاسمانلارنى قاتلايدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ: ‹مەن پادىشاھدۇرمەن، قېنى ھەددىدىن ئاشقانلار؟ قېنى مۇتەكەببىرلەر؟› دەيدۇ. ئاندىن زېمىنلارنى سول قولى بىلەن قاتلاپ: ‹مەن پادىشاھدۇرمەن، قېنى ھەددىدىن ئاشقانلار؟ قېنى مۇتەكەببىرلەر؟› دەيدۇ» دېگەن[2].

زېمىنغا كەلسەك، زېمىن قىيامەت كۈنى تۆۋەندىكى ھەدىستە كەلگەندەك بولىدۇ: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– قىيامەت كۈنى زېمىن بىر تال كۆمەچ نانىدەك بولىدۇ. قەھرى قىلغۇچى ئاللاھ ئۇنى جەننەت ئەھلىگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن خۇددى بىرىڭلار سەپەردە كۆمەچ نېنىنى ئۆرۈپ تۇرغانىدەك ئۆز قولى بىلەن ئۆرۈپ تۇرىدۇ، – دېگەن ئىدى، ئارقىدىنلا بىر يەھۇدىي كېلىپ:

– جانابلىرىغا راھمان بەرىكەت قىلغاي، ئى ئەبۇلقاسىم! مەن ئۆزلىرىگە قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلىنىڭ كۈتۈۋېلىش زىياپىتىنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟! – دېدى. رەسۇلۇللاھ:

– بولىدۇ، ئېيتىپ بەرگىن، – دېۋىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەكلا:

– زېمىن بىر تال كۆمەچ نانىدەك بولىدۇ، – دېدى. بۇنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قارىدى، ئاندىن ئېغىز چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ھېلىقى يەھۇدىي:

– جانابلىرىغا ئۇلارنىڭ نانغا قوشۇپ يەيدىغان تامىقىنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ – دەپ:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4812)؛ مۇسلىم (2787).
(2) مۇسلىم (2788).

– ئۇلارنىڭ قوشۇمچە تامىقى بالام بېلىق بولىدۇ، – دېدى. ئەسهابىلەر:

– نېمە ئۇ؟ – دەپ سورىغان ئىدى، يەھۇدىي:

– كالا بېلىقى كىت، بۇ ئىككىسىنىڭ جىگەرلىرىنىڭ كىچىك تىلىنى يەتمىش مىڭ كىشى يەيدۇ، – دېدى»[1].

## تاغلارنىڭ كۇكۇم - تالقان قىلىنىشى

قىيامەت كۈنى سۇر پۈۋلەنگەن چاغدا زېمىن ئۆزىدىكى ئېگىز تاغلار، بوك - باراقسان دەرەخلەر، زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆتۈرۈلۈپ بىر - بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا، زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرۈلۈپ (بىر - بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ**﴾(69/«ھاققە»: 13 – 15).

تاغلار قۇمدەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ ئېيتىدۇ: ﴿**ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ**﴾(73/«مۇززەممىل»: 14).

بەلكى بۇ مۇستەھكەم، قاتتىق تاغلار بەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئېتىلغان يۇمشاق يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ تاغلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن يوق قىلىۋېتىدۇ، زېمىندا بىرمۇ تاغ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللا تائالا: ﴿**تاغلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار تورۇپ يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ)**﴾ (78/«نەبەئ»: 20) دېگەن.

شۇنداق، تاغلار يىراقتىن قارىغان ئادەم ئۇچۇن سۇدەك كۆرۈنىدىغان سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئىنسان يېقىنلاشسا ھېچ نەرسىنى تاپالمايدۇ. ئاندىن تاغلار كۇكۇم - تالقان قىلىنىپ، شاماللار ئۇچۇرۇپ يۈرۈيدىغان توپا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿**ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6520)؛ مۇسلىم (2792).

***بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ). ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ يەرلەردە چوڭقۇرلۇقمۇ، ئېگىزلىكمۇ كۆرمەيسەن»﴾***[20/«تاھا»: 105 – 107].

بۇ قىيامەت بولغان چاغدىكى تاغلارنىڭ ئەھۋالى. ئەمدى يەر شارىنىڭ تۆتتىن ئۈچىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان دېڭىزلارغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاغلارنىڭ ھالىدىنمۇ ئاجايىبراق بىر ئەھۋال باردۇر.

## دېڭىزلارنىڭ پارتلايدىغانلىقى ۋە كۆيىدىغانلىقى

بۇ ھەيۋەتلىك، كۈۋەجەپ تۇرىدىغان چوڭقۇر دېڭىزلار ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى ساناقسىز جانلىقلار ئالەمى بىلەن قوشۇلۇپ پارتلايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ***﴿دېڭىزلار بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا﴾***[82/«ئىنفىتار»: 3] دېگەن.

دېڭىزلارنىڭ پارتلايدىغانلىقى – ئۇنىڭ قۇرۇقلۇققا تېشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئۇنىڭ سۈيىنىڭ ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېندىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتى بولغانلىقى ئۈچۈن پارتلايدىغانلىقى ۋە بۇ ئىككى گازنىڭ زەررىچىلىرىنىڭ پارتلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ***﴿دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا﴾***[81/«تەكۋىر»: 1] دېگەن.

دېڭىزلارغا ئوت كېتىش – دېڭىزلارنىڭ ئەڭ ئاستىدىن يېرىلىش ۋە پارتلاش بولۇپ، دېڭىزنىڭ سۈيى زېمىننىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ئوت ئالىدىغان ماددىلار بىلەن قوشۇلۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئوت ئېلىش پەيدا بولىدۇ.

## ئاسماننىڭ ئايلىنىشى ۋە يېرىلىشى

قىيامەت كۈنى ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ ۋە قاتتىق قالايمىقانلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ***﴿ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ﴾***[52/«تۇر»: 9]

دېگەن.

ئاسمان ھەرىكەتلىنىپ، ئۆز ئورنىدا تۇگمەن ئايلانغاندەك ئايلىنىدۇ ۋە يېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ئاسمان يېرىلغان چاغدا﴾ (82/«ئىنفىتار»: 1)، ﴿شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر (بەندىلەرنىڭ نامەئى ئەئماللىرى ئېلىپ) ئارقىمۇئارقا چۈشىدۇ﴾ (25/«فۇرقان»: 25) دېگەن.

ئاسماننىڭ قانداق يېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، لېكىن ئۇنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھالەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئاسمان يېرىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا﴾ (84/«ئىنشىقاق»: 1، 2)، ﴿ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ﴾ (69/«ھاققە»: 16). يەنى ئاسمان يېرىلىپ ئىلگىرىكى قاتتىق ۋە كۈچلۈك ھالىتىدىن كېيىن، ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

## ئۇ ۋاقىتتىكى ئاسماننىڭ رەڭگى

چىرايلىق كۆك ئاسماننىڭ رەڭگى قىيامەت كۈنى ئۆزگىرىپ، بوياقلارنىڭ رەڭگىدەك ھەرخىل رەڭدە بولۇپ كېتىدۇ. بەزىدە قىزىل، بەزىدە سېرىق، بەزىدە يېشىل ۋە بەزىدە كۆك رەڭدە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿(قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن) ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان (دوزاخنىڭ قىزىتقۇچىلىقىدىن) قىزىل گۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ﴾ (55/«رەھمان»: 37) دېگەن. يەنى ئاسمان يېرىلىپ بىر رەڭدىن كېيىن باشقا بىر رەڭدە بولىدۇ.

## قۇياشنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈشى

قىيامەت قايىم بولغاندا قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچۈپ يورۇقلۇقى كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر نۇقتىغا يىغىلىپ قالىدۇ. ئەرەبچىدىكى «تكوير» نىڭ مەنىسى – بىرنەرسىنىڭ بىر - بىرىگە يىغىلىپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. سەللىنى يۆگەش دېگەن سۆزمۇ «تكوير» كەلىمىسى بىلەن ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش «تكوير الشمس»مۇ

قۇياشنىڭ قورۇلۇپ قېلىپ، نۇرىنىڭ ئۆچىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەزىدە ئاللاھ تائالا: ﴿**كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا**﴾(81/«تەكۋىر»: 1) دېگەندەك، بۇنىڭ مەنىسى «قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچۈپ سوۋۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاپتاپسىز بولۇپ قالىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئاي

ئايىنىڭمۇ نۇرى ئۆچۈپ، يورۇقلۇقى كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ. ياق، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر***﴾(75/«قىيامەت»: 7 - 12). يەنى «قۇياش بىلەن ئاي بىر تەرەپكە يىغىلىپ، غەرب تەرەپتىن نۇرى يوق قارا ھالەتتە چىقىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

## يۇلتۇزلار ۋە پىلانېتالار

تۇرلۇك شەكىل، ھەجىم، يورۇقلۇق ۋە گۈزەللىكتىكى يۇلتۇزلار قىيامەت بولغاندا تۆكۈلىدۇ. يورۇقلۇقى كېتىدۇ ۋە تارتىش كۈچى يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿***يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا***﴾(81/«تەكۋىر»: 2)، ﴿***يۇلتۇزلار ئۆچۈرۈلگەن چاغدا***﴾(77/«مۇرسەلات»: 8) دېگەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاشۇ يۇلتۇزلارنىڭ تارتىش كۈچىگە چېتىلغان بارلىق پىلانېتالار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئېيتقاندەك: ﴿***يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا***﴾(82/«ئىنفىتار»: 2)، ﴿***ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر (يەنى كۇففارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر***﴾(82/«ئىنفىتار»: 2).

بۇ ئەھۋاللار كۆرۈلىدىغان يۇلتۇزلار قايسى يۇلتۇزلار؟

بۇنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بۇ بەلكى بىز ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان يۇلتۇزلار بولۇشى مۇمكىن ۋەياكى ئاسماندىكى پۈتۈن يۇلتۇزلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى بىز بىلمەيمىز. يۇلتۇزلارنىڭ سانى ۋە ئورۇنلىرىنى پەقەت ئاللاھ بىلگۈچىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**_يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلبەتتە كاتتا قەسەمدۇر_**﴾[«ۋاقىئە»: 56/ 75، 76] دېگەن. لېكىن، يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىمىز.

بۇ ھادىسە ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى مەخلۇقاتلار قىيامەت مەيدانىغا يىغىلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەھشەرگە يىغىلىدۇ. ئۇلار قانداق ھەشر قىلىنىدۇ؟ مەھشەردە نېمە ئىشلار بولىدۇ؟

**ئەقىدە**

**پەرۋەردىگارىمىزنىڭ كۇرسىسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ كائىناتتا خاھلىغىنىنى قىلىدۇ.**

# ھەشر قىلىش

«ھەشر» كەلىمىسى ئۆزى قىسقا، لېكىن مەنىسى چوڭقۇر سۆز بولۇپ، «قۇرئان» ۋە سۈننەتتە كۆپ تەكرارلانغان.

- **ئۇنداقتا ھەشر دېگەن نېمە؟**
- **ئىنسانلار قانداق ھەشر قىلىنىدۇ؟ قەيەرگە ھەشر قىلىنىدۇ؟**
- **مەھشەر قەيەردە؟**
- **ئىنسانلار مەھشەردە قانداق تۈرلەردە بولىدۇ؟**

ھەشرنىڭ مەنىسى – چېچىلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى يىغىش ۋە ئۇنى بىر ئورۇنغا توپلاش دېگەنلىك بولىدۇ.

قىيامەت كۈندىكى ھەشر قىلىش بولسا مەخلۇقاتلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ۋە ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر مەيدانغا يىغىش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئاللاھ قىيامەت كۈنىنى يەنە يىغىش كۈنى (يوم الجمع) دەپمۇ ئاتىغان، چۈنكى ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ (قىسسە) دىن ئەلبەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر***﴾(11/«ھۇد»: 103).

ئاللاھ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىدۇ. بۇ ھەقتە: ﴿***ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ***﴾(56/«ۋاقىئە»: 49، 50) دېگەن.

ئۇلار ئاللاھتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بەندىلەر قايسى ئورۇندا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ ئۇلارنى ھاۋا بوشلۇقىدىن، دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن، زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ۋە قۇشلار، ھايۋانلار ۋە بېلىقلارنىڭ قورساقلىرىدىن

ئىلىپ كېلىپ مەھشەرگە توپلايدۇ. ئاللاھقا نىسبەتەن بۇنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە: ﴿ھەر (ئۈممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار، (ئى مۆئمىنلەر!) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قەيەردە بولماڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ھەممىڭلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾(2/«بەقەرە»: 148) دېگەن.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، ئۇلاردىن ھېچبىر كىشىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھقا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾(19/«مەريەم»: 93 – 95) دېگەن.

شۇنداق، ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ سانىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەركەك - چىشىلىرى، چوڭ - كىچىكلىرى ھەممىسىنىڭ سانىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر ۋە يەنە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى، نەپەسلىرى ۋە سۆزلىرىنىمۇ تولۇق بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئول ئاللاھنىڭ قەھرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىدۇر. ھەممە مەخلۇقات ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگە) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾(18/«كەھف»: 47) دېگەن.

دېمەك، قىيامەت قايىم بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورۇنغا (مەھشەرگە) يىغىدۇ.

### ھەشرنىڭ دەلىللىرى

ھەشرنىڭ دەلىللىرى ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىرقانچە ئورۇندا كەلگەن. ئالايلۇق:

***﴿ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگە) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾*** (18/«كەھف»: 47)، ***﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ﴾*** (56/«ۋاقىئە»: 49، 50)، ***﴿سۇر چېلىنىدۇ، ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىمىز﴾*** (18/«كەھف»: 99).

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئىلگىرى - كېيىنكى بارلىق ئۈممەتلەرنى شۇنداق بىر تۈزلەڭلىككە يىغىدۇكى، ئۇلارغا قارىغان ئادەم ھەممەيلەننى كۆرەلەيدۇ، چاقىرسا ھەممەيلەنگە ئاڭلىتالايدۇ»[1] دېگەن.**

## مەھشەرنىڭ سۈپىتى

**مەخلۇقاتلار قىيامەت كۈنى ئاپئاق، پاكىز بىر زېمىنغا ھەشر قىلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر بىر تال ئاق توقاچ نانىدەك قىزغۇچ ئاق بىر زېمىن ئۈستىگە ھەشر قىلىنىدۇ» دېگەن[2].**

## مەھشەرنىڭ ئورنى

**مەھشەر شامدا بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن شامغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ دېگەنكى: «مانا بۇ يەر، بۇ يەرگە قىيامەت كۈنى ئۇلاغلىق، پىيادە ۋە يۈزۈڭلارچە سۆرەلگەن ھالدا ھەشر قىلىنىسىلەر. قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ئاغزىڭلار ئۆرۈنتىنىڭ ئاغزى ئېتىلگەندەك ئېتىلىدۇ. سىلەر (ئاللاھ ياراتقان) يەتمىش ئۈممەتنىڭ ئاخىرقىسى بولدۇڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالاغا يەتمىش ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىكراقىدۇرسىلەر. ھەقىقەتەن، سىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال سۆز قىلىدىغان يېرى ئۆتنىڭ يوتىسىدۇر»[3].**

**يەنى ئۇلارنىڭ يوتىلىرى سۆزلەپ بولغانغا قەدەر ئۆزلىرى گەپ**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3340)؛ مۇسلىم (194).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6521)؛ مۇسلىم (2790).

(3) ئەھمەد (20025). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

قىلىشتىن مەنئى قىلىنىدۇ.

### ھەشر كۈنىنىڭ مىقدارى

ھەشر كۈنىدە مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ھەقىقەتلەر ئاشكارا بولىدۇ ۋە بەندىلەر ئارىسىدىكى خۇسۇمەتلەر ئايرىلىدۇ. ئۇ بەك ئۇزۇن كۈن بولۇپ، مىقدارى ئەللىك مىڭ يىلدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**_پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىل) ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ٥٠ مىڭ يىل كېلىدۇ_**﴾(70/«مەئارىج»: 4). ئۇ كۈندە ئاللاھ ئامان قىلغان ۋە رەھىم قىلغان ئىنسانلاردىن باشقا ھەممە ئىنسانلار قورقۇنچ ئىچىدە بولىدۇ.

ئۇ كۈن بەك ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار دۇنيادا ياشىغان زامانىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. دۇنيادىكى ۋاقىت بۇ كۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەستۇر. بۇ كۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە قورقۇنچلۇقىغا نىسبەتەن ئىنسانلار دۇنيا ھاياتىنى قىسقا ساناپ «دۇنيادا پەقەت كۈندۈزى ئازغىنا ۋاقىتلا تۇرۇپتىمىز» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿**_قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى كۈندۈزى ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشىنى (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى_**﴾(10/«يۇنۇس»: 45)، ﴿**_قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلەر (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ_**﴾(30/«رۇم»: 55).

ئىنسانلار بۇ ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر كىشى بىر كىشىگە بۇرۇلۇپ قارىمايدۇ. بەلكى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ نىجاتلىقىنىلا ئويلايدۇ. بۇ كۈندىكى قورقۇنچتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەربىر ئادەم قېرىندىشىدىن، دادىسىدىن، ئاپالىدىن، باللىرىدىن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم - قېرىنداشلىرىدىن ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىنسانلاردىن قاچىدۇ. لېكىن، ھېچكىم ئۇنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۈن!!! دوست دوستىنى، ھەبىب ھەبىبىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئانا ئېمىتىۋاتقان

بالىسىنى، هامىلىدار قورسىقىدىكى هامىلىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ). ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ . ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ***﴾(80/«ئەبەسە»: 33 – 37)، ﴿***(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم - قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ***﴾(70/«مەئارىج»: 11 – 14).

گۇناھكار بەندە بالىسى، ئانىسى ۋە بارلىق ئوغۇللىرىنى فىدىيە قىلىپ بولسىمۇ، ئۇ كۈندىكى قورقۇنچتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇ بەك تەس كۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كۈن ھەققىدە: ﴿***شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز***﴾(76/«ئىنسان»: 10) دېگەن.

### ھەشرىنىڭ تۈرلىرى

باشتا ئېيتىلغاندەك، ھەشرىنىڭ مەنىسى «يىغماق» ۋە «توپلىماق» دېگەنلىكتۇر. مەخلۇقاتلار قىيامەت بولغاندا ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈردىكىلەر بولسا بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قەبرىلىرىدە يېتىۋاتقانلار، يەنە بىر تۈردىكىلەر بولسا قىيامەت بولغان چاغدا ھايات ياشاۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار بىرىنچى سۇر پۈۋلەنگەندە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

مەلۇمكى، قىيامەت ناچار ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئاللاھ قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى قەبزى قىلىدىغان ياخشى شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زېمىننىڭ ئۈستىدە قېپقالغان ھايات ئىنسانلار ھەشر قىلىنىدۇ.

«قۇرئان» ۋە سۈننەتتە مەخلۇقاتلارنى قانداق ھەشر قىلىش ۋە يىغىشنىڭ تەپسىلاتى كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ بىلجىرلاشلىرى ۋە گۇمانلىرى ئۈچۈن ھېچبىر بوشلۇق قويمىغان. ھەشر قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى تۈر: ھاياتلارنى ھەشر قىلىش

بۇ ھايات مەخلۇقاتلارنى ھەشر قىلىش بولۇپ، ئۇلار زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن شامدىكى مەھشەرگە يىغىلىدۇ. ئۇلارنى ھەيدەيدىغان ۋە يىغىدىغان نەرسە ئەدەن شەھىرىنىڭ يەر ئاستىدىن چىقىدىغان ئوتتۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئون ئالامەت بولمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ» دېگەن. يەنى قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن چوڭ ئون ئالامەتنى كۆرۈسىلەر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئالامەتلەرنى ساناپ كېلىپ: «يەنە بىرى (يەمەندىكى) ئەدەننىڭ قەئرىدىن (تېگىدىن) چىقىدىغان بىر ئوت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى مەھشەرگە ھەيدەيدۇ، بۇ ئوت ئۇلار قونسا قونىدۇ، چۈشلۈك ئارام ئالسا چۈشلۈك ئارام ئالىدۇ» دېگەن[1]. يەنە: «قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى بولسا پۈتۈن خالايىقنى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سۈرۈپ توپلايدىغان بىر ئوتتۇر»[2] دېگەن. يەنە: «ھەقىقەتەن، سىلەر قىيامەت كۈنى پىيادە، ئۇلاغلىق ۋە يۈزۈڭلارچە سۆرەلگەن ھالدا بۇ يەرگە ھەشر قىلىنىسىلەر» دېگەن ۋە قولى بىلەن شام تەرەپكە ئىشارەت قىلغان[3].

بۇ ھەدىسلەردىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، بۇ ئوت ئىنسانلارنى زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن شامدىكى بىر ئورۇنغا ھەيدەيدۇ، ئاندىن بىرىنچى سۇر چېلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئۆلىدۇ.

### ئىنسانلاردىن ئەڭ ئاخىرى ھەشر قىلىنىدىغىنى

ئىنسانلارغا ئوت يۈزلىنىپ ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭغاندا، ئۇلار ئادىتى

---

(1) مۇسلىم (2901).

(2) بۇخارىي (3329).

(3) ئەھمەد (20043). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

**بويىچە تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولىدۇ، ئۇلارغا تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرىدا ھەشر قىلىنىدىغان كىشى توغرۇلۇق مۇنداق خەبەر بېرىدۇ: «ئەڭ ئاخىرى (مەدىنەدە ئۆلۈپ مەھشەردە) تىرىلدۈرۈلىدىغانلار مۇزەينە قەبىلىسىدىن ئىككى پادىچى بولۇپ، ئۇلار قويلىرىنى ‹كۇش - كۇش› دېگىنىچە مەدىنەگە كېلىپ، ئۇ يەرنى ئادەمزاتسىز كۆرىدۇ، ئۇلار سەنىييەتۇل ۋەدائىغا[1] كەلگەندە، دۈم چۈشۈپ ئۆلىدۇ»[2].**

**بۇ ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ نەرسىنى ئوچۇقلاپ بەردىكى، بۇ ئىككى قويچى قويلىرىنى بېقىپ يۈرۈپ قويلىرىغا ۋارقىرايدۇ. بۇ چاغدا قويلار ئىلگىرىكى كۆنۈك، يۇۋاش ھالىتىدىن كېيىن بويسۇنمايدىغان يىرتقۇچ ھالەتتە بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسى شامغا مېڭىپ، مەدىنەدىن ئۆتىدۇ، سەنىييەتۇل ۋەدائىغا كەلگەندە، يىقىلىپ جان ئۈزىدۇ.**

**مانا بۇ ھەشرنىڭ بىرىنچى تۈرى بولۇپ، بۇ ھايات كىشىلەرنى ھەشر قىلىشتۇر. ئەمما، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرگە كەلسەك، ئۇلار**

---

(1) سەنىييە دېگەن «ئېگىز ئورۇن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تارىخشۇناسلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى «سەنىييەتۇل ۋەدائ» دەپ ئاتالغان بۇ ئورۇننىڭ ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشتا بولغان. چۈنكى، «سەنىييە»نىڭ لۇغەت مەنىسى، «تاغدىكى يول» دېگەنلىكتۇر. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە بولسا كۆپلىگەن يوللار بار بولۇپ، بۇ يوللارنىڭ بىرى رايە مەسجىدىگە يېقىن جايدىكى مەدىنەنىڭ شەرق تەرىپىدىن سەلئى تېغىغا جايلاشقان يولدۇر. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يولدىن خەيبەر شەھىرىگە، تەبۇك شەھىرىگە ۋە شام يولىغا سەپەر قىلغانلار ۋە ئۇ تەرەپلەردىن كەلگەنلەر ئۆتىدۇ ۋە يەنە بۇ يولدىن مەدىنەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە تەربىيە فاكۇلتېتىغا ماڭغانلارمۇ ئۆتىدىغان بولۇپ، بۇ يولنى ئەتراپىدىكى باشقا يوللاردىن ئازراق بىر ئېگىزلىكلا ئايرىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بولسا بۇ يولغا قارامای يېپىشلىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى. بۇ يول مەدىنە ئەھلىنىڭ قارىشىدا «سەنىييەتۇل ۋەدائ» دەپ تونۇلغاندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يوللارنى بولسا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىمايدۇ.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1874)؛ مۇسلىم (1389). مۇزەينە قەبىلىسى، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە جاھىلىيەتتىمۇ ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ، نەسەبى ۋە تارىخى ھەققىدە تونۇشلۇق بولغان قەبىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى بولغان ئەدنانغا نىسبەت بېرىلىدىغان ئەدنان قەبىلىلىرىدىندۇر. نەسەبى بۇ قەبىلىگە تۇتىشىدىغان كۆپلىگەن ئەسھابلەر، تابىئىنلار ۋە شائىرلار بار.

ئۈچۈن باشقا بىر خىل ھەشر بار.

ئىككىنچى تۈر: ئۆلۈكلەرنى ھەشر قىلىش

بۇ بىرىنچى سۇر چېلىنىپ، مەلۇم زامان ئۆتكەندىن كېيىن بولىدۇ. بۇ مەلۇم زامان قىرىقتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئەرشىنىڭ ئاستىدىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. شۇ يامغۇر بىلەن زېمىننىڭ ھەممە جايلىرىدا قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ تەنلىرى ئۇنۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەنلىرى تولۇق ئۇنۇپ بولغاندا، ئىككىنچى سۇر چېلىنىدۇ ۋە ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ ۋە بىرىنچى سۇر پۈۋلەنگەندە ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن مەھشەرگە ھەيدىلىدۇ.

**مەخلۇقاتلارنى ھەشر قىلىشنىڭ سۈپىتى**

مەخلۇقاتلار ئىنسانلار، ھايۋانلار، قۇشلار، بېلىقلار، چۈشلار، كېچىكلەر، مۇسۇلمانلار ۋە كافىرلاردىن ئىبارەت ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇشىدا شەك يوق شۇ كۈن ئۈچۈن (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ھەشر قىلىنىدۇ ۋە توپلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿ئاخىرەت ئازابىدىن قورققانلار ئۈچۈن بۇ (قىسسە) دە، ئەلبەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر﴾***[11/«ھۇد»: 103]، ***﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ﴾***[56/«ۋاقىئە»: 49، 50].

ئاللاھ بەك ئۇلۇغدۇر، ھېچ نەرسە ئۇ زاتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بەندىلەر قانداق ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى مەھشەرگە ئېلىپ كېلىشكە قادىردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿ھەر (ئۈممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار، (ئى مۇئمىنلەر!) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قەيەردە بولماڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ھەممەڭلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾***[2/«بەقەرە»: 148].

ئاللاھ بىزگە ھەشرنىڭ تۈرلىرىنى سۈپەتلەپ بەرگەن بولۇپ،

ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

1) پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ھەشر قىلىش؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ***﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگە) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾***[(18/«كەھف»: 47)] دېگەن.

2) ھايۋاناتلارنى ۋە يىرتقۇچلارنى ھەشر قىلىش؛ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ***﴿ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا﴾***[(81/«تەكۋىر»: 5)] دېگەن.

3) گۇناھكارلارنى ھەشر قىلىش؛ گۇناھلىرى كۇفرى دەرىجىسىگە بارسۇن ياكى بارمىسۇن، ئۇلار ھەر تۈرلۈك گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن ئاسىيلار بولۇپ، ئۇلار ھەشر قىلىنىشتا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار قىيامەت مەيدانىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ***﴿بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز﴾***[(20/«تاھا»: 102)] دېگەن.

4) زالىملارنى ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنى ھەشر قىلىش. زىناخورلار زىناخورلار بىلەن، جازانىخورلار جازانىخورلار بىلەن ھەشر قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿(ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگە) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار﴾***[(37/«سافقات»: 22، 23)].

## ھايۋانلارمۇ ھەشر قىلىنامدۇ؟

شۇنداق، قىيامەت كۈنى باشقا مەخلۇقاتلار ھەشر قىلىنغاندەك، ھايۋانلارمۇ ھەشر قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ***

ئەرسىنى چۇشۇرۇپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۈق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)﴾[6/«ئەنئام»: 38]، ﴿ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا﴾[81/«تەكۋىر»: 5]، ﴿ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جانىدارلارنىڭ يېيىلىشى ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر، ئاللاھ ئەگەر خاھلىسا، ئۇلارنى جەمئ قىلىشقا قادىردۇر﴾[42/«شۇرا»: 29].

ھايۋانلارنى ھەشر قىلىش ۋە قىيامەت مەيدانىغا يىغىش بولسا ئۇلارغىمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش جازا - مۇكاپات بېرىش ۋە جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەمەستۇر. ئەمما، مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قويغا قىساس ئېلىپ بېرىش مەھشەردە يۈز بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا: «توپا بولۇپ كېتىڭلار» دېيىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى ھەقلەر چوقۇم ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلماي قالمايدۇ، ھەتتاكى مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ»[1] دېگەن.

## ئەڭ چوڭ قورقۇنچ قايسى؟

ئۇ بەندىلەرگە قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىققاندا، ئۇلارغا يېتىدىغان دەھشەتلىك ئەھۋالىدۇر. ئەمما، سالىھلەر باشقىلار قورقۇپ كەتكەندەك قورقۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ۋە ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرگەنلەردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز، ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾[76/«ئىنسان»: 10، 12]. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «ئاللاھ دېدىكى: ‹مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، بەندەم ئۈچۈن ئىككى ئەمىنلىكنى ۋە ئىككى قورقۇنچنى جەملىمەيمەن: ئەگەر ئۇ دۇنيادا مەندىن ئەمىن بولغان بولسا،

(1) مۇسلىم (2582).

**بەندىلىرىمنى يىغقان (قىيامەت) كۈندە ئۈنى قورقۇتمەن. ئەگەر ئۇ دۇنيادا مەندىن قورققان بولسا، بەندىلىرىمنى يىغقان كۈندە ئۈنى ئەمىن قىلىمەن››**[1].

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەھشەردىكى بايرىقى

ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەھشەردە ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەنبىيائىلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنى بارلىق ئەنبىيائىلەرنىڭ ئىمامى، خەتىبى ۋە شاپائەتچىسىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قىيامەت كۈنى بولغاندا مەن ئەنبىيائىلەرنىڭ يولباشچىسى، خەتىبى ۋە شاپائەتچىسى بولىمەن، بۇنىڭدا پەخىرلىنىش يوقتۇر»**[2] دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدا ھەمد بايرىقى بار بولۇپ، ھەممە ئەنبىيائىلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز دېگەنكى: **«مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ سەردارىمەن، (بۇنىڭدا) پەخىرلىنىش يوق، مەن قىيامەت كۈنى (چىقىشىم ئۈچۈن) زېمىن يېرىلىدىغان تۇنجى كىشىدۇرمەن، پەخىرلىنىش يوق، مەن تۇنجى شاپائەتچى ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنغۇچىدۇرمەن، پەخىرلىنىش يوق»**[3].

## مەھشەردىكى ئىنسانلارنىڭ ھالى

ھەشىر كۈنى بۈيۈك، ئۇزۇن ۋە قىيىن كۈن بولۇپ، ئۇ كۈندە ئىنسانلار ھەر تۈرلۈك بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ خۇتبىسىدە سۈپەتلىگەندەك بولىدۇ: **«ھەقىقەتەن سىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ،**

---

(1) تەبەرانىي: «مۇسنەدۇششامىييىن»، (462)؛ ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسبەھانىي: «ھىليەـ تۇلئەۋلىيائ»، 98/6. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 742) «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (3613). تىرمىزىي: «ھەسەن» دېگەن.

(3) ئىبنى ماجە (4308). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3496) «سەھىھ» دېگەن.

خەتنە قىلىنمىغان هالدا توپلىنىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى.

*خەتنە قىلىنمىغان هالدا توپلىنۇچىسىلەر، ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ هالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز، بۇ بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر. (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾*(21/«ئەنبىيائ»: 104)»[1].

## زىنتلىق بارمۇ؟

شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىنسان ۋاپات بولغان چاغدىكى كىيىمى بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ. خۇددى ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان هەدىستە كەلگەندەك، ئۇ ئۆلۈم سەكراتىغا چۈشكەن چاغدا، يېڭى كىيىملىرىنى ئەكەلدۈرۈپ كىيدى. ئاندىن: «مەن رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: **‹هەقىقەتەن، مېيىت ۋاپات بولغان چاغدىكى كىيىمى بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ›** دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى[2].

ئالدىنقى هەدىستە، «**بەندىلەر يالىڭاچ هالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ**» دەپ كەلدى. ئۇنداقتا بۇ ئىككى هەدىسنى قانداق ماسلاشتۇرىمىز؟

ئىنسانلار يالىڭاچ هالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاه ئاخىرەتتە ئۇلارغا كىيىم كىيگۈزگەندە، تۇنجى كىيىمى ۋاپات بولغان چاغدىكى كىيىمى بولىدۇ.

يەنە بىر قاراشتا: «هەدىستە كۆزدە تۇتۇلغانلار شۇهەدائ بولۇپ، نەبىي سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇلارنى ۋاپات بولغان چاغدىكى كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار باشقىلاردىن پەرقلىنىشى ئۈچۈن شۇ كىيىملىرى بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېيىلگەن.

يەنە بىر قاراشتا: «ئەبۇ سەئىدنىڭ قىلغىنى ئۇنىڭ هەدىسنى چۈشىنىشتىكى ئىجتىهادىدۇر. ئاللاه تائالا: **﴿كىيىمىڭنى پاك تۇت﴾**(74/«مۇددەسسىر»: 4) دەپ ئېيتقاندەك، هەدىستىكى كىيىملەردىن مەقسەت قىلىنغان نەرسە ياخشى ئەمەللەردۇر. يەنى: ‹ئەمەلىڭنى پاكلىغىن› دېگەنلىك» دېيىلگەن. دېمەك، ئادەم ۋاپات بولغان چاغدىكى ئەمەلى

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4740)؛ مۇسلىم (2860).

(2) ئەبۇ داۋۇد (3114). ئالبانىي: («سەهىهۇ ئەبى داۋۇد»، 3114) «سەهىه» دېگەن.

بويىچە تىرىلدۈرۈلىدۇ. ئەمەلى ياخشى بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى هالى ياخشى، ئەمەلى يامان بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى هالى يامان بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «**ھەربىر بەندە قانداق ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ**»[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، سەكراتتىكى كىشىلەرگە دۇنيادىن كېتىدىغان چاغدىكى ئاخىرقى سۆزى بولۇشى ۋە قىيامەت كۈنى بۇ كەلىمە بىلەن تىرىلدۈرۈلۈشى ئۈچۈن، «لا اله الا الله / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمەئى شاھادەتنى تەلقىن قىلىش (ئەگىشىپ تەلەپپۇز قىلىشى ئۈچۈن ئالدىدا ئوقۇش ۋە ئاغزىغا سېلىپ بېرىش) مۇستەھەب بولىدۇ.

ئىنسانلار يالىڭاچ ھەشر قىلىنسا، بىر - بىرىگە قارامدۇ؟

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن «**ھەقىقەتەن سىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، خەتنە قىلىنمىغان ھالدا توپلانغۇچىسىلەر**» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغان چاغدا:

– يا رەسۇلەللاھ! ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر - بىرلىرىگە قارىشامدۇ؟

– دەپ سورىغىنىدا، ئۇ زات:

– **ئۇ يەردىكى دەھشەتنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە بۇ ئىشلار كېلىپ قالمايدۇ**، – دېگەن»[2]. يەنى ئىنسانلاردىكى قاتتىق قورقۇنچ ئۇلارنى باشقىلارغا قاراتمايدۇ، ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ.

## ئىنسانلارنىڭ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدىغانلىقى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «**قىيامەت كۈنى، قۇياش ئىنسانلارغا بىر مىل مىقدارىچە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىنسانلار قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ تەرلەيدۇ. بەزىلەر ئوشۇقىغىچە، بەزىلەر تىزىغىچە، بەزىلەر بېلىگىچە، يەنە بەزىلەر ئاغزىغىچە**

---

(1) مۇسلىم (2878).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6527)؛ مۇسلىم (2859).

**تەرلەيدۇ»[1]. يەنە: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر تەرلەپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ تەرلىرى زېمىننىڭ ئاستىغا يەتمىش گەز چوڭقۇرلۇقتا سىڭىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئېشىپ، قۇلاقلىرىغىچە چىقىدۇ»[2] دېگەن. يەنە: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ تەرىگە قۇلاقلىرىنىڭ يېرىمىغىچە چۆكۈپ كېتىدۇ»»[3] دېگەن. يەنە: «قىيامەت كۈنى بولغاندا قۇياش بەندىلەرگە بىر ياكى ئىككى مىل مىقدارىچە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. قۇياش ئۇلارنى ئېرىتىۋېتىدۇ»[4] دېگەن.**

## ئاشۇ كۈندە مۇئمىنلەرنىڭ هالى

مەھشەر كۈنى قاتتىق قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپلار بولۇپ، ئىنسانلار بىر - بىرىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىدىغان بولسىمۇ، مۇئمىنلەر ئۇچۇن باشقىچە ئەھۋال بولىدۇ. ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى يوق قىلىدۇ ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ***، پەرىشتىلەر: ***«ئاللاھ سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ***﴾ (21/«ئەنبىيائ»: 103).

شۇنداق، بۇنداق بولۇشى دۇنيادىكى چاغدا ئۇلارنىڭ قەلبلىرى پەرۋەردىگارىدىن قورقۇش ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى

---

(1) مۇسلىم (2845). بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ئۇ كۈندە ئىنسانلار مۇشەققەت تارتىشى ۋە تەرلىشىدە ياخشى ئەمەللىرىگە قارىتا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تاپىنىغىچە تەرلەپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر قىسمى تىزىغىچە تەرلەپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر قىسمى بېلىگىچە تەرلەپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر قىسمىنىڭ يۈزى ۋە بېشىنى تەر قاپلاپ كېتىدۇ» دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى سۇلەيم ئىبنى ئامىر: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ زېمىننىڭ مۇساپىسى ئۆلچىنىدىغان مىلمۇ ياكى كۆزگە سۈرمە تارتىلىدىغان مىلمۇ؟ بىلمىدىم» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6532)؛ مۇسلىم (2863). بۇنىڭ مەنىسى: ئىنسانلار قاتتىق تەرلەپ كەتكەنلىكتىن، تەر يەتمىش گەز چوڭقۇرلۇقتا يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ، ئاندىن بۇ تەر يەنە ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغىچە يېتىدۇ.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4938)؛ مۇسلىم (2862).

(4) تىرمىزىي (2421). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 777) «سەھىھ» دېگەن.

ئۈچۈن، شۇنداقلا پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بۇ كۈنگە تەييارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە يەنە ئېيتقانكى: ***﴿شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز﴾***(76/«ئىنسان»: 10)، ***﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (ئاللاھ ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر﴾***(70/«مەئارىج»: 27، 28)، ***﴿ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ﴾***(76/«ئىنسان»: 11).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «ئاللاھ دېدىكى: ‹مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، بەندەم ئۈچۈن ئىككى ئەمىنلىكنى ۋە ئىككى قورقۇنچنى جەملىمەيمەن: ئەگەر ئۇ دۇنيادا مەندىن ئەمىن بولغان بولسا، بەندىلىرىمنى يىغقان (قىيامەت) كۈندە ئۇنى قورقۇتىمەن. ئەگەر ئۇ دۇنيادا مەندىن قورققان بولسا، بەندىلىرىمنى يىغقان كۈندە ئۇنى ئەمىن قىلىمەن›»[1].

## كافىرلارنى ھەشر قىلىشنىڭ شەكلى

قىيامەت كۈنى ھەربىر ئىنسان ئۆز ئەمەلىگە قارىتا ھەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ھەشر مۆئمىنلەرگە ئاسان، كافىرلارغا قىيىن قىلىنىدۇ. بەلكى كافىرلارغا قاتتىق غەزەپ قىلىنىدىغانلىقى، قەلبلىرىنىڭ قاتتىق ئىزتىراپ چېكىدىغانلىقى، بەدەنلىرىنىڭ تىترەپ كېتىدىغانلىقى ۋە كۆپ تەر ئېقىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى خار ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ.

كافىرلارنىڭ يەنە بىر قىسمى دۈم ياتقۇزۇلۇپ ھەشر قىلىنىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ***

---

(1) تەبەرانىي: «مۇسنەدۇششامىييىن»، (462)؛ ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسبەھانىي: «ھىليەتۇلئەۋلىيائ»، 98/6. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 742) «سەھىھ» دېگەن.

**يالقۇزنجتىمىز﴾**(17/«ئىسرائ»: 97). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بەردىكى: «بىر ئادەم:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى كافىر يۈزى دۈم ھالەتتە توپلىنامدۇ؟ – دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– دۇنيادا ئۇنى ئىككى پۇتىدا ماڭدۇرغان زات قىيامەت كۈنى يۈزى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟! – دېدى»[1].

ئۇلار يەنە چاڭقىغان ھالەتتە ھەشىر قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: **﴿گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز﴾** (19/«مەريەم»: 86) دېگەن. شاپائەت توغرۇلۇق كەلگەن ئۇزۇن بىر ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلغان ۋە شېرك كەلتۈرگەن كافىرلار توغرۇلۇق دېدىكى: «ئۇلارغا: ‹نېمە تەلىۋىڭلار بار؟› دېيىلىدۇ، ئۇلار: ‹رەببىمىز! چاڭقاپ كەتتۇق، سۇ بەرسەڭ› دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئىشارەت قىلىنىپ: ‹سۇ ئىچكىلى بارامسىلەر؟› دېيىلىپ، بىر - بىرىنى پاچاقلاپ كۆيۈۋاتقان گويا سەرابقا ئوخشاش دوزاختا توپلىنىدۇ، ئاندىن بىرىمۇ قالماي ئارقا - ئارقىدىن دوزاختا تۆكۈلىدۇ»[2].

## قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان ئادەم

تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ھەقىقەتەن سىلەر قىيامەت كۈنى يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، خەتنە قىلىنمىغان ھالدا توپلانغۇچىسىلەر› دېدى، ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿ئەڭ دەسلەپكى مەخلۇقنى ياراتقىنىمىزدەكلا، ئۇنى قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، بىز چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغۇچىلارمىز﴾**(21/«ئەنبىيائ»: 104). ئاندىن دېدى: ‹قىيامەت كۈنى خالايىق ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغىنى ئىبراھىم بولىدۇ»[3].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4760)؛ مۇسلىم (2806).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4581)؛ مۇسلىم (183).

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3349)؛ مۇسلىم (2860). (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنىڭ سەۋەبى ئوتقا يالىڭاچ تاشلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئېچىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن دەسلەپ قىلىپ ئىشتان كىيگەن زات بولغانلىقى ئۈچۈن دېگەنلەرمۇ بولغان. قاراڭ: ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي»، 6/390 — ت.)

ئاللاھ مۆئمىنلەرگە كىيىم كىيدۈرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يالىڭاچ قىلىشتىن ساقلايدۇ، ئۇلارغا ھۆرمەت كىيىملىرى كىيدۈرۈلىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشى ئەمەللىرىگە قارىتا مىنىدىغان نەرسىلەر تەييارلىنىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمىن ۋە ئىززەت - شەرەپلىك ماقاملىرىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

## قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال چاقىرىلىدىغان كىشى

قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال چاقىرىلىدىغان كىشى ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«قىيامەت كۈنى ئەڭ دەسلەپ قىلىپ چاقىرىلىدىغان كىشى ئادەم بولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆرۈنۈپ، ئۇلارغا:**

**ــ بۇ ئاتاڭلار ئادەم بولىدۇ، ــ دېيىلىدۇ. ئادەم:**

**ــ خوش، تائىتىڭگە تەييارمەن، ــ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئادەمگە:**

**ــ ئەۋلادلىرىڭدىن دوزاختا ئەۋەتىلىدىغانلارنى چىقارغىن، ــ دەپ بۇيرۇيدۇ، ئادەم:**

**ــ ئى رەببىم! قانچىلىك چىقىرىمەن؟ ــ دەيدۇ. ئاللاھ:**

**ــ ھەر يۈزدىن توقسان توققۇزنى چىقارغىن، ــ دەپ بۇيرۇيدۇ. ئەسھابىلەر:**

**ــ يا رەسۇلەللاھ! ئەگەر بىزدىن ھەر يۈزدىن توقسان توققۇزى ئېلىنسا، بىزدىن نېمە قالىدۇ؟ ــ دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ:**

**ــ ھەقىقەتەن، مېنىڭ ئۈممىتىم كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قارا ئۆكۈزدىكى بىر تال ئاق تۈكتەك ئاز بولىدۇ، ــ دېدى»[1].**

## مەھشەردىكى ئېغىرچىلىقنى يېنىكلىتىدىغان ئەمەللەر

قىيامەت كۈندىكى ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئىچىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىدىن شۇ قورقۇنچ ۋە قىيىنچىلىقنى يېنىكلىتىدىغان ئەمەللەرگە

---

(1) بۇخارىي (6529). بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى دېدىكى: «بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان دوزاختا يوللىنىدىغانلار گۇناھلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن دوزاختا كىرىشكە لايىق بولغانلاردۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ مەغفىرەت قىلىشى بىلەن دوزاختا كىرىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلار بار؛ شاپائەتكە ئېرىشىدىغانلار بار؛ دوزاختا كىرىپ، كېيىن يەنە دوزاختىن چىقىدىغانلار بار».

موھتاج بولىدۇ. بۇ يەردە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدىغان ۋە تارازىنى ئېغىرلىتىدىغان بىرمۇنچە ئەمەللەر بار، شۇنداقلا بۇ ئەمەللەر مەھشەردىكى قورقۇنچ ۋە ئېغىرچىلىقنى يەڭگىللىتىشكىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ئەمەللىرى ھەر تۈرلۈك بولىدۇ، بۇ ئەمەللەرنىڭ بەزىلىرى بەندىگە ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئەمەل قىلغۇچى مۆئمىنلەر تۈرلۈك بولىدۇ:

ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئۇزۇنلۇقى، قىيىنلىقى، ئىسسىقلىقى ۋە قورقۇنچىسى بىلەن دەھشەتلىك بولغان ۋە ئىنسانلار قاتتىق تەرلەپ كېتىدىغان ئاشۇ كۈندە ئاللاھ ئۆز سايىسىدە سايىتىدىغان ئىنسانلار بار. ئاللاھ سالىھ قەۋملەرنى ئايرىپ، ئۇلارنى ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىتىدۇ، ئۇلار كۆپ ۋە تۈرلۈك ئىنسانلار بولۇپ، ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق قىيامەت كۈنى ئاللاھ يەتتە تۈرلۈك كىشىنى ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىدۇ (ئۇلار): ئادىل پادىشاھ؛ ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن يىگىت؛ ئەس - يادى ھەمىشە مەسجىدكە باغلانغان كىشى؛ بىر - بىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، بىر يەرگە كەلگەن ۋە ئايرىلىشقان ئىككى كىشى؛ ئېسىل ۋە گۈزەل بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ‹ئاللاھتىن قورقىمەن› دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى؛ ئوڭ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپىي بەرگەن كىشى ۋە پىنھان جايدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ ياش تۆككەن كىشى»**[1].

ئۇلارنىڭ قاتارىدىن يەنە:

**1) ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ دوست بولۇشقانلار**

يەنى گۈزەللىك ئۈچۈن ياكى مەنسەپ ئۈچۈن، ياكى دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر -

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1423)؛ مۇسلىم (1031). ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىدىتىش بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان يەتتە تۈرلۈك كىشىگىلا خاس ئەمەستۇر. يەنە كۆپ ھەدىسلەردە ئاللاھنىڭ بۇلاردىن باشقا ئىنسانلارنىمۇ ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىدىتىدىغانلىقى ھەققىدە بايانلار بولۇپ، ئىبنى ھەجەر «**معرفة الخصال الموصلة الى الظلال**» دېگەن كىتابىدا بۇ خىسلەتلەرنى زىكىر قىلغان.

بىرىنى ياخشى كۆرۈپ دوست بولۇشقانلار. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«ھەقىقەتەن ئاللاھ قىيامەت كۈنى: ‹مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن دوستلاشقانلار قەيەردە؟ مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن› دەيدۇ»**[1].

**2) قول ئىلكىدە يوق كىشىگە مۆھلەت بەرگەن ياكى كەچۈرۈۋەتكەن سودىگەر**

كەمبەغەل كىشىگە رەھىم قىلىش ۋە ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويماسلىق پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ، قول ئىلكىدە يوق، قىيىنچىلىقتا قالغان كىشى يېتەرلىك ئىقتىساد تېپىۋالغۇچە ئۇنىڭدىن قەرزنى سۈيلىمەسلىك ياكى قەرزنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە ياكى ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى سايىدىتىدۇ»**[2] دېگەن. يەنە: **«كىمكى قەرزدارىدىن يەڭگىللەتسە ياكى ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدا بولىدۇ»**[3] دېگەن.

**3) قىيىنچىلىقتا قالغان ئادەمگە ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىدىغان ئادەم**

بۇمۇ ئالدىدىكى مەزمۇنغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ كەمبەغەللەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدىغان باي سودىگەردۇر. بۇ سودىگەرمۇ قەرزدارلارنى تەڭقىسلىقتا قويمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە قەرزنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھالىنى زىكىر قىلىپ دېدىكى: **«ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئاللاھ پۇل - مال بەرگەن بىر بەندە كەلتۈرۈلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا:**

---

(1) مۇسلىم (2566).

(2) مۇسلىم (3006).

(3) ئەھمەد (22612). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

— دۇنيادا نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دېدى. ئۇ بەندە:
— ئى رەببىم! سەن ماڭا مېلىڭدىن بەردىڭ، مەن كىشىلەر بىلەن سودا - سېتىق قىلىشاتتىم، بايلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە قەرزىنىڭ قايتۇرۇش مۆھلىتىنى سوزۇپ بېرەتتىم، — دېدى. ئاللاھ:
— مەن بۇنداق قىلىشقا سېنىڭدىنمۇ ھەقلىقراق، بۇ بەندەمنى كەچۈرۈڭلار، — دېدى»[1].

يەنە بىر ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «بىر ئادەم پەقەتلا ياخشىلىق قىلىپ باقمىغانىكەن، ئەمما كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدىكەن ۋە قەرزنى سۈيلەيدىغان ئادىمىگە: ‹قولىدا بارلاردىن ئالغىن، قىيىنچىلىقتا قالغانلاردىن ئالمىغىن، بەلكى كېچۈۋەتكىن. ئاللاھمۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كېتەر› دەيدىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا:

— سەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ باقتىڭمۇ؟ ـ دەپتۇ. ئۇ:
— ياق، لېكىن مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم بار ئىدى، مەن كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراتتىم، ئۇ خىزمەتكارىمنى قەرز يىغقىلى ئەۋەتكەنىدە، ئۇنىڭغا: "قولىدا بارلاردىن ئالغىن، قىيىنچىلىقتا قالغانلاردىن ئالمىغىن، بەلكى كېچۈۋەتكىن. ئاللاھمۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كېتەر" دەيتتىم، ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ:
ـ مەنمۇ سېنى كەچۈرۈۋەتتىم، ـ دەپتۇ»[2].

### 4) قېرىنداشنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان ئادەم

ئاللاھ ئىنسانلارنى بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىق، بىلىم - مەرىپەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە پەرقلىق قىلدى.

ئاللاھ بىر كىشىنى مەلۇم بىر نېئمەت بىلەن ئارتۇق قىلغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئۇنى قىيامەت كۈنى ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىدىتىشى ئۈچۈن، بۇ كىشىگە شۇ نېئمەتتىن مەھرۇم بولغان قېرىندىشىغا ياردەم

---

(1) ئەھمەد (17105). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.
(2) نەسائىي (4694). ئالبانىي («سەھىھۇلجامىئ»، 2078) «سەھىھ» دېگەن.

قىلىشى لايىق بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«كىمكى بىر مۆئمىندىن دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. كىمكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ»**[1].

### 5) ئادىل بولغۇچىلار

ئادىللىق ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ئەخلاقى بولۇپ، كىمكى بۇنىڭغا ئەمەل قىلسا پايدا ئۇنىڭ سۆھبەتدىشى، مۇۋەپپەقىيەت ئۇلپەتدىشى بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ دۇنيادا قەلبى ئارام تاپىدۇ، ئاخىرەتتە مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ ۋە دۈشمەنلىرى ئاز بولىدۇ، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

ئەمما، زۇلۇم قىلىش بولسا ئىبلىسنىڭ سۈپىتىدۇر ۋە ئۇلۇغلۇق، پاكلىقنىڭ دۈشمىنىدۇر. زۇلۇم زالىمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئادىللىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن قىيامەت كۈنى ئادىل بولغۇچىلارنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق قىلىدىغانلىقىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن، ئادىللىق قىلغانلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، رەھمان تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدۇ. —رەھمان تائالانىڭ ئىككىلا قولى ئوڭدۇر — ئۇلار ئۇلار ئىنسانلارغا قىلغان ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىسىدىكى ۋە ئىلكىدىكى ئىشلاردا ئادىل بولغان كىشىلەردۇر»** دېگەن[2].

يەنى بۇ ئىنسانلار كىشىلەر ئارىسىدىكى دەتالاشلاردا ھۆكۈم قىلىپ قالسا ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ. ئائىلى ۋە بالىلىرىغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۆز

---

(1) مۇسلىم (2699).

(2) مۇسلىم (1827).

ئىلكىدىكى ئىشلاردا ئادىل بولىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بىرەرسى پادىشاھ بولسا ياكى دۆلەت رەئىسى بولسا ياكى شىركەت مۇدىرى ياكى مەكتەپ مۇدىرى بولسا، ئادىل، ھەققانىي بولىدۇ.

دېمەك، ئۇلار ئادىل بولسا ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ.

### 6) ئاچچىقىنى يۇتقۇچىلار

غەزەپلىنىش ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولغان ناچار سۈپەتتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزەپلىنىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسھابلىرىدىن بىر كىشىگە: «غەزەپلەنمىگىن، غەزەپلەنمىگىن، غەزەپلەنمىگىن»[1] دەپ تەكرار ئېيتىپ نەسىھەت قىلغان.

غەزەپلىنىش قانچىلىغان يېقىن دوستلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتتى. قانچىلىغان ئىنسانلارنى ھاياتىدىن ئايرىدى ۋە دۈشمەنلىكلەرنى پەيدا قىلدى. ھەقىقىي باتۇر، ئەقىللىق كىشى غەزەپلەنگەن چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، نەپسىنى كونترول قىلالىغان كىشىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «چېلىشقاندا كۆپ يىقىتقان نوچى ئەمەس، ھەقىقىي نوچى دېگەن ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان كىشىدۇر»[2] دېگەن.

ئاچچىقىنى يۇتىدىغان ۋە غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغانلارنى ئاللاھ قىيامەت كۈنى مۇكاپاتلايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى (قارشى تەرەپكە) كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئاچچىقىنى يۇتسا، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ، شەھلا كۆزلۈك ھۆر پەرىلەردىن خاھلىغىنىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ» دېگەن[3].

### 7) مۇئەززىنلەر

(1) بۇخارىي (6116).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6114)؛ مۇسلىم (2609).

(3) ئەبۇ داۋۇد (4777). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 4777) «ھەسەن» دېگەن.

نامازغا چاقىرىش قۇربەت ۋە ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئىنسانلار ئەزان ئېيتىشنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولسا، ئەلبەتتە بۇ پەزىلەتنى تالىشىپ چەك تاشلاشقان بولاتتى. مۇئەززىن ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ياڭرىتىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە پەزىلەتلىك بولمىسۇن؟!

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**قىيامەت كۈنى بويۇنلىرى ئەڭ ئۇزۇن كىشىلەر مۇئەززىنلەردۇر**»[1] دېگەن. بويۇنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى – مۇئەززىنلەرنىڭ ئەزان ئېيتىشتىن ئىبارەت بۇ ياخشى ئەمەلگە مۇناسىپ كېلىدىغان گۈزەللىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاۋازلىرى بىلەن تەۋھىدنى ئېلان قىلىدىغان ۋە نامازغا چاقىرىدىغان ئەزان كەلىمىلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ. مۇئەززىنگە قىيامەت كۈنى ھەربىر ھۆل ۋە قۇرۇق نەرسە دۇنيادا ئېيتقان ئەزان ئاۋازىنىڭ تىلى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇرراھمان ئىبنى سائسائەگە: «قارىسام، سەن قويلارنى، سەھرانى ياخشى كۆرىدىكەنسەن، ئەگەر قويلىرىڭ بىلەن سەھرادا بولۇپ قالساڭ، نامازغا ئەزان ئېيتقىنىڭدا ئاۋازىڭنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەزان ئېيتقىن! چۈنكى، ئەزان ئېيتقۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان جىن، ئىنسان ۋە ھەرقانداق نەرسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان» دېدى[2].

**8) ئىسلامدا چىڭ تۇرۇپ ياشانغانلار**

ئىسلامنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ ئۈستىدە ۋاپات بولۇش چوڭ بەختتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار**﴾(«ئال ئىمران»: 3/102) دېگەن.

---

(1) مۇسلىم (387).

(2) بۇخارىي (609).

ئاللاھ تائالا ياشتا چوڭ ئادەمنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇنىڭ قېرىلىقىغا ئېھتىرام قىلىشقا ۋە ئۇ ئادەمگە قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇشقا بۇيرۇدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قايسىبىر ياش ياشانغان كىشىنى (ياشتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن) ھۆرمەتلەيدىكەن، ئۆزى قېرىغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشىنى مۇيەسسەر قىلىدۇ»[1] دېگەن. يەنە: «ياشانغان مۇسۇلماننى، ‹قۇرئان›نى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي، تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن ئادەمنى ۋە ئادىل ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش ئاللاھنى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[2] دېگەن. يەنە: «كىچىكلىرىمىزگە مېھىر - شەپقەت قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلار بىزدىن ئەمەس»[3].

ياشانغان مۇسۇلماننى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھۆرمەتلەيدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىسلامىيەتتە چېچى ئاقارغان بولسا، شۇ ئاق چاچلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇر بولىدۇ»[4] دېگەن.

### 9) تاھارەت ئالغۇچىلار

تاھارەت بولسا ناماز، «قۇرئان» ئوقۇش، تاۋاپ قىلىش ۋە باشقا بىرقانچە تۈرلۈك ئىبادەتلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر. تاھارەتنى پەقەت مۇئمىن كىشىلا مۇھاپىزەت قىلىدۇ. تاھارەت ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شوئارىدۇر، تاھارەت ئالغۇچىلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا تاھارىتىنىڭ تەسىرىنى تاپىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈندىكى ئىنسانلار توغرۇلۇق سۆزلەۋېتىپ: «مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن چىرايلىرى، پۇت - قوللىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ»[5] دېگەن. يەنە: «مۇئمىننىڭ (جەننەتتىكى) زىبۇزىنىنىتى تاھارەت ئالغان چاغدىكى سۇ يەتكەن جايغىچە يېتىدۇ»[6] دېگەن. بۇ ھەدىستە كۆزدە

---

(1) تىرمىزىي (2022). ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ»، 5012) «زەئىف» دېگەن.

(2) ئەبۇ داۋۇد (4843). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 4843) «ھەسەن» دېگەن.

(3) تىرمىزىي (1920). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 1920) «سەھىھ» دېگەن.

(4) تىرمىزىي (1634). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6307) «سەھىھ» دېگەن.

(5) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (136)؛ مۇسلىم (246).

(6) مۇسلىم (250).

تۇتۇلغىنى نۇر بولۇپ، بۇ قىيامەت كۈنى مۆئمىنگە نۇر بولۇپ، ئۇنى باشقا ئىنسانلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان زىننەت بولىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئىنسانلار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ۋە ئۇممەتلەر بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ قاتتىق داۋالغۇش بولغان چاغدا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىكى تاھارەت ۋە ناماز ئەھلىنى ئۇلارغا خاس بولغان سۈپەت بىلەن تونۇيدۇ، ئۇ بولسىمۇ پېشانىسى ۋە پۇتلىرىدىكى نۇردۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى:

**– مەن قىيامەت كۈنى سەجدە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان تۇنجى كىشىمەن ۋە بېشىنى كۆتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان تۇنجى كىشىمەن. (بېشىمنى كۆتۈرگەندىن كېيىن) ئالدىمغا قاراپ، باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدىن ئۈممىتىمنى تونۇيمەن. ئارقا تەرىپىمدىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئوڭ تەرىپىمدىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. سول تەرىپىمدىنمۇ شۇنداق بولىدۇ (يەنى ھەممە تەرەپتىن ئۈممىتىمنى تونۇيمەن). بىر كىشى:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى نۇھ (ئەلەيھىسسالام) دىن تارتىپ سىلىنىڭ ئۈممەتلىرىگىچە بولغان ئۈممەتلەر ئارىسىدىن ئۈممەتلىرىنى قانداق تونۇيدىلا؟ – دېگەنىدى، ئۇ زات:**

**– تاھارەتنىڭ ئەسەرىدىن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى ۋە پۇت - قوللىرى نۇرانە ھالەتتە بولىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇنداق ئەمەستۇر، – دېدى»[1].**

**10) «قۇرئان» ئەھلى**

«قۇرئان» ئۇنى ئوقۇغان ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا ئىززەت، ئاخىرەتتە نىجاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ. كېچە - كۈندۈز ۋاقتىنى «قۇرئان» ئوقۇش ۋە «قۇرئان»نى تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم قىيامەت كۈنى «قۇرئان»غا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئادەم بىلەن باراۋەر بولمايدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە «بەقەرە» بىلەن سۈرە «ئال ئىمران»نى ئوقۇغان ئادەمنى مەدھىيەلىگەن. بۇ ئىككى سۈرە

---

(1) ئەھمەد (21785). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

ئۇنى ئوقۇغان ئادەمنى ھەشر كۈنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇ زات دېدىكى: «‹قۇرئان› ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ. ‹بەقەرە› بىلەن ‹ئال ئىمران›دىن ئىبارەت نۇرلۇق ئىككى سۈرىنى ئوقۇڭلار. چۈنكى، بۇ ئىككى سۈرە قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى پارچە بۇلۇتتەك ياكى سايىۋەندەك ۋە ياكى قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئىككى قۇر بولۇپ تىزىلغان قۇشلاردەك، ئوقۇغان ئىگىلىرىنى ئاقلايدۇ. ‹بەقەرە›نى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، تاشلاپ قويۇش ھەسرەتتۇر. ئۇنىڭغا سېھرگەرلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ»[1].

يەنە دېدىكى: «قىيامەت كۈنى ‹قۇرئان› كېلىپ: ‹ئى رەببىم! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىززەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن ‹قۇرئان›: ‹ئى رەببىم! ئۇنىڭغا زىيادە قىلغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە بىر قۇر ئىززەت تونى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن ‹قۇرئان›: ‹ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. ئۇنىڭغا: ‹ئوقۇغىن، ئۆرلىگىن› دېيىلىدۇ ۋە ھەربىر ئايەتنىڭ باراۋىرىدە بىر ياخشىلىق زىيادە قىلىنىدۇ»[2].

### 11) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار

ئاجىزلارنى يوقلاپ تۇرۇش، پېقىرلارغا شەپقەت قىلىش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىش، مەھرۇم بولغان كىشىگە سىلە - رەھىم قىلىش، قىيىنچىلىقتا قالغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش ۋە غەم - قايغۇدا قالغۇچىنىڭ غەم - قايغۇسىنى يەڭگىللىتىش ئارقىلىق يۈز - ئابرۇيى، مېلى ۋە ئىلمى بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كىشىلەردىن ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىپ بېرىدۇ ۋە ئاسانلىق بېرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «كىمكى بىر مۆئمىندىن دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر

(1) مۇسلىم (804). بۇ ھەدىستىكى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈرە ‹بەقەرە› توغرۇلۇق سۆزىنىڭ مەنىسى: «سېھرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ سېھرلىرى بىلەن سۈرە ‹بەقەرە›نى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرغان كىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ» دېگەنلىكتۇر.

(2) تىرمىزىي (2915). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 1425) «ھەسەن» دېگەن.

**قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ»[1].**

## 12) ئاجىزلارغا ياردەم قىلغۇچىلار

ئاللاھ ئىنسانلارنى خىلمۇخىل مەرتىۋىلەردە قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن بىرقانچە دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بەزى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن زۇلۇم قىلىدۇ. لېكىن، يەنە بەزىدە كۈچلۈكلەرنىڭ ئىچىدە تەقۋادار مۆئمىنلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاجىزلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق كىشىلەرگە بېشارەت بېرىپ: **«كىمكى قېرىندىشىغا غايىبانە ياردەم بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدۇ»** دېگەن[2].

## ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر ئاشۇ كۈندىكى ئىمانلىق ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ئەھۋاللىرىدۇر. ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، ئۇ كۈندە ئاللاھقا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن كىشىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىنسانغا مال، يۈز - ئابرۇي ۋە بالىچاقا ئەسقاتمايدۇ. ساغلام قەلبلىكلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە باشقىلارغا ساختىپەزلىك قىلىش ۋە ھەسەت قىلىشتىن ساغلام بولغان، قەلبى ئىمان، راستچىللىق ۋە تەقۋالىق بىلەن تولغان كىشىلەردۇر.

---

(1) مۇسلىم (2699).

(2) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (14752). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6574) «ھەسەن» دېگەن.

## قىيامەت كۈندە ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋالى

چوڭ - كىچىك ھەر تۈرلۈك گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلماي تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ئۈستىدە ۋاپات بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ خاھلىشىدا بولىدۇ، ئاللاھ خاھلىسا ئۇنداق كىشىلەرنى ئازابلايدۇ، خاھلىسا مەغفىرەت قىلىدۇ.

كۆپ ھەدىسلەردە مەھشەردە ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، ئۇلار مەھشەردە ھەر تۈرلۈك، ھەرخىل شەكىللەردە ۋە ھەر خىل ئەھۋاللاردا بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ھەدىسلەردە ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان، يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بايانلار كەلگەن. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەھشەردە يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەمەللەردىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ قاتارىدىن:

**1) زاكاتتىن باش تارتقۇچىلار**

ئۇلار بەك خەتەرلىك ئەھۋالدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار مالدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىدىن ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىدىن باش تارتتى. ئۇلار ئاچكۆز، بېخىل ۋە ئىمانىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقلەردىن باش تارتتى. شۇڭا، مەھشەردە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇنىڭ پۇل - مېلى قىيامەت كۈنى ئىككى چاۋىغىيدا كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان بىر چوڭ تاز يىلاننىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنى چىرمىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇزىنى قاماللاپ تۇرۇپ، مەن سېنىڭ پۇل - مېلىڭمەن، مەن سېنىڭ يىغقان دەپىنە - دۇنيايىڭمەن، دەيدۇ» دېدى، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿*ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەننى سەرپ قىلماي بېخىللىق قىلىدىغانلار ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، ئەكسىچە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر، قىلىدىغان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن ئاللاھ*

خەۋەرداردۇر﴾(3/«ئال ئىمران»: 180)(1).

ئـاللاھ تائـالا يەنــە ئېيتقانكــى: ﴿ئالتــۇن - كۆمــۈش يىغىــپ، ئۇنــى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئـۇ كۈنـدە (يەنـى قىيامـەت كۈنـدە) ئـۇ ئالتـۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بـۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلەر ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئـادا قىلمىدىڭلار). يىغقـان ئالتـۇن - كۈمۈشـۈڭلارنىڭ ۋابالىنـى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴾(9/«تەۋبە»: 34، 35).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

– ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاختا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر ئالتۇن - كۈمۈش پەتنۇستەك كەڭ قىلىنىپ جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ بىقىنى، يۈزى ۋە دۈمبىسى داغلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سوۋۇپ قالغان ھامان قايتا ئوتتا قىزىتىلىپ تۇرىدۇ، – دېگەندى، ئەسھابىلەر:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا تۆگىچۇ؟ – دەپ سورىۋىدى، ئۇ زات:

– تۆگىسىدىكى ھەقنى ئادا قىلمىغان كىشى جازالىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھەققىنىڭ بىرسى ئۇنى سۇغارغىلى ئەكەلگەن كۈنى ئۇنى سېغىپ سۈتىنى كىشىلەرگە بېرىشتۇر. قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننىتى ياكى دوزىخى ئېنىقلىنىپ بەلگىلەنگۈچە ئۇ كىشى تۈپتۈز دۈم ياتقۇزۇلۇپ، تۆگىگە تاشلاپ بېرىلىدۇ. تۆگە ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر بولۇپ بارلىق بوتىلاقلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇنى ئىگىسىنى دەسسەپ چىشلەپ ئۆتىدۇ. ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندىن

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1403)؛ مۇسلىم (987).

**كېيىن، يەنە قايتىدىن ئىگىسىنى دەسسەپ چىشلەپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ، – دەپ جاۋاب بەردى. ئەسھابلەر:**

**– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا قوي - كالىلارچۇ؟ – دەپ سورىغاندى، ئۇ زات:**

**– قوي، كالىلىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى ٥٠ مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتتى ياكى دوزىخى ئېنىقلىنىشقا قەدەر مال ئىگىسى ئۆزىنىڭ كالا، قويلىرىغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ موزاي ۋە پاقلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەگرى مۈڭگۈزلۈك ياكى مۈڭگۈزسىز، ياكى سۇنۇق مۈڭگۈزلۈك بولمايدۇ. ئۇلار مال ئىگىسىنى بىر - بىرلەپ ئۈسسۈپ دەسسەپ ئۆتىدۇ. ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن شۇنداق ئۆتۈشكە باشلايدۇ، – دەپ جاۋاب بەردى»[1].**

**2) مۇتەكەببىرلەر**

كىبىر بىر خىل ئاقىۋەتى ئېغىر بولغان ئىللەت بولۇپ، مۇتەكەببىرنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلمايدۇ. بەلكى قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. مۇتەكەببىردىن كىشىلەر قاچىدۇ، دانالار ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ ۋە چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەملەر ئۇنى يامان كۆرىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتەكەببىرنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: **«مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى ئادەم سۈرىتىدە، ئەمما ھەجىمدە كىچىك چۈمۈلىلەردەك ھەشر قىلىنىدۇ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن خارلىق قاپلايدۇ»**[2] دېگەن.

بۇ ھەدىستىكى «الذر / كىچىك قىزىل چۈمۈلىلەر» بولۇپ، بۇ چۈمۈلىلەرگە كىشىلەر پەرۋا قىلماستىن بىلىپ - بىلمەي دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى قاتتىق خار بولىدىغانلىقى ۋە كۆزگە ئىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن باشقا

---

(1) مۇسلىم (987).

(2) تىرمىزىي (2492). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 8040) «ھەسەن» دېگەن.

ئىنسانلار ئۇلارنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

### قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا گەپ قىلمايدىغان گۇناھلار

نۇرغۇن ئىنسانلار باركى، ئۇلار كۆپ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدىغان ھالدا بارىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ بەك پەس كۆرۈلىدىغانلىقى، مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقى ۋە ئەمەللىرىنىڭ قەبىھ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقارغۇچى ئاسىي - گۇناھكارلارغا يېتىدىغان ئازاب تۈرلۈك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بەندىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭغا گەپ قىلمايدىغانلىقى ۋە قارىمايدىغانلىقى بۇ ئازابلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى كىتاب ۋە سۈننەتتە بۇ خىلدىكى ئىنسانلارنىڭ قىلمىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

1) پوپلار، راھىبلار ۋە ئالىملار

ئۇلار بىر ئەرزىمەس ئىشنى رازى قىلىش ياكى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن شەرئىي ئىلىمنى يوشۇرغان ۋە پەتىۋانى ئۆزگەرتىپ، ھەقنى سۆزلىيەيدىغان تۈرلۈك ھەقنى سۆزلىمىگەن كىشىلەردۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاللاھ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ***﴾(2/«بەقەرە»: 174)، ﴿***ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ***﴾(3/«ئال ئىمران»: 77).

**2) ئىشتىننى ئۇزۇن قىلىۋالغۇچى**

بۇ ئىشتىنىنى ئوشۇقلىرىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈۋالىدىغان ئادەمدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ: «ئىزارنىڭ ئىككى ئوشۇقتىن تۆۋەنلەپ كەتكىنى دوزاختىدۇر» دېگەن[1].

دېمەك، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشتاننى ئۇزۇن قىلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇنداق قىلغۇچىلارغا مەھشەر كۈنى ئازاب بولىدىغانلىقى بىلەن خەۋەر بەردى.

**3) يالغان قەسەم بىلەن مېلىنى ساتقۇچى**

ئومۇمىي جەھەتتىن كۆپ قەسەم قىلىش يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿***قەسەملىرىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە - كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار)***﴾(5/«مائىدە»: 89) دېگەن. بۇنداق بولغانىكەن، ناۋادا بىر ئادەم يالغان قەسەم قىلىۋەرسە، ئۇ بەك چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

يالغان قەسەم قىلىپ مال ساتقۇچى «مېلىم ياخشى» دەپ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ باشقىلارغا مېلىنى ساتىدۇ، شۇڭا ئۇ كاززابتۇر.

**4) مىننەت قىلغۇچى**

بۇ باشقىلارغا بىرنەرسە بېرىپ، كەينىدىن بەرگىنىگە مىننەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى خىجالەتتە قويۇش ئۈچۈن، قىلغان ياخشىلىقىنى تىلغا ئالىدىغان كىشىدۇر.

يۇقىرىدىكى كىشىلەر ھەققىدە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاخىرەت كۈنى

---

(1) بۇخارىي (5787). (كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئىزارنى ئوشۇقتىن ئۇزۇن كىيىشنىڭ ھاراملىقىنى كىبىرگە باغلىغان بولۇپ، كىبىر بولمىغاندا ھارام بولمايدۇ دەپ قارىغان. چۈنكى، «سەھىھەين»دىكى يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىزارنى سۆرىۋالغان كىشىگە ئاللاھ (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ» دېگەن. بۇ مۇتلەق ھەدىسنى مۇقەييەدكە باغلاپ چۈشىنىش، دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ يەكۈن چىقىرىش ۋە بىرىنى تۇتۇپ، بىرىنى تاشلاپ قويماسلىقتىن ئىبارەت ئۇسۇلىي قائىدىگە ئۇيغۇندۇر — ت.)

**ئاللاھ ئۈچ خىل ئادەملەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ۋە ئۇلارغا قارىمايدۇ ھەم ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەنىدى، مەن:**

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار زادى قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار ياخشىلىقتىن قۇرۇق قېلىپ زىيان تارتىپ كەتتىلەر، – دېدىم، ئۇ زات بۇ سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن:

**– ئىشتىنىنى ئۇزۇن قىلىۋالغان ئادەم، يالغان قەسەم ئىچىپ مېلىنى ساتقان ئادەم ۋە مىننەت قىلغۇچى ئادەم، – دېدى[1].**

### 5) سۇغا بېخىللىق قىلغۇچى

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بېخىللىق ئىنسان نەپسىنىڭ پەسلىكىگە ۋە تەبىئىتىنىڭ ناچارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان قەبىھ ئىشتۇر. ئەگەر ئىنسان باشقىلار قاتتىق ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، بەرسە ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدىغان نەرسىگە بېخىللىق قىلسا، ئۇنىڭ قەبىھلىكى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدا شېرىكتۇر» دەپ[2] خەبەر بەرگەن سۇغا بېخىللىق قىلىشتۇر.

### 6) بەيئەتكە سادىق بولمىغان ئادەم

باشقىلار بىلەن پۈتۈشكەن توختام - كېلىشىملەر ۋە ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلىش قاتارلىقلار ۋەزنى چوڭ ئىشلار بولۇپ، توختام - كېلىشىملەر بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇنىڭغا ھىيلە ئىشلىتىش ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان خەتەرلىك ئىشلاردۇر.

يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئۈچ تۈرلۈك ئادەم باركى، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قارىمايدۇ. ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، يەنە ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب باردۇر: بىرى، يول بويىدا ئېشىنچە سۈيى تۇرۇپمۇ ئۇنى يولۇچىلارغا بەرمەي تۇرۇۋالغان ئادەم؛ يەنە**

---

(1) مۇسلىم (106).

(2) نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمانلار ئوت - چۆپ، سۇ ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە شېرىكتۇر» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (3479). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 3477) «سەھىھ» دېگەن — ت.

**بىرى، ئىسلام خەلىپىسىگە بۇ دۇنيالىقنى كۆزلەپ بەيئەت قىلىپ، خەلىپە ئۇنىڭغا بىرنەرسە بەرسە رازى بولۇپ، بەرمىسە نارازى بولغان ئادەم؛ يەنە بىرى، ناماز دىگەردىن كېيىن تاۋىرىنى بازارغا سېلىپ قەسەم قىلغان ئادەم» دېگەن[1].**

### 7) زىناخور قېرى

**بۇ يەردىكى قېرى ياشتا چوڭ ياشانغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئىنسانلار نەپسىنىڭ پەسلىكى، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى، پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلىقى ۋە دىنىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھ - مەئسىيەتكە چاقىرىدىغان سەۋەبلەر ئاجىز بولسىمۇ، گۇناھ ئىشلارغا پېتىپ كېتىدۇ. مىسال بىلەن سۆز ئايدىڭلىشىدۇ: ياشانغان، قېرى بىر ئادەم سۆڭەكلىرى شالاڭشىپ كەتكەن، شەھۋىتى ئاجىزلاشقان ۋە شەھۋىتىنىڭ قوزغىلىشى ئازلاپ كەتكەن تۇرۇقلۇق زىنا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى شەھۋىتى زىناغا ئۈندەپ تۇرىدىغان ياش ئادەمنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر بولىدۇ.**

**شۇنى بىلىش كېرەككى، زىنا، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، چوڭ گۇناھتۇر. زىنا قىلغۇچى قېرى بولسۇن ياكى ياش بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، بۇ گۇناھى ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلىغان ۋە مەخلۇقاتتىن يوشۇرۇنۇپ، ياراتقۇچىنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆزگە ئىلمىغان بولىدۇ.**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2358)؛ مۇسلىم (108). بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرى يولۇچىغا سۇ بەرمىگەن كىشىدۇر. بۇ يولۇچى سەپەردە كېتىۋېتىپ، ئۇسساپ كەتكەندە بىر كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ سۇ سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئارتۇق سۈيى بولسىمۇ بېخىللىق قىلىپ سۈيىدىن بەرمەيدۇ. يەنە بىرى، ئەسىردىن كېيىن مال ساتىدىغان ۋە مېلىنى كۆرسەتكەندە خېرىدارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، يالغان قەسەم قىلىدىغان سودىگەردۇر. مال ساتقاندا راستچىل بولغان تەقدىردىمۇ، كۆپ قەسەم قىلىش هارامدۇر، ئەگەر يالغان ئېيتقان بولسا، گۇناھى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئەسىردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشى كۆپرەكتۇر. ئۇنىڭسىزمۇ ھەممە ۋاقىتلاردا سودىغا قەسەم قىلىشنىڭ ھۆكمى ئوخشاش ھارامدۇر. يەنە بىرى، خەلىپىگە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلغان كىشى بولۇپ، ئەگەر بۇ خەلىپە ئۇنىڭغا پۇل ـ مال ۋە سوۋغىلارنى بېرىپ تۇرسا، بەيئىتىگە ۋاپا قىلىدۇ. ئەگەر بىرنەرسە بەرمىسە خىيانەت قىلىدۇ ۋە ئەھدىنى بۇزىدۇ.

**8) يالغانچى پادىشاھ**

**يالغانچى پادىشاھ ھەققىدە بۇ ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى. چۈنكى، ئىنساننى يالغانچىلىققا ئىلىپ بارىدىغان سەۋەب باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قىزىقىش بولۇپ، ئۇ بۇ مەقسەتتە نۇرغۇن ئەيسانىلەرنى ۋە باتۇرلۇقلارنى توقۇپ چىقىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، ياكى مال - دۇنيا تېپىش ئۈچۈن يالغان ئېيتىدۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ بۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى يوق. چۈنكى، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىدۇ، ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە مال - دۇنيا ئۆزلىكىدىن ئالدىغا كېلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ نەپسىنىڭ پەسلىكى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ۋە پەرۋەردىگارىنى ئۇلۇغلىمىغانلىقى ئۈچۈنلا يالغان گەپ قىلىدۇ.**

**بۇ ھەرگىزمۇ «پادىشاھتىن باشقىلار يالغان گەپ قىلسا دۇرۇس بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى يالغانچىلىق تېخىمۇ ئېغىر گۇناھلارغا، ئېغىر گۇناھلار دوزاخقا باشلايدۇ.**

**9) كىبىرلىك پېقىر**

**بۇنداق ئادەمنىڭمۇ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، كۆرپىسى يىرىك، ماشىنىسى ۋە ئۆيى كونا، كىبىرلىك قىلغۇدەك بىرنەرسىسى بولمىسىمۇ، باشقىلارغا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ قولىنى پۇلاڭلىتىپلا سالام قىلىدۇ ۋە زېمىندا غادايغان ھالدا ماڭىدۇ.**

**شۇنى بىلىش كېرەككى، كىبىرلىك مەيلى بايدىن ياكى كەمبەغەلدىن سادىر بولسۇن، مۇتلەق ناچار ئىللەتتۇر. يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدىغان، گۇناھلىرىنى پاكلىمايدىغان، قارىمايدىغان ۋە دەھشەتلىك ئازابقا قالىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان پاھىشۋاز، يەنە بىرى يالغانچى پادىشاھ، يەنە بىرى كىبىرلىك نامرات»[1] دېگەن.**

(1) مۇسلىم (107).

يۈقىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ.

### ئاللاھ قىلغۇچىلارغا (رەھمەت نەزەرى بىلەن) قارىمايدىغان گۇناھلار

قىيامەت كۈنى ئاللاھ گەپ قىلمايدىغان بىرمۇنچە ئىنسانلار بولغاندەك، يەنە بىرمۇنچە ئىنسانلار باركى، ئۇلارنى ھاقارەتلەش، كۆزگە ئىلماسلىق ۋە خار قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قارىمايدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرقاتار گۇناھلارنى زىكىر قىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى قىلغان كىشىلەرگە قارىمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ بەندىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭغا قارىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندە خار بولىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ.

ھەدىستە زىكىر قىلىنغان ئاشۇ تۈردىكى ئىنسانلارنىڭ جۈملىسىدىن:

**1) تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىشتىنىنى ئۇزۇن قىلىۋالغۇچى**

كىيىمنىڭ پۇشقىقىنى ئۇزۇن قىلىش ۋە ئۇنى ئوشۇقلىرىنىڭ ئاستىدا قىلىپ سۆرەپ مېڭىش ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەسلىدە مۇسۇلمان كىشى كىيىمنى ئوشۇقلىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ كىيىشى كېرەك.

ئەگەر كىيىمنىڭ پۇشقىقىنى ئۇزۇن قىلىپ كىيىش بىلەن كىبىرلىك بىرلىشىپ قالسا، گۇناھ تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھاقارەتلەش ۋە جازالاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئاللاھ قىيامەت كۈنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىزارىنى سۆرىۋالغان كىشىگە (رەھمەت نەزەرى بىلەن) قارىمايدۇ»**[1] دېگەن. يەنە: **«تەكەببۇرلۇقتىن ئىزار، كۆينەك ۋە سەللىنى ئۇزۇن قىلىۋالغان ئادەمگە ئاللاھ قىيامەت كۈنى قارىمايدۇ»**[2] دېگەن.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5788)؛ مۇسلىم (2087).

(2) نەسائىي (5334). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي»، 5349) «سەھىھ» دېگەن.

**2) ئاتا - ئانىسنى قاقشاتقۇچى**

ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش ئېغىر گۇناھ ۋە تۇزكورلۇق بولۇپ، ئاللاھ «قۇرئان»دا ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ ھەققىگە ئەگەشتۈرۈپ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾(17/«ئىسرائ»: 23) دېگەن. ئاللاھ يەنە ئۆزىگە شۈكۈر قىلىشنى ئاتا - ئانىغا شۈكۈر قىلىش بىلەن يېقىن قىلىپ: ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾(31/«لۇقمان»: 14) دېگەن.

ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى ياكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن قىلىنىشىدىن خۇرسەن بولسا، خىش - ئەقرىبالىرىغا سىلە - رەھىم قىلسۇن» دېگەن[1]. ۋە مەھشەردە قاقشاتقۇچىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھ ئۇنىڭغا قارىغمايدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى.

**3) ئەرلەرگە ئوخشۋالغان ئايال**

ئەر، ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە كىيىملىرىدە، گەپ - سۆزلىرىدە ۋە باشقا ئىشلىرىدا ئوخشىۋېلىشى ناچار ئىش بولۇپ، بۇ ئىنسان خاراكتېرىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشتۇر.

بىزنىڭ بۇ زامانىمىزدا بىر قىسىم ئىنتېرنېت سەھىپىلىرى ۋە ناچار سۈنئىي ھەمراھ قاناللىرى ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلار كەڭ ئومۇملىشىپ، ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ كىيىمىنى كىيىدىغان، ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ كىيىمىنى كىيىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك بولغىنى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ ئەر، ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالا ياراتقان تەبىئىي جىنسنى ئۆزگەرتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىدۇر. بۇ ئوپېراتسىيە، ھورمۇن دورىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئەر كىشى ئۆزىنى ئايالغا، ئايال كىشى ئۆزىنى ئەرگە ئۆزگەرتىدۇ.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2067)؛ مۇسلىم (2557).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئەر، ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە ئوخشۇپلىشنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى ۋە ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلغانلارغا قىيامەت كۈنى قارىمايدىغانلىقى بىلەن خەبەر بەردى.

**4) دەييۇس**

بۇ ئايالى ۋە قىزلىرىنىڭ ناچار قىلمىشلىرىغا كۆز يۇمىدىغان، ئائىلىسىنى بۇزۇقچىلىقتىن قوغدىمايدىغان، ئاياللىرىنى كونترول قىلالمايدىغان ۋە ئاچچىقلانمايدىغان، ئۇلارنى ئورۇنۇشقا، ھىجابلىنىشقا بۇيرۇمايدىغان، كىشىدۇر. بۇنداق ئادەم ئادەمىيلىكىنى ۋە ئەركەكلىكىنى يوقاتقان بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقىلار ھەققىدە: **«ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا قارىمايدۇ: ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئايال ۋە دەييۇس. يەنە ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ: ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى، داۋاملىق ھاراق ئىچكۈچى ۋە بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلغۇچى»** دېگەن[1].

**5) ئايالىنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كەلگەن كىشى**

ئاللاھ تائالا ئەر، ئاياللارنى بىر - بىرىگە مايىل بولىدىغان قىلىپ ياراتتى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ئۈچۈن شەرئىي يوللارنى بېكىتىپ بەردى، بۇنىڭدىن باشقا يوللارنى ھارام قىلدى. ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئارقىسىغا (مەقئەتىگە) يېقىن كېلىشى ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئايالىنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كەلگەن كىشى لەنەت قىلىنغۇچىدۇر»**[2] دېگەن. يەنە بۇنداق قىلغان كىشىلەرنى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قارىمايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ: **«ھەقىقەتەن، ئايالىنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كەلگەن كىشىگە ئاللاھ (رەھمەت نەزەرى بىلەن) قارىمايدۇ»**[3] دېگەن.

---

(1) نەسائىي (2562). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي»، 2561) «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەبۇ داۋۇد (2162). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 2162) «سەھىھ» دېگەن.

(3) ئەبۇ داۋۇد (2162). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1691) «سەھىھ» دېگەن.

## سادىر قىلغۇچىلارغا يۈگەن سېلىنىدىغان گۇناھلار

بۇ تۈردىكى ئىنسانلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان يۈگەن سېلىنىدۇ، ئاللاھقا سىغىنىپ ئوتتىن پاناھلىق تىلەيمىز. ئۇلار بولسا باشقىلار دىنىي مەسىلىلەردە پەتىۋا سورىسا، ئىلمىنى يوشۇرغان ۋە ئىلمىنى ئۆگىتىشكە قۇدرىتى يېتىدىغان، ئىلىم ئۆگەتسە ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدىغان تۇرۇقلۇق باشقىلارغا ئىلىم ئۆگەتمىگەن كىشىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى بىرەر ئىلىم توغرۇلۇق سورالسا ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان بولسا، قىيامەتتە ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ»** دېگەن[1].

## ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا غەزەپ قىلىنغان ھالدا بارىدىغانلار

ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇنىڭ غەزىپىدىن پاناھلىق تىلەيمىز ۋە ئاللاھتىن ھەممىمىزگە رەھمەت قىلىشىنى سورايمىز. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۇل - مېلىنى يۇلۇۋېلىش مەقسىتىدە يالغاندىن قەسەم ئىچسە، ئۇ ئاللاھقا ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ»**[2] دېگەن.

**1) كۆپ نېئمەت ئاتا قىلىنغان بايلار**

ئاللاھ ئاتا قىلغان نېئمەتلەردىن نورمال ھالدا ئىسراپ قىلماستىن مەنپەئەتلىنىش مۇباھ ئىش بولۇپ، ئىنسان بۇ نېئمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلسا ۋە ئاللاھقا ھەمد ئېيتسا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

لېكىن، يەپ - ئىچىشتە بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئىسراپ قىلىش ناچار ئادەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېكىرىپ كەتكۈدەك كۆپ تاماق يەيدىغان بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، بۇ ئەھۋالنى يامان كۆرگەندەك قىلىپ: **«بىزنىڭ قېشىمىزدا كېكىرمە! بۇ دۇنيادا قورساقى بەك تويغانلار قىيامەت كۈنى ئەڭ ئۇزۇن ئاچ**

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (3658). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 3658) «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2416)؛ مۇسلىم (138).

**قالىدىغانلاردۇر»**[1] دېگەنىدى. يەنە: «ھەقىقەتەن، دۇنيادا پۇل - مېلى كۆپ بولغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ساۋاب جەھەتتىن نامرات ئادەملەردۇر، پەقەتلا ئاللاھ مال - دۇنيا بەرسە، مال - دۇنيانى ئوڭ تەرىپىگە، سول تەرىپىگە، ئالدىغا ۋە ئارقىغا سەرپ قىلغان، ئۇنى ياخشىلىققا خەجلىگەن كىشى بۇنىڭ سىرتىدا»[2] دېگەن. يەنە: «دۇنيادا پۇل - مېلى كۆپ بولغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ساۋاب جەھەتتىن نامرات ئادەملەردۇر، لېكىن مالنى مۇنداق، مۇنداق سەرپ قىلغان ئادەملەر بۇنىڭ سىرتىدا»[3] دېگەن.

**2) خىيانەتكارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى**

خىيانەت قىلىش مۇناپىقنىڭ سۈپىتىدۇر. مۇناپىق باشقىلار ئۇنىڭغا بىرنەرسىنى ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ قىيامەت كۈنى قاتتىق رەسۋا قىلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئەھدىگە خىيانەت قىلغۇچىغا بىر تۇغ تىكلىنىپ: ‹بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پوكۇنىنىڭ خىيانىتى› دېيىلىدۇ»**[4] دېگەن.

دېمەك، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان بايراق كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ كىشى بۇ بايراق بىلەن رەسۋا قىلىنىدۇ. بۇ بايراق ئۇنىڭ ساغرىسىغا قادىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قىيامەت كۈنى ھەر بىر خىيانەتكارنىڭ ساغرىسىغا بىردىن بايراق تىكىلىدۇ»**[5] دېگەن.

ئىنساننىڭ قىلغان خىيانىتى قانچە چوڭ بولسا، بايراقمۇ شۇنچە ئېگىز بولىدۇ. بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەربىر خىيانەتكار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ خىيانىتىگە قارىتا ئېگىزلىتىلىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئومۇمنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا**

---

(1) تىرمىزىي (2478). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4491) «ھەسەن» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6443)؛ مۇسلىم (94).
(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6268)؛ مۇسلىم (990).
(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6178)؛ مۇسلىم (1735).
(5) مۇسلىم (1738).

خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ خىيانىتىدىنمۇ چوڭ خىيانەت يوق» دېگەن[1].

بۇ ھەدىستە دېيىلگەن خەلقكە باشلىق بولغان كىشى بولسا ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى رەئىستۇر. ئەگەر ئۇ ۋەدىسىدە تۇرمىسا، ئۇنىڭ زىيىنى كۆپ ئىنسانلارغا يېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ھۆكۈمرانلىقتا ئۇنىڭغا بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاپاسىزلىق قىلىشقا ھاجىتى يوق. يەنە كېلىپ، ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ قالسا، كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، قارشى تەرەپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشقا ۋە ھەققىنى ئېلىشقا پېتىنالمايدۇ.

بۇ ھەدىستىكى «مەسئۇل» شىركەت باشلىقى، مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مەسئۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خىيانەتكار

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر، خىيانەتكار ئۈچۈن ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ۋە ھەج مەۋسۇملىرىدە بايراق كۆتۈرەتتى ۋە جىنايەتچىنى جىنايىتى بىلەن سازايى قىلدۇراتتى. ئەگەر جىنايەتچى ئوغرىلىق قىلغان كىشى بولسا، ئۇنى رەسۋا قىلىش ۋە يەنە ئوغرىلىق قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، ئوغرىلىغان نەرسىسى بىلەن قوشۇپ كىشىلەر ئارىسىدا سازايى قىلدۇراتتى.

### 3) غەنىيمەتتىن ئوغرىلىغۇچى

غەنىيمەت مۇسۇلمان مۇجاھىدلار دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەردىن ئولجا ئالغان مال بولۇپ، ئۇنى مۇجاھىدلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئوغرىلاش ئېغىر گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا غەنىيمەتتىن ئوغرىلىغان كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ دېگەنكى: ***﴿كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە***

---

(1) مۇسلىم (1738).

***تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ***﴾(3/«ئال ئىمران»: 161).

غەنىيمەتتىن ئوغرىلاش ئېغىر گۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىنى بۇنداق قىلىشتىن ھەردائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئارىمىزدا تۇرۇپ غەنىيمەتكە قارا ساناشنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ئېغىر ئېلىپ ۋە ئۇنى ئېغىر قىلمىش دەپ ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: **‹قىيامەت كۈنى ھېچبىرىڭلارنى گەدىنىگە مەرەپ تۇرغان قوي ئارتىلغان، كىشنەپ تۇرغان ئات ئارتىلغان ھالدا: "ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزغايلا!" دېگەن تۇرقىدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: "سەن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) يەتكۈزگەن ئىدىم" دەيمەن. يەنە ھېچبىرىڭلارنى گەدىنىگە بوقىراپ تۇرغان تۆگە ئارتىلغان ھالدا: "ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزغايلا!" دېگەن تۇرقىدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: "سەن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم" دەيمەن. يەنە ھېچبىرىڭلارنى گەدىنىگە ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىلغان ھالدا: "ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزغايلا!" دېگەن ھالدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: "سەن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم" دەيمەن ياكى ئۇ گەدىنىگە لەپىلدەپ تۇرغان رەختلەر ئارتىلغان ھالدا: "ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزغايلا!" دېگەن ھالدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: "سەن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم" دەيمەن›»**[1].

بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى غەنىيمەت ئوغرىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى دۈمبىسىدە ۋە بوينىدا ئوغرىلىغان نەرسىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا كېلىدۇ. ئۇلار ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈش بىلەن ئازابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن چارچىتىلىدۇ، ئاۋازى بىلەن قورقۇتۇلىدۇ ۋە خالايىقلار ئالدىدا

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3073)؛ مۇسلىم (1831).

جىنايىتىنى ئاشكارا قىلىش بىلەن رەسۋا قىلىنىدۇ.

ۋالىيلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىگە خىيانەت قىلىشىمۇ خىيانەتنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، تۆۋەندىكى ھەدىستە بۇ ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇلغان:

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئەسھابلىرىنى يېزا - قىشلاق ۋە قەبىلىلەردىن زاكات يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتەتتى. بىر قېتىم ئەزد قەبىلىسىدىن ئىبنى لۇتبىييە دېيىلىدىغان بىر كىشىنى زاكات يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ تۆگە ياكى قوي ئىگىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن پەرز زاكاتنى ئالغان ئىدى. تۆگە ياكى قوينىڭ ئىگىسى پەرز زاكاتنى بەردى ۋە يەنە ئىبنى لۇتبىييەگە ئايرىم ھەدىيە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى لۇتبىييەنىڭ يېنىدا پەرز زاكاتتىن بولۇپ، ھەدىيەلەردىن بولۇپ نۇرغۇن قوي ۋە تۆگىلەر يىغىلدى. ئۇ بۇ قوي ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە: ‹مانا بۇ يىغىلغان زاكات بولسا سىلەرنىڭدۇر، بۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىنغىنىدۇر› دېدى.

بۇ چاغدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بەيتۇلمالدىن ھەققىنى ئالىدىغان خىزمەتچى تۇرۇقلۇق ھەدىيە ئالغانلىقىغا ئاچچىقلاندى. ئەگەر خىزمەتچىلەرنىڭ ھەدىيە قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلسا، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە سەل قارىشىغا ياكى پارا قوبۇل قىلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خىل ئەھۋالغا قەتئىي يول قويماسلىقنى ئويلاپ، مۇنبەرگە چىقىپ: «بىر زاكاتچىنى ئەۋەتسەك، قايتىپ كېلىپ: ‹ماۋۇ سىلىنىڭ، ماۋۇ مېنىڭ› دەپ تۇرۇۋالغىنى قانداق گەپ؟! ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ سوۋغا قىلىنامدۇ ياكى قىلىنمامدۇ قاراپ باقسا بولمامدۇ؟! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، زاكاتتىن نېمىنى ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاشۇ ئالغان نەرسىنى چوقۇم بويىندا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، بوزلاپ تۇرغان تۆگە بولامدۇ ياكى مۆرەۋاتقان كالا بولامدۇ، ياكى مەرەۋاتقان قوي - ئۆچكە بولامدۇ بويىندا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ» دېدى[1].

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7174)؛ مۇسلىم (1832).

بۇ كاتتا ھەدىستۇر. چۈنكى، مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش ۋە بازار باشقۇرۇش، ئاممىۋى دوختۇرخانا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭ ھەدىيە قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش خىزمەتچىلەرنىڭ ھەدىيە قوبۇل قىلىشتا يەڭگىلتەكلىك قىلىشى ھەدىيە بەرگەن كىشىنى ياخشى كۆرۈپ، باشقا ئىنسانلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىككە ۋە بايلارنى، كۈچلۈكلەرنى ھۆرمەتلەپ، پېقىرلارغا، ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ساڭا خىزمىتىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن بىرنەرسە ھەدىيە قىلىنغان بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭ قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلغان بولساڭ، ئۇنى قىيامەت كۈنى گەدىنىڭدە كۆتۈرگەن ھالدا ئېلىپ كېلىسەن. كىمكى خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى شۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن بىللە كېلىدۇ.

### 4) زومىگەرلىك بىلەن يەر تارتىۋالغۇچى

بىز بۈگۈنكى كۈنىمىزدە باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ياكى ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتلىنىدىغان يەرلەرنى زومىگەرلىك بىلەن تارتىۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ئادەملەرنى كۆپ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ تۈردىكى ئىنسانلارنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق **ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىمكى زېمىندىن ئازغىنە نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالىدىكەن، قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىننىڭ تەكتىگە يۇتقۇزۇۋېتىلىدۇ»**[1] دېگەن.

### 5) ئىلكىدە بار تۇرۇپ تىلىگەن كىشى

ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقى بىلەن كۈپايە قىلىپ، باشقىلاردىن سورىمىغان ۋە باشقىلارغا ئۆزىنى خار قىلمىغان پاك پېقىر باشقىلاردىن سوراپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پېقىرلىقى ۋە ھاجىتىنى شىكايەت قىلغان پېقىردىن ياخشىدۇر. بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ بولىدىغىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكتىن يېتەرلىك نەرسىسى بار تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىنى مەقسەت قىلىپ تىلىگەن

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2454)؛ مۇسلىم (1610).

كىشىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– كىمكى يېنىدا باشقىلاردىن بىھاجەت بولغۇدەك نەرسىسى بار تۇرۇپ تىلىگەن بولسا، تىلىگەن نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ يۈزىدە تارتۇۋق بولغان ھالدا كېلىدۇ، – دېدى.**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! باشقىلاردىن بىھاجەت بولغۇدەك نەرسە نېمە؟ – دەپ سورالغانىدى، ئۇ زات:**

**– ئەللىك دىرھەم ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدىكى ئالتۇندۇر، – دېدى[1].**

**6) نامازنى قولدىن بېرىدىغان ئادەم**

ناماز – ئىسلامنىڭ بەش تۈۋرۈكىنىڭ بىرى، ئاللاھنى بىر دەپ تونۇغان مۇئمىنلەرنىڭ كۆز نۇرى، ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ جانلىرىنىڭ ھۇزۇرى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قىلغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئىسلامىيەتتىن قولدىن كېتىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، شۇنداقلا قىيامەت كۈنى بەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا سورىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلىدۇر.

ئاللاھ نامازنى بۈيۈك ئىبادەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى شەرەپلىك قىلدى.

بىزنى نامازدا ئالدىدا تۇرۇپ، قەلبلىرىمىز بىلەن ئۆزىگە يۈزلىنىشىمىزگە ۋە ھاجەتلىرىمىزنى تىلىشىمىزگە مۇيەسسەر قىلغان ئاللاھقا ھەمد ئېيتىمىز.

ھەقىقەتەن، ناماز زېمىندىكى بەندىنىڭ ئاسماندىكى ئاللاھ بىلەن ئۇلىنىشى ۋە ئۇچرىشىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ناماز ئوقۇيتتى.

ناماز ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغانلارغا مەھشەردە مەنپەئەت قىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ھەققىدە دېدىكى: **«كىمكى نامازنى تەرك قىلماي، ۋاقتىغا رىئايە قىلىپ ئوقۇسا، ناماز قىيامەت كۈنى ئۇ**

(1) ئەبۇ داۋۇد (1626). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد»، 1438) «سەھىھ» دېگەن.

**كىشىگە نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى نامازغا بىپەرۋالىق قىلسا، نامىزى ئۇ كىشىگە نۇر، ھۆججەت ياكى نىجاتلىقنىڭ ھېچ بىرى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى پىرئەۋن، قارۇن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەفلەر بىلەن بىللە بولىدۇ»[1].**

### 7) غەيۋەتخور ۋە سۇخەنچى

غەيۋەت قىلىش – قېرىندىشىڭ يوق يەردە ئۇ يامان كۆرىدىغان گەپنى قىلىشىڭدۇر. سۇخەنچىلىك بولسا كىشىلەر ئارىسىدا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يامان گەپ تارقىتىشتۇر.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن چوڭ بالا - قازا ۋە بۇزغۇنچىلىق كېلىپ چىقىدىغان ئىشلاردۇر. بۇ تۈردىكى ئىنسانلار ھاۋايى - ھەۋەسى ۋە شەھۋىتى بىلەن سۆزلەيدىغان ناچار ئىنسانلاردۇر.

ئۇلارنىڭ ھالى مەھشەردە قورقۇنچلۇق بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى دۇنيادا قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېسە، قىيامەت كۈنى قېرىندىشى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە: ‹سەن خۇددى ئۇنىڭ گۆشىنى ھايات ۋاقتىدە يېگەندەك، ئۆلۈك ھالىتىدىمۇ يېگىن› دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى قاتتىق ھومايغان ۋە ۋارقىرىغان ھالەتتە يەيدۇ»[2]** دېگەن.

### 8) ئىككى يۈزلىمچى

ئىككى يۈزلىمچى دېگىنىمىز – ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا بىر يۈزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھىيلىگەر، رەڭۋاز كىشىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمنىڭ دۇنيادا ئىككى يۈزى بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى تىلى بولىدۇ» دېگەن[3].**

---

(1) ئەھمەد (6576). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (418). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە» ، 6316) «زەئىف» دېگەن.

(3) ئەبۇ داۋۇد (4873). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئەبى داۋۇد» ، 4873) «سەھىھ» دېگەن.

### 9) رەسسامىلار

رەسىم سىزىش ھەر تۈرلۈك بولۇپ، ئەھلى ئىلىملەر ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىگە قارىتا تۈرلۈك ھۆكۈملەرنى بەرگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەيكەل ياساشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن، بولۇپمۇ بۇ ھەيكەللەر رەئىسلەر ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ سۈرىتىدە بولسا، تېخىمۇ ھارام بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن مۇشۇ سۈرەتلەرنى تەييارلىغانلار قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ. ئۇلارغا: ‹ياراتقان نەرسەڭلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار› دېيىلىدۇ»** دېگەن[1]. يەنە: **«كىمكى دۇنيادا بىر جانلىقنىڭ رەسىمىنى سىزىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ»**[2] دېگەن.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلار ھەشر كۈندىكى بەزى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋاللىرىدۇر.

ئەمدىكى گەپ، ھېساب ئېلىش قانداق باشلىنىدۇ؟ نامەئى ئەئماللەر قانداق تارقىتىلىدۇ؟ ئىنسانلار ئەمەللىرىنىڭ سەھىپىلىرىنى قاچان ئوقۇيدۇ؟ ئۇ ئەمەللىرىدىن قانداق سورىلىدۇ؟ تۆۋەندىكى قۇرلاردا بۇ ھەقتە توختىلىمىز.

**قەلبىنىڭ پىچىرلىشى**

**ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغىنى ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ.**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5951)؛ مۇسلىم (2108).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5963)؛ مۇسلىم (2110).

# نامەئى ئەئمالنى تارقىتىش

ھەشىر كۈنىدە ھەربىر بەندىگە دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئەمەللىرى يېزىلغان نامەئى ئەئمالى[1] بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ﴿***بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى نامەئى ئەئمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)***﴾(45/«جاسىيە»: 29) دېيىلىدۇ.

- ئۇنداقتا نامەئى ئەئمال دېگەن نېمە؟
- ئۇنىڭغا نېمىلەر يېزىلغان؟
- بەندىلەر ئۇنى قانداق ئالىدۇ؟

ھەربىر بەندىنىڭ ياخشى - يامان، چوڭ - كىچىك ھەممە ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن بىر نامەئى ئەئمالى بار بولۇپ، مەھشەردە بەندىگە ئوقۇپ چىقىشى ۋە قاراپ چىقىشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ھەربىر بەندىگە نامەئى ئەئمالى بېرىلىدىغان يول ئوخشىمايدۇ. مۆئمىندىن بەك ئاسان ھېساب ئېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، نامەئى ئەئمالى ئالدى تەرىپىدىن ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ ۋە ئائىلىسىنىڭ يېنىغا خۇشال ھالدا قايتىدۇ. ئەمما، ئاسىي - گۇناھكار ۋە مۇناپىقلارغا

---

(1) نامەئى ئەئمال/ ئەمەل دەپتەرلىرى (صَحَائِفُ الْأَعْمَالِ): ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىگە ئىككى پەرىشتەنى مۇئەككەل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان پۈتۈن ئىشلىرىنى نامەئى ئەئمالغا خاتىرىلەيدۇ ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندا دەپتەرنى پېچەتلەيدۇ. قىيامەت كۈنى ھەربىر ئىنسان نامەئى ئەئمالى بويىچە ھېساب بېرىدۇ. ئۇنىڭغا: ﴿نامەئى ئەئمالىڭنى ئوقۇغىن!﴾(17/«ئىسرائ»: 14) دېيىلىدۇ. ﴿نامەئى ئەئمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. ئۇ (جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال - خۇرام قايتىدۇ. نامەئى ئەئمالى ئارقا تەرىپىدىن (سول قولىغا) بېرىلگەن ئادەم ‹ۋايداد!› دەپ توۋلايدۇ، دوزاخقا كىرىدۇ﴾(84/«ئىنشىقاق»: 7 - 12). قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «مُعْجَمُ مُصطَلَحَاتِ العُلُومِ الشَّرعِيَّةِ (شەرئىي ئىلىملەر ئاتالغۇلىرى قامۇسى)»، 992 - بەت، پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىلىم ۋە تېخنىكا شەھەرچىسى، رىياد، م. 2017 —— ت.

بولسا ئارقا تەرىپىدىن سول قولىغا بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەربىرى «ۋاي دات!» دەپ توۋلايدۇ.

بەندىلەر ئەمەللىرىدىن سورىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، نامەئى ئەئماللى تارقىتىلىدۇ. «نامەئى ئەئمالنى تارقىتىش» دېگەننىڭ مەنىسى «ئەمەل دەپتەرلىرىنى ئېچىش ۋە قولغا ئېلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿نامەئى ئەئماللار ئېچىلغان چاغدا﴾(81/«تەكۋىر»: 10) دېگەن.

ھەربىر ئىنسانغا سەھىپىسىگە يېزىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە قارىتا جازا ۋە مۇكاپات بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامەئى ئەئمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ، (ئۇنىڭغا) «نامەئى ئەئمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ يېتەرلىكتۇر» دېيىلىدۇ﴾ (17/«ئىسرائ»: 13، 14).

دېمەك، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئۆزى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇ كىتابىنىڭ نەتىجىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ قايتىپ بارارجايىنى بىلىپ يېتىدۇ.

## نامەئى ئەئمالى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغانلار

بۇ تۈردىكى ئىنسانلاردىن بەك ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە ئازابتىن قۇتۇلغان، خۇشال بولغان ھالدا ئەھلىگە قايتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن قورقۇنچ يوقايدۇ، قەلبى شادلىنىدۇ ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿نامەئى ئەئمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامەئى ئەئمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ. (ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى

***كۆنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال - خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴿*** [(69/«هاققە»: 19 – 24)].

## نامەئى - ئەئمالى ئارقا تەرىپىدىن سول قولىغا بېرىلىدىغانلار

ئۇ ئۆمرىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايە قىلغان، ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغان، قىيىنچىلىقلار ھەر تەرەپتىن قورشايدىغان ۋە خالايىقلار ئارىسىدا يۈزى قارىداپ خار بولىدىغان، ھالاك بولغۇچى فاجىر ئىنساندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿نامەئى ئەئمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، «ماڭا نامەئى ئەئمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال - مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى»﴿*** [(69/«هاققە»: 25 – 29)]، ***﴿نامەئى ئەئمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم «ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ)، دوزاخقا كىرىدۇ﴿*** [(84/«ئىنشىقاق»: 10 – 12)].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كۈندىكى مۇئمىننىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ دېگەنكى: «ئاندىن ياخشىلىق نامەئى ئەئمالى ئۇنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ. كافىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا كېلىدىغان بولساق، گۇۋاھچىلار ئۇلارغا: ***﴿بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر› دەيدۇ. ‹راستلا ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى ئاللاھ زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)﴿*** [(11/«هۇد»: 18)] دەيدۇ»[1].

### ئادالەت

***﴿بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى نامەئى ئەئمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)﴿*** [(45/«جاسىيە»: 29)].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2441)؛ مۇسلىم (2768).

# كۆرستىش ۋە ھېساب ئېلىش

بەندىلەر نامەئى ئەئماللىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمەللىرىنى كۆرستىش، ھېساب ئېلىش، ئەمەللىرىنى تارازىدا تارتىش، پىلسىراتتىن ئۆتۈش... جەننەت ۋە دوزاخ... ئاندىن كۆرستىش باشلىنىدۇ.

- ئۇنداقتا كۆرستىش دېگەن نېمە؟
- كۆرستىلىدىغىنى نېمىلەر؟
- كۆرستىش جەريانىدا بەندىنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟

كۆرستىش (العرض) نىڭ ئىككى مەنىسى بار:

1) مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىغا چىقىشى

بۇ كۆرستىشتە ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىش بولمايدۇ، بۇ پەقەت مۇتلەق پادىشاھ بولمىش ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىر توختاشتۇر. يەنى ئىنس - جىنلار ۋە ھايۋاناتلار ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئاللاھ ئۇلارنى تونجى قېتىم ياراتقاندىكىدەك كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىشى مەخپىي قالغان ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿بۇ كۈندە سىلەر (ئاللاھقا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) كۆرستىلىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾*** (69/«ھاققە»: 18)، ***﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ - سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا كۆرستىلىدۇ، (كافىرلارغا): «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر ‹سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ› دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش، ھېساب بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر)» دەيمىز﴾*** (18/«كەھف»: 48).

2) كۆرسىتىش ۋە ھېساب ئېلىش

بۇ كۆرسىتىشتە ئەمەللەردىن بىرمۇبىر ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە بەندىلەردىن: «ئەنبىيائىلەرگە قانداق جاۋاب قايتۇرغان ئىدىڭلار؟ نېمە ئەمەللەرنى قىلغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئېغىر ئەھۋالدا بولىدۇ، قەدەملەر تېيىلىپ، كىچىك باللار قېرىپ كېتىدۇ، تىللار كېكەچلەپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿**_ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز_**﴾[88](«غاشىيە»: 25، 26).

## ھېساب ئېلىشنىڭ مەنىسى

ھېساب – ساناش ۋە ستاتىستىكا قىلىش دېگەنلىكتۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ بەندىلەردىن ھېساب ئېلىشى ئاللاھنىڭ ئادىللىقىنىڭ جۈملىسىدىن بولغاچقا، ياخشى ئەمەل قىلغان ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشقان بەندە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بەندە بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەللىرى بىرمۇبىر يېزىپ قويۇلغاندۇر.

## ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىشنىڭ تۈرلىرى

ئىنسانلار ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنىشنىڭ يولىدا ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېساب ئېلىنماستىنلا جەننەتكە كىرىپ كېتىدىغانلىرىمۇ، ناھايىتى يەڭگىل ھېساب ئېلىنىدىغانلىرىمۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۈرلۈك ئىنسانلار باركى، ئۇلار ھېساب ئېلىنماستىنلا جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلار يەتمىش مىڭ كىشى بولۇپ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىكى ئىمان، تەقۋادارلىق، سەۋر قىلىش ۋە جىھاد قىلىشلاردا تاللانغان كىشىلەردۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«مەۋسۇمدە ماڭا بارلىق ئۈممەتلەر كۆرسىتىلدى، مەن ئۈممىتىمنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ تۈزلەڭلىك ۋە تاغلارنى لىق قاپلىغان كۆپلۈكى ۋە تەقى - تۇرقى مېنى زوقلاندۇردى، ئاللاھ ماڭا:**

– ئى مۇھەممەد! رازى بولدۇڭمۇ؟ – دېۋىدى، مەن:
– شۇنداق، ئى رەببىم! – دېدىم. ماڭا:
– يەنە تېخى ئۇلار بىلەن بىللە يەتمىش مىڭ ئادەم جەننەتكە ھېسابسىز كىرىدۇ، ئۇلار (جاھىلىيەتتىكىدەك) دەم سالدۇرمايدىغان، قۇشلاردىن شۇم پال ئالمايدىغان، داغلىنىپ داۋالانمايدىغان، رەببىگىلا تەۋەككۈل قىلىدىغانلاردۇر، – دېدى. ئۇككاشە:

– ئاللاھنىڭ مېنى شۇلاردىن قىلىشىغا دۇئا قىلسىلا، – دېگەندى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئى ئاللاھ! ئۇنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن، – دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

– مېنىمۇ ئاللاھنىڭ شۇلاردىن قىلىشىغا دۇئا قىلسىلا، – دېۋىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇككاشە بۇ ئىشتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتتى، – دېدى»[1]. بۇ يەتمىش مىڭ كىشى ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنمايدىغان، باشقىلاردىن ئېلىنغاندەك ئىنچىكە ھېساب ئېلىنمايدىغانلاردۇر. ئاللاھتىن بىزنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى سورايمىز، ئامىن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئاللاھ تائالا ئەمەللىرىدىن ھېساب ئالىدۇ، لېكىن ئىنچىكە، بىرمۇبىر ھېساب ئالماستىن، بەك ئاسان ھېساب ئالىدۇ. ئۇلارغا ئەمەللىرى شۇنداق بىر كۆرسىتىلىدۇ - دە، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇئمىننى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، گۇناھىنى يۈگەپ: "پالانى گۇناھنى بىلەمسەن؟ پوكۇنى گۇناھنى بىلەمسەن؟" دەپ سورايدۇ. بەندە: "ھەئە، بىلىمەن، ئى رەببىم!" دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ بەندىنى گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلدۇرۇپ، بەندە "ئەمدى ھالاك بولدۇم" دەپ تۇرغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا: "ئۇنى دۇنيادىكى چېغىڭدا

(1) ئىبنى ھىببان (6084). ئالبانىي: («سەھىھۇلمەۋارىد»، 2236) «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

**يۈگەپ ئاشكارىلىمىغان ئىدىم. بۈگۈن بولسا ئۇنى مەغفىرەت قىلىۋېتىمەن“ دەيدۇ. ئاندىن ياخشىلىق نامەئى ئەئمالى ئۇنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ»[1].**

بەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدىن ئاسان ھېساب ئېلىشىغا دۇئا قىلىپ: «**ئى ئاللاھ! مەندىن ئاسان ھېساب ئالغىن**» دەپ تىلىشى سۈننەت. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېدىكى: «مەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى نامىزىدا: ‹**ئى ئاللاھ! مەندىن ئاسان ھېساب ئالغىن**› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتقاندا:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاسان ھېساب ئېلىش دېگەن نېمە؟
– دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ:

**– (ئۇ بولسىمۇ) ئاللاھ ئۇنىڭ نامەئى ئەئمال دەپتىرىگە بىر قاراپ قويۇپلا، ئاندىن ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىدۇر. ئى ئائىشە! ئۇ چاغدا كىمدىن ئىنچىكە ھېساب ئېلىنىپ قالسا ھالاك بولىدۇ. مۇئمىنگە يەتكەن ھەممە نەرسىگە، ھەتتا ئۇنىڭغا كىرىپ كەتكەن تىكەن چاغلىق نەرسىگىمۇ ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەففارەت قىلىۋېتىدۇ، – دېدى»[2].**

ئاللاھتىن بىزدىن يەڭگىل ھېساب ئېلىشىنى، بىزگە ئەپۇسى ۋە ھىلمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى سورايمىز. ئامىن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە «نېمە ئۈچۈن نامازغا سەل قارىدىڭ؟ زاكىتىڭنى قانداق ئادا قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭنى قاقشاتتىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلمىدىڭ؟» دەپ ئەمەللىرىدىن بىرمۇبىر ئىنچىكە ھېساب ئېلىنىدىغان ۋە قاتتىق ئەيىبلىنىدىغان كىشىلەر بار. بۇ خىل ھېساب ئېلىشتا بەندە ئازابلىنىدۇ، ئىزتىراپ چېكىدۇ ۋە قاتتىق قورقىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدىكى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2441)؛ مۇسلىم (2768).
(2) ئىبنى خۇزەيمە (849). ئەئزەمىي: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

**– قانداق ئادەمدىن ھېساب ئېلىنسا، ھالاك بولماي قالمايدۇ، – دېۋىدى، مەن:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا: ﴿*كىمكى نامە - ئەئمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلسە، پات ئارىدا ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ*﴾(84/«ئىنشىقاق»: 7، 8)** دېگەن ئەمەسمۇ؟ – دېسەم،

**– بۇ پەقەت ئەمەللەرنى كۆرسىتىشتۇر. كىمكى ھېساب ئېلىنىدىكەن، ئازابلانماي قالمايدۇ، – دېدى»[1].**

بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغان ئازاب دوزاختا ئازابلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇ بەندىنىڭ قورقۇش، ئېزتىراپ چېكىش، خاتالىقلىرىغا ۋە يامان ئەمەللىرىگە قاراش نەتىجىسىدە خار بولۇش بىلەن ئازابلىنىشىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە گۇناھلىرىنىڭ كۆپ ۋە بۈيۈك بولغانلىقى ياكى داۋاملىق گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ئاشكارا قىلغانلىقى، ياكى نىيەتلىرىنىڭ بۇزۇق بولغانلىقى ۋە رىيا بىلەن ئەمەل قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بەك ئۇزۇن ۋە قىيىن ھېساب ئېلىنىدىغان كىشىلەر بار. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشى شېھىد بولغان كىشىدۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئەسلەيدۇ. ئاللاھ:**

**— ئۇ نېئمەتلەرنى نېمە قىلدىڭ؟ — دەيدۇ، ئۇ:**

**— سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇشۇپ شېھىد بولدۇم، — دەيدۇ. ئاللاھ:**

**—يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭ ۋە ئاتالدىڭ، — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن ۋە «قۇرئان» ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمىتىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ:**

**— ئۇ نېئمەتلەرنى نېمە قىلدىڭ؟ — دەيدۇ. ئۇ:**

**— ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن «قۇرئان» ئوقۇدۇم، —**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6537)؛ مۇسلىم (2876).

**دەيدۇ، ئاللاھ:**

**— يالغان ئېيتتىڭ، سەن باشقىلار مېنى ئالىم دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، «قۇرئان»نى قارىي دېسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ ھەم شۇنداق دېيىلدىڭ، — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرىلىپ دوزاختا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بېرىپ دۆلەتمەن قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ:**

**— ئۇ نېئمەتلەرنى نېمە قىلدىڭ؟ — دەيدۇ. ئۇ كىشى:**

**— سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سەن سەرپ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىكى يوللارنىڭ ھەممىسىگە سەرپ قىلدىم، — دەيدۇ. ئاللاھ:**

**— يالغان ئېيتتىڭ، سەن كىشىلەر سېخىيكەن دېسۇن دەپ سەرپ قىلدىڭ، — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرىلىپ دوزاختا تاشلىنىدۇ»[1].**

## مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىنامدۇ؟

**ئاللاھ تائالا بىر بۆلۈك مۇئمىنلەردىن ھېساب ئالمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ كىشى جەننەتكە ھېسابسىزلا كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار (جاھىلىيەتتە سالغاندەك) دەم سالمايدىغان، قۇشلاردىن شۇم پال ئالمايدىغان، رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغانلاردۇر»[2] دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «(يەتمىش مىڭنىڭ)**

---

(1) مۇسلىم (1905).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6472)؛ مۇسلىم (220). «دەم سالمايدىغان» دېگەننىڭ مەنىسى، «ئۇلار باشقىلاردىن ئۆزلىرىگە سۈف كۈچ قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. دەم سېلىش دېگىنىمىز — بىمارنى «قۇرئان» ئوقۇش ۋە باشقا شەرئەت يول قويغان زىكىرلەرنى ئوقۇپ سۈف كۈچ قىلىش بىلەن داۋالاشنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلاردىن سۈف كۈچ قىلىشنى تەلەپ قىلىش جائىز. لېكىن، بۇ ھەدىس بىزگە ئەگەر قولىدىن كەلسە ئۆزىگە ئۆزى سۈف كۈچ قىلسا ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغانلىق. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ ئاغرىپ قالغاندا، پاناھلاندۇرغۇچى سۈرىلەرنى (مۇئەۋۋىزات سۈرىلىرىنى) ئوقۇپ، ئۆزىگە ئۆزى سۈف كۈچ قىلاتتى. كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، بۇ زاتقا ئائىشە ئانىمىز ئوقۇپ، قولىنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن ئۇ زاتنىڭ قولى بىلەن سىلىغان ئىدى. ھەدىستىكى «شۇم پال ئالمايدىغان» دېگەننىڭ مەنىسى — مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ، ياكى پۇراپ، ياكى تېتىپ شۇم پال ئالمايدىغانلار، دېگەنلىكتۇر. ئەرەبلەردە جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ئەھۋال بار ئىدى.

ھەربىر مىڭى بىلەن يەتمىش مىڭ كىرگۈزۈلىدۇ»[1] دېگەن.

## بەندىلەردىن ھېساب ئېلىشنىڭ قائىدىلىرى

قىيامەت كۈنى خالايىقلار تۈنجى قېتىم يارىتىلغاندىكىدەك يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالدا قورقۇنچلۇق مەيداندا مۇتلەق پادىشاھ بولمىش ئاللاھنىڭ ئالدىغا يىغىلىدۇ.

بۇ بەك قورقۇنچلۇق مەيداندۇر. بۇ يەردە ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ قەلبلىرى تىترەپ كېتىدۇ، مۇتەكەببىرلەر خار بولىدۇ ۋە زالىملار قاتتىق چۆچۈيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادىلىپ قالىدۇ ۋە قەلبلىرى قاتتىق ئىزتىراپ چېكىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ﴿***زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەبەر دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنگىچە) كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل - ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ***﴾[14/«ئىبراھىم»: 42، 43].

شۇنداق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، دىللىرى ئەقىل - ئىدراكتىن خالىي بولۇپ، دىللار بوغۇزلارغا كەپلىشىپ قالىدۇ. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۈن!!! بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ***﴾[40/«غافىر»: 18]. يەنى گەپ قىلالمايدۇ،

---

مەسىلەن، بىر قۇش ئۇچۇپ سول تەرەپكە ئۇچسا، بۇنىڭدىن شۇم پال ئالاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ھارامدۇر. ھەرقانداق بىر كىشى ئۇچۇن مەلۇم كۈنلەر، مەلۇم ئايلار ۋە مەلۇم يۈزلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن شۇم پال ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى ئۇلار «رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغانلاردۇر» يەنى ئۇلار ھەممە ئىشلىرىدا شېرىكى يوق يېگانە ئاللاھقا تايىنىدىغانلار دەپ ئاخىرلاشتۇردى. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۇپايە.

(1) ئىبنى ماجە (4286). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3456) «سەھىھ» دېگەن.

سۈكۈت قىلىدۇ.

زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا ئالمىشىدۇ، تاغلار تۇزۇپ، ئاسمانلار ئېچىلىپ، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، دېڭىزلار ئوت بولۇپ يانىدۇ، قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ، ئۇلۇغ پەرىشتىلەرمۇ چۆچۈيدۇ ۋە ئەنبىيائىلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۈممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلىنىدۇ.

ھەممە قىيامەت كۈنىنىڭ سوتىدىن ئىبارەت چوڭ سوتىدا تۇرىدۇ. بۇ سوتتا دىللار بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، قۇياش مەخلۇقاتلارغا يېقىن قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالى مۇتلەق پادىشاھ بولمىش ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇنىڭ ئالدىدا قىيىن بولىدۇ.

بۇ شۇنداق سوتكى، ئۇنىڭغا ئەشەددىي خۇسۇمەتچىمۇ، گۇۋاھچىلارمۇ قاتنىشىدۇ. ئەمەل دەپتەرلىرى تارقىتىلىپ، ئۆزرىلەر رەت قىلىنىپ، دىللار تىترەپ، تىللار ئىقرار قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)**﴾[2/«بەقەرە»: 281].

«قۇرئان» ۋە سۈننەتنى تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا، بەندىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىكى ئۈمۈمىي قائىدىلەرنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلىيەلەيمىز:

بىرىنچى قائىدە: زۇلۇم ئارىلاشمىغان قالمايدىغان تولۇق ئادىللىق

ئادىل بولغۇچى كەرەملىك رەببىمىز ھېچبىر كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)**﴾[2/«بەقەرە»: 281]، ﴿**ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ**﴾[4/«نىسائ»: 40]، ﴿**ئەر - ئاياللاردىن مۇئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە**

***داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾*** [4/«نىسائ»: 124].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «ئاللاھ تائالا دېدىكى: ‹ئى بەندىلىرىم! مەن زۇلۇم قىلىشنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم. شۇڭا، زۇلۇم قىلىشماڭلار. ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇنچى، شۇڭا مەندىن ھىدايەت تىلەڭلاركى، سىلەرنى ھىدايەت قىلاي. ئى بەندىلىرىم! مەن ئوزۇقلاندۇرغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچسىلەر. شۇڭا، مەندىن ئوزۇق تىلەڭلاركى، سىلەرگە تائام بېرەي. ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىندۈرگەندىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچسىلەر. شۇڭا، مەندىن كىيىم تىلەڭلاركى، مەن سىلەرنى كىيىندۈرەي. ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە - كۈندۈز خاتالىشىسىلەر، مەن ھەممە گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىمەن. شۇڭا، مەغفىرەت تىلەڭلاركى، سىلەرنى مەغفىرەت قىلاي. ئى بەندىلىرىم! سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولساڭلار، ماڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پايدا يەتكۈزمەكچى بولساڭلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنس - جىنلار ھەممىسى يىغىلىپ، ئەڭ تەقۋادار كىشىنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، مېنىڭ سەلتەنىتىمدىكى قىلچىلىك نەرسىنىمۇ زىيادە قىلالمايسىلەر. ئەگەر سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنس - جىنلار ھەممىسى يىغىلىپ، ئەڭ پاسىق ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسەڭلارمۇ مېنىڭ سەلتەنىتىمدىكى ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنس - جىنلار ھەممىسى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلىپ مەندىن سورىسا، مەن ھەربىر ئىنسانغا سورىغىنىنى بەرسەم، پەقەت دېڭىزغا چىلىنىپ ئېلىنغان يىڭنىگە يۇققان سۇ دېڭىز سۈيىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمىگەندەك، مېنىڭ سەلتەنىتىمدىكى نەرسىلەردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنىڭ سانىنى تولۇق ئېگىلەكلىكمەن. ئاندىن ئۇنىڭ ئەجرىنى سىلەرگە تولۇق بېرىمەن. كىمكى ياخشىلىق كۆرسە، ئاللاھقا ھەمد ئېيتسۇن، كىمكى باشقىچە ئەھۋال كۆرسە، ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن›»[1].

ئىككىنچى قائىدە: بىر ئادەم باشقىلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالانمايدۇ

(1) مۇسلىم (2577).

شۇنداق، ھەربىر ئىنسان ئۆز ئەمەلىگە ۋە قىلغان ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ، باشقىلارنىڭ زۇلمى ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن جازالانمايدۇ. مانا بۇ ئادىللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدۇر.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)***﴾ (6/«ئەنئام»: 164)، ﴿***كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى جازالىغىنىمىز يوق)***﴾ (17/«ئىسرائ»: 15)، ﴿***ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەبەردار بولمىدىمۇ؟ ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ). ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدۇ). ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ***﴾ (53/«نەجم»: 36 – 41).

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئەمەللەرگىلا قارىتا جازالىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ: ﴿***ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلدى)***﴾ (16/«نەھل»: 25)، ﴿***ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ***﴾ (29/«ئەنكەبۇت»: 13) دېگەن سۆزلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىلىدۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ بۇ ئايەتلەردە «ئىنسان بەزىدە باشقىلارنىڭمۇ گۇناھلىرىنى كۆتۈرىدۇ» دەپ خەبەر بەردى، بۇ قانداق بولىدۇ؟

ئەگەر ئىنسان باشقىلارنى ھاراق ئىچىشكە قىزىقتۇرۇش ياكى بۇزۇق جايلارنى كۆرسىتىپ قويۇش، ياكى ئايالлар بىلەن ھارام ئىشلارنى

قىلىشنى زىننەتلەپ بېرىشكە ئوخشاش باشقىلارنىڭ ئېزىپ كېتىشى ۋە يامان يولغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان بولسا، ئاشۇ ئادەمنى يامان يولغا باشلىغانلىقى ۋە قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ ئوخشىشىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى باشقىلارنى توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ كىشىگە (شۇ توغرا يولغا) ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بولىدۇ، لېكىن ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابى ھېچ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. كىمكى گۇمراھلىققا چاقىرسا، ئۇنىڭغا (ئازغۇن يولغا) ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىدەك گۇناھ بولىدۇ ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچنېمە كېمەيتىلمەيدۇ»**[1] دېگەن. شۇنداق، خۇددى بىر ئادەم باشقىلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشكەندەك، باشقىلارنى يامان يولغا باشلىغان ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھىنى يۈكلىۋالغان بولىدۇ. ئادىل ھەكەم زات تائالا پاكتۇر.

## ئۈچىنچى قائىدە: بەندىلەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى كۆرىدىغانلىقى

رەببىمىز ئاللاھقا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. نامەئى ئەئماللەر بەندىلەر قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلار بۇ ئەمەللىرىنى ئالدىلىرىدا كۆرىدۇ.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾***(3/«ئال ئىمران»: 30)، ***﴿ھەر ئادەم ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ﴾***(82/«ئىنفىتار»: 5)، ***﴿ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامەئى ئەئمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾***(18/«كەھف»: 49).

بەندىلەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى ئۇلارغا نامەئى ئەئماللىرىنى بېرىش ۋە ئۇنى ئوقۇش بىلەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە

---

(1) مۇسلىم (2674).

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بوينىدىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامەئى ئەئمالىنى كۆرستىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) «نامەئى ئەئمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ﴾**(17/«ئىسرائ»: 13، 14).

ئۇ چوڭ - كىچىك قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿كىشىلەرنىڭ نامەئى ئەئمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورقىدانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامەئى ئەئمالغا چوڭ - كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامەئى ئەئمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾**(18/«كەھف»: 49).

تۆتىنچى قائىدە: قىلمىشلارنىڭ ئەمەس، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ بېرىلىدىغانلىقى

مەرھەمەتلىك پادىشاھ بولمىش ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ غەزىپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ئەپۇسىنىڭ ئازابلىشىغا غالىب كېلىدىغانلىقى ۋە بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشىنىڭ ئۇ زاتقا جازالاشتىن سۆيۈملۈك ئىكەنلىكى ئېھسانىنىڭ، پەزىل - مەرھەمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ زات بەندىسىنىڭ ئەمەللىرىگە خۇشال بولىدۇ ۋە ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىدۇ. قىلمىشلىرىنى يامان كۆرىدۇ، لېكىن ھەسسىلەپ گۇناھ يازمايدۇ، بەلكى بەزىدە ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: **﴿ئاللاھقا قەرزي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ﴾**(64/«تەغابۇن»: 17).

بىر ئەمەلگە ئەڭ ئاز بولغاندا ئون ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: **﴿بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئون ھەسسە ئارتۇق**

***ساۋابقا ئىگە بولىدۇ﴾*** [6/«ئەنئام»: 160] دېگەن. ئەمما، بىر قىلمىشقا ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ***﴿بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾*** [6/«ئەنئام»: 160] دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇدسىيدا دېگەنكى: «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىڭلار مېھرىباندۇر، كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئۇنى قىلسا، ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يېزىلىدۇ. كىمكى بىر يامانلىقنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىغان بولسا ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئۇنى قىلسا، ئۇنىڭغا بىر يامانلىق يېزىلىدۇ ياكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىدە پەقەت ھالاكەتكە لايىق ئادەملا ھالاك بولىدۇ»[1]. يەنە ئېيتتىكى: «ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئېيتىدۇكى، كىمكى بىر ياخشىلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە يېزىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆپەيتىپ بېرىمەن. كىمكى بىر يامانلىق قىلسا، پەقەت ئۇنىڭ جازاسى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر ياكى مەغفىرەت قىلىۋېتىمەن. كىمكى زېمىن توشقۇدەك خاتالىقلارنى قىلىپ، ئاندىن ئالدىمغا ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالەتتە كەلسە، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا زېمىن توشقۇدەك مەغفىرەت بىلەن كېلىمەن. كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىمەن»[2].

بىر ئەمەلنىڭ يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ھەسسىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس)***

(1) ئەھمەد (2519). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) مۇسلىم (2687).

***كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)﴾***[2/«بەقەرە»: 261].

**بەشىنچى قائىدە: گۇۋاھچىلارنى تۇرغۇزۇش**

قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئېلىش ۋە جازا - مۇكاپات بېرىش سوتىدا گۇۋاھچىلار بولۇپ، بۇ گۇۋاھچىلار دۇنيادا بەندە بىلەن ھەر دائىم بىللە ئىدى. ھالبۇكى بەندە بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ ئۇنى ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمايتتى.

بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر، ئەمەللەرنى يېزىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر ۋە بەدىنىنىڭ بەدىنىدىكى ئەزالىرى بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى بەدىنىنىڭ پايدىسىغا ياكى زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنداق، ئەگەر بەندە ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا، بۇ گۇۋاھچىلار ئۇنىڭ پايدىسىغا، ئەگەر يامان قىلمىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ۋە چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾***[10/«يۇنۇس»: 41]، ﴿***ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بايقاپ تۇرغۇچىدۇر﴾***[4/«نىسائ»: 33].

ئاللاھ تائالا ئەنبىيائىلىرىدىن ۋە خاھلىغان مەخلۇقاتلىرىدىن بەندىلەرگە گۇۋاھچىلارنى ئەۋەتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەنبىيائىلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى ھەققىدە دېدىكى: ﴿***بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾***[4/«نىسائ»: 41]، ﴿***بىز ھەر ئۈممەتتىن (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەرنى) چىقىرىمىز، پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دەيمىز﴾***[28/«قەسەس»: 75]، ﴿***ھەر ئىنسان (مەھشەرگە) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگە) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە) گۇۋاھ بولغۇچى (ئىككى***

***پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ﴾*** (50/«قاف»: 21).

گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن يەنە:

زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەبەرلىرىنى (يەنى ئۈنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ﴾*** (99/«زەلزەلە»: 4).

كېچە ۋە كۈندۈزمۇ ئۆزىدە قىلىنغان ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

مال - دۇنيامۇ ئىگىسىنىڭ ئۇنى نەدىن تاپقانلىقى ۋە نەلەرگە ئىشلەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

پەرىشتىلەرمۇ بەندىلەرگە قىلغان ئىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

## بەندە قىلغان ئىشلىرىدىن بىرەرىنى ئىنكار قىلىپ قالسا

قىيامەت كۈنى بەزى بەندىلەر دەپتەرلىرىگە خاتىرىلەنگەن ئىشلارنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى قىلمىغان ئىدىم، دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر بەندە بۇ ئىنكاردا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھچىلارنىمۇ يالغانغا چىقارسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەپ، ئەزالىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەيدۇ.

بۇ نېمىدېگەن قىيىن ھالەت!!!

قول: «مەن ھارامنى سىلىغان ئىدىم» دەپ سۆزلەيدۇ. پۇت: «مەن ھارام ئىشلار ئۈچۈن ماڭغان ئىدىم» دەپ سۆزلەيدۇ. قۇلاق: «مەن ھارام نەرسىلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم» دەپ سۆزلەيدۇ. بۇرۇن، تېرە ۋە باشقا ھەممە ئەزالار سۆزلەيدۇ. ئى ئاللاھ! بىزگە مەرھەمەت قىلغىن ۋە بىزنى سەتر قىلغىن.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)﴾***

(36/ياسىن»: 65).

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «قىيامەت كۈنى كافىر ۋە مۇناپىق ھېساب بېرىش ئۈچۈن چاقىرىلىدۇ. ئاندىن رەببى ئۇنىڭغا قىلغان ئەمەلىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئىنكار قىلىدۇ ۋە:

– ئى رەببىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بۇ پەرىشتە ماڭا مەن قىلمىغان ئىشنى يېزىپتۇ، – دەيدۇ. پەرىشتە:

– سەن پالانى ئەمەلنى پالانى ۋاقىتتا پالانى ئورۇندا قىلمىغانمىدىڭ؟! – دەيدۇ. ئۇ:

– ياق، ئى رەببىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئەمەلنى قىلمىغان ئىدىم، – دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىدۇ ۋە ئەزالىرى سۆزلەيدۇ». ئاندىن ئەبۇ مۇسا ﴿***شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)***﴾(36/«ياسىن»: 65) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «بەندە:

– ئى رەببىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرمىغانمىدىڭ؟! – دەيدۇ، ئاللاھ:
– شۇنداق، – دەيدۇ. بەندە:
– ئۇنداقتا مەن ئۆزۈمگە پەقەت ئۆزۈمدىن بولغان بىر گۇۋاھچىنىلا كۇپايە قىلىمەن، – دەيدۇ، ئاللاھ:
– بۈگۈن ساڭا قارشى گۇۋاھچى بولۇشقا ئۆزۈڭ ۋە كىرامەن كاتىبىن پەرىشتىلەر يېتەرلىكتۇر، – دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىپ، ئەزالىرىغا: ‹سۆزلەڭلار› دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئاندىن ئۇ گەپ قىلىشى ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئەزالىرىغا: ‹ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغايسىلەر! مەن سىلەرنى (دوزاختىن) قوغداشقا تىرىشۋاتقانتىمغۇ!› دەيدۇ»[2].

---

(1) تەبەرىي: «ئەتتەفسىر»، 29455.
(2) مۇسلىم (2969).

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾** (41/«فۇسسىلەت»: 20).

## بەندىلەر سورىلىدىغان ئىشلار

ئاللاھ تائالا **﴿ئۇلارنى توختىتىپ قويۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾**(37/«ساففات»: 24) دېگەن ئايەتتە ئېيتقاندەك، بەندىلەر قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن، نىيەتلىرىدىن ۋە سۆزلىرىدىن سورىلىدۇ. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە بەندىلەر سورىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىدەك كەلگەن:

بىرىنچى: گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولمىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ گۇناھ «ئاللاھنىڭ ئوخشىشى بار» دېيىشتۇر. شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى ئاللاھ تائالا مەڭگۈ مەغفىرەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾**(4/«نىسائ»: 48).

ئۇ كۈندە ئىبادەت قىلىنغان مەبۇدلار ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلغان ئىنسانلاردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا مۇشرىكلەرنى مۇنداق سىلكىيدۇ: **﴿ئۇلارغا: «سىلەر ئىلگىرى ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟» دېيىلىدۇ﴾**(26/«شۇئەرائ»: 92، 93)، **﴿ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەيدۇ﴾** (28/«قەسەس»: 74).

بۇتلارغا ياكى قەبرىلەرگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن مال بوغۇزلىغان ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن مال بوغۇزلىغان ئىنسانلارمۇ سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: **﴿ئۇلار بىز ئۆزلىرىگە بەرگەن مال - مۈلۈكتىن بىلمىسىز (بۇتلارغا) نېسىۋە**

***قالدۇرىدۇ، (ئى مۇشرىكلەر!) ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسەڭلار ئۈچۈن چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر***﴿(16/«نەھل»: 56).

ئۇلار ئەنبىيائىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقىدىنمۇ سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئەنبىيائىلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟» ئۇ كۈندە ئۇلارغا بارلىق خەبەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا سوراشمايدۇ***﴾(28/«قەسەس»: 65، 66).

ئىككىنچى: بەندە دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ

بەندە دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز***﴾(15/«ھىجر»: 92، 93).

شۇنداق، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوراققا تارتىدۇ. باي، كەمبەغەل، پادىشاھ، ئەمىر، ئەرەب، ئەجەم، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، ھۆر ۋە قۇلدىن ئىبارەت ھەممە ئىنسانلار سوئال - سوراق قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ.

ۋە يەنە ئەنبىيائىلەر قەۋملىرىگە ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلىقىدىن سورىلىدۇ، قەۋملىرىدىن بولسا ئەنبىيائىلەرنىڭ ئۇلارغا يەتكۈزگەنلىكىدىن سورىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***بىز ئەلبەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (ئەنبىيائىلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، ئەنبىيائىلەردىنمۇ ئەلبەتتە (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز . (قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەبەرداردۇرمىز). بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ***

***ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر﴾***(7/«ئەئراف»: 6 – 9).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«قىيامەت كۈنى بەندە تۆت ئىشنىڭ سورىقىنى بەرمىگىچە قەدەملىرى جايىدىن مىدىرلىمايدۇ: ئۆمرىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقى، ئۆگەنگەن بىلىمىنى نېمىلەرگە ئىشلەتكەنلىكى، ئىقتىسادىنى قەيەردىن تېپىپ، نېمىلەرگە سەرپ قىلغانلىقى ۋە ئۆز تېنىنى قانداق ئىشلارغا ئۇپراتقانلىقى»**[1].

**ئۈچىنچى:** بەندە بەھرىلەنگەن نېئمەتتىن سورىلىدۇ

قىيامەت كۈنى بەندە بەھرىلەنگەن كەڭرى ئۆيلەر، ئازادە ماشىنىلار، لەززەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەر، يۇمشاق كىيىملەر، خىزمەتكارلار، قورساقنىڭ تويۇشى، مۇزدەك سۇ، سايىلەر، تاتلىق ئۇيقۇ، نورمال قەددى - قامەت ۋە ھەسەل ئىچىشكە ئوخشاش نېئمەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن سورىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ***﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر﴾***(102/«تەكاسۇر»: 8) دېگەن. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قىيامەت كۈنى نېئمەتلەر ھەققىدە بەندىدىن تۇنجى قىلىپ: ‹جىسمىڭنى ساغلام قىلىپ بەرمىدۇقمۇ؟! سوغۇق سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇرمىدۇقمۇ؟› دەپ سورىلىدۇ»**[2] دېگەن.

شۇڭا، بەندىگە ھەرقانداق بىر نېئمەتنى كىچىك ساناش ياراشمايدۇ.

بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن سوراپ:

– بىز مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدىن ئەمەسمۇ؟ – دېگەنىدى، ئابدۇللاھ:

– سېنىڭ ئۆلپەتلىشىدىغان ئايالىڭ بارمۇ؟ – دېدى.

–بار.

– سېنىڭ تۇرالغۇ ئۆيۈڭ بارمۇ؟

–بار.

---

(1) تىرمىزىي (2417). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (3358). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 2022) «سەھىھ» دېگەن.

- ئۇنداقتا سەن بايلاردىنكەنسەن.
- مېنىڭ بىر خىزمەتچىمۇ بار.
- ئۇنداقتا سەن پادىشاھلاردىنكەنسەن[1].

**تۆتىنچى: بەندە قۇلاق، كۆز ۋە قەلب نېئمەتلىرىدىن سورىلىدۇ**

ئىنسانلار نېئمەتلەردە، ئىقتىدار ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىدا پەرقلىق بولىدۇ، بەندە قانچە ئىقتىدارلىق بولسا، ئۇنىڭدىن شۇنچە ئىنچىكە ھېساب ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ***﴾[17/«ئىسرائ»: 36].

قەتادە دېدى: «كۆرمىگىنىڭنى كۆردۈم، ئاڭلىمىغىنىڭنى ئاڭلىدىم، بىلمىگىنىڭنى بىلدىم دېمىگىن، چوقۇم ئاللاھ قىيامەت كۈنى سەندىن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن سورايدۇ»[2].

## تۇنجى ھېساب ئېلىنىدىغان ئۈممەت

قىيامەت كۈنى ئىنسانلار قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە ھېساب ئېلىنىشنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دوزاخ ئۇلارغا كۆرسىتىلىدۇ. ئەنبىيالەرمۇ قورقۇيدۇ، ئەۋلىيالەر ئىزتىراپ چېكىدۇ، مۇئمىنلەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ تېڭىرقاپ قالىدۇ، ئاسىي - گۇناھكارلار تەرلەپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھالەتتە ناھايىتى ئۇزۇن كۈتۈشتىن كېيىن ھېساب ئېلىش باشلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۈممەتكە رەھمەت قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇنجى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغان ئۈممەت مۇھەممەد

---

(1) ئىمام تەبەري: «تەفسىرۇ تەبەري»، (11682). ئەھمەد شاكىر: («ئۇمدەتۇتتەفسىر»، 1/657) «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) ئىبنى كەسىر: «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 5/75.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىز دۇنيادا ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى ۋە قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئۈممەتتۇرمىز[1]. ئۇ ۋاقىتتا: ‹ئۈممىي (ساۋاتسىز) ئۈممەت ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نەدە؟› دېيىلىدۇ. دېمەك، بىز دۇنيادا ئەڭ ئاخىردا كەلگەن ۋە قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئۈممەتتۇرمىز»[2] دېگەن. يەنە: «بىز دۇنيا ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىردا كەلگەن، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال كىلىپ خالايىقلاردىن بۇرۇن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان ئۈممەتتۇرمىز»[3] دېگەن.

## ئىنسانلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان قىلمىش

ناھەق قان تۆكۈش ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. ئەپسۇسكى، بۇ زاماندا ئىشلىتىش ئاسان بولغان تۈرلۈك قاتىللىق قوراللىرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئىنسانلار ئالدىراڭغۇلۇق ۋە سەل قاراش تۈپەيلىدىن ناھەق قان تۆكۈش ھادىسەلىرى كۆپىيىپ كەتتى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋاللارنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ساناپ: «ھەرج كۆپىيىپ كەتكەنگە قەدەر قىيامەت بولمايدۇ» دېگەن. ئەسھابلەر:

- ھەرج دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ زات:

- قەتل قىلىش، قەتل قىلىش، - دېگەن[4].

قانلارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە: «(قىيامەت كۈنى) كىشىلەر

(1) بۇنىڭ مەنىسى «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنبىيائىلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا مەۋجۇدلۇق جەھەتتە ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بولدۇق. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىگە يەڭگىللەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئۈممەتتۇرمىز» دېگەنلىكتۇر.

(2) ئىبنى ماجە (4290). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3482) «سەھىھ» دېگەن.

(3) مۇسلىم (856).

(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1036)؛ مۇسلىم (157).

ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىدىغىنى قان دەۋاسىدۇر»[1] دېگەن. يەنە دېگەنكى: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كېلىپ:

— ئى رەببىم! بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، — دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا:
— ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ئىدىڭ؟ — دەيدۇ، قاتىل:
— پۈتۈن ئىززەتنىڭ ساڭا مەنسۇپ (كەلىمەڭنىڭ ئۈستۈن) بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ئىدىم، — دەيدۇ، ئاللاھ:

— پۈتۈن ئىززەت ھەقىقەتەن ماڭا مەنسۇپتۇر[2]، — دەيدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كېلىپ:
— بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، — دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا:
— ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ئىدىڭ؟ — دەيدۇ، قاتىل:
— پۈتۈن ئىززەتنىڭ پالانى (پادىشاھ ياكى قوماندان) غا مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ئىدىم، — دەيدۇ، ئاللاھ:

— ئىززەت ھەرگىزمۇ پالانىغا مەنسۇپ ئەمەس، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنىڭ (ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) گۇناھىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ»[3].

شۇنداق بولغانىكەن، ناھەق قان تۆكۈشتىن ھەزەر ئەيلەش، جېدەل - ماجىرالاردىن يىراق تۇرۇش، ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە ئاللاھتىن سالامەتلىك ۋە ئافىيەت سوراش بەندىگە ۋاجىب بولىدۇ.

## ئايرىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش كۈنىدە بەندىلەرنىڭ ھالى

ئىنسانلار ھەشر قىلىنىدىغان، ئۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان، ھەق - ناھەق ئايرىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا تەرەپتىن نىدا قىلىنىدىغان بۇ كۈن بەك ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك كۈندۇر، ئاللاھ تائالا ئاسانلىق بەرگەن كىشىلا بۇنىڭ سىرتىدا. ئىنسانلار بۇ كۈندە تۈرلۈك ئەھۋاللاردا بولىدۇ:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6864)؛ مۇسلىم (1678).
(2) ئاللاھ قاتىلنىڭ نىيىتىنىڭ راستلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دېگىنىنى تەستىقلىغان — ت.
(3) نەسائىي (3997). ئالبانىي: («سەھىھۇننەسائىي»، 4008) «سەھىھ» دېگەن.

گۇناھكارلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىدىغان دەھشەتلىك مەيداندا مەخلۇقاتلار ھەممىدىن كۈچلۈك ئاللاھقا كۆرسىتىلگەن ۋاقىتتا ئىنسانلار بىر - بىرىدىن ئادا - جۇدا بولىدۇ ۋە ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇد بولماي قالىدۇ، بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سوراشمايدۇ**﴾[23/«مۆئمىنۇن»: 101].

ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ھەرقانچە كۈچلۈك ۋە يۇقىرى بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئادا - جۇدا بولىدۇ ۋە ھەربىرى: «ئۆزۈم، ئۆزۈم» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ**﴾[70/«مەئارىج»: 10] دېگەن.

بەلكى ئىنسان ئۆز ئائىلە - جەمەتىدىن، دوستلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ۋە ھەمراھلىرىدىن قاچىدۇ، ھەممە نەرسە مۇتلەق پادىشاھ ئاللاھ ئۈچۈن بويسۇنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ**﴾[20/«تاھا»: 101] دېگەن.

بۇ نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق مەيدان! ئى ئاللاھ! بىزگە مەرھەمەت قىلغىن.

ئىنسانلار قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىدۇ، ئەنبىيائىلەر ئاللاھقا يېلىنىدۇ، تىللار تۇتۇلۇپ، ئەقىللەر گاڭگىراپ قالىدۇ ۋە ئەمەللەر ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**بۇ كۈندە ئەنبىيائىلەردىن باشقا ھېچكىم سۆز قىلمايدۇ**»[1] دېگەن.

ئۇ كۈندە بەندىلەر ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىلىرىدا ھازىر بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (806)؛ مۇسلىم (182).

***ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر﴾*** (3/«ئال ئىمران»: 30). ئۇ كۈندە ئىنساننىڭ ھاياتى دۇنيادا قىلغان ھېچبىر ئەمەلى يوقاپ كەتمەيدۇ.

### بەندىلەرنىڭ قالدۇرۇپ قويغان ئەمەللىرى

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز﴾*** (36/«ياسىن»: 12). ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ ھالىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىنى سۈپەتلەپ بەردى. يەنى ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى قىلغان بارلىق ئەمەللىرى ۋە سەدىقەلىرى خاتىرىلەپ قويۇلىدۇ.

شۇنداق، ئۇ كۈندە ھېساب بەك ئىنچىكە بولىدۇ، ئىنسان ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى قىلغان بارلىق ئەمەللىرى ۋە سەدىقە - جارىيەلىرى ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولىدۇ. كىمكى بىرەر «قۇرئان»نى ۋەقف قىلىپ قويغان بولسا ياكى قۇدۇق كولاپ قويغان بولسا، ياكى ئۆستەڭ ياساپ قويغان بولسا، ياكى بىرەر يېتىمگە ئىگە بولغان بولسا، ياكى مەنپەئەتلىك بىرەر ئىلىمنى قالدۇرۇپ قويغان بولسا، ياكى بىرەر بالىنى ياخشى تەربىيەلەپ قويغان بولسا، بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ساۋابى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭدەك كىمكى ھاراق دۇكىنى، تانسىخانا، بۇزۇقچىلىقلارنى تارقىتىدىغان سۈنئىي ھەمراھ قانىلى ياكى ناچار كىتابلارغا ئوخشاش ھارام نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ گۇناھى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يېتىپ تۇرىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى بۇ ئەمەللەرنى ئالدىدا كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿بۇ***

***كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى - ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)***﴾(75/«قىيامەت»: 13 – 15).

ئىنسان بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن بىر گۇناھ - مەئسىيەتنى ھەرقانچە كىچىك سانىغان بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى ئۇ گۇناھنى بەك چوڭ ھېس قىلىدۇ.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىچىك سانىلىدىغان گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن، كىچىك سانىلىدىغان گۇناھلارنىڭ مىسالى شۇنداق بىر قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشكى، ئۇلار بىر ۋادىنىڭ ئىچىگە چۈشتى. بىر كىشى بىر تال شاخ، يەنە بىر كىشى بىر تال شاخ ئېلىپ كەلدى، شۇنداق قىلىپ، تاكى ئۇلار نېنىنى پىشۇرالىغۇدەك دەرىجىدە شاخ يىغدى. ھەقىقەتەن، كىچىك سانىلىدىغان گۇناھلار بىلەن ئۇنى قىلغان كىشى جازالىنىپ قالسا، ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ» دېگەن[1].**

## قىيامەت كۈنى ھەقلەرنى ئادا قىلىشنىڭ تۈرلىرى

ھەق دېگىنىمىز - ئىنسان باشقىلار ئۈچۈن ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆزىگە قارىتا ئادا قىلىدىغان ۋە بىر - بىرىگە قارىتا ئادا قىلىدىغان نۇرغۇن ھەقلەرنى بېكىتتى ۋە بۇ ھەقلەرگە سەل قارىسا ھېساب ئالىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى.

### ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى

**ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بولسا بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشى، نامازنى ئادا قىلىشى، زاكات بېرىشى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشىدۇر. ئىنسانلاردىن تۈنجى سورىلىدىغان ئىش «نېمىگە ئىبادەت**

(1) ئەھمەد (22860). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

قىلدىڭلار، ئەنبىيائىلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ جۈملىسىدىن يەنە بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشىدۇر.

ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە بەندىدىن تۇنجى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغىنى بولسا نامازدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلى نامىزىدۇر، ئەگەر ناماز جايىدا بولسا ئۇ بەندە نىجات تاپىدۇ، ئەگەر جايىدا بولمىسا، ئۇ بەندە ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پەرز نامازلىرىدىن بىرئاز كەم بولۇپ قالسا، ئاللاھ تائالا: ‹بەندەمنىڭ نەپلە نامازلىرى بارمىكەن، قاراڭلار› دەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كەم بولۇپ قالغان پەرز نامازلىرى تولۇقلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ باشقا ئەمەللىرىمۇ بۇ شەكىلدە بولىدۇ»**[1]. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئېيتتىكى: **«قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تۇنجى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغىنى نامازدۇر. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلىرىگە: ‹بەندەمنىڭ نامىزىغا قاراڭلار، تولۇق ئوقۇپتىمۇ ياكى كەم ئوقۇپتىمۇ؟› دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ناماز تولۇق بولسا ‹تولۇق› دەپ يېزىلىدۇ، ئەگەر بەندە نامازنى تولۇق ئوقۇيالمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا: ‹بەندەمنىڭ نەپلە نامازلىرى بارمىكەن؟ قاراڭلار› دەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ نەپلە نامازلىرى بار بولسا، ئاللاھ تائالا: ‹بەندەمنىڭ پەرز نامازلىرىنى نەپلە نامازلىرى بىلەن تولۇقلىۋېتىڭلار› دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ باشقا ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ»**[2].

### بەندىلەرنىڭ ھەقلىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە ھەقلەرنى بېكىتكەن بولۇپ، ئاتا ئۈچۈن بالىسىنىڭ ئۈستىگە، بالا ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە، قوشنا ئۈچۈن قوشنىسىنىڭ ئۈستىگە ۋە ئەر - ئاياللار ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە ھەقلەرنى بېكىتتى. بەلكى يەنە ھايۋانلار ئۈچۈن، دەل - دەرەخلەر ئۈچۈن ھەقلەرنى بېكىتتى ۋە

(1) تىرمىزى (413). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2020) «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەبۇ داۋۇد (864). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2571) «سەھىھ» دېگەن.

يەنە بەندىلەر ئۈچۈن بىر قىسىم ئىشلارنى مۇباھ، بىر قىسىم ئىشلارنى هارام قىلدى.

بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنىڭ ئىچىدە بەندىدىن تۈنجى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغىنى قان تۆكۈش ھەققىدە بولىدۇ. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ يارىلىنىپ قېنى ئاققان بولسا، ياكى بېشى يېرىلغان بولسا، بۇ ئۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان تۇنجى ئىشلار بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«(قىيامەت كۈنى) كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىدىغىنى قان دەۋاسىدۇر»**[1] دېگەن.

**1) باشقىلارنى ئۇرغان ئادەم**

باشقىلارنى ئۇرغان ئادەمدىن قىيامەت كۈنى ئۇنى ئۇرۇش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى باشقىلارنى زۇلۇم قىلىپ قامچا بىلەن ئۇرغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ»**[2] دېگەن. يەنە: **«قانداقلىكى بىر ئادەم قۇلنى ئۇرىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ»**[3] دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىدى، ئۇ زاتنىڭ قولىدا بىر مىسۋاك بار ئىدى، ئۇ زات ئۆزىنىڭ ياكى (ئۇممۇ سەلەمەنىڭ) قىزچاق خىزمەتچىسىنى چاقىردى، ھەتتاكى يۈزىدە ئاچچىقلانغانلىق مەلۇم بولدى. ئۇممۇ سەلەمە ھۇجرىلارغا چىقىپ، بۇ قىزچاقنىڭ بىر چارۋا مالنى ئوينىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

– نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى چاقىرسا، بۇ چارۋا بىلەن ئويناپ ئولتۇرۇپسەنغۇ! – دېگەندى، قىزچاق نەبىي سەللەللاھۇ

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6864)؛ مۇسلىم (1678).
(2) بەززار (9446). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6374) «سەھىھ» دېگەن.
(3) بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (181). ئالبانىي: («سەھىھۇل ئەدەبىل مۇفرەد»، 134) «سەھىھ» دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

– ياق، سىلىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئاڭلىماپتىمەن، – دېدى. شۇنىڭ بىلەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قىزغا:

– ئەگەر قىساستىن قورقمىغان بولسام، سېنى بۇ مىسۋاك بىلەن ئۇرغان بولاتتىم، – دېدى»[1].

دېمەك، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇقەررەب نەبىي تۇرۇپ، قىساستىن بۇ ھالەتتە قورققان ئىكەن، باشقا ئىنسانلار تېخىمۇ بەك قورقۇشى كېرەك.

2) قەرزدار

ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى ھەرگىز زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە گەرچە ئۇنىڭ ھەققى ئازغىنە نەرسە بولسىمۇ، ھەققىنى ئېلىپ بېرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «كىمدىكى بىراۋغا قارىتا تىل - ھاقارەت ياكى شۇنىڭدەك بىرەر زۇلۇم قىلغان ئەھۋال بولسا، ئۇنى بىرەر تىللا ياكى بىرەر تەڭگە پۇلىمۇ بولمايدىغان كۈنگە قالدۇرماي، بۈگۈنلا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلغان زۇلمىغا لايىق ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ»[2].

دېمەك، قايتۇرىدىغان قەرزى بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن قەرزداردىن قىيامەت كۈنى ھەق ئىگىلىرى ھەققىنى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ئالىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بويىندا بىر دىنار ياكى بىر دىرھەم قەرزى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئادا قىلىنىدۇ. ئۇ يەردە دىنارمۇ،

(1) بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (184)؛ ئەبۇ يەئلا (6944). ئالبانىي: («زەئىفۇل ئەدەبىل مۇفرەد»، 34) «زەئىف» دېگەن.
(2) بۇخارىي (2449).

دىرھەممۇ يوقتۇر» دېگەن[1].

### 3) باشقىلارغا تۆھمەت قىلغان كىشى

ئەرەب تىلىدىكى «قذف» دېگەن سۆز ـ ئايال كىشىگە ياكى ئەر كىشىگە زىنا قىلغانلىق بىلەن ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلار بىلەن تۆھمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارغا زىنا ياكى باشقا ئىشلار بىلەن تۆھمەت چاپلىغان كىشىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قىساس ئېلىنىدۇ. كىمكى قول ئاستىدىكى ئادىمىگە زىنا تۆھمىتى قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ يالغانچىغا بەلگىلەنگەن ئېغىر جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى ئۆزىنىڭ قۇلىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، قۇل ئۇ ئادەم دېگەندەك بولمىسا، قىيامەت كۈنى قارىلىغۇچىغا بەلگىلەنگەن ئېغىر جازا ئىجرا قىلىنىدۇ»**[2] دېگەن.

### 4) ئاجىزلارنى بوزەك قىلغۇچى

كىمكى كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە نوپۇزى بىلەن ئاجىز ئىنسانلارنى بوزەك قىلغان بولسا ياكى مەنسىپىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ۋە زېرەكلىكىنى ئاجىز ئىنسانلارنى بوزەك قىلىش ۋە ئۇلارغا زۇلۇم سېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدىكى: «بىر ئادەم نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ:

**ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قۇللىرىم بار، ئۇلار ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى تىللايمەن ۋە ئۇرىمەن. مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ؟** ـ دېگەنىدى، ئۇ زات:

**ـ ئۇلارنىڭ ساڭا خىيانەت قىلغىنى، ئاسىيلىق قىلغىنى ۋە يالغان ئېيتقانلىقى ۋە سېنىڭ ئۇلارنى جازالىغانلىقىڭ ھەممىسى ھېساب - كىتاب قىلىنىدۇ. ئەگەر سېنىڭ بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تەڭ بولسا، ساڭا ھېچنەرسە بولمايدۇ، ئەگەر جازا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئاز بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ئەۋزەل.**

---

(1) ئىبنى ماجە (2414). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6546) «سەھىھ» دېگەن.

(2) مۇسلىم (1660).

ئەگەر بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇقى ئۈچۈن سەندىن ئۇلارغا قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئارقىغا يېنىپ يىغلاشقا ۋە توۋلاشقا باشلىدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- سەن ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىكى: ﴿*قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز*﴾(21/«ئەنبىيائ»: 47) دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭمۇ! - دېگەندى، ئۇ كىشى:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ھەم ئۆزۈم ھەم ئۇلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىشتىن باشقا ياخشى بىر يول ئويلاپ يېتەلمىدىم. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازادتۇر، - دېدى»[1].

زۇلۇم قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولغانىكەن، بىز زۇلۇم قىلىشتىن قورقۇشىمىز، ھەزەر ئەيلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «زۇلۇم قىيامەت كۈنى قاتمۇقات زۇلمەتتۇر» دېگەن[2].

## قىيامەت كۈنى بەندىدىن قانداق قىساس ئېلىنىدۇ؟

بىر كىشىدە باشقىلارنىڭ ھەقلىرى بولسا، ھەق ئىگىلىرى ھەقلىرىنىڭ مىقدارى بويىچە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەمەللىرى بولمىسا ياكى ئەمەللىرى تۈگەپ كەتسە، ھەق ئىگىلىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇ كىشىگە يۈكلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمدىكى بىراۋغا قارىتا تىل - ھاقارەت ياكى شۇنىڭدەك بىرەر زۇلۇم قىلغان ئەھۋال بولسا، ئۇنى بىرەر تىللا ياكى بىرەر

---

(1) تىرمىزىي (3165). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 2290) «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2447)؛ مۇسلىم (2579).

**تەڭگە پۇلمۇ بولمايدىغان كۈنگە قالدۇرماي، بۈگۈنلا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلغان زۇلمىغا لايىق ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ»** دېگەن[1].

## هايۋانلارنىڭ ھەقلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىقى ۋە مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى ھېكمىتىنىڭ ئىنچىكە بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن، ئىنسانلار ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، ھايۋانلار ئۈچۈنمۇ بىر - بىرىنىڭ قىساسلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قىيامەت كۈنى ھەقلەر چوقۇم ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلماي قالمايدۇ، ھەتتاكى مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ»**[2] دېگەن.

بەلكى يەنە ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، كىمكى دۇنيادا بىرەر ھايۋانغا ئەزىيەت بەرگەن بولسا، قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە جازالىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«بىر ئايال بىر مۈشۈكنى ئۆلگىچە قاماپ قويغانلىقى ئۈچۈن دوزاختا ئازابلانغان، سولاپ قويغاندىن كېيىن يا ئۇنىڭغا يېمەك - سۇ بەرمىگەن، يا يەردىكى ھاشاراتلارنى يېيىشى ئۈچۈن قويۇۋەتمىگەن»** دېگەن[3].

مانا بۇ ئادالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئارىسىدىكى خۇسۇمەتلەرنى ئايرىيدۇ، مەزلۇمغا زالىمغا قارشى ياردەم بېرىدۇ ۋە ئوغرىلانغان كىشى ئۈچۈن ئوغرىدىن ھەققىنى ئېلىپ بېرىش، ئاجىز ئىنسان ئۈچۈن كۈچلۈك ئىنساندىن ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

---

(1) بۇخارىي (2449).
(2) مۇسلىم (2582).
(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3482)؛ مۇسلىم (2242).

## قىيامەت مەھكىمەسىدىكى گۇۋاھچىلار

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەجەللى قىلغان ۋە ئەنبىيائىلەر، گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلگەن چاغدا ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ: ﴿**مەھشەر پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامەئى ئەئماللار ھازىر قىلىنىدۇ، ئەنبىيائىلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ**﴾(39/«زۇمەر»: 69).

ئاشۇ چوڭ مەھكىمەدە خالايىقلار ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ مەھكىمەدىكى گۇۋاھچىلار كىملەر؟ ئۇلار نېمىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟

بەندىلەرگە ئەمەللىرىدىن تۈنجى بولۇپ خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر، ئۇ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى زاتتۇر، ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك ئاللاھقا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ: ﴿**ۋەھالەنكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارغا شاھىتتۇر**﴾(3/«ئال ئىمران»: 98).

## پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتى باشقا ئۈممەتلەرگە گۇۋاھچى بولىدۇ

ئەنبىيائىلەرنى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارغا رەھمەت قىلىپ، خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەنبىيائىلەرنىڭ قەۋملىرىدىن بىر قىسمى ھەقنى تونۇپ ھىدايەت تاپقان بولسا، يەنە بىر قىسمى ھەقنى تونۇماي يۈز ئۆرۈدى ۋە ئەنبىيائىلەرنى يالغانغا چىقاردى. قىيامەت كۈنى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئۈممىتى بىلەن بىر يەرگە يىغىلىپ، غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى ھالى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە دېگەندەك بولىدۇ: ﴿**بىز ئەلبەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (ئەنبىيائىلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، ئەنبىيائىلەردىنمۇ ئەلبەتتە (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا**

قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز. (قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەبەرداردۇرمىز)﴾(7/«ئەئراف»: 6، 7).

ئەگەر قەۋملەر ئەنبىيائىلىرىنىڭ ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى يالغانغا چىقىرىپ تانسا، بۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتى ئىلگىرىكى ئەنبىيائىلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾(2/«بەقەرە»: 143).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «قىيامەت كۈنى نۇھ چاقىرىلىدۇ، ئۇ:

— خوش، تائىتىڭگە تەييار، پۈتۈن ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدا، ئى رەببىم!

— دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن:

— يەتكۈزدۈڭمۇ؟ — دەپ سورايدۇ، ئۇ:

— ھەئە، — دەيدۇ. ئاندىن ئۈممىتىگە:

— سىلەرگە يەتكۈزدىمۇ؟ — دېيىلىدۇ، ئۇلار:

— ياق، بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر كېلىپ باقمىدى، — دېيىشىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا نۇھقا:

— ساڭا كىم گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ — دېگەندە، نۇھ:

— مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى، — دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، سىلەر ئۇنىڭ يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىسىلەر، پەيغەمبەرمۇ سىلەرگە شاھىد بولىدۇ. مانا بۇ نامى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى خاھلىغان كىشىنى ھىدايەت قىلغاندەك) بارلىق خالايىققا شاھىد بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾ (2/«بەقەرە»: 143) دېگەن ئايەتىدۇر». (نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى راۋىيلەردىن بىرى ئېيتىدۇكى: مەزكۇر ئايەتتىكى) «الْوَسَطُ»

تـوغرا، دۇرۇس دېگەن مەنىدە[1].

دېمەك، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەرگە قارشى ئەنبىيائىلەر ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىدۇ. مۇنۇ ھەدىستە شۇنداق كەلگەن: **«قىيامەت كۈنى بىر نەبىي يېنىدا بىر كىشى بار ھالەتتە، يەنە بىر نەبىي يېنىدا ئىككى كىشى بار ھالەتتە، يەنە بىر نەبىي يېنىدا ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ، ياكى ئاز كىشى بار ھالەتتە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ نەبىيگە:**

**— قەۋمىڭگە (دىنىنى) يەتكۈزدۈڭمۇ؟ — دېيىلىدۇ. ئۇ:**

**— ھەئە، — دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قەۋمى چاقىرىلىپ، ئۇلارغا:**
**— ئۇ سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزدىمۇ؟ — دېيىلىدۇ، ئۇلار:**
**— ياق، يەتكۈزمىدى، — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ نەبىيگە:**
**— ساڭا كىم گۇۋاھچى بولىدۇ، — دېيىلىدۇ، ئۇ نەبىي:**
**— مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى، — دەيدۇ. ئاندىن مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى چاقىرىلىپ، ئۇلارغا:**
**— بۇ نەبىي يەتكۈزدىمۇ؟ — دېيىلىدۇ، ئۇلار:**
**— ھەئە، — دەيدۇ. ئاللاھ:**
**— سىلەر بۇنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەيدۇ، ئۇلار:**
**— بىزگە پەيغەمبىرىمىز ئىلگىرىكى ئەنبىيائىلەرنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى خەبەر بەرگەن ئىدى، بىز ئۇنى راست دەپ ئىشەنگەن ئىدۇق، — دەيدۇ»[2].**

## پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتى ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە، ئۇلارغا بايان قىلىپ بەرگەنلىكىگە، ئۇلارغا ھەممە ياخشى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىگە ۋە ئۇلارنى ھەممە يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: **﴿بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4487)؛ مۇسلىم (2936).

(2) ئىبنى ماجە (4284). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3476) «سەھىھ» دېگەن.

***(ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾***[(4/«نىسائ»: 41)] دېگەن. يەنە: ***﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾***[(2/«بەقەرە»: 143)] دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىگە مېھرىبان ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن، بىر قېتىم قىيامەت كۈنى ئۈممىتىگە گۇۋاھچى بولىدىغانلىقىنى ئەسلەپ يىغلاپ كەتكەن، ياشلىرى ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك يۈزىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. ئاتا - ئانام ۋە روھىم ئۇ زاتقا پىدا بولسۇن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

**– ماڭا قىرائەت قىلىپ بەرگىن،** – دېۋىدى، مەن:

**– قۇرئان سىلىگە چۈشۈرۈلگەن تۇرسا، مەن سىلىگە ئوقۇپ بېرەمدىم،** – دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

**– مەن ئۇنى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن،** – دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سۈرە ‹نىسائ›نى ئوقۇپ: ***﴿بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾***[(4/«نىسائ»: 41)] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ:

**– توختا،** – دېدى. قارىسام كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋېتىپتۇ»[(1)].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلغان بۇ ياشلار ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن بەك كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئاللاھ بىزدىن رازى بولىدىغان

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4582)؛ مۇسلىم (800).

خالىس ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا بېرىشمىز كېرەك بولىدۇ.

## ھەربىر نەبىي ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە گۇۋاھچى بولىدۇ

بارلىق ئەنبىيائىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەۋملىرىگە گۇۋاھچى بولغان ھالدا كېلىدۇ، ئۇلار قەۋملىرىگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىگە ۋە ئۇلارنى شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿بىز ھەرئۈممەتتىن (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەر) نى چىقىرىمىز، پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دەيمىز، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (يەنى مەئبۇدلىرى) ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ﴾[28/«قەسەس»: 75].

## بەندىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر

پەرىشتىلەر بەندىدىن مەيلى ئۇ يۇرتىدا بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن، ئويغاق بولسۇن ياكى ئۇخلاۋاتقان بولسۇن ئايرىلمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى، ئەمەللىرى ۋە ھەربىر ھەرىكەتلىرىگىچە بىرمۇبىر خاتىرىلەپ يېزىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز﴾[10/«يۇنۇس»: 61].

بۇ پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنى بەندە ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بەندە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى، دۇئا قىلىۋاتقاندا ئاڭلاپ تۇرغان ئىدى، يول ماڭغاندا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى، سەپەر قىلغاندا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ئىدى ۋە سەپەر قىلمىغان مۇقىم ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇرغان ئىدى. قىيامەت كۈنى بۇ گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ ۋە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ئەنبىيائىلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ﴾[39/«زۇمەر»: 69] دېگەن.

## ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ئىقرار قىلىشى

قىيامەت كۈنى ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە

قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ. كافىرلار ئۆزلىرىگە كافىر بولغانلىقى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاسىي - گۇناھكارلار ئۆزلىرىگە گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. باشقا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يالغان ئېيتالمايدۇ. ۋە قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كافىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ﴾(6/«ئەنئام»: 130) دېگەن.

## زېمىننىڭ گۇۋاھلىقى

زېمىنمۇ بەندىلەر ئۈنىڭ ئۈستىدە قىلغان ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا، سەدىقە قىلغۇچىنىڭ قىلغان سەدىقىسىگە، ئاللاھنى ئەسلەپ يىغلىغۇچىنىڭ ياشلىرىغا ۋە مۇجاھىدنىڭ ھەربىر قەدىمىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ۋە يەنە زىنا قىلغۇچىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا، ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ۋە قاتىللىق قىلغۇچىنىڭ جىنايىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

بەندە بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ ئۆزىنى يوشۇرالىسۇن! ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەبەرلىرىنى (يەنى ئۈنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر﴾(99/«زەلزەلە»: 4، 5).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ﴿بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەبەرلىرىنى (يەنى ئۈنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە:

– ئۇنىڭ خەبەرلىرى نېمە بىلەمسىلەر؟ – دېگەندى، بىز:

– ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، – دېسەك، ئۇ زات:

– ئۇنىڭ خەبەرلىرى ئۇنىڭ ھەربىر ئەر ۋە ئايال بەندىگە ئۆزىنىڭ ئۈستىدە

**قىلغان ئىشلىرىغا: ‹بۇ بەندە پالانى كۈنى مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئىدى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىدۇر. مانا بۇ ئۇنىڭ خەبەرلىرىدۇر» دېدى[1].**

يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق: **«زېمىندىن پەخەس بولۇڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ ئاناڭلاردۇر (يەنى سىلەر ئۇنىڭدىن يارىتىلغان)، ھەقىقەتەن قايسىبىر كىشى ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلغانلا بولسا، ئۇ چوقۇم ھەممىسنى خەبەر قىلىدۇ»** دېگەن[2].

مادامىكى، بەندە قىيامەت كۈنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئالLاھقا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى بىلسە، قانداقمۇ گۇناھ - مەئسىيەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ!!!

## بەدىنىنىڭ ئەزالىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى

بەدىنىنىڭ كۆرىدىغان كۆزى، ئاڭلايدىغان قۇلىقى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بەدىنىدىكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. پاچاق، قورساق، دۈمبە ۋە يوتا ھەممىسى سۆزلەيدۇ.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)﴾***(36/«ياسىن»: 65)، ***﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾***(39/«زۇمەر»: 24).

بەدەندىكى ئەزالار گۇۋاھلىق بېرىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان بۇ ئورۇندا ھەسرەت - نادامەت كار قىلمايدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «بىز نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ زات كۈلدى ۋە:

---

(1) تىرمىزىي (2429). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە»، 4834) «زەئىپ» دېگەن.

(2) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، (4462). ئالبانىي: «زەئىفۇلجامىئ»، 2407) «زەئىپ» دېگەن.

– مېنىڭ نېمىگە كۆلگەنلىكىمنى بىلدىڭلارمۇ؟ – دېدى، بىز:

– ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، – دېدۇق. ئۇ زات دېدىكى:

– بەندىنىڭ رەببى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىدىن كۈلدۈم، بەندە: ‹ئى رەببىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرمىغانمىدىڭ؟!› دەيدۇ، ئاللاھ: ‹شۇنداق› دەيدۇ، بەندە: ‹ئۇنداقتا مەن ئۆزۈمگە پەقەت ئۆزۈمدىن بولغان بىر گۇۋاھچىنىلا كۇچكە ئىگە قىلىمەن› دەيدۇ، ئاللاھ: ‹بۈگۈن ساڭا قارشى گۇۋاھچى بولۇشقا ئۆزۈڭ ۋە كىرامەن كاتىبىن پەرىشتىلەر يېتەرلىكتۇر› دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىپ، ئەزالىرىغا: ‹سۆزلەڭلار› دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئاندىن ئۇ گەپ قىلىشى ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئەزالىرىغا: ‹ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغايسىلەر! مەن سىلەرنى (دوزاختىن) قوغداشقا تىرىشىۋاتقانتىمغۇ!› دەيدۇ»[1].

شۇنداق، بەندىنىڭ قول - پۇت قاتارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن: «قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سۆزلەڭلار» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەزالار سۆزلەپ، ئۇ بەندىنىڭ ھەممە رەسۋاچىلىقلىرىنى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ. بەندىنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ گەپ قىلىشى چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇلارنى ئاڭلاپ ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ. ئاندىن گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغاندا، ئەزالىرىغا مالامەت قىلىشقا باشلايدۇ ۋە: «مەن سىلەرنى دوزاختىن قوغداشقا تىرىشىۋاتقانتىمغۇ!» دەيدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىۋېتىپ دېگەنكى: «... ئاندىن ئاللاھ ئۈچىنچىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش سوئالنى سورايدۇ. ئۇ بەندە: ‹ئى رەببىم! ساڭا، كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم. ناماز ئوقۇدۇم، روزا تۇتتۇم، زاكات بەردىم› دەيدۇ ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ: ‹ئۇنداقتا، سەن بۇ يەردە بىردەم كۈتۈپ تۇرغىن› دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹ھازىر ساڭا

---

(1) مۇسلىم (2969).

گۇۋاھچىمىزنى ئەۋەتمىز› دېيىلىدۇ، بەندە ئۆز ئىچىدە: ‹ماڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىمدۇ؟› دەپ ئويلايدۇ. (بۇ چاغدا) ئاغزى پېچەتلىنىدۇ ۋە يوتىسىغا، گۆشىگە ۋە ئۇستىخانلىرىغا: ‹سۆزلەڭلار› دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پاقالچىقى، گۆشى ۋە ئۇستىخانلىرى تىلغا كىلىپ، ئۇ بەندىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى سۆزلەيدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ بەندىنىڭ ئۆزرە ئېيتىش يوللىرىنى كېسىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇ مۇناپىق كىشى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدىغان كىشىدۇر»[1].

## تاشلارنىڭ ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ گۇۋاھلىقى

بۇ نەرسىلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ پايدىسىغا ياكى زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى مۇئەززىنگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەزاننىڭ پەزىلىتى بولۇپ، ئەزاننى ئاڭلىغان ئىنس - جىن، دەل - دەرەخ ۋە تاشلار ھەممىسى قىيامەت كۈنى مۇئەززىنگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەزان ئېيتقۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان جىن، ئىنسان ۋە ھەرقانداق نەرسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن[2].

### پىچىرلاش

**سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلەردىن ھېساب ئېلىڭلار، زىيىنىڭلارغا تارتىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئەمەللىرىڭلارنى تارازىدا تارتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار.**

---

(1) مۇسلىم (2968).

(2) بۇخارىي (609).

# تارازا

مەھشەر كۈنى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىش ئۈچۈن تارازا قويۇلىدۇ. ئەمەللەرنى تارتىش جازا ۋە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن بولغاچقا، تارتىش ھېساب ئېلىشتىن كېيىن بولىدۇ. چۈنكى، بەندىلەردىن ھېساب ئېلىش ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجىرلىرىنى بېكىتىش ئۈچۈن، تارازىدا تارتىش بولسا ئەمەللەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. مىقدارىغا قاراپ جازا ۋە مۇكاپات بولىدۇ.

- **ئۇنداقتا تارازا دېگەن نېمە؟**
- **تارازىنىڭ سۈپىتى ۋە شەكلى قانداق بولىدۇ؟**
- **تارازىدا نېمە ئۆلچىنىدۇ؟**
- **ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئۆلچىنەمدۇ؟**

ئاللاھ تائالا كىتابىدا تارازىنى زىكىر قىلدى ۋە ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تارازىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلدى ۋە تارازىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ۋە ئەڭ يېنىك كېلىدىغان ئەمەللەرنى سۆزلەپ بەردى.

## تارازىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾***(21/«ئەنبىيائ»: 47)، ***﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇد بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.***

***تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾*** (23/«مۆئمىنۇن»: 101 – 103).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «راھمانغا سۆيۈملۈك، تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر ئىككى سۆز بار: ‹سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەللاھىلئەزىيم / ئاللاھنى ھەمدۇسانا بىلەن مەدھىيەلىگەن ھالدا پاكلايمەن، ئۇلۇغ ئاللاھنى پاكلايمەن›دۇر» دېگەن[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پاچىقى ھەققىدە: «ئۇ ئىككى پاچاق تارازىدا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستى ۋە باشقا ھەدىسلەر كېيىنكى بەتلەردە كېلىدۇ.

## تارازىنىڭ شەكلى

«قۇرئان» ۋە ھەدىستە كەلگەن بايانلار تارازىنىڭ ھەقىقىي، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، ھېسسىي بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تىلى ۋە ئىككى تەخسىسى بار ئىكەنلىكىنى ۋە ئەمەللەر قويۇلغاندىن كېيىن بىر تەخسىسى يەڭگىل كېلىپ، يەنە بىر تەخسىسى ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ھەجمى ۋە مىقدارىنى پەقەت ئاللاھ تائالا بىلىدۇ، لېكىن ئۇ بەك چوڭدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى: «قىيامەت كۈنى تارازا قويۇلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاسمانلار ۋە زېمىن ئۆلچەنگەن بولسا، ئەلبەتتە ئۇنى سىغدۇرۇپ كەتكەن بولاتتى. پەرىشتىلەر: ‹ئى رەببىمىز! بۇ كىمنى تارتىدۇ؟› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹مەخلۇقاتلىرىمدىن مەن خاھلىغاننى تارتىدۇ› دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹سەن پاكتۇرسەن، بىز ساڭا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىبادەت قىلالمىدۇق› دەيدۇ»[2].

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7563)؛ مۇسلىم (2694).

(2) ھاكىم: ««ئەلمۇستەدرەك»» ، (8739). ھاكىم ۋە زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

## ئىنچىكە تارازا

بۇ ئادالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممە ئەمەللىرىنى زىيادە ۋە كەم قىلماستىن ئىنچىكە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز**﴾ (21/«ئەنبىيائ»: 47).

## تارازا بىرمۇ ياكى بىردىن كۆپمۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز﴾ دېگەن ئايەتتىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، قىيامەت كۈنىدىكى تارازىنىڭ بىردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ھەربىر بەندە ئۈچۈن بىر تارازا ياكى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان بىر تارازا، كافىرلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان بىر تارازا، ياكى ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر تارازا بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئايەتتىكى تارازىلاردىن ئەمەللەر مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

## تارازىغا قويۇلىدىغان نەرسە نېمە

تارازىدا تارتىلىدىغان نەرسە ئەمەللەرمۇ ياكى ئەمەل دەپتەرلىرىمۇ، ياكى بەندىنىڭ ئۆزىمۇ؟ ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى كۆپ بولۇپ، توغرىلىققا يېقىنراق بولغىنى «ئاخىرەتتە بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تارازىلىنىدۇ» دېگەن كۆزقاراشتۇر. بۇنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى كۆرسىتىدۇ.

## ئەمەللەرنىڭ تارازىدا تارتىلىدىغانلىقى

ھەدىسلەردە «ئەمەللەر تارازىغا قويۇلىدۇ» دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ

ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «راھمانغا سۆيۈملۈك، تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر ئىككى سۆز بار: ‹سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەللاھىلئەزىيم / ئاللاھنى ھەمدۇسانا بىلەن مەدھىيەلىگەن ھالدا پاكلايمەن، ئۇلۇغ ئاللاھنى پاكلايمەن›دۇر» دېگەن[1]. يەنە: «‹جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر› دېگەن سۆز تارازىنى تولدۇرىدۇ»[2] دېگەن.

بۇ ھەدىسلەردە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئەمەللەرنى تارازىدا ئېغىر كېلىدۇ دەپ سۈپەتلىدى. بىز بۇنىڭدىن ئەمەللەرنىڭ تارتىلىدىغانلىقىنى ۋە بەزى ئەمەللەرنىڭ بەزىسىدىن ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

## نامەئى ئەئماللەرنىڭ تارازىدا تارتىلىدىغانلىقى

ئايەت - ھەدىسلەردە نامەئى ئەئماللەرنىڭمۇ تارازىدا تارتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن كەلىمە يېزىلغان ۋاراقچە ھەققىدىكى ھەدىستە دېدىكى: «ھەقىقەتەن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا توقسان توققۇز پۈتۈك بېرىدۇ. ھەربىر پۈتۈك كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە ئۇزۇندۇر. ئاندىن ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە:

– بۇنىڭدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟ – دەيدۇ. بەندە:

– ئى رەببىم! ياق ئىنكار قىلمايمەن، – دەيدۇ.

– ساقلىغۇچى پەرىشتىلىرىم ساڭا زۇلۇم قىپتىمۇ؟

– ياق، ئى رەببىم!

– سېنىڭ ئۆزرەڭ بارمۇ؟ سېنىڭ بىرەر ياخشى ئەمەلىڭ بارمۇ؟

بۇ چاغدا بەندە ئەيمىنىپ: – يوق، – دەيدۇ. ئاللاھ:

– ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن، بىزدە سېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭ بار،

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7563)؛ مۇسلىم (2694).

(2) مۇسلىم (223).

ھەقىقەتەن، بۈگۈن ساڭا زۇلۇم يوق، — دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن› دەپ يېزىلغان بىر ۋاراقچە چىقىرىلىدۇ. ئۇ:

– ئى رەببىم! بۇ پۈتۈكلەر بىلەن بىرگە بۇ نېمە ۋاراقچە! –دەيدۇ. ئاللاھ:

– ھەقىقەتەن، ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، – دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پۈتۈكلەر تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە، ۋاراقچە يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلىدۇ. نەتىجىدە پۈتۈكلەر يەڭگىل كېلىپ، ۋاراقچە ئېغىر كېلىدۇ، ھېچبىر نەرسە ئاللاھنىڭ ئىسمى ئالدىدا ئېغىر باسمايدۇ»[1].

دېمەك، بۇ ھەدىس نامەئى ئەئماللەرنىڭمۇ تارازىدا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## «لا الـه الا اللـه / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبىدۇر

بۇ ھەدىستە، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋھىد كەلىمىسى ئارقىلىق مۇرتەدلىك دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان قىلمىشلارنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمما، مۇرتەدلىككە ياتىدىغان قىلمىشلار بولسا تەۋھىد كەلىمىسىگە زىت كېلىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ كەلىمە مەنىسى يوق قۇرۇق سۆز بولۇپ قالىدۇ.

ھەسەن بەسرىيگە:

– كۆپ ئىنسانلار: «كىمكى ‹لا الـه الا اللـه / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق› دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدىكەن، – دېيىلگەندى، ئۇ:

– كىمكى «لا الـه الا اللـه / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دەپ، بۇ كەلىمىنىڭ ھەققىنى ۋە پەرزلىرىنى ئادا قىلسا ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ، – دېدى.

دېمەك، «لا الـه الا اللـه / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېگەن

(1) تىرمىزىي (2639). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1776) «سەھىھ» دېگەن.

كەلىمە جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. سەۋەبىنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلىپ، ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان ئىشلار يوق بولغان چاغدىلا ئاندىن بەندىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. مۇناپىقلارمۇ «لا الە الا اللە / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دەيدۇ، لېكىن بۇ كەلىمە ئۇلارغا مەنپەئەت قىلمايدۇ، ئۇلار بولسا دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ كەلىمىنى ئۇنىڭ مەنىسىگە ئېتىقاد قىلماستىن ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلماستىن تىللىرىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويىدۇ.

### ئەمەل قىلغۇچى بەندىنىڭ ئۆزى تارازىغا قويۇلۇشىمۇ مۇمكىن

يەنى بەندىنىڭ ئۆزى ئەمەللەر تارتىلىدىغان تارازىغا قويۇلىدۇ. بەندىنىڭ ۋەزنى ئەمەللىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قارىتا ئېغىر ياكى يەڭگىل كېلىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەلىكى ھەققىدىكى ھەدىستۇر. بۇ ساھابە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كېتىۋېتىپ، بىر دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مىسۋاك قىلىشى ئۈچۈن بىر تال شاخچە سۇندۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ دەرەخكە چىقتى، ئۇ بەك ئورۇق ئىدى. ئۇ شاخچىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كىيىمى شامالدا يەلپۈنۈپ ئېچىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بەك كىچىك، ئىنچىكە پاچاقلىرىدىن ئەسھابلەر كۈلۈشۈپ كەتكەندە، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**نېمىگە كۈلۈۋاتىسىلەر؟! ئۇنىڭ پاچاقلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكىگىمۇ؟! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ پاچاقلىرى تارازىدا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر**»[1] دېدى.

دېمەك، ئىبنى مەسئۇدنىڭ پاچاقلىرى دۇنيادا يەڭگىل بولغىنى بىلەن ئاخىرەتتە تارازىدا ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ ئىككى پاچاقنى تارازىدا ئېغىر قىلغان نەرسە نېمە؟ شەكسىزكى، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ

(1) ئەھمەد (3991). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

كېچىلىرى ئۇزۇن قىيامىدا تۇرغانلىقى، داۋاملىق روزا تۇتقانلىقى ۋە ھارام ئىشلارنى قىلمىغانلىقىدۇر. ئەمما، ئىبنى مەسئۇدتىن باشقا تاشقى كۆرۈنۈشىنى زىننەتلەپ ئىچكى دۇنياسىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن، كىيىملىرىنى ئاقارتىپ قەلبلىرىنى قارايتىۋەتكەن ئىنسانلارغا كەلسەك، ئۇلار ھەققىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن، قىيامەت كۈنى ئېگىز بويلۇق، سېمىز ئادەم كېلىدۇ. ئۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نەزەرىدە، پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ كەلمەيدۇ» دېگەن. ئاندىن (رەسۇلۇللاھ): ‹ئەگەر خاھلىساڭلار: ***﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز﴾***(18/«كەھف»: 105) دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار› دېدى»[1].

## بەندىنىڭ بارارجايى ئەمەللىرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە باغلىق

قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ بارارجايى ئۇنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنىڭ نەتىجىسىگە قارىتا بەلگىلىنىدۇ، ئەمەللىرى قىلمىشلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر جەننەتكە، قىلمىشى ئەمەللىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر دوزاخقا لايىق بولۇر. پەقەت ئاللاھ ئەپۇ قىلغان ياكى شاپائەتچىلەر شاپائەت قىلغان ئاسىيلار بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر﴾***(7/«ئەئراف»: 8، 9).

## ئەمەللىرى بىلەن قىلمىشلىرى تەڭ - باراۋەر كىشىنىڭ بارارجايى

ئەمەللىرى بىلەن قىلمىشلىرى تەڭ - باراۋەر كىشى جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئەئراف ئەھلىدىن بولىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿تو سىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف)***

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4729)؛ مۇسلىم (2785).

بولىدۇ﴾(7/«ئەئراف»: 46).

ئەئراف ئەھلىنىڭ ئىشى جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىپ بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئەئراف ئەھلىنى شاپائەتكە نائىل بولغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەزل - كەرەمى ۋە ئىلتىپاتىدۇر.

ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخ ئەھلىنى زىكىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەئراف ئەھلى ھەققىدە دېدىكى: ﴿***ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلار ئەھلى جەننەتكە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرۇلغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ***﴾(7/«ئەئراف»: 46، 47).

## كافىرلارنىڭ قىلمىش - ئىبتىملىرى

مەيلى كافىر بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بەلكى ھەممە توغرا ئەمەلىنىڭ ياكى قەبىھ قىلمىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. كافىرلارنىڭ (ياخشى ئىش دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرىمۇ تارازىدا تارتىلىدۇ، لېكىن ئۇ ئەمەللەر تارازىدا يەڭگىل كېلىپ، تارازا قايرىلىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى: ﴿***ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز***﴾(18/«كەھف»: 105).

## كافىرلارنىڭ قىلمىش - ئىبتىملىرى ئىككى قىسىم بولىدۇ:

بىرىنچى قىسىم: زېمىندا ھەددىدىن ئېشىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىشلىرى بولۇپ، باتىل، ناچار قىلمىشلاردۇر. ئۇلار ئەسلىدىلا

بۇ ئەمەللەرنى قىلغاندا، ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئەمەللەرنى زۇلمەتلەر دەپ سۈپەتلەپ دېدىكى: ﴿**ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇقتا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)**﴾(24/«نۇر»: 40).

ئىككىنچى قىسىم: سەدىقە، سىلە - رەھىم، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم قىلىش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق كەشپىياتلارنى پەيدا قىلىشقا ئوخشاش كافىرلار «ئۆزلىرىگە ئەسقاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قىلغان ئەمەللەر. كافىرلار بۇ ئەمەللىرىگە قارىتا دۇنيادا مال - مۈلكىنىڭ زىيادە بولۇشى، كۆڭۈللىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، كېسەللىرىنىڭ شىپا تېپىشى ۋە ئەزىيەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئەمەللەر ئۇلارغا ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتۇر[1].

لېكىن، ئاللاھ تائالا ناچار قىلمىشلارنى قىلغان كافىر بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كافىرنى باراۋەر قىلمايدۇ، بەلكى ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىغا دۇنيادا مۇكاپات بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ**﴾(11/«ھۇد»: 15، 16).

---

(1) ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىجمائى بىلەن كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆلگەن كافىرنىڭ دۇنيادا سىلە ـ رەھىم، سەدىقە ۋە خەير ـ ئېھسانغا ئوخشىغان ئالاھىدە نىيەتكە قاراشلىق بولمىغان ياخشىلىقلىرىغا قارىتا ئاخىرەتتە ئەجىر بېرىلمەيدۇ. ئەمما، بۇ تۈرلۈك ياخشىلىقلارنى قىلىپ كېيىن ئىمان ئېيتىپ ئۆلگەن بولسا، توغرا قاراشتا ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ. قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ مۇسلىم»، 9/184 — ت.

ئاللاھ تائالا كافىرلار قىلىدىغان بۇ ئەمەللەرگە مىساللارنى كەلتۈردى:

1) ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى سەرابقا ئوخشاش

چۈنكى، كافىر باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سەدىقە قىلىشقا ئوخشاش ئەمەللەرنى ئۆزىگە ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قىلىدۇ، ھالبۇكى بۇ ئەمەللەر ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلمايدۇ. بۇ كافىر ئالدىدا يالتىراپ تۇرغان سەرابنى سۇ دەپ ئويلاپ (ئەمەلىيەتتە ئۇ سۇ ئەمەس) قالغان چاڭقىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***كافىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر***﴾ (24/«نۇر»: 39).

2) ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى كۈلگە ئوخشاش

كۈل – ئوتۇن ياكى كۆمۈردەك بىرنەرسە كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن قېپقالغان ئاقۇچ قارا ياكى كۆكۈچ چاڭسىمان مىنېرال قالدۇقتۇر. كافىرلارنىڭ ئەمەللىرى يىغىلىپ قالغان، بورانلىق شامال چىقىپ، ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇتۇۋەتكەن كۈلگە ئوخشاشتۇر. تۇزۇپ كەتكەن نەرسىنى بەندە قانداقمۇ بىر يەرگە يىغالايدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كافىرلار (بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر ئېزىقتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر)***﴾ (14/«ئىبراھىم»: 18).

### ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن كافىرلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ؟

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە يەنە ئەنبىيائلەرنى

بېشارەت بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەنبىيائىلەر ئىنسانلارغا توغرا يول بىلەن باتىل يولنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. كىمكى ئۇنىڭغا ئوچۇق ھەقىقەت كەلگەندىن كېيىن، مەجبۇرلانغان ۋە ئەقىلدىن ئاداشقان ئەھۋالىنىڭ غەيرىدە سەركەشلىك قىلىپ قەستەن ھەقتىن يۈز ئۆرۈسە، بۇ قىلمىشىغا قارىتا ئازابقا لايىق بولۇر.

قىيامەت كۈنىنىڭ سوتىدا ئاللاھ تائالا تۈرلۈك جىنس، رەڭ ۋە دىنلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى توختىتىپ ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدىكى كافىرلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ: ﴿*شۇ كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ*﴾(28/«قەسەس»: 62) دېگەن. يەنى سىلەر ئىبادەت قىلغان، چوڭ بىلگەن، يېقىنلاشقان ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن قوشۇپ «ئىلاھلاردۇر» دەپ ئويلىغان مېنىڭ «شېرىكلىرىم» قەيەردە؟ ئۇلار بۈگۈن سىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەمدۇ؟ ياكى سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزالامدۇ؟

ئاللاھ تائالا يەنە دېگەنكى: ﴿*ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئەنبىيائىلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟*﴾(28/«قەسەس»: 65)، ﴿*تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر*﴾(101/«قارىئە»: 8 – 11)، ﴿*تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەت چىراي) بولۇپ قالىدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار» دېيىلىدۇ*﴾ (23/«مۇئمىنۇن»: 103 – 105).

شۇنداق، ئۇلار دۇنيادا ھۆرمەتلىگەن ۋە ئەزىز بىلگەن جانلىرىدىن قىيامەت كۈنى زىيان تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ.

**كافىرلاردىنمۇ ھېساب ئېلىنامدۇ؟**

شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوئال - سوراق قىلىنىپ، ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە ئەمەللىرى تارتىلىدۇ.

كافىرلار ئېنىق دوزاخقا كىرىدىغان تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە ئەمەللىرى تارتىلىدۇ؟

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ***﴾[37/«سافقات»: 24]. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭمۇ ئەمەللىرىدىن سوئال - سوراق قىلىپ ھېساب ئالىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئۇلارغا قارشى پاكىت كۆرسىتىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئادىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىش؛ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا يول قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***كىشىلەرنىڭ نامەئى ئەئمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامەئى ئەئمالغا چوڭ - كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامەئى ئەئمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ***﴾[18/«كەھف»: 49].

2) ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ھېساب ئالىدۇ؛ ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (غايەت چوڭ ئىشنى كۆرىسەن). ئاللاھ ئۇلارغا: «بۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ: «كافىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ***﴾[6/«ئەنئام»: 30].

دېمەك، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ھەقنى تونۇپ تۇرۇپ، قەستەن ئۇنىڭغا قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ھەسرەت ۋە نادامەت ئۇلارنى چۇلغىۋالىدۇ.

3) كافىرلار شەرىئەتنىڭ ئەسلى بولمىش تەۋھىدكە بۇيرۇلغاندەك، تارماق ئەھكاملىرىغىمۇ بۇيرۇلغاندۇر؛ ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشلارغا سەل

قارىغانلىقى ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقىدىن ھېساب ئېلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ زاكات بەرمىگەنلىكى ۋە نامازنى تەرك ئەتكەنلىكىدىنمۇ سوئال - سوراق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿مۇشرىكلەرگە ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ﴾(41/«فۇسسىلەت»: 6، 7) دېگەن. يەنە گۇناھكارلار توغرۇلۇق دېدىكى: ﴿ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق﴾(74/«مۇددەسسىر»: 40 – 45).

4) كاپىرلار كۇفرىدا ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلىرىدە پەرقلىق بولىدۇ.

قىيامەت كۈنىدە كاپىرلاردىن ھېساب ئېلىش ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئازابىنىڭ دەرىجىلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇ زاتنىڭ كاپىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن تاغىسى ئەبۇ تالىب ھەققىدە سوراپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تاغىلىرى ئەبۇ تالىبقا قانداق پايدا يەتكۈزدىلە؟ ئۇ سىلىنى قوغداپ سىلى ئۈچۈن ئاچچىقلىناتتى» دېگەندە، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ ئوشۇقتا كېلىدىغان تېيىز ئوتتا، ناۋادا مەن بولمىغان بولسام دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولغان بولاتتى»[1] دېگەن. دېمەك، ئەبۇ تالىب دوزاختا ئەبۇ لەھەبكە قارىغاندا يېنىك ئازابلىنىدۇ.

## كاپىرلارنىڭ قىلغانلىرى قانداق تارتىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تارازىسىنىڭ يەنە بىر تەخسىسىگە قويۇلىدىغان ياخشى ئەمەللىرى بارمۇ؟

كاپىرلارنىڭ قىلغانلىرى تارازىنىڭ ئىككى تەخسىسىگە قويۇلىدۇ. تارازىنىڭ بىر تەخسىسىگە كاپىرنىڭ كۇفرىلىقى ۋە قىلمىشلىرى قويۇلىدۇ، بۇ چاغدا تارازىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلىدىغانغا كاپىرنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قىلمىشلىرى قويۇلغان تەخسىسى بېسىپ كېتىدۇ.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3883)؛ مۇسلىم (209).

كافىرلار دۇنيادا بىر ياخشى ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش، رىزقىغا بەرىكەت بېرىش ۋە مال - دۇنياسىنى كۆپەيتىپ بېرىش بىلەن دۇنيادا مۇكاپاتلايدىغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدى. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ***﴾(11/«ھۇد»: 15، 16).

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمەللەر ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟» ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلبەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلبەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھيى قىلىندى***﴾(39/«زۇمەر»: 63 – 66).

«كافىر دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە قارىتا مۇكاپاتلىنىدۇ، قىيامەت كۈنى بولسا ھېچقانداق ياخشى ئەمەللىرى يوق ھالەتتە كېلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇئمىنگە قىلغان بىرەر ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. ئەمما، كافىرغا كەلسەك، ئۇنىڭ (ئۆز خىيالىدا) ئاللاھ ئۈچۈن قىلدىم دەپ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا قارىتا ئۇنىڭغا دۇنيادىلا رىزىق بېرىلىدۇ، ئاخىرەتكە

بارغاندا ئۇنىڭ ئەجىر ئاتا قىلىنغۇدەك بىرەر ياخشىلىقى قالمايدۇ» دېگەن[1].

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ سوئال - سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (ئاللاھ بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر﴾(28/«قەسەس»: 78) دېگەن سۆزىنى ۋە: ﴿بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ﴾(77/«مۇرسەلات»: 35، 36) دېگەن سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

شەكسىزكى، قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ ھالى تۆۋەندىكى ئىككى ھالەتنىڭ بىرسىدە بولىدۇ:

بىرىنچى ھالەت: كاپىرلاردىن مۇئمىنلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىدىن سوئال - سوراق قىلىنغان شەكىلدەك سورالمايدۇ. بەلكى ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن «ئوغرىلىق قىلدىڭ»، «نېمە ئۈچۈن زىنا قىلدىڭ» دەپ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەش شەكلىدە سوئال - سوراق قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى ھالەت: قىيامەت كۈنى بەك ئۇزۇن كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە نۇرغۇن ئەھۋاللار ۋە نۇرغۇن ئورۇنلار بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ بەزىسىدە ھېساب ئېلىنىدۇ، بەزىسىدە نامەئى ئەماللەر تارقىتىلىدۇ، پىلسىرات بار ۋە ھەۋزى كەۋسەر بار. كاپىرلار بۇ ئورۇنلارنىڭ بەزىسىدە سوئال - سوراق قىلىنىدۇ.

دېمەك، قىيامەت كۈنىدە نۇرغۇن ئورۇنلار بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ بەزىسىدە سوئال - سوراق قىلىنىدۇ، بەزىسىدە ئۇنداق بولمايدۇ.

## تارازىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئەمەل

ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغانلىرى تارازىدا شۇنچە

(1) مۇسلىم (2808). (كاپىرنىڭ قىلغانلىرىنى ياخشىلىق ياكى ئەمەل دەپ ئاتاش كاپىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئويى بويىچە ئاتاشتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەمەلنىڭ شەرتى بولغان ئىمان بولمىسا ياخشىلىق ياكى ئەمەل دېيىلمەيدۇ. بەلكىم شەكلىدە مۇئمىنىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك. قاراڭ: قۇرتۇبىي: «ئەلمۇفھىم»، 3/86 — ت.)

ئىغىر كېلىدىغانلىرىدۇر. تارازا ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئېغىر كەلسە بەندە نىجات تاپىدۇ.

ئەمەللەر تۈرلۈك بولىدۇ، ئەمەللەر بىر - بىرىدىن ئەۋزەلدۇر. ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەمەللەر، كىچىك ئەمەللەر، يېنىك ئەمەللەر ۋە ئېغىر ئەمەللەر بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرگە تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان بەزى ئەمەللەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

**1) گۈزەل ئەخلاق**

ئەخلاقنىڭ گۈزەل بولۇشى ئاسان بىر ئىش بولۇپ، خۇش - چىراي بولۇش ۋە سىلىق سۆزلۈك بولۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

كىمكى ئۇنىڭغا گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلىنغان بولسا ۋە تەبەسسۇم قىلىشنى، كۆڭلى يۇمشاقلىقنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئەمەلى تارازىدا ئېغىر كېلىدۇ ۋە ئۇ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان بەندە بولىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى بەك گۈزەل ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇ زاتنى مەدھىيەلەپ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن**﴾(68/«قەلەم»: 4)، ﴿**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى**﴾(3/«ئال ئىمران»: 159) دېگەندى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۈزەل ئەخلاقنى مەدھىيەلەپ: **«ھەقىقەتەن، قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر. ھەقىقەتەن، سەت گەپ قىلىدىغان، ئاغزى بۇزەپ كىشىلەردىن ئاللاھ بەكمۇ نەپرەتلىنىدۇ»**[1] دېگەن.

**2) ئاللاھنى زىكىر قىلىش**

ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش، تەسبىھ، ھەمد ۋە تەھلىل ئېيتىش

(1) تىرمىزىي (2002). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

بەندىنى ئاللاھقا بەك يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردۇر. كىمكى بىرنەرسىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى كۆپ تىلغا ئالىدۇ. شۇنىڭدەك كىمكى ئاللاھنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى كۆپ زىكىر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***مېنى (تائەت - ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغفىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن***﴾ (2/«بەقەرە»: 152)، ﴿***ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى***﴾ (33/«ئەھزاب»: 35).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى بولغان ۋە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نەزەرىدە پاكراقى، دەرىجەڭلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرىراقى بولغان ۋە سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈش سەدىقە قىلغاندىنمۇ، دۈشمىنىڭلارغا ئۇچرىشىپ سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغان ئەمەلدىن خەبەر بېرەيمۇ؟ – دېگەنىدى، ئەسھابلەر:**

**– شۇنداق قىلسىلا، ئى رەسۇلۇللاھ! – دېيىشتى، ئۇ زات:**

**– ئاللاھنى زىكىر قىلىش، – دېدى[1].**

**بىر ئادەم نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئورۇندايدىغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرى كۆپ ئىكەن، مەن مەھكەم تۇرىدىغان بىرەرىنى ئېيتىپ بەرسىلە، – دېيىشتى، ئۇ زات::**

**– تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن بولسۇن، – دېدى»[2].**

**ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش تارازىدا ئېغىر كېلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «راھمانغا سۆيۈملۈك، تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر ئىككى سۆز بار: ‹سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەللاھىلئەزىيم /**

---

(1) تىرمىزىي (3377). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 3377) «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (3375). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 3375) «سەھىھ» دېگەن.

**ئاللاھنى ھەمدۇسانا بىلەن مەدھىيەلىگەن ھالدا پاكلايمەن، ئۇلۇغ ئاللاھنى پاكلايمەن›دۇر» دېگەن[1].**

زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى «ئەلھەمدۇلىللاھ/ جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن سۆزدۇر. بۇ سۆز تارازىدا ئېغىر كېلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«پاكلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر ۋە ‹سۇبھانەللاھ› نامەئى ئەئمال تارازىسىنى توشقۇزىدۇ. ‹سۇبھانەللاھ! ۋەلھەمدۇلىللاھ› ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىسىنى توشقۇزىدۇ»[2]** دېگەن.

**3) ئاللاھ يولىدا ۋەقف قىلىش**

ۋەقف قىلىش – ئىنسان مال - مۈلكىدىن زېمىن، تېرىلغۇ يەر ۋە ئۆي - سەرەمجانلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىر ئىشقا ئاتاپ، ئۇنى ساتماستىن، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چىققان كىرىمنى خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلىتىشتۇر.

بۇ سەدىقە جارىيە بولۇپ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئەگەر ئادەم بالىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچ خىلدىن باشقا ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: پايدىسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋەقف؛ خەلق پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ئىلىم؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت تەربىيەلەپ قويۇش»[3]** دېگەن. يەنە: **«ھەقىقەتەن، مۆئمىنگە ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان ئەمەلى ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ قاتارىدىن: ‹ئۆگەتكەن ۋە تارقاتقان ئىلىم، تەربىيەلەپ قويغان ياخشى پەرزەنت، قالدۇرۇپ قويغان مۇسھەپ (قۇرئان)، سېلىپ قويغان مەسجىد، مۇساپىرخانا، قېزىپ قويغان ئۆستەڭ ۋە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ساۋابى داۋاملىق يېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھايات، ساغلام ۋاقتىدا مال - مۈلكىدىن چىقىرىپ قىلغان سەدىقە»[4]** دېگەن. يەنە: **«كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى تەستىقلاپ، ئاللاھ يولىدا بىر ئات ساقلىغان بولسا، ئاتنىڭ يېگەن - ئىچكىنى،**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7563)؛ مۇسلىم (2694).

(2) مۇسلىم (223).

(3) مۇسلىم (1631).

(4) ئىبنى ماجە (242). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6546) «ھەسەن» دېگەن.

**سىيىپ تېزەكلىشىدىن تارتىپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تارازىسىغا چۈشىدۇ»[1].**

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ۋەقى قىلىشنىڭ پەزىلىتىگە دالالەت قىلىدۇ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابلىرىدىن كۈچى يەتكۈدەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەقىق قىلاتتى»[2] دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «ئەبۇ تەلھە مەدىنىدىكى ئەنسارلار ئىچىدە خورمىسى ئەڭ كۆپ بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋار مىلكى بەيرۇھائ بېغى بولۇپ، ئۇ باغ مەسجىدنىڭ ئالدىدا ئىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ باغقا كىرىپ، شېرىن سۈيىدىن ئىچەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن*** (ئاللاھ يولىدا) سەرپ ***قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا*** (يەنى جەننەتكە) ***ئېرىشەلمەيسىلەر، نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر***﴾(3/«ئال ئىمران»: 92) دېگەن ئايەتى نازىل بولغاندا، ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا كىتابىدا: ﴿***ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن (ئاللاھ يولىدا)*** سەرپ ***قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا*** (يەنى جەننەتكە) ***ئېرىشەلمەيسىلەر، نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر***﴾(3/«ئال ئىمران»: 92) دەيدۇ، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مىلكىم بەيرۇھائ بېغىدۇر. ئۇ ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۈچۈن سەدىقىدۇر، مەن ئاللاھنىڭ ماڭا ياخشى مۇكاپات بېرىشىنى ۋە ئۇنى ئاخىرەتكە ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنى ئاللاھ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن يەرگە سەرپ قىلغايلا! – دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

**– پاھ، نېمدېگەن ياخشى! بۇ ئاخىرەتتە پايدا قىلىدىغان مال. بۇ ئاخىرەتتە پايدا قىلىدىغان مال. مەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ بولدۇم. (ئۇنى سەندىن قوبۇل**

---

(1) بۇخارىي (2853).

(2) ئەبۇبەكرى ئەلخەسساق: «ئەھكامۇل ۋەقف» (15) ـــ ت.

**قىلدىم، ئۇنى يەنە ساڭا قايتۇردۇم) ئۇنى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلىشىڭنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، – دېدى. ئەبۇ تەلھە:**

**– شۇنداق قىلاي، يا رەسۇلەللاھ! – دەپ ئۇنى يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋە (ئاتا تەرەپ) تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتتى»[1].**

**ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دېدىكى: «(ئاتام) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) خەيبەردە بىر زېمىنغا ئىگە بولغان ئىدى. ئۇ بۇ زېمىننى قانداق قىلىش توغرىسىدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەسلىھەت سوراپ كېلىپ:**

**– يا رەسۇلەللاھ! مەن خەيبەردە بىر پارچە زېمىنغا ئېرىشتىم. ھالبۇكى مەن ھېچقاچان مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن قىممەتلىكرەك بىر مالغا ئېرىشىپ باقمىغانمەن. ئۇنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيدىلا؟ – دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:**

**– خاھلىساڭ، تېگىنى ۋەقف قىلىپ، ھوسۇلىنى سەدىقە قىلغىن، – دېدى». (ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) دېدىكى: «شۇنىڭ بىلەن (ئاتام) ئۆمەر: ‹ئۇنىڭ تېگى سېتىلمايدۇ، ھىبە قىلىپ بېرىلمەيدۇ، مىراس قالدۇرۇلمايدۇ› دەپ كېرىمى پېقىرلارغا، خىش - ئەقرىبالارغا، (مۇكاتەب) قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يولدا قالغانلارغا ۋە مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا سەرپ قىلىشقا ۋە ‹ۋەقفنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ مال توپلىۋالمىغان ھالدا كىرىمدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئۆزى يېسە ياكى دوستىغا يېگۈزسە گۇناھ بولمايدۇ› دەپ شەرت قىلىپ ۋەقف قىلىۋەتتى»[2].**

**ۋەقف قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر[3] ۋە ۋەقف**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1461)؛ مۇسلىم (998).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2637)؛ مۇسلىم (1632).

(3) ۋەقف قىلىش بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئەۋلادىغا ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا ۋەقف قىلىش؛ بۇنىڭدا ۋەقف قىلغۇچى ۋەقفنىڭ كىرىمنى ئەۋلادى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئېھتىياجلارغا نەپىقە قىلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىرى، خەيرىيەت ۋەقفىسى؛ بۇنىڭدا ۋەقف قىلغۇچى ۋەقفنىڭ كىرىمنى كەمبەغەللەرگە، مىسكىنلەرگە، مەسجىد، دوختۇرخانا، دارىلئېتام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارنى سېلىشقا خەجلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىرى، ئورتاق ۋەقف. بۇنىڭدا ۋەقف قىلغۇچى

قىلىش تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان ئەمەلدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى تەستىقلاپ، ئاللاھ يولىدا بىر ئات ساقلىغان بولسا، ئاتنىڭ يېگەن - ئىچكىنى، سىيىپ تېزەكلىشىدىن تارتىپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تارازىسىغا چۈشىدۇ» دېگەن[1].

ھەدىستىن مۇسۇلماننى پايدىسى يېتىپ تۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى ۋەقىف قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىمكى ئاللاھ يولىدا بىرەر ئاتنى باقسا، ئاللاھ تائالا ئۇ ئاتنىڭ يېگەن - ئىچكىنى، سىيىپ تېزەكلىشىدىن تارتىپ، ھەممىنى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللەر تارازىسىدا ئېغىر كېلىدىغان ئەمەللەردىن قىلىپ بېرىدۇ.

ئاخىرىدا دەيمىزكى: بەندىگە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ۋە كۆڭلىگە پۈكۈش ئارقىلىق قىيامەت كۈنى تارازىسىنى ئېغىر قىلىشنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ياخشى ئىش ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىلىپ بېرىلىدۇ»[2] دېگەن. يەنە: «كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ»[3] دېگەن.

### تارازا

**ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئىماننى زىيادە قىلىدۇ ۋە تارازىدا ئەمەلنى ئېغىرلىتىدۇ.**

---

ئالدى بىلەن ۋەقفنىڭ كىرىمىنى مەلۇم مۇددەت ياخشىلىق يوللىرىغا خەجلىنىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن باللىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا خەجلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن: «مەن بۇ زېمىننى بىر يىل كەمبەغەللەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن باللىرىمغا ۋەقف قىلدىم» دېگەنگە ئوخشاش.

(1) بۇخارىي (2853).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (41)؛ مۇسلىم (129).

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6491)؛ مۇسلىم (131).

# ھەۋزى كەۋسەر

**مۇئمىنلەر پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەۋز[1]نىڭ يېنىدا ئۇچرىشىدۇ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇبارەك قولى بىلەن سۇ بېرىدۇ، ئۇلار سۇنى ئىچكەندىن كېيىن مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەۋزىسىدىن مۇناپىقلار ۋە مۇرتەدلەرر قوغلىنىدۇ، ئۇلار سۇ ئىچەلمەيدۇ.**

- **ئۇنداقتا ھەۋزى كەۋسەر دېگەن نېمە؟**
- **ئۇنىڭ ئورنى نەدە؟**

---

(1) ھەۋزى كەۋسەر (**الْحَوْضُ وَالْكَوْثَرُ**): ئەرەبچىدە «كۆل» مەنىسىدىكى «ھەۋز» كەلىمەسى بىلەن «بەك، كۆپ، نۇرغۇن» مەنىسىدىكى «كەۋسەر» كەلىمەسىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئەقىدە ئىلمى ئىستىلاھىدا: نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەخسۇس ئاتا قىلىنغان، قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا ئۈممەتى مۇھەممەد سۇ ئىچىشكە كېلىدىغان، ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇئمىنلەرنى مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭ سۈيىدە سۇغىرىدىغان؛ جەننەتتىكى كەۋسەر دەرياسىدىن ئىككى نودىن سۇ قۇيۇلىدىغان، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى شام بىلەن يەمەن ئارىلىقىدەك ناھايىتى كاتتا، قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك ساناقسىز، سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق، كىم ئۇنىڭدىن ئىچسە مەڭگۈ ئۇسسىمايدىغان ئالاھىدە بىر كۆلدۇر. ھەۋزى كەۋسەرنىڭ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتىگە ئاتا قىلىنغان ئىلاھىي ئىلتىپاتلىقى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر، شۇنداقلا ئەھلىسۈننەت ئالىملارنىڭ بىردەك ئىجمائىسى بىلەن سابىت بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاخىرەتكە ئالاقىدار ئىمان ئېيتىش ۋاجىب بولغان غەيبىي ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ھەۋزى كەۋسەرنىڭ پىلسىراتنىڭ ئالدىدىراق ئىكەنلىكىنى، خالايىق قەبرىدىن چاڭقىغان ھالدا قوپۇپ سۇ ئىچكىلى ئۇنىڭ بويىغا كېلىدىغانلىقىنى، كافىرلار، دىندا ئۆزگەرتىش پەيدا قىلغان ئازغۇن پاسىقلارنىڭ ئۇنىڭدىن قوغلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قاراڭ: ئىلمىي گۇرۇپپا: «**الْمَوْسُوْعَةُ الْإِسْلَامِيَّةُ الْعَامَّةُ** (ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى)»، 580 ـ بەت، مىسىر ئەۋقاف مىنىستىرلىكى، ئىسلام ئىشلىرى ئالىي مەجلىسى، قاھىرە، ھ. 1424 / م. 2003؛ ئىلمىي گۇرۇپپا: «**مُعْجَمُ مُصْطَلَحَاتِ الْعُلُوْمِ الشَّرْعِيَّةِ** (شەرئىي ئىلىملەر ئاتالغۇلىرى قامۇسى)»، 725 ـ بەت، پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىلىم ۋە تېخنىكا شەھەرچىسى، رىياد، م. 2017 —— ت.

- ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى قانداق؟

قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن ئەڭ ئاخىرى ۋاپات بولغان ئادەمگە قەدەر بولغان نۇرغۇن ئىنسانلار بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇسسىغانلىقتىن كالپۇكلىرىنى نەمدىۋالغۇدەك بولسىمۇ بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋېلىشقا تەشنا بولۇپ كېتىدۇ. دەل بۇ چاغدا ھەربىر ئۈممەت ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەۋزى كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭدىن شۇ نەبىينىڭ ئۈممىتىدىكى نەبىيگە ئەگەشكەن ئىنسانلارلا سۇ ئىچەلەيدۇ.

ھەۋز سۇ يىغىلغان كۆلدۇر. ئەمما، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەۋزىسى بولسا ئاللاھ تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھۆرمەتلەپ قىيامەت كۈنىدىكى دەھشەتلىك ۋاقىتتا ئاتا قىلغان پاك سۇ كۆلىدۇر. ئۇ ئىنتايىن كەڭرى، سۈيى بەك سۈزۈك، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن شېرىن، پۇرىقى ئىپاردىنمۇ پۇراقلىق ۋە ئۇرىقلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ بىر كۆلدۇر. بۇ ھەۋزگە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى سۇ ئىچكىلى كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم سۇ ئىچكەن كىشى ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ.

## ھەۋز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا خاسمۇ؟

قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ھەربىر نەبىي ئۈچۈن بىر ھەۋز بولىدۇ. لېكىن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ھەۋزىسىگە باشقا ئەنبىيائىلەرنىڭ ھەۋزىسىگە قارىغاندا سۇ ئىچىش ئۈچۈن كېلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ھەممىدىن كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن، ھەربىر نەبىينىڭ ھەۋزىسى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەۋزىسىگە سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ، مەن ھەۋزەمگە**

سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[1] دېگەن.

يەنى بارلىق ئەنبىيائىلار ئۈممىتىنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بەسلىشىدۇ، ئۈممىتىنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەر ئەڭ كۆپ بولغان نەبىي باشقا ئەنبىيائىلەرگە قارىغاندا كۆپ خۇشال بولىدۇ ۋە پەخىرلىنىدۇ.

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرى ھەۋزىسىنىڭ ئۈستىدىدۇر

بۇنداق بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە باشقا ئىنسانلاردىن قەدىر - قىممىتىنى ئۈستۈن قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ نەبىي قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ خوجىسىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر، مۇنبىرىم ھەۋزى كەۋسەرىمنىڭ ئۈستىدىدۇر»**[2] دېگەن.

مۆئمىن قىيامەت كۈنىنىڭ مەيدانلىرىدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈشكە ۋە ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك قولىدىن مۇبارەك ھەۋزىدىن سۇ ئىچىشكە تەشنا بولىدۇ.

## ھەۋزنىڭ جايى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى تەرتىپى

قىيامەت كۈنى ئىنسانلار مەھشەردە يىغىلغان، قاتتىق قورققان ۋە ئۇسساپ كەتكەن، ئاندىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن ھەۋزگە كېلىشكە تەشنا بولغان چاغدا، مۆئمىنلەرنىڭ ھەۋزدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن كېلىشى ئۇلار پىلسىراتتىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى بولامدۇ ياكى پىلسىراتتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بولامدۇ؟

ئەھلى ئىلىملەر ھەۋزنىڭ جايى ھەققىدە ھەرخىل قاراشتا بولغان

(1) تىرمىزى (2443). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2156) «سەھىھ» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1196)؛ مۇسلىم (1391).

بولۇپ، توغرىسى «ئۇلارنىڭ ھەۋزىگە سۇ ئىچىش ئۇچۇن كېلىشى پىلسىراتتىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى بولىدۇ» دېگەن قاراشتۇر. بۇنداق بولۇشى مۇرتەدلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار ھەۋزنىڭ يېنىدىن قوغلانغاندىن كېيىن باشقا ئىنسانلار بىلەن بىللە پىلسىراتتىن ئۆتۈش ئۇچۇن ماڭىدۇ، ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

### كەۋسەر دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ھەۋز بىلەن بولغان ئالاقىسى

كەۋسەر بولسا بەك كۆپ ئىكەنلىككە دالالەت قىلىدىغان سۈپەتتۇر. كەۋسەر ھەۋزنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان دەريادۇر.

كەۋسەر دەرياسىنى ھەۋزگە ئوخشاش سۈپەتلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى «قۇرئان»دا تىلغا ئېلىنغان كەۋسەر ھەۋز شۇدۇر» دەپ قارىغان. لېكىن، ئېنىقراق كۆرۈنىدىغىنى شۇكى، ھەۋز قىيامەت كۈنى مەھشەردە بولىدۇ. ئەمما، كەۋسەر بولسا جەننەتتىكى بىر دەريا بولۇپ، ھەۋز بىلەن بۇنىڭ ئالاقىسى بولسا كەۋسەر دەرياسىدىن ھەۋزگە سۇ قۇيۇلىدۇ. بۇنىڭدىن ھەۋزنىڭ كەۋسەر دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش تەس ئەمەس. بۇ ھەقتىكى بايانلار جەننەتنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى بابتا تەپسىلىي كېلىدۇ.

### ھەۋزنىڭ سۈپەتلىرى

ھەۋز بولسا جەننەتتىن چىققان سۇلار يىغىلغان جاي بولۇپ، مۆئمىنلەر مەھشەر كۈنى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ. ھەۋزنىڭ سۈپىتى، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ھەيدىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ بايانى ھەققىدە كۆپ ھەدىسلەر كەلدى. ھەۋزنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ يىغىندىسى تۆۋەندىكىچە:

ئۇ كەڭرى كۆلدۇر؛ ھەۋزنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن شېرىن، پۇرىقى ئىپاردىنمۇ پۇراقلىقتۇر؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە قاچىلىرى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك بەك كۆپتۇر؛ ئۇنىڭ بۇ پاك سۈيى كەۋسەر

دەرياسىدىن كېلىدۇ؛ ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممىتى سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن بىر قېتىم سۇ ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ.

### كەڭرى ھەۋز

ھەۋزنىڭ بويىغا كەلگەن ئىنسانلارنىڭ قىستىلىشىپ قالماي، ھەممىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سۇ ئىچەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەك كەڭلىكى ۋە ھەجمىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى كۆپ ھەدىسلەردە كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ۋە ھەۋزگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەۋزنى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىلەر بىلەن ئۆلچەپ، كۆپ شەھەرلەرنى تىلغا ئالغان:

«(قىيامەت كۈنى) سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خۇددى جەرباﺋ بىلەن ئەزرۇھنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭلىكتە ھەۋزى كەۋسەر بار»[1]، «ھەقىقەتەن، ھەۋزەمنىڭ كەڭلىكى ئەيلە بىلەن يەمەندىكى سانئائنىڭ ئارىلىقىدەكتۇر»[2]، «ھەۋزەمنىڭ ئىككى بويىنىڭ ئارىلىقى سانئائ بىلەن مەدىنە (مۇنەۋۋەرە) نىڭ ئارىلىقىدەكتۇر»[3]، «ھەقىقەتەن، ھەۋزەم ئەيلەدىن ئەدەنگىچە بولغان ئارىلىقتىنمۇ كەڭراقتۇر»[4]،

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6577)؛ مۇسلىم (2299). «جەرباﺋ ۋە ئەزرۇھ» ئىككىسى خۇددى، «مەككە ۋە مەدىنە»، «دەجلە ۋە فۇرات» دېيىلگەندەك بىللە تىلغا ئېلىنىدىغان، كۈنىمىزدە ئىئوردانىيە مەملىكىتىدىكى ئىككى يېزا بولۇپ، مەئان شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 22 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ ئىككى يېزىنىڭ يولى مەئان شەھرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6580)؛ مۇسلىم (2303). «ئەيلە» ئىئوردانىيەدىكى ئەقەبە قولتۇقىنىڭ تۆپىلىكلىرىگە جايلاشقان ئەقەبە شەھرىنىڭ قەدىم ئىسمىدۇر. بۇ تاغلار بىلەن قورشالغان شەھەر بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ شەھەرنى ھ. 10 / م. 631 ـ يىلى فەتھە قىلغان. ئۇ ئىئوردانىيە مەملىكىتىنىڭ قىزىل دېڭىز بويىدىكى بىردىنبىر پورتىدۇر.

(3) مۇسلىم (2303). «سانئائ» بۈگۈنكى يەمەنىنىڭ پايتەختىدۇر. «مەدىنە» سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربىگە جايلاشقان پەيغەمبەر شەھرىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ شەھەرنى «تەيبە» دەپمۇ ئاتىغانىدى.

(4) مۇسلىم (247). «ئەدەن» يەمەنىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر. «ئەيلە»

«ھەۋزەم ئەدەندىن ئامانۇلبەلقائىغىچە بولغان مۇساپىدەكتۇر»[1]، «ھەقىقەتەن، ھەۋزەم كەئبەدىن بەيتۇلمۇقەددەسكىچە بولغان مۇساپىدەكتۇر»[2]، «ھەقىقەتەن، مەن (ھەۋزى كەۋسەرگە) ئالدىڭلاردا بېرىپ تۇرغۇچىمەن، ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ كەڭلىكى ئەيلەدىن جۇھفەگىچە بولغان مۇساپىدەكتۇر»[3]، يەنە ھەۋزىسىنىڭ كەڭلىكى توغرىلىق سورالغاندا، ئۇ زات: «مېنىڭ (مەدىنەدىكى) بۇ ئورنۇمدىن ئامانغىچىلىكتۇر» دېگەن[4].

## تۆرلۈك شەھەرلەرنى مىسال قىلىشتىكى سەۋەب

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلەردە روشەن بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تۆرلۈك شەھەرلەرنى مىسال قىلدى، چۈنكى بىر شەھەرنى بىلمىگەن ئادەم يەنە بىر شەھەرنى بىلىشى مۇمكىن.

## ھەۋز تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىدۇر

بۇ ھەدىسلەردىن ھەۋزنىڭ شەكلىنىڭ كەڭلىكى بىر ئايلىق مۇساپىدەك، ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق مۇساپىدەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. دېمەك، ھەۋزنىڭ ئىككى بويى تەڭ - باراۋەردۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەۋزەم بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، ئۇنىڭ

---

ئىئوردانىيەدىكى ئەقەبە شەھىرىدۇر.

(1) تىرمىزىي (2444). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2060) «سەھىھ» دېگەن. «ئامان» بۈگۈنكى ئىئوردانىيەنىڭ پايتەختىدۇر. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «ئامانۇلبەلقائ» بولسا ئىئوردانىيەنىڭ شام زېمىنىدىكى بىر ئىقلىم بولۇپ، ئامان شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىقلىمنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن يەنە: ئامان، سەلەت، مادبا، زەرقائ ۋە رەسىيفە قاتارلىقلار بار.

(2) ئىبنى ماجە (4301). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3470) «سەھىھ» دېگەن. «كەئبە» مەككەدىكى مەسجىدۇلھەرامنى كۆرسىتىدۇ. «بەيتۇلمۇقەددەس» پەلەستىندىكى مەسجىدۇلئەقسانى كۆرسىتىدۇ.

(3) مۇسلىم (2296). «جۇھفە» جىددە شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، جىددە شەھىرىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇ شەھەرنىڭ بەلگىلىرى يوقاپ كەتكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى مەشھۇر شەھەرلەردىن رابىغ شەھىرى بار بولۇپ، رابىغ بۇ شەھەردىن 22 كىلومېتىر يىراقلىقتىدۇر.

(4) مۇسلىم (2301).

بۇلۇڭلىرى باراۋەردۇر»[1] دېگەن.

### ھەۋزىنىڭ ئېۋرىقلىرىنىڭ سانى

مۆئمىنلەر ھەۋزگە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ ۋە قىستىلىشىپ قالماستىن نۇرغۇن ئېۋرىقلاردا سۇ ئىچىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەۋزدە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئېۋرىقلار بار»[2] دېگەن.

### ھەۋزىنىڭ سۈيىنىڭ مەنبەسى

ھەۋزىنىڭ سۈيى جەننەتتىكى كەۋسەر دەرياسىدىن چىقىپ قۇيۇلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەۋزگە جەننەتتىن ئىككى نوكەشتە سۇ قۇيۇلىدۇ»[3] دېگەن.

### ھەۋزىنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى

ھەۋزىنىڭ سۈيى ئەڭ شېرىن ۋە پاك سۇدۇر، بۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق، چۈنكى ئۇ جەننەتتىن چىققان سۇدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەۋزىنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە: «ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھەسەلدىنمۇ شېرىن بولۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئىككى نوكەشتە سۇ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، نوكەشنىڭ بىرى ئالتۇندىن، يەنە بىرى كۈمۈشتىندۇر»[4] دېگەن. يەنە: «ئۇنىڭ بۇيى ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر، قەدەھلىرى ئاسمان يۇلتۇزلىرىدەك»[5] دېگەن.

---

(1) مۇسلىم (2292). يەنى ئىنسان ھەۋزىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن يەنە بىر بۇلۇڭىغا بىر ئايدا مېڭىپ بارىدۇ» دېگەنلىكتۇر. «ئۇنىڭ بۇلۇڭلىرى باراۋەردۇر» دېگەنلىك «ئۇنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن ھەربىر بۇلۇڭنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە باراۋەردۇر» دېگەنلىكتۇر.

(2) مۇسلىم (2303).

(3) مۇسلىم (2300).

(4) مۇسلىم (2301).

(5) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6579)؛ مۇسلىم (2292).

## بىر قېتىم ئىچىش ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ

ھەۋزىنىڭ سۈيىنىڭ بەك پاك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم سۇ ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭ نەقەدەر لەززەتلىك ۋە پاكلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنىڭدا ئاسمان يۇلتۇزلىرىدەك كۆپ ئۇرىقلار بار، ئۇنىڭدىن بىر ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ چاڭقىمايدۇ»[1] دېگەن.

## ھەۋزگە تۇنجى بولۇپ كېلىدىغان ئىنسان

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەۋزىسىنى ئاللاھ تائالا بۇ زاتنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئاتا قىلدى. رەببىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سېخىيدۇر، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا ھۆرمەت ۋە ئېھسانغا لايىق زاتتۇر.

مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى قانچە كۈچلۈك بولسا ۋە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلسا، ئۇ ھەۋزدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئەڭ بالدۇر كەلگۈچىلەردىن بولىدۇ. ھەۋزدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئەڭ باشتا كېلىدىغان ئىنسانلار بولسا ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئاتىغان ۋە ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن پېقىر مۇھاجىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ زاھىرىنى ۋە باتىنىنى سۈپەتلەپ دېدىكى: ﴿***ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر***﴾(«ھەشر»: 8/59).

بۇ پېقىر مۇھاجىرلارنىڭ ئاۋۋالقىلىرى: ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق زاتلار ۋە باشقا ئەسھاب كىراملاردۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەۋزىنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ساناندەكتۇر، ئۇنىڭدىن بىر ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ چاڭقىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ باشتا ئىچكىلى كېلىدىغانلار چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى كونا،

---

(1) مۇسلىم (2299).

**ھۇزۇر - ھالاۋەتتە چوڭ بولغان قىزلارنى نىكاھىغا ئالالمىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمىغان پېقىر مۇھاجىرلاردۇر» دېگەن[1].**

## يەمەن ئەھلىنىڭ ئىلگىرى باشلىنىدىغانلىقى

يەمەن ئەھلى ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ مۇلايىم ۋە كۆڭلى يۇمشاق ئىنسانلاردۇر. ئۇلار ئەخلاقى گۈزەل ۋە تەبىئەتلىرى پاك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى پەيدا قىلغان ئىنسانلاردۇر.

ئۇلارمۇ يەنە ھەۋزگە ئەڭ ئاۋۋال كەلگۈچىلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلاردىن بۇرۇن سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ئۇلارنى باشتا باشلايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن، مەن ھەۋزەمنىڭ ئالدىدا يەمەن ئەھلىنىڭ باشتا كېلىشى ئۈچۈن، باشقا ئىنسانلارنى يىراقلاشتۇرۇپ تۇرىمەن. سۇنىڭ ئۇلارغا كۆچلۈك ئېقىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۇ سۇنى ھاسام بىلەن ئۇرىمەن»[2]** دېگەن.

بۇ يەمەن ئەھلىنىڭ دۇنيادا ئىسلام ئۈچۈن قىلغان ياخشى خىزمىتىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، ئۇلارغا ئەڭ باشتا كېلىپ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن قىلىنغان ئىززەتتۇر.

## ھەۋزگە كېلىدىغان ئىنسانلار

بەندە قانچىلىك تەقۋادار بولسا، قىيامەت كۈنى ھەۋزگە شۇنچە تېز كېلىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سالىھ ئىنسانلار نەبىي

---

(1) تىرمىزىي (2444). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3162) «سەھىھ» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: پېقىر، ئاجىز مۇھاجىرلار بولسا ۋەتىنىنى ۋە مال - مۈلكىنى تەرك ئەتكەن ۋە دىنىنى دەپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ مەدىنەگە ھىجرەت قىلغانلاردۇر، ئۇلار بولسا ھەۋزگە ئەڭ باشتا كېلىدىغان ئىنسانلاردۇر. ئۇلار پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى كونا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ پېقىرلار ئىدى. ئۇلار يەنە ئادەتتە بايلارغا ئېچىلىدىغان ئۆيلەر ئۇلارغا ئېچىلمىغان ئىنسانلاردۇر.

(2) مۇسلىم (2301).

**سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابلىرىدۇر. بولۇپمۇ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئىبارەت توغرا يولدا ماڭغان تۆت خەلىفەدۇر. ئەنسارلارمۇ ھەم ھەۋزگە باشتا كېلىدىغانلاردىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلار ئۈچۈن: «مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر، مەن بىلەن ئۇچراشقۇچە سەبر قىلىڭلار»[1] دېگەن.**

**ۋە يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دىندىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەر ۋە قەلبىدە كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىيامەت كۈنى سىرلىرىنىڭ ئېچىلىپ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەۋزنىڭ يېنىدىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ دېگەنكى: «مەن ھەۋزى كەۋسەرگە ئالدىڭلاردا بېرىپ تەييارلاپ تۇرغۇچىمەن، سىلەردىن بىرمۇنچە كىشىلەر ماڭا ئېلىپ كېلىنىپ، مەن ئۇلارنى تارتىپ ئېلىۋالاي دەپ شۇنداق ئېگىشسەم، ئۇلار مەندىن تارتىپ ئايرىۋېتىلىدۇ. بۇ چاغدا مەن:**

**— ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەسھابلىرىم! — دېسەم، ماڭا:**

**— ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن، — دەيدۇ»[2].**

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلار ئارقىغا يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشكەن»[3] دەپ كەلگەن.**

## ئاگاھلاندۇرۇش

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2377)؛ مۇسلىم (1059). بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، سىلەر ئەڭ ھەقلىق بولساڭلارمۇ، سىلەردىن ئىنئام ۋە ھەدىيەلەرنى بېرىشتە ئۆلگىرى قىلىنىدۇ. سىلەرنىڭ ئەڭ ھەقلىق بولۇشۇڭلارنىڭ سەۋەبى، سىلەر ئىسلامغا ياردەم بەرگەن تۇنجى ئىنسانلار بولغانلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. لېكىن، سىلەر ئىشنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن تالاشماڭلار ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلماڭلار ۋە ھەۋزنىڭ يېنىدا ماڭا مۇلاقات بولغانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار، دېگەنلىكتۇر.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7049)؛ مۇسلىم (2287).

(3) بۇخارىي (6586).

بۇ ھەدىسلەردە ئەسھاب كىراملەرگە قىلىنغان تەنقىد يوق. بەلكى بۇنىڭ مەنىسى: ھەقىقەتەن ھەۋزىنىڭ يېنىدىن ھەيدىلىدىغانلار نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن ۋە كۇفرى ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەردۇر.

ھەربىر مۇئمىنگە مەلۇمكى، مەشھۇر ئەسھابلەردىن بىرەرسىمۇ مۇرتەد بولۇپ كەتمىگەن. پەقەت دىنغا ياردەم بەرمىگەن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۆزۈن مۇددەت بىللە ياشىمىغان، ھەمسۆھبەت بولمىغان، ئىلىم تەلەپ قىلمىغان ۋە ھەدىسلەرنى ئۆزلەشتۈرمىگەن نادان ئەئرابىيلاردىن بىر قىسمىلا مۇرتەد بولۇپ كەتكەن.

ۋە يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەۋزىنىڭ يېنىدا كۆرۈپ تونۇيدىغان ۋە ئەسھابلىرىمتى دەيدىغان ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ قاتارىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭدەك مۇناپىقلارمۇ بار، ئۇلار بولسا قەلبىدە كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەۋزى پەقەت ئۇممىتىگىلا خاستۇر

قىيامەت كۈنى ھەربىر نەبىينىڭ بىر ھەۋزى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇممىتىنىڭ ئىچىدىكى مۇئمىنلەر سۇ ئىچىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەۋزىسىنىڭ ئۇممىتىگىلا خاس قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇممەتلەرنىڭ سۇ ئىچەلمەيدىغانلىقى، بەلكى ھەربىر ئۇممەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەۋزىسىدىن سۇ ئىچىدىغانلىقىدىن خەبەر بېرىپ دېدىكى:

**– ئۇممىتىم ھەۋزەمنىڭ بويىغا كېلىدۇ، مەن خۇددى بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىنى ئۆزىنىڭ تۆگىسىدىن يىراقلاشتۇرغاندەك، ھەۋزەمدىن باشقا ئىنسانلارنى يىراقلاشتۇرىمەن، – دېگەندى، ئەسھابلەر:**

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى تونۇمدىلا؟ – دېگەندى، ئۇ زات:

**– شۇنداق، سىلەرنىڭ باشقىلاردا يوق بەلگەڭلار بار، سىلەر يېنىمغا تاھارەتنىڭ ئەسەرىدىن پېشانەڭلار ۋە قول - پۇتلىرىڭلار نۇرلۇق ھالەتتە كېلىسىلەر، يېنىمغا سىلەردىن بىرمۇنچە ئىنسانلار كېلىشتىن توسۇلىدۇ، كېلەلمەيدۇ، مەن: ‹ئى رەببىم! ئۇلار مېنىڭ ئەسھابلىرىم ئىدى! دەيمەن›، ماڭا بىر پەرىشتە جاۋاب قايتۇرۇپ: ‹ئۇلار سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟› دەيدۇ، – دېدى»[1].**

بۇ ھەدىس شۇنى كۆچلەندۈرىدۇكى، ھەۋزنىڭ يېنىدىن ھەيدىلىدىغانلار قەلبىدە كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلغان ۋە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمسۆھبەت بولغان مۇناپىقلاردۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى دۇنيادا: «ئى مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇۋاتقانلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرمۇنچىسى قىيامەت كۈنى ھەۋزەمنىڭ يېنىدىن ھەيدىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندەك بولدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئۆز ھەقىقىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە رەسۋا قىلىنىدى، ئۇلار ئۇ زات بىلەن ئوھۇد جېڭىگە بىللە چىقىپ، جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا كەينىگە يېنىپ كەتكەنلەرگە ئوخشاش. ئۇلار ئۈچ يۈز كىشى ئىدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«مەن چوقۇم بىرمۇنچە (ئازغۇن) ئادەملەرنى خۇددى پادىغا قوشۇلۇپ قالغان يات تۆگە كۆلدىن قوغلانغاندەك ھەۋزىمدىن قوغلىۋېتىمەن»**[2]

---

(1) مۇسلىم (247). ھەدىسنىڭ مەنىسى: نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا ئۈممەتلەرنى ھەۋزىسىدىن سۇ ئىچىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. سەۋەبى ئەگەر ئۇلار مۇئمىنلەردىن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئەنبىيائىلىرىنىڭ ھەۋزىسىدىن سۇ ئىچەلەيدۇ. ئەسھابلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى بىزنى تونۇمدىلا؟» دەپ سورىغاندا، ئۈممىتىنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر بەلگىسى بارلىقىدىن خەبەر بەردى. بۇ بەلگە بولسا تاھارەتنىڭ ئەسەرىدىن قول - پۇت ۋە پېشانىلىرىنىڭ نۇرلۇق ھالەتتە بولۇشىدۇر.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2367)؛ مۇسلىم (2302). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى «باشقا ئۈممەتلەرنى ھەۋزەمدىن يىراقلاشتۇرىمەن. ئەگەر ئۇلار مۇئمىن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەلىرىنىڭ ھەۋزىسىدىن سۇ ئىچىدۇ ۋەيەنە بىرمۇنچە ئىنسانلارنى

دېگەن.

قىيامەت كۈنى ئۈممەتلەر بەك كۆپ بولۇپ، زور قىستاڭچىلىق بولىدۇ، خالايىقلارنىڭ سانىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. قىيامەت كۈنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى باشقا ئۈممەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بەك ئازدۇر.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئاشۇ دەھشەتلىك مەيدانلىرىدا ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچىلەرگە موھتاج بولىدۇ. بۇ شاپائەتچىلەر ئەنبىيائىلەر، پەرىشتىلەر، شېھىدلار ۋە سالىھلەردۇر. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى باپتا تەپسىلىي توختىلىمىز.

**ئەقىدە**

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسھابلىرى بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىلىرىدۇر، ئۇلار يەنە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەۋزىگە تۇنجى بولۇپ سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلاردۇر.**

---

يىراقلاشتۇرىمەن، ئۇلار دۇنيادا مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقان، لېكىن دىنغا دۈشمەنلىك قىلغان مۇناپىقلاردۇر» دېگەنلىكتۇر.

# شاپائەت قىلىش

شاپائەت قىلىش قىيامەت كۈنىنىڭ ئەڭ چوڭ ھادىسەلىرىن بولۇپ، بۇ شاپائەتنىڭ چوڭ تەسىرى بار. بۇ ئارقىلىق بەندىلەرگە كۆپ ئاسانچىلىق ۋە يەڭگىللىتىش بولىدۇ. بەندىلەر شاپائەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن تەقۋادارلارنىڭ سەردارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ھەتتاكى ئەنبىيائىلەرمۇ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى بىلەن ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا يەتكۈزىدۇ.

- **ئۇنداقتا شاپائەت دېگەن نېمە؟**
- **ئۇنىڭ شەرتلىرى قانداق؟**
- **ئۇنىڭ تۈرلىرى قانچە؟**
- **ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا خاسمۇ؟ ياكى باشقا ئەنبىيائىلەرمۇ قىلالامدۇ؟**
- **ئەنبىيائىلەردىن باشقىلارمۇ شاپائەت قىلىشى مۇمكىن بولامدۇ؟**

قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقلار يىغىلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەن، قاتتىق قورققانلىقتىن تائەت - ئىبادەتكە سەل قارىغان ئىنسانلار يىغلاپ كەتكەن، زىيان تارتقۇچىلار ھالاك بولغان، ئەنبىيائىلەرمۇ قورققان، چوڭ پەرىشتىلەرمۇ ئىزتىراپ چەككەن، قەلبلەر بوغۇزلارغا بېرىپ قالغان ۋە كافىرلار، فاجىرلار ھالاك بولغان چاغدا، ئىنسانلار ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىشنىڭ باشلىنىشى ۋە نامەئى ئەئماللەرنىڭ تارقىتىلىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ، مۇتلەق پادىشاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچىلەرنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئىنسانلار باشقا نۇرغۇن ئەنبىيائىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ سەييىدى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت قىلغان ۋە ھەمد بايرىقىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە رەببىنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلغان، رەھمىتىنى ئۈمىد

قىلغان هالدا سەجدە قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ زاتنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرقانچە شاپائەتلەرنى قىلىدۇ، بۇ شاپائەتلەر ئارقىلىق نۇرغۇن ئىنسانلار دوزاختىن جەننەتكە چىقىدۇ ۋە جەننەتتىكى بەزى مۇئمىنلەرنىڭ دەرىجىلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «**ماڭا مەندىن بۇرۇن ھېچ كىمگە بېرىلمىگەن بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىك ئاتا قىلىندى. (ئۇلار:) بىر ئايلىق مۇساپە نېرىدىكى دۈشمەنلىرىمنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ماڭا نۇسرەت بېرىلدى؛ زېمىننىڭ ھەممە يېرى ماڭا سەجدىگاھ ۋە پاكلىغۇچى قىلىپ بېرىلدى، شۇڭا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەرقانداق ئادەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە، شۇ يەردە نامازنى ئوقۇۋەرسۇن؛ غەنىيمەتلەر ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى، ھالبۇكى مەندىن ئىلگىرىكى ھېچكىمگە غەنىيمەت ھالال قىلىنمىغان ئىدى؛ ۋە يەنە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندىم؛ بۇرۇن پەيغەمبەر دېگەن پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا ئەۋەتىلەتتى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلدىم**»[1].

## شاپائەت قىلىش دېگەن نېمە؟

بۇ ئەرەب تىلىدىكى «شفع يشفع شفاعة» دېگەن پېئىلنىڭ «بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە قوشۇش» مەنىسىدىكى «الشفع» يىلتىزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «الشفع/ جۈپ» تاقنىڭ ئەكسىدۇر.

شاپائەت قىلىش ـ باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەشتۇر. بۇنداق قىلىش «شاپائەت» دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئىنسان دەسلەپتە ھاجىتىنى تىلىگەندە يالغۇز بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ھاجىتىنى تىلەشتە يەنە بىر ئىنسان قوشۇلسا جۈپ بولىدۇ.

## شاپائەتنىڭ شەرتلىرى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا، شاپائەتنىڭ ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇپ، شاپائەت قىلىنغۇچىغا مەنپەئەت قىلىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىككى تۈۋەندىكى ئىككى شەرتنى زىكىر قىلدى:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (335)؛ مۇسلىم (521).

بىرىنچى شەرت، ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەتچىگە مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولسۇن، شېھىد بولسۇن ياكى پەرىشتە بولسۇن، شاپائەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشىدۇر؛ ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ***﴾(34/«سەبەئ»: 23).

ئىككىنچى شەرت، ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەت قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇشى. يەنى شاپائەت قىلىنغۇچى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلارنى قىلغان ئاسىي - گۇناھكار بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كاپىر ئىنسان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىرەرىنىڭ شاپائەت قىلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەن گۇناھنى مەغفىرەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا كاپىرلار ھەققىدە: ﴿***شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)***﴾(74/«مۇددەسسىر»: 48) دېگەن. يەنە: ﴿***مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ***﴾ (19/«مەريەم»: 87) دېگەن.

بۇ ئايەتتىكى ئەھدە ـ «لا الـه الا اللـه / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: **«بىز بىلەن مۇناپىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئېتىدىكەن ئۇ كاپىر بولغان بولىدۇ»**[1] دېگەن سۆزىگە ئاساسلىنىپ، ئەھدە «ناماز» دەپمۇ ئىزاھلانغان.

دېمەك، كاپىرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەۋھىد ۋە ئىمان ئەھدىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«مېنىڭ شاپائىتىم ئۈممىتىمدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈندۇر»**[2] دېگەن. يەنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆممەتنىڭ ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ

(1) تىرمىزىي (2621)؛ ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4143) «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (2435). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3714) «سەھىھ» دېگەن.

ھەممىسىگە، گەرچە ئۇلار چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر بولسىمۇ، شاپائەت قىلىدۇ. ئەمما، چوڭ گۇناھلاردىنمۇ ئېغىر بولغان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە شاپائەت قىلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر ئايەتتە شاپائەتنىڭ ئىككى شەرتىنى زىكىر قىلىپ: ﴿**بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن ئاللاھ رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ**﴾(20/«تاھا»: 109) دېگەن.

بۇ ئايەتتىكى ﴿**مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىزنى بەرگەن**﴾ دېگىنى «ئاللاھ شاپائەتچىنىڭ شاپائەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان بولۇشى كېرەك» دېگەنلىك بولسا، ﴿**سۆزىدىن ئاللاھ رازى بولغان**﴾ دېگىنى «شاپائەت قىلىنغۇچى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغان بولۇشى كېرەك» دېگەنلىكتۇر.

شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت بېرىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ**﴾(39/«زۇمەر»: 44) دېگەن.

## شاپائەتنىڭ ئەھمىيىتى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئاندىن شۇھەدائ ۋە ئۇلاردىن باشقا ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن زاتلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش شاپائەت قىلىنغۇچى ئۈچۈن چوڭ شەرەپ ۋە نىجاتلىقتۇر.

شاپائەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ جۈملىسىدىن ئاللاھ تائالا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇممىتىنىڭ يېرىمىنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ۋەياكى ئۇممىتىگە شاپائەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاشنى ئېيتقاندا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت قىلىشنى تاللىغان ئىدى. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– رەببىم ماڭا كېچىدە تاللىشىمغا قويغان نەرسىنى بىلەمسىلەر؟ – دېگەنىدى، بىز:

– ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، – دېدۇق.

– رەببىم ماڭا ئۈممىتىمنىڭ يېرىمىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى بىلەن شاپائەت قىلىشنىڭ ئارىسىنى تاللىشىمغا قويغان ئىدى، مەن شاپائەت قىلىشنى تاللىدىم.

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىمۇ شاپائەتلىرىگە نائىل بولىدىغانلاردىن قىلىشىغا دۇئا قىلسىلا.

– ئۇ ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈندۇر»[1].

## ھەربىر نەبىي ئۈچۈن ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئا بار

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت قىلىشقا بەك ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، شاپائەت قىلىدىغانلىقى بىلەن خۇشال بولاتتى ۋە دۇنيادىكى ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلغان ئىدى. بۇنىڭ جۈملىسىدىن ھەربىر نەبىي ئۈچۈن ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئا بار بولۇپ، باشقا ئەنبىيائىلەر بۇ دۇئانى دۇنيادا قىلغان ئىدى، ئەمما نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا دۇنيادا ئۇ زاتقا تۈرلۈك ئەزىيەتلەر يېتىپ، بۇ دۇئانى قىلىشقا شۇنچىلىك ئېھتىياج بولغان بولسىمۇ، ئۇنى قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئىدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدىكى: **«ھەربىر نەبىينىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئاسى بار بولۇپ، ئەنبىيائىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دۇئاسىغا ئالدىرىدى. مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمگە شاپائەت بولۇشى ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم، شۈبھىلاشقا ئاللاھ خاھلىسا ئۈممىتىمدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغانلار ئۇنىڭغا نائىل بولىدۇ»**[2].

**ئاللاھ تائالانىڭ پەزل - كەرەمىنىڭ قاتارىدىن: ئاللاھ تائالا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈممىتىدىن يەتمىش مىڭ كىشىنى**

(1) ئىبنى ماجە (4317). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3503) «سەھىھ» دېگەن.

(2) مۇسلىم (199).

ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك كىشىنى ھېساب ئالماستىن ۋە ئازاب قىلماستىن جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«رەببىم ماڭا ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ كىشىنى ھېساب ئالماستىن ۋە ئازاب قىلماستىن جەننەتكە كىرگۈزۈدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى، (يەتمىش مىڭنىڭ) ھەربىر مىڭى بىلەن يەتمىش مىڭنى، يەنە رەببىمنىڭ ئوچۇملىرىدىن ئۈچ ئوچۇم ئادەم كىرگۈزۈلىدۇ»**[1].

## شاپائەتنىڭ تۈرلىرى

قىيامەت كۈنى خالايىقلارنىڭ ھەممىسى شاپائەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شاپائەتكە ئېرىشىدۇ، بىر قىسمى ئېرىشەلمەيدۇ. شاپائەتكە ئېرىشەلمەي زىيان تارتىدىغانلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى دۇنيادىكى ۋاقتىدا قەبرىلەرگە، تاغۇتلارغا، تاشلارغا چوقۇنغان، بۇتلاردىن تىلىگەن ۋە ئۈمىد قىلغان ئىنسانلاردۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنغان مەئبۇدلار ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلغۇچىلاردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى). ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا - جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا -***

---

(1) ئىبنى ماجە (4286). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3456) «سەھىھ» دېگەن. (ئوچۇم ئىنتايىن كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر — ت.)

***جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ***﴾(«بەقەرە» 2/165 – 167).

شەرئىي دەلىللەر قىيامەت كۈندىكى بۇ شاپائەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ شاپائەتچىدىن قوبۇل قىلىنىپ، شاپائەت قىلىنغۇچىغا مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىغا ۋە يەنە بىر قىسمىنىڭ رەت قىلىنىپ، شاپائەتچىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە شاپائەت قىلىنغۇچىغا مەنپەئەت قىلمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

دېمەك، شاپائەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى، قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەت؛

بۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن بولسۇن ياكى باشقا ئەنبىيالار ئۈچۈن بولسۇن، ياكى پەرىشتىلەر ئۈچۈن بولسۇن، ياكى شۇھەدائ ئۈچۈن بولسۇن، ياكى مۆئمىنلەر ئۈچۈن بولسۇن، «قۇرئان» ۋە سۈننەتتە كەلگەن شاپائەتلەردۇر. بۇ شاپائەتلەر بىرقانچە تۈرلۈك ۋە بىرقانچە باسقۇچلاردا بولىدۇ. بۇ شاپائەتلەرنىڭ بەزىسى پۈتۈن ئىنسانلارغا بولىدۇ ۋە بەزىسى پەقەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈنلا بولىدۇ.

يەنە بىرى، رەت قىلىنىدىغان شاپائەت.

بۇ مۇشرىكلەر ۋە ناسارالارنىڭ ئىلاھلىرىدىن، بىدئەتچىلەرنىڭ پىرلىرىدىن ئۈمىد قىلغان شاپائەتلىرىدۇر، يەنە شۇنداقلا قەبرىلەرگە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارغا دۇئا قىلغان، مال بوغۇزلىغان، قەبرىلىرىنى سىلىغان ۋە ناماز ئوقۇغان ئىشلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ خىلدىكى شاپائەتچىلەرنى يالغانغا چىقىرىپ، قىيامەت كۈنى ھېچكىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە پەقەت ئاللاھ تائالا شاپائەتچىدىن ۋە شاپائەت قىلىنغۇچىدىن رازى بولغان چاغدىلا شاپائەتنىڭ مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئېيتتىكى: ﴿***ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز***

كىمـۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾(«بەقەرە»: 2/255)، ﴿ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ﴾(«ئەنبىيائ»: 21/28). شۇڭا، كىمكى قەبرىگە مال قۇربانلىق قىلىش، تىلەش... دېگەندەك ئىبادەت قىلسا، ئۇ بەكلا ئازغان بولىدۇ ۋە شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

## قىيامەت كۈندىكى شاپائەتچىلەر

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە يېقىن زاتلارنى ھۆرمەتلەپ، قىيامەت كۈنى بەزى دوزاخ ئەھلىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شاپائىتىنى ۋە ۋاستىچىلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىلگىرى شاپائەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىنى سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەتچى ئۈچۈن شاپائەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئايەت - ھەدىسلەردىن قىيامەت كۈندىكى شاپائەتچىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز:

### 1) ئەنبىيائىلەر

ئەنبىيائىلەر ـ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان بەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىنسانلارنى جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن تاللىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خىلمۇخىل دەرىجىلەردە بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن خاھلىغىنىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئەنە شۇ ئەنبىيائىلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى﴾(«بەقەرە»: 2/253).

قىيامەت كۈندىكى ئەڭ كاتتا ھۆرمەتلەش ۋە ئەزىز قىلىش بولسا شاپائەتچىدىن شاپائەتنى قوبۇل قىلىشتۇر.

ئالدى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ شاپائەتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، ئاللاھتىن بىزنى ئۇ زاتنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلماسلىقىنى تىلەيمىز، بۇ شاپائەتلەرنىڭ بەزىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىگىلا خاستۇر. يەنە بەزىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن باشقا ئەنبىيائ ۋە شۇھەدائىلەرگە ئورتاقتۇر.

بۇ شاپائەتلەر تۆۋەندىكىچە:

### بىرىنچى شاپائەت

قىيامەت كۈندىكى پۈتۈن خالايىقلار ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ شاپائەتتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر***﴾(«ئىسرائ»: 17/79) دېگەن سۆزىدىكى شاپائەت ماقامىدۇر.

بۇ شاپائەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا خاستۇر. چۈنكى، باشقا ئەنبىيائىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ شاپائەتنى قىلالمايدىغانلىقى بىلەن ئۆزرە ئېيتىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەھشەردىكى پۈتۈن خالايىقلار قاتتىق قورقۇپ، ئىزتىراپ چېكىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، مەھشەرنىڭ قورقۇنچىسى ۋە غەم - قايغۇسىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«قىيامەت كۈنى كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ، ھەربىر ئۈممەت ئۆز پەيغەمبىرىگە ئەگىشىپ مېڭىپ: ‹ئى پالانى (نەبىي)! شاپائەت قىلغايلا، ئى پالانى (نەبىي)! شاپائەت قىلغايلا› دەپ ئاخىرى شاپائەت قىلىش نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىپ توختايدۇ، ئەنە شۇ كۈن ئاللاھ ئۇنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا تۇرغۇزىدىغان كۈندۇر»**[1].

يەنە بىر ئۇزۇن ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈندىكى ئىنسانلارنىڭ ھالىنى سۈپەتلەپ: «ئاندىن ئۇ زات

(1) بۇخارىي (4718).

(رەسۇلۇللاھ) ئاللاھتىن مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، مېڭىپ بېرىپ (جەننەتنىڭ) دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى تۇتىدۇ، شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇ زاتنى مەدھىيەلىنىدىغان ماقامغا[1] يەتكۈزىدۇ ـ دە، جىمى مەھشەرگاھ ئەھلى ئۇ زاتنى مەدھىيەلىشىدۇ» دېگەن[2].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ شاپائەتكە خاس قىلىنغانلىقى ئۇ زاتنىڭ شان ـ شەرىپىنى ۋە بۈيۈك ماقامىنى ئايان قىلىش ئۈچۈندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىلىرىنىڭ سەردارىمەن، (بۇنىڭدا) پەخىرلىنىش يوق، مەن قىيامەت كۈنى (چىقىشىم ئۈچۈن) زېمىن يېرىلىدىغان تۇنجى كىشىدۇرمەن، پەخىرلىنىش يوق، مەن تۇنجى شاپائەتچى ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنغۇچىدۇرمەن، پەخىرلىنىش يوق»[3].

بۇ دۇئا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ساقلىغان دۇئاسى بولغانلىقتىن، بىر ئادەم ئۇ زاتتىن سوراپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى رەببىلىرىدىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىقىدەك بىر پادىشاھلىق سورىمىدىلىمۇ؟ ـ دېگەنىدى،

---

(1) مەدھىيەلىنىدىغان ماقام (الْمَقَامُ الْمَحْمُودُ): قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامى بولۇپ، ئۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەخسۇس ئاتا قىلىنغان، مەھشارگاھ ئەھلىنى ھېساب ئېلىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىنىش دەھشەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان كاتتا مەرتىۋەدۇر. جىمى ئەنبىيائىلار ئۆزرە ئېيتقاندىن كېيىن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەھشەرگاھ ئەھلىگە شاپائەت قىلىدۇ. بۇ پەزىلەتلىك ۋە شاراپەتلىك كاتتا مەرتىۋە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ساڭا نەفلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر﴾(«ئىسرائ»: 17/79) دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەزانى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن بۇ مەرتىۋەنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىلىگەن كىشىنىڭ ئۇ زاتنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولىدىغانلىقى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. قاراڭ: ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي»، 3/339؛ ئىلمىي گۇرۇپپا: «الْمَوْسُوعَةُ الْإِسْلَامِيَّةُ الْعَامَّةُ (ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى)»، 1594 ـ بەت، مىسىر ئەۋقاف مىنىستىرلىكى، ئىسلام ئىشلىرى ئالىي مەجلىسى، قاھىرە، ھ. 1424 / م. 2003 ــــ ت.

(2) بۇخارىي (1475).

(3) ئىبنى ماجە (4308). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3496) «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

– سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سۈلايماننىڭ پادىشاھلىقىدىنمۇ كاتتا بىرنەرسە بار. ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا قانداقلىكى بىر نەبىيىنى ئەۋەتسە، ئۇنىڭغا بىر دۇئا ئاتا قىلدى، ئەنبىيائىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ دۇئاسى بىلەن دۇنيا تىلىگەندى، دۇنيا بېرىلدى. بەزىلىرى قەۋمى ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلغان چاغدا قەۋمىنىڭ ھالاكىتىنى تىلىگەندى، قەۋمى ھالاك قىلىندى. ئاللاھ تائالا ماڭىمۇ بىر دۇئا بەرگەندى، مەن بۇ دۇئانى قىيامەت كۈنى رەببىمنىڭ دەرگاھىدا ئۈممىتىمگە شاپائەت بولۇشى ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم»[1].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا ھەممە ئەنبىيائىلەر بۇ شاپائەتنى قىلالمايدىغانلىقى بىلەن ئۆزرە ئېيتىدۇ

بۇ شاپائەت بىرقانچە ھەدىسلەردە تەپسىلىي كەلگەن بولۇپ، بىردە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خەبەر بېرىپ دېگەنكى: «مەن قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقنىڭ خوجىسىدۇرمەن، بۇ نېمە سەۋەبتىن بىلەمسىلەر؟ ئاللاھ ئىلگىرى - كېيىنكى بارلىق ئۈممەتلەرنى شۇنداق بىر تۈزلەڭلىككە يىغىدۇكى، ئۇلارغا قارىغان ئادەم ھەممەيلەننى كۆرەلەيدۇ، چاقىرسا ھەممەيلەنگە ئاڭلىتالايدۇ، قۇياش ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ خالايىقنى چىدىغۇسىز غەم ۋە پەرىشانلىق چىرمىۋېلىپ ئېغىر ساراسىمىدە قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر:

– سىلەر نەقەدەر يامان ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى، بېشىڭلارغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا سىلەرنى تىلىۋالىدىغان بىرەر كىشىنى تاپمامسىلەر؟ – دېيىشىدۇ، بەزىلىرى بەزىلىرىگە:

– ئاتاڭلار ئادەم تىلىۋالىدۇ، – دەپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

– ئى ئادەم! سەن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىسەن، ئاللاھ سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ساڭا ئۆز روھىنى پۈۋلىگەن، پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلغان، يەنە سېنى جەننەتتە تۇرغۇزغان، رەببىڭدىن بىزنى تىلىۋالساڭچۇ؟ بىزنىڭ ھالىمىزنى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتنى

---

(1) ھاكىم (226)؛ بەيھەقىي: «دەلائىلۇننۇبۇۋۋە»، 5/358. ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3635) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

كۆرمەيۋاتامسەن؟ ــ دېگەندە، ئادەم:
ــ رەببىم شۇنداق غەزەپلەندىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپلىنىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ. رەببىم مېنى ھېلىقى دەرەختىن چەكلىگەن بولسىمۇ مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلىپ سالدىم، مەن ئۆزۈم شاپائەتكە موھتاجمەن، مەندىن باشقا بىرەيلەننىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىڭلار، نۇھنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىڭلار، ــ دەيدۇ. ئۇلار نۇھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ــ ئى نۇھ، سەن ئاللاھ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن تۇنجى نەبىي، ئاللاھ سېنى شۈكرى قىلىپ تۇرىدىغان بەندە دەپ ئاتىغان. رەببىڭدىن بىزنى تىلىۋالساڭچۇ؟! بىزنىڭ ھالىمىزنى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ــ دېگەندە، نۇھ:
ــ رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپلەندىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنداق غەزەپلىنىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ، مەن بۇرۇن قەۋمىمنى قارغاپ دۇئا قىلىپ سالغانمەن، ھازىر مەن ئۆزۈم شاپائەتكە موھتاج، مەندىن باشقا بىرەيلەننىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىڭلار، ئىبراھىمنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىڭلار، ــ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ــ ئى ئىبراھىم! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھەم ئاللاھنىڭ زېمىندىكى دوستىسەن، رەببىڭنىڭ ھوزۇرىدا بىزنى تىلىۋالغان بولساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ــ دەيدۇ. ئىبراھىم:
ــ رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپلەندىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنداق غەزەپلىنىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان ئېيتىپ سالغانمەن، ــ ئەبۇ ھەييان ئۇ ئۈچ ئىشنى ھەدىستە بايان قىلغان ــ ھازىر مەن ئۆزۈم شاپائەتكە موھتاج، مەندىن باشقا بىرەيلەننىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىڭلار، مۇسانىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ــ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۇسانىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ــ ئى مۇسا! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھ سېنى ئۆزىگە نەبىي قىلىش ۋە بىۋاسىتە سۆز قىلىش ئارقىلىق سېنى پۈتۈن خالايىقتىن ئەۋزەل قىلدى، رەببىڭنىڭ ھوزۇرىدا بىزنى تىلىۋالغان بولساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ــ دەيدۇ. مۇسا:
ــ رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپلەندىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنداق غەزەپلىنىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ، مەن بۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلمىغان بىر جاننى ئۆلتۈرۈپ قويغانمەن، ھازىر مەن ئۆزۈم شاپائەتكە موھتاج، مەندىن باشقا بىرەيلەننىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىڭلار، مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ــ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىيسانىڭ

ئالدىغا بېرىپ:

— ئى ئىيسا! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ مەريەمگە تاشلىغان سۆزىدۇرسەن، ئۇنىڭ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھسەن، سەن كىچىك چېغىڭدىلا بۆشۈكتە تۇرۇپ كىشىلەرگە سۆز قىلغان ئىدىڭ، رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىدا بىزنى تىلۋالغان بولساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ — دەيدۇ. ئىيسا:

— رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەبلەندىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنداق غەزەبلىنىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەبلەنمەيدۇ، — دەيدۇ. ئۇ بىرەر گۇناھنى تىلغا ئالماي مۇنداق دەيدۇ:

— ھازىر مەن ئۆزۈم شاپائەتكە موھتاج، مەندىن باشقا بىرەيلەننىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىڭلار، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھەم ئەنبىيائىلەرنىڭ تۈگەنجىسىدۇرسەن، ئاللاھ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلىۋەتكەن، بىزنى تىلۋالغان بولساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال بېرىپ ئەرشنىڭ ئاستىغا كېلىپ رەببىم ئەززە ۋە جەللە ئۈچۈن سەجدىگە باش ئۇرىمەن، ئاندىن ئاللاھ ماڭا ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان گۈزەل ھەمدۇسانالار خەزىنىسىدىن مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ئېچىۋەتمىگەن دەرۋازىلارنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئاندىن:

— ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، سورىغىن بېرىلىدۇ، سۆزلىگىن ئاڭلىنىدۇ، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېيىلىدۇ. مەن:

— ئۈممىتىمنى تىلۋالىمەن، ئى رەببىم! ئۈممىتىمنى تىلۋالىمەن، ئى رەببىم! ئۈممىتىمنى تىلۋالىمەن، ئى رەببىم! — دەپ شاپائەت قىلسام، ماڭا:

— ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭدىن ھېساب - كىتاب قىلىنمايدىغانلارنى جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى دەرۋازىدىن ئەكىرگىن، باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىشتىمۇ ئۇلار باشقىلارغا ئورتاقلىشىدۇ، — دېيىلىدۇ»[1].

مانا بۇ قىيامەت كۈندىكى بۈيۈك مەيداندا يۈز بېرىدىغان ئىش بولۇپ، شۇ چاغدىكى قاتتىق ئېغىر ۋاقىتتا ئەنبىيائىلەرنىڭ سەردارى ۋە تەقۋادارلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت قىلىدۇ.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4712)؛ مۇسلىم (194).

بۇ بولسا پۈتۈن ئۈممەتلەر نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ تىلەيدىغان بىرىنچى شاپائەتتۇر.

## ئىككىنچى شاپائەت

بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ئەمر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدىغان بىرىنى ئىزدەيدۇ، مۆئمىنلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاتىمىز! بىزگە جەننەتنىڭ ئېچىلىشىنى تىلىگىن؟» دەيدۇ. يەنە بىر ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا خالايىقنى مەھشەرگە توپلايدۇ. مۆئمىنلەر ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇلارغا جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى ئاتىمىز! بىزگە جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى تىلىگىن! — دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— سىلەر جەننەتتىن ئاتاڭلار ئادەمنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى چىقىرىۋېتىلگەن ئەمەسمۇ؟! مەن بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن. سىلەر مېنىڭ ئوغلۇم، ئاللاھ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، — دەيدۇ. (ئۇلار بارغىنىدا) ئىبراھىم:

— مەن بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن. گەرچە مەن دوستى بولساممۇ، مەرتىۋەم تۆۋەندۇر. سىلەر ئاللاھ بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكەن مۇسا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، — دەيدۇ. ئۇلار مۇسا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. مۇسا:

— مەنمۇ بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن، سىلەر ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ۋە روھى بولغان ئىيسانىڭ قېشىغا بېرىڭلار، — دەيدۇ. (ئۇلار باغىنىدا) ئىيسا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مەنمۇ بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن، — دەيدۇ. ئۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلىدۇ»[1].

---

(1) مۇسلىم (195).

دېمەك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش ۋە جەننەتكە كىرىشتە شاپائەتچى بولىدۇ. بۇ شاپائەت ماقامىمۇ بۈيۈك ماقامدۇر. بۇ شاپائەتمۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا خاس بولۇپ، بۇنىڭ دەلىلى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: **«ئاندىن ئۇ زات (رەسۇلۇللاھ) ئاللاھتىن مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، مېڭىپ بېرىپ (جەننەتنىڭ) دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى تۇتىدۇ»**[1] دېگەن سۆزىدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە دېگەنكى: **«مەن قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. جەننەتنى ساقلىغۇچى پەرىشتە:**

**– سەن كىم؟ – دەيدۇ. مەن:**

**– مەن مۇھەممەد، – دەيمەن. ئۇ پەرىشتە:**

**– ساڭا ئېچىشقا بۇيرۇلدۇم، سەندىن ئىلگىرى ھېچبىرىگە ئېچىپ باقمىغان ئىدىم، – دەيدۇ»**[2].

مانا بۇ ئىككىنچى تۈرمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھۆرمەتلەيدىغان شاپائەتلەردىندۇر. بۇ شاپائەت بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جەننەت ئەھلىدىن بولغان مۆئمىنلەر مەنپەئەتلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى شاپائەت

بۇ ھېساب ئېلىنمايدىغان ۋە جازالانمايدىغان مۆئمىنلەرگە خاس شاپائەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئۇلارنى جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

(1) بۇخارىي (1475).

(2) مۇسلىم (197).

شاپائەتچى بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقنىڭ خوجىسىدۇرمەن، بۇ نېمە سەۋەبتىن بىلەمسىلەر؟ ئاللاھ ئىلگىرى - كېيىنكى بارلىق ئۈممەتلەرنى شۇنداق بىر تۈزلەڭلىككە يىغىدۇكى، ئۇلارغا قارىغان ئادەم ھەممەيلەننى كۆرەلەيدۇ، چاقىرسا ھەممەيلەنگە ئاڭلىتالايدۇ، قۇياش ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ خالايىقنى چىدىغۇسىز غەم ۋە پەرىشانلىق چىرمىۋېلىپ ئېغىر ساراسىمىدە قالىدۇ»دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «ئاندىن: ‹ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، سورىغىن بېرىلىدۇ، سۆزلىگىن ئاڭلىنىدۇ، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ› دېيىلىدۇ. مەن:

— ئۈممىتىمنى تىلىۋالىمەن، ئى رەببىم! ئۈممىتىمنى تىلىۋالىمەن، ئى رەببىم! ئۈممىتىمنى تىلىۋالىمەن، ئى رەببىم! — دەپ شاپائەت قىلسام، ماڭا:

— ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭدىن ھېساب - كىتاب قىلىنمايدىغانلارنى جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى دەرۋازىدىن ئەكىرگىن، باشقا دەرۋازىلاردىنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش كىرەلەيدۇ، — دېيىلىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھىميەر — ياكى مەككە بىلەن بۇسرا — ئارىلىقىدەكتۇر»[1].

دېمەك، بۇ شاپائەتمۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس ئاتا قىلىنغان بۈيۈك ماقامنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

### تۆتىنچى شاپائەت

ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە بولغان پەزل - ئېھسانىنىڭ جۈملىسىدىنكى، ئۇلارغا غەزىپى ۋە جازاسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ئىلگىرى ئەپۇسى ۋە مەغفىرىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا قىلغان رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىن يەنە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4712)؛ مۇسلىم (194). (ھىميەر: يەمەن شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر، بۇسرا بولسا شام شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر. قاراڭ: ئەينىي: «ئۇمدەتۇلقارىي»، 19/28 — ت.)

ۋەسەللەم ئۈچۈن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي تەۋھىدنىڭ ئۈستىدە بولغان، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلمىغان ئاسىي - گۇناھكار مۇئمىنلەردىن دوزاخقا كىرگەن كىشىلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشىدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقىدىن خەبەر بېرىپ دېدىكى: «... **شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىشىدۇ. مەن بېرىپ رەببىمدىن ئىجازەت سورىسام، ماڭا رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا ئىجازەت بېرىلىدۇ. رەببىمنى كۆرگىنىمدە سەجدىگە بارىمەن. ئاللاھ مېنى خالىغان مۇددەت شۇ ھالىتىمدە قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن:**

**— مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، سۆزلىگىن ئاڭلىنىدۇ، سورىغىن بېرىلىدۇ، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېيىلىدۇ. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، رەببىمگە رەببىم ماڭا ئۆگەتكەن ھەمد ئېيتىش قائىدىسى بويىچە ھەمد ئېيتىمەن، ئاندىن شاپائەت قىلسام، ماڭا مەلۇم قەۋملەر بىلەن چەك قويۇلىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىمەن، ئاندىن رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتا كېلىمەن. رەببىمنى كۆرگىنىمدە سەجدىگە بارىمەن. ئاللاھ مېنى خالىغان مۇددەت شۇ ھالىتىمدە قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن:**
**— مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، سۆزلىگىن ئاڭلىنىدۇ، سورىغىن بېرىلىدۇ، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېيىلىدۇ. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، رەببىمگە رەببىم ماڭا ئۆگەتكەن ھەمد ئېيتىش قائىدىسى بويىچە ھەمد ئېيتىمەن، ئاندىن شاپائەت قىلسام، ماڭا مەلۇم قەۋملەر بىلەن چەك قويۇلىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىمەن، ئاندىن رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتا كېلىمەن. رەببىمنى كۆرگىنىمدە سەجدىگە بارىمەن. ئاللاھ مېنى خالىغان مۇددەت شۇ ھالىتىمدە قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن:**
**— مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، سۆزلىگىن ئاڭلىنىدۇ، سورىغىن بېرىلىدۇ، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېيىلىدۇ. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، رەببىمگە رەببىم ماڭا ئۆگەتكەن ھەمد ئېيتىش قائىدىسى بويىچە ھەمد ئېيتىمەن، ئاندىن شاپائەت قىلسام، ماڭا مەلۇم قەۋملەر بىلەن چەك قويۇلىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىمەن، ئاندىن رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ:**
**— ئى رەببىم! دوزاختا پەقەت قۇرئان سولاپ قويغان (يەنى قۇرئاندا دوزاختا مەڭگۈ قېلىشى ئىسپاتلانغان) كىشىلەرلا قالدى، — دەيمەن. دوزاختىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ / بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەئبۇد يوق› دېگەن، قەلبىدە بىر تال ئارپىچىلىك ياخشىلىق بولغان كىشى چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن**

كېيىن دوزاختىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ / بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەئبۇد يوق› دېگەن، قەلبىدە بىر تال بۇغدايچىلىك ياخشىلىق بولغان كىشى چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىن دوزاختىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ / بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەئبۇد يوق› دېگەن، قەلبىدە بىر تال كىچىك چۈمۈلچىلىك ياخشىلىق بولغان كىشى چىقىپ كېتىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «مېنىڭ شاپائىتىم ئۈممىتىمدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈندۇر»[2] دېگەن.

يەنە ئېيتتىكى: «ئاندىن: ‹بېرىپ ئۇنىڭدىن قەلبىدە بىر تال ئارپىچىلىك ئىمان بار بولغانلا كىشىنى چىقارغىن› دەيدۇ، مەن بېرىپ شۇنداق قىلىمەن، ئاندىن قايتىپ كېلىپ رەببىمگە ماختاپ ئۆگەتكەن ئاشۇ ھەمد ئېيتىش قائىدىسى بويىچە ھەمد ئېيتىمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا سەجدىگە بارسام. ماڭا:

— ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، ئېيتقىن، تىڭشىلىسەن، سورىغىن بېرىلىسەن، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن:

— ئى رەببىم! ئۈممىتىم! ئۈممىتىم! — دېسەم، ئۇ:

— بېرىپ ئۇنىڭدىن قەلبىدە بىر تال كىچىك قىزىل چۈمۈلچىلىك ياكى قىچىچىلىك ئىمان بار بولغانلا كىشىنى چىقارغىن، — دەيدۇ، مەن بېرىپ شۇنداق قىلىمەن. ئاندىن قايتىپ كېلىپ رەببىمگە ماختاپ ئۆگەتكەن ئاشۇ ھەمد ئېيتىش قائىدىسى بويىچە ھەمد ئېيتىمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا سەجدىگە بارسام:

— ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈر، ئېيتقىن، تىڭشىلىسەن، سورىغىن بېرىلىسەن، شاپائەت قىل، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، — دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن:

— ئى رەببىم! ئۈممىتىم! ئۈممىتىم! — دېسەم، ئۇ:

— بېرىپ ئۇنىڭدىن قەلبىدە ئىماندىن بىر تال قىچىدىنمۇ كىچىك ئەڭ ئەقەللىي بىر ئەسەر بولغانلا كىشىنى دوزاختىن چىقارغىن، — دەيدۇ، مەن بېرىپ شۇنداق قىلىمەن».

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7410)؛ مۇسلىم (193).

(2) تىرمىزىي (2435). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3714) «سەھىھ» دېگەن.

**ئېيتىدۇ: «مەن:**

**– ئى رەببىم! ماڭا لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن كىشىنى ئېلىپ چىقىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسەن، – دېسەم، رەببىم:**

**– مېنىڭ ئىززىتىم، ئۇلۇغلۇقۇم، چوڭلۇقۇم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن كىشىنى ئېلىپ چىقارماي قويمايمەن، – دەيدۇ»[1].**

## شاپائەت بىلەن دوزاختىن چىقىدىغانلارنىڭ سۈپىتى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شاپائىتى بىلەن چىققان چاغدىكى ھالىتىنى سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: **«دوزاختىن شاپائەت بىلەن (بىرمۇنچە كىشىلەر) خۇددى ئۇششاق تەرخەمەكلەردەك ھالەتتە چىقىپ كېتىدۇ»[2].** بۇنىڭ مەنىسى، ئۇلار دوزاختا قاتتىق ئازابلانغانلىقى ئۈچۈن، شەكىللىرى ۋە ھەجىملىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەرخەمەككە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەۋھىد ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ دوزاختا ئازابلانسىمۇ، ھامىنى دوزاختىن چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: **«نۇرغۇن كىشىلەر دوزاخ ئوتىدا ئازراق پۇچۇلۇنۇپ قارىداپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئەھلى ئۇلارنى ‹جەھەننەمىيلەر› دەپ ئاتايدۇ»[3].**

ئاللاھقا شېرك كەلتۈرمىگەن ئىنسانلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن دوزاختىن چىقىرىشتىكى بۇ شاپائەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتىگىلا خاس ئەمەستۇر. بەلكى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن بولغان مۆئمىنلەرگىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7510)؛ مۇسلىم (193).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6558)؛ مۇسلىم (191).
(3) بۇخارىي (6559).

ئىلگىرىكى ئەنبىيالەر، سالىھلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا ئاللاھ تائالا خاھلىغان زاتلار بۇ جەھەتتە شاپائەتچى بولىدىغانلىقتا ئورتاقتۇر. لېكىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن بۇ تۆردىكى شاپائەتتىمۇ چوڭ نېسىۋە بار.

## بەشىنچى شاپائەت

بۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۈچۈن قىلىدىغان خاس شاپائىتىدۇر. ئاللاھ تائالا كافىرلار ھەققىدە: ﴿***شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ***﴾(«مۇددەسسىر»: 48/74) دېگەن بولسىمۇ، ئەبۇ تالىبنى بۇنىڭدىن ئىستىسنا قىلدى. دېمەك، ئەبۇ تالىبقا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى پايدا بېرىدۇ. بۇ شاپائەت ئۇنى دوزاختىن چىقىرىشتا ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئازابنى يەڭگىللىتىش جەھەتتىدۇر، يەنى ئەبۇ تالىب دوزاخنىڭ ئەڭ تېيىز يېرىدە بولىدۇ. دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابتا ئازابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ دوزاختىن چىقمايدۇ.

ئەبۇ تالىبنىڭ ئەھۋالى باشقا ھەدىسلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ تاغىسى ھەققىدە: **«ئۇ ئۇشۇققا كېلىدىغان تېيىز ئوتتا، ناۋادا مەن بولمىغان بولسام دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولغان بولاتتى»** دېگەن[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۈچۈنلا ئۇنىڭ دوزاختىن چىقىشىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن دوزاخ ئازابىنىڭ يەڭگىللىشىگە قارىتا شاپائەت قىلدى. چۈنكى، ئەبۇ تالىب كافىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، كافىرغا ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىشنى ھارام قىلغاندۇر.

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3883)؛ مۇسلىم (209).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئەبۇ تالىبنى دىنغا دەۋەت قىلىشتا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمىگەنىدى. ھەتتا ئەبۇ تالىب سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ: «لا اله الا الله / ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېيىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. ئەبۇ تالىب بولسا بۇ كەلىمىنى ئېيتىشقا ئۇنىماي: «مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دىنىدىدۇرمەن» دېگەنىدى[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدىن ئازابنى يەڭگىللىتىشكە شاپائەت قىلدى، ئۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياردەم بەرگەنلىكى ۋە قوغدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن دوزاخنىڭ ئەڭ تېيىز يېرىدە بولدى. بۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. لېكىن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنىلا ئاللاھ تائالا: ***﴿شۈبھىسىزكى، سەن خاھلىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خاھلىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾*** («قەسەس»: 28/56) دېگەنىدەك ۋە يەنە: ***﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر)، لېكىن ئاللاھ خاھلىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾*** («بەقەرە»: 2/272) دېگەندەكتۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دوزىخىيلەر ئىچىدە قىيامەت كۈنى ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى شۇنداق بىر ئادەمكى، ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ ئوتتۇرىغا بىر تال چوغ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ دەستىدىن مېڭىسى قايناپ تۇرىدۇ» دېگەن[2]. يەنە: «ھەقىقەتەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى كەشى ۋە بوغقۇچى بار بىر كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى ئاياغدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قازان قاينىغاندەك قاينايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان كىشى دەپ قارايدۇ، ھالبۇكى ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئەڭ

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3884)؛ مۇسلىم (24) ـــ ت.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6561)؛ مۇسلىم (213).

يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنىدۇر» دېگەن[1]. يەنە: «ھەقىقەتەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى ئەبۇ تالىبتۇر، ئۇ كىيگەن ئىككى كەشتىن ئۇنىڭ مېڭىسى قايناپ تۇرىدۇ» دېگەن[2].

ئاللاھتىن بىزنى ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ۋە ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر دىنىدا مۇستەھكەم قىلىشىنى سورايمىز.

### ئالتىنچى شاپائەت

بۇ گۇناھ - مەئسىيەتلىرىنىڭ ۋە ئىبادەتلەرگە سەل قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر. بۇ دوزاخقا كىرگەن مۆئمىنلەرگە چىقىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتىن باشقا شاپائەتتۇر.

بۇ شاپائەتمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا خاس ئەمەستۇر. بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا ئەنبىيائىلەر، سىددىقلەر، سالىھلەر ۋە پەرىشتىلەرگە ئورتاق بولغان شاپائەتتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئەنبىيائىلەرمۇ ۋە سالىھلەرمۇ شاپائەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالا دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ دوزاختىن چىقىشىغا ۋە دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ دوزاخقا كىرمەسلىكىگە قارىتا قىلغان شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

### يەتتىنچى شاپائەت

بۇ جەننەتكە كىرگەن مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتتە دەرىجىلىرىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر. ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇددى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ دېگەندەك: «ئى ئاللاھ! ئەبۇ سەلەمەنى مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ھىدايەت تاپقانلار قاتارىدا يۇقىرى قىلغىن، ئۇنىڭ قېلىپ

(1) مۇسلىم (213).
(2) مۇسلىم (212).

**قالغان ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىگە بولغىن. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭرى ۋە نۇرلۇق قىلغىن، ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! بىزنى ۋە ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن»[1].**

## سەككىزىنچى شاپائەت

**بۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇ يەردىن ئايرىلمىغان كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈممىتىمدىن كىم مەدىنەنىڭ ئاچارچىلىقلىرىغا ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ شاپائەتچىسى ياكى گۇۋاھچىسى بولىمەن» دېگەن[2].**

## توققۇزىنچى شاپائەت

**بۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم مەدىنىدە ئۆلۈشكە ئامال قىلالىسا، ئۇنىڭدا ئۆلسۇن (ۋاپات بولغۇچە ياشىسۇن). چۈنكى، مەن ئۇنىڭدا ئۆلگەن كىشىگە شاپائەت قىلىمەن» دېگەن[3].**

**ئاللاھ تائالا مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىشقا ۋە ئۇ يەردە ۋاپات بولۇشقا نېسىپ قىلغان كىشىلەرگە مۇبارەك بولسۇن.**

**بۇ توققۇز تۈرلۈك شاپائەت نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس بولغان ياكى ئۇ زاتنىڭ شاپائىتى باشقىلارنىڭ شاپائىتىدىن كۆپرەك بولغان شاپائەتلەردۇر. قىيامەت كۈنى يەنە باشقا شاپائەتلەر ۋە شاپائەتچىلەرمۇ بار بولۇپ، تۆۋەندە بۇ ھەقتە سۆزلەيمىز.**

---

(1) مۇسلىم (920).

(2) مۇسلىم (1378). بۇ ھەدىستىكى «كُنْتُ لَهُ شَفِيعًا أَوْ شَهِيدًا» دىكى «أَوْ» ئۆز مەنىسىدە تەقسىملەش ئۈچۈن بولسا، «مەدىنىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ بىر قىسمىغا شاپائەت قىلىمەن، بىر قىسمىغا گۇۋاھچى بولىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر «ۋە» مەنىسىدە بولسا، «مەدىنە ئەھلىگە ھەم گۇۋاھچى، ھەم شاپائەتچى بولىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 5/28 ـــ ت.

(3) تىرمىزىي (3917). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3714) «سەھىھ» دېگەن.

## 2) پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر

پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى ئورنى ۋە ھۆرمىتى بار، سالىھلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «... شۇنىڭ بىلەن ئەنبىيائىلەر، پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر شاپائەت قىلسا، قەھر قىلغۇچى ئاللاھ: ‹مېنىڭ شاپائىتىم قالدى› دەپ ئوتتىن بىر چاڭگال ئېلىپ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار جەننەتنىڭ يوللىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىكى ھاياتلىق سۈيى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆستەڭگە تاشلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەزالىرى، خۇددى كەلكۈننىڭ لاتقىلىرىدا ئۇرۇق بىخ ئۇرغاندەك، ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىدا بىخ ئۇرىدۇ، سىلەر ئۇنداق مايسىلارنى قورام تاشنىڭ تۈۋىلىرىدە، دەرەخنىڭ تۈۋىلىرىدە كۆرگەن، ئۇنىڭدىن قۇياشقا يېقىن بولغانلىرىنىڭ رەڭگى ياپيېشىل، سايىغا يېقىن بولغانلىرىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك پارقىراپ چىقسا، بويۇنلىرىغا بويانلىق زىننەت سېلىنىپ جەننەتكە كىرىشىدۇ، جەننەت ئەھلى ئۇلارنى كۆرۈپ: ‹ئاۋۇلار راھماننىڭ ئازادگەردىلىرى! ئۇلارنى يا قىلغان بىرەر ئەمەللىرى بولمىسىمۇ، ياكى ئالدىن قىلىپ ماڭدۇرغان بىرەر ياخشىلىقى بولمىسىمۇ، جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتتى› دېيىشىدۇ، ئاندىن ئاشۇ كىرگەنلەرگە: ‹سىلەر كۆرگەننىڭ ھەممىسى ۋە يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدەك بىر ھەسسىسى بىللە بولسۇن› دېيىلىدۇ»[1].

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7439)؛ مۇسلىم (183). يەنى ئاللاھ تائالا تەۋھىد ئۈستىدە ۋاپات بولغان بەزى كىشىلەرنى دوزاختا مەلۇم مۇددەت كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئاندىن ئۇلار جەننەتتىكى ھاياتلىق سۈيىگە تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى خۇددى كەلكۈندىن كېيىنكى لاي ۋە كۆپۈكلەرنىڭ ئارىسىدا قېپقالغان بىر تال دان ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. يەنى بۇ دان لاي ۋە كۆپۈكلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ قالسا، بىر كېچە ۋە كۈندۈزدىلا قايتىدىن كۆكلەپ چىقىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ دوزاختا كۆيگەندىن كېيىن، يەنە تېز ئەسلىگە قايتىدىغانلىقىنى بۇ دانغا ئوخشاتتى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە گۈزەللىكى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۈزۈكلەر سېلىنىدۇ. بۇ ئۈزۈكلەر ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بولمىسىمۇ، ئاللاھ مەغفىرىتى ۋە رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتىغا دالالەت قىلىدىغان بەلگىلەردۇر. دېمەك، ئۇلار ھېچقانداق بىر ئەمەل قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئاللاھقا شېرك كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۇلارغا قارىتا: «ئۇلار مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «... ئاللاھ تائالا: ‹پەرىشتىلەر شاپائەت قىلدى، ئەنبىيائىلەر شاپائەت قىلدى ۋە مۇئمىنلەر شاپائەت قىلدى، پەقەت ئەڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ تائالالا (شاپائەتى) قېپقالدى› دەيدۇ ۋە دوزاختىن بىر چاڭگال ئېلىپ، پەقەت ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان، (كۆيۈپ) كۆمۈردەك بولۇپ كەتكەن ئىنسانلارنى چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭگە تاشلايدۇ»**[1].

## 3) شۇھەدائ

شۇھەدائ ـئاللاھنىڭ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئاللاھ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان جىھادى بىلەن يەككە - يېگانە يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئائىلىسىدىن، ۋەتەنلىرىدىن ۋە دوستلىرىدىن ئايرىلدى ۋە ئايالى، بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا غېرىپ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قىيامەت كۈنى شاپائەتچىلەردىن قىلىش ئارقىلىق مۇكاپاتلايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شېھىدنىڭ جەمەتىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېگەن[2].

## 4) سالىھلەر

ئۇلار بولسا پەرۋەردىگارىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ يېقىنلاشتۇرغان ۋە ياردەم قىلغان ئىنسانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شاپائەتچى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

---

ئازاد قىلغان بەندىلىرىدۇر (يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئازاد قىلىپ دوزاختىن قۇتۇلدۇردى)» دەيدۇ. ئاندىن ئاشۇ دوزاختىن قۇتۇلغانلارغا: «سىلەر كۆرگەن بۇ نېئمەتلەر سىلەرگە خاستۇر ۋە يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىر ھەسسىسى بار» دېيىلىدۇ.

(1) مۇسلىم (183).

(2) ئەبۇ داۋۇد (2522). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 8093) «سەھىھ» دېگەن.

شاپائەت قىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابلىرىدىن بىرى رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىكىدىنمۇ كۆپرەك كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، – دېگەنىدى، ئەسھابلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ سىلىدىن باشقا بىر كىشىمۇ؟ – دېيىشتى، ئۇ زات:

– ئۇ مەندىن باشقا بىر كىشى، – دېدى». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتىدۇ: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرغان ۋاقتتا، مەن:

– بۇ كىم؟ – دېگەنىدىم، سورۇندىكىلەر:

–ئەبۇلجەدئائىنىڭ ئوغلىدۇر، – دېدى»[1].

### 5) «قۇرئان»

«قۇرئان» ئاللاھنىڭ كالامى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ. ئوقۇغان كىشىگە ھەربىر ھەرپىنىڭ باراۋېرىدە بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. «قۇرئان» ئۇنى ئوقۇغان ئادەمنى دۇنيادا ئەزىز قىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇنىڭغا شاپائەتچى بولۇش ئارقىلىق نىجاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «‹قۇرئان› ئوقۇڭلار! چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ...»[2] دېگەن. يەنە دېگەنكى: «قىيامەت كۈنى ‹قۇرئان› كېلىپ: ‹ئى رەببىم! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىززەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن ‹قۇرئان›: ‹ئى رەببىم!

(1) تىرمىزىي (2438). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇلجەدئائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتتا ساھابەلىرىدىن بولۇپ، ئىبادەتگۆي ۋە راستچىل زات ئىدى. ئۇ قىيامەت كۈنى كۆپ كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ.

(2) مۇسلىم (804).

ئۇنىڭغا زىيادە قىلغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە بىر قۇر ئىززەت تونى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن ‹قۇرئان›: ‹ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. ئۇنىڭغا: ‹ئوقۇغىن، ئۆرلىگىن› دېيىلىدۇ ۋە ھەربىر ئايەتنىڭ باراۋىرىدە بىر ياخشىلىق زىيادە قىلىنىدۇ»[1]. يەنە دېگەنىكى: «قىيامەت كۈنى ‹قۇرئان› ئوقۇغان كىشىنىڭ قەبرىسى يېرىلىپ چىققان چاغدا، ‹قۇرئان› ئۇنىڭ بىلەن (خۇددى ئۇ دۇنيادا قۇرئان ئوقۇپ چارچىغان ھالىتىدىكىدەكلا) چىرايى سارغىيىپ كەتكەن كىشىدەك ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ ۋە:

— مېنى تونۇمسەن؟ — دەيدۇ. ئۇ كىشى:

— سېنى تونۇمايمەن، — دەيدۇ.

— مەن سېنى كۈندۈزنىڭ قاتتىق ئىسسىق ۋاقىتلىرىدا ئۇسسۇز قويغان ۋە كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قويغان ھەمراھىڭ ‹قۇرئان›دۇرمەن، ھەقىقەتەن، ھەربىر تىجارەتچىنىڭ ئالدىدا قوغدايدىغان تىجارىتى بولىدۇ، مەن بۈگۈن ساڭا نىسبەتەن ھەرقانداق تىجارەتنىڭ ئالدىدىدۇرمەن، — دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا مۈلك، سول قولىغا مەڭگۈلۈك ئاتا قىلىنىدۇ[2] ۋە بېشىغا ئىززەت تاجى قويۇلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا دۇنياغا تەڭ قىلىنمايدىغان دەرىجىدىكى بىر قۇر تون كىيدۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئاتا - ئانا:

— نېمە سەۋەبتىن بۇ تون بىزگە كىيدۈرۈلدى؟ — دەيدۇ.

— سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلىگە ‹قۇرئان› ئۆگەتكەنلىكىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن،

— دېيىلىدۇ. ئاندىن يەنە:

— ئوقۇغىن ۋە جەننەتنىڭ پەلەمپەيلىرىدە ۋە ياتاقلىرىدا ئۆرلىگىن، — دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئىتتىك ئوقۇسۇن ياكى تەرتىل ئوقۇسۇن، ئوقۇپلا تۇرغان مۇددەتتە يۇقىرى ئۆرلەۋېرىدۇ»[3].

دېمەك، «قۇرئان» قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن شاپائەتچى بولىدۇ. «بەقەرە» بىلەن «ئال ئىمران» سۈرىلىرى قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ. كىمكى «قۇرئان»نى

(1) تىرمىزى (2915). ئالبانى: («سەھىھۇتتەرغىب»، (1425) «ھەسەن» دېگەن.

(2) يەنى: ئۇ كاتتا مۈلككە ۋە مەڭگۈلۈككە ئېرىشىدۇ دېمەكچى — ت.

(3) ئەبۇ ئۇبەيد: «فەزائىلۇلقۇرئان»، (84). ئىبنى ھەجەر («ئەلمەتالىبۇل ئالىيە»، 4/66) «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

كۆپ ئوقۇسا، بولۇپمۇ «بەقەرە» بىلەن «ئال ئىمران» سۈرىلىرىنى ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىنىشقا لايىق بولۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «‹قۇرئان›نى ئوقۇڭلار، چۈنكى قىيامەت كۈنى ‹قۇرئان› ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ. ‹بەقەرە› بىلەن ‹ئال ئىمران› دىن ئىبارەت ئىككى نۇرلۇق سۈرىنى ئوقۇڭلار. چۈنكى، بۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى پارچە بۇلۇتتەك ياكى ئىككى سايىۋەندەك ۋە ياكى قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئىككى قۇر بولۇپ تىزىلغان قۇشلار توپىدەك ھالەتتە كېلىپ، ئوقۇغان ئىگىلىرىنى ئاقلايدۇ»[1].

## 6) بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىشى

پەرزەنتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى دادىنىڭ (ۋە ئانىنىڭ) قەلبىدە ساقىيىشى تەس بولغان بىر يارا پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانا بولغۇچى بۇنىڭغا سەۋر قىلسا ۋە ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلسا، چوڭ ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بىر ئادەم ئۇ زاتنىڭ يېنىغا بىر بالىسى بىللە كەلدى. مەلۇم زامان ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ زات:

**– پالانىنىڭ بالىسى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ – دېگەندى، ئۇلار:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتتى، – دېدى.**

شۇنىڭ بىلەن ئۇ زات ئۇنىڭ دادىسىغا:

**– سەن جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىدىن بىر دەرۋازىغا كەلسەڭ، بالاڭنىڭ سېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرمەمسەن؟! – دېدى. بىرسى:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ھۆكۈم بۇ ئادەمگىلا خاسمۇ ياكى ھەممىمىز ئۈچۈنمۇ؟ – دېگەندى، ئۇ زات:**

---

(1) مۇسلىم (804). يەنى، بۇ ئىككى سۈرە ئىككى بۇلۇتتەك ياكى ئىككى قۇشلار توپىدەك ھالەتتە كېلىپ، بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغان كىشىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ.

– ياق، ھەممىڭلار ئۈچۈن، – دېدى»[1].

## 7) پەرزەنتلەرنىڭ دۇئاسى

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا قىلغان دۇئاسى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇكى: «**ھەقىقەتەن، نامى ئۇلۇغ ئاللاھ جەننەتتە سالىھ بەندىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ بەندە:**

**– ئى رەببىم! بۇ دەرىجە ماڭا قانداق نېسىپ بولدى!؟ – دېگەندە، ئاللاھ:**

**– پەرزەنتىڭنىڭ سەن ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگەنلىكى بىلەن، – دەيدۇ»**[2].

## 8) روزا تۇتۇش

روزا تۇتۇش ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىك ئىبادەتلەردىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇكى: «**ئادەم بالىسىنىڭ ھەرقانداق ئەمەلى ئۇنىڭ بولىدۇ. بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ئەجرى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىلىپ بېرىلىدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ: ‹روزا ماڭا خالىس قىلىنغان ئىبادەتتۇر، ئۇنىڭغا ئەجرنى ئۆزۈم بېرىمەن. روزىدار كىشى شەھۋىتىنى ۋە يېمەك - ئىچمىكىنى مەن ئۈچۈن قويۇپ تۇرىدۇ، روزا قالقاندۇر، روزا تۇتقۇچىغا ئىككى خۇشاللىق باردۇر: بىر خۇشاللىق ئىپتار قىلغان چاغدا، يەنە بىر خۇشاللىق رەببىگە ئۇچراشقان چاغدا. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، روزىدارنىڭ ئاغزىنىڭ بۇيى ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئىپارنىڭ بۇيىدىنمۇ خۇشبۇيراقتۇر»**[3]. يەنە دېگەنكى: «**كىمكى ئاللاھ يولىدا (جىھادتا) بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىل يىراقلاشتۇرىدۇ»**[4].

جەننەتتە «رەييان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرۋازا بولۇپ، بۇ دەرۋازىدىن روزا تۇتقۇچىلارلا كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچبىر كىشى كىرمەيدۇ.

---

(1) ئەھمەد (15633). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەھمەد (10610). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7492)؛ مۇسلىم (1151).

(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2840)؛ مۇسلىم (1153).

ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ دەرۋازا تاقىلىدۇ.

روزا قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «روزا ۋە ‹قۇرئان› قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەتچى بولىدۇ. روزا: ‹ئى رەببىم! مەن ئۇنى كۈندۈزى يېمەكتىن ۋە شەھۋەتلەردىن چەكلىگەندىم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن› دەيدۇ. قۇرئان: ‹مەن ئۇنى كېچىسى ئۇيقۇدىن چەكلىگەندىم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئۇ بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ»[1].

## 9) مېيىت نامىزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېيىتكە شاپائەت قىلىشى

ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش مېيىتنىڭ ھاياتلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. مېيىت نامىزىغا قاتناشقان ئادەم كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– كىمكى جىنازىغا ناماز چۈشۈرگۈچە قاتناشسا، بىر قىرات ئەجىر بېرىلىدۇ؛ دەپنە قىلىنغانغا قەدەر قاتناشسا، ئىككى قىرات ئەجىر بېرىلىدۇ، – دېگەندى:

– ئىككى قىرات دېگەن قانچىلىك؟ – دېيىلدى. ئۇ زات:

– ئىككى چوڭ تاغدەك كېلىدۇ، – دېدى»[2].

يەنە بىر ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن يۈز ئادەم بىرەر مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسە، ھەممىسى ئۇ مېيىت ئۈچۈن شاپائەت تىلىسە، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ»[3].

بۇ ھەدىستىكى «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ مېيىت ئۈچۈن شاپائەت تىلىسە» دېگەنىنىڭ مەنىسى «ئۇلار ئۇ مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلسا ۋە ئاللاھتىن مەغفىرەت ۋە رەھمەت تىلىسە» دېگەنلىكتۇر.

---

(1) ئەھمەد (6626). ئالبانىي («ھىدايەتۇررۇۋاتى»، 1904) «ھەسەن» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1325)؛ مۇسلىم (945).
(3) مۇسلىم (947).

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى

قىيامەت كۈنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش چوڭ نىجاتلىقتۇر. ئۇ زات بەندىنى ئۆزىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنى زىكىر قىلدى. بەندىنىڭ بۇ ئەمەللەرنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى ئۇنىڭ شاپائەتكە ئىمان ئېيتقانلىقىنىڭ ۋە ئۇنى تەستىق قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇ ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن:

**1) ئەزاندىن كېيىن زىكىر ئېيتىش**

ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش پەزىلىتى چوڭ ئەمەلدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئەزاندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇساق، قىيامەت كۈنى ئۇ زاتنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغان بىر زىكىرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ زات ئېيتتىكى: **«كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: ‹اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ / ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلىدىغان مۇشۇ نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! مۇھەممەدكە جەننەتتىكى ئالىي ئورۇن بىلەن پەزل - مەرھەمەتلىرىنى ئاتا قىلغىن! ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان، مەدھىيەلىنىدىغان ماقامغا يەتكۈزگىن!› دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم نېسىپ بولىدۇ»**[1].

**2) نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆپ دۇرۇد ئېيتىش**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك زاتتۇر، بەلكى بىزگە جانلىرىمىزدىن ۋە پەرزەنتلىرىمىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆپ دۇرۇد ئېيتىش ۋە ئۇ زاتنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈش بۇ زاتنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزنىڭ دەلىلىدۇر ۋە قىيامەت كۈنى شاپائىتىگە ئېرىشىشىمىزنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى ماڭا ئەتىگەندە ئون قېتىم، كەچتە**

---

(1) بۇخارىي (614).

ئـون قېتىم دۇرۇد ئېيتسا، قىيامـەت كۈنى مېنىـڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىـدۇ» دېگەن[1].

3) نەپلە نامازنى كۆپ ئوقۇش

نامـاز ئـاللاھ تائـالا ئـەڭ ياخشـى كۆرىدىغـان ئەمەلـدۇر. نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم: «بىلىڭلاركـى، ئەمەللىرىڭلارنىـڭ ياخشىسـى نامازدۇر» دېگەن[2].

پـەرز ۋە نەپلـە نامـازلار ياخشـىلىقلا ۋە شـاپائەتكە ئېرىشىشـنىڭ يولىـدۇر. بـۇ ھەقتـە رەبىئـە ئىبنـى كەئـب ئەلئەسـلەمىي رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ رىۋايـەت قىلىدىكـى: «مـەن رەسـۇلۇللاھ سـەلەللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنىــدا قونـۇپ قالغـان ئىدىـم. مـەن ئـۇ زاتقـا تاھـارەت سـۈيى ھازىـرلاپ بەرسەم، ماڭا:

– سورىغىن، – دېگەنىدى، مەن:

– ئۆزلىرىگە جەننەتتە ھەمراھ بولسام دەيمەن، – دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

– ئۇنىڭدىن باشقىچۇ؟ – دېدى، مەن:

– ئاشۇنىلا سورايمەن، – دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

ئۇنداقتا سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن (نەلىۋىڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا) ماڭا ياردەم بەرگىن، – دېدى»[3].

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بـۇ ئەمەللـەر نەبىي سـەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسـەللەم ئۆزىنىـڭ شـاپائىتىگە ئېرىشىشـنىڭ يوللىـرى ئىكەنلىكىـدىن خەبـەر بەرگـەن ئەمەللـەردۇر. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، بەندە بـۇ ئەمەللەرنى قىلىش

(1) تەبەرانىي: («ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»نىڭ نەشر قىلىنمىغان قىسمىدا سەنەدلىك) رىۋايەت قىلغان. سۇيۇتىي: («ئەلجامىئۇسسەغىر»، (8792) «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي «سەھىھۇلجامىئ» (6357) تا «ھەسەن»، «زەئىفۇتتەرغىب» (887) تە «زەئىف» دېگەن.

(2) ئەھمەد (22432). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(3) مۇسلىم (489).

ئارقىلىق نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشكە ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك.

## كۆپ لەنەت قىلىش شاپائەتنى توسۇپ قويىدۇ

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن، كۆپ لەنەت قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى ۋە شاپائەتچى بولالمايدۇ» دېگەن[1].

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغان ئەڭ بەختلىك ئادەم**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! قىيامەت كۈنى شاپائەتلىرى بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان ئادەم كىم؟ – دەپ سورالغان ئىدى، ئۇ زات:

**– ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! مەن سېنىڭ ھەدىسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىڭنى بىلگەچكە، بۇ گەپنى سەندىن بۇرۇن بىرەرسى سورىمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، قىيامەت كۈنى شاپائىتىم بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان ئادەم چىن دىلىدىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ / بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەئبۇد يوقتۇر› دېگەن كىشىدۇر، – دېدى[2].**

**ھىممەت**

**مۇئمىن ئۇچۇن قىيامەت كۈنى شاپائەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتىنمۇ بەكرەك شاپائەتچىلەردىن بولۇشى ئۇچۇن تىرىشىشى لايىق بولۇر.**

---

(1) مۇسلىم (2598).

(2) بۇخارىي (99).

# ھەربىر ئۈممەت ئۆزلىرى چوقۇنغان ئىلاھلارغا ئەگىشىدۇ

بۇ مەھشەر كۈنىنىڭ ئاخىرىدا، بەندىلەر جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئايرىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بەندىلەرنىڭ ئاخىر بارارجايىدۇر. ئۆلۈمدىن كېيىن جەننەت ۋە دوزاختىن باشقا جاي يوقتۇر.

بۇ بۈيۈك كۈننىڭ ئاخىرىدا، ھەربىر ئۈممەت دۇنيادىكى چاغدا ئىبادەت قىلغان ئىلاھىغا ئەگىشىدۇ. دۇنيادا ئىبادەت قىلىنغان ئىلاھلارنىڭ تۈرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. قۇياشقا ئىبادەت قىلغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ. بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىلاھلىرى سۈرەتكە كىرگۈزۈلىدۇ ۋە بۇ ئىلاھلىرىغا ئەگىشىدۇ. پىرئەۋنگە چوقۇنغانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. بۇ باتىل ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار بىلەن ماڭىدۇ. ئۇلار دۇنيادا بۇ ئىلاھلارغا ئەگەشكەندەك ئەگىشىدۇ. بۇ ئەرىقىدە بۇ ئىلاھلار ئاخىرى دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئارقىدىن ئۇلارغا چوقۇنغانلار چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ھەققىدە ئېيتىدۇ: ﴿***پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!***﴾(«ھۇد»: 11/98)

ئۇنىڭدىن كېيىن مۆئمىنلەر ۋە ئەھلى كىتابلار (يەھۇدىي، ناسارالار) قالىدۇ. بۇنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق بايان قىلغان: «قىيامەت كۈنى بولغاندا بىر جاكارچى چىقىپ: ‹ھەر ئۈممەت ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلىرىنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىدۇ› دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھتىن غەيرى بولغان بۇت ۋە چوقۇنۇشقا تىكلەنگەن تاشلار قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغانلاردىن بىرىمۇ قالماي ئارقا - ئارقىدىن دوزاخقا تۆكۈلۈپ، ئىتائەتمەن بەندە بولسۇن، مەيلى ئاسىي بەندە بولسۇن پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن ئەھلى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىلا قېپقالىدۇ. يەھۇدىيلەر چاقىرىلىپ ئۇلاردىن: ‹كىمگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟› دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: ‹بىز ئاللاھنىڭ

ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق›[1] دېيىشىدۇ، ئۇلارغا: ‹يالغان ئېيتتىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغان ياكى بالىلىق بولغان ئەمەس، نېمە تەلىۋىڭلار بار؟› دېيىلىدۇ، ئۇلار: ‹رەببىمىز! چاڭقاپ كەتتۇق، سۇ بەرسەڭ› دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئىشارەت قىلىنىپ: ‹سۇ ئىچكىلى بارامسىلەر؟› دېيىلىپ، بىر - بىرىنى پاچاقلاپ كۆيۈۋاتقان گويا سەرابقا ئوخشاش دوزاختا توپلىنىدۇ، ئاندىن بىرىمۇ قالماي ئارقا - ئارقىدىن دوزاختا تۆكۈلىدۇ، خرىستىئانلار چاقىرىلىپ ئۇلاردىن: ‹كىمگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟› دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: ‹بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى (ئىيسا) مەسىھكە ئىبادەت قىلاتتۇق› دېيىشىدۇ، ئۇلارغا: ‹يالغان ئېيتتىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغان ياكى بالىلىق بولغان ئەمەس، نېمە تەلىۋىڭلار بار؟› دېيىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئاخىرىدا ئىتائەتمەن بەندە بولسۇن، مەيلى ئاسىي بەندە بولسۇن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغانلار قېپقالغاندا، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلار بۇرۇن ئاللاھنى كۆرگەن سۈرەتكە ئەڭ يېقىن بىر سۈرەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا: ‹سىلەر نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر، هەر ئۈممەت ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلىرىنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىدۇ› دېيىلىدۇ. ئۇلار: ‹بىز دۇنيادىكى تۇرمۇشىمىزدا ئازغۇن كىشىلەرگە ئەڭ موھتاج تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرغانىمىزدا ئالاقىمىزنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا هەمراھ بولمىدۇق، (ئۇلارغا موھتاج بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارغا هەمراھ بولىمىزمۇ؟) بىز هازىر بۇرۇن دۇنيادا ئىبادەت قىلغان رەببىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار› دەيدۇ. ئۇلار ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم: ‹بىز ئاللاھقا سىغىنىپ سەندىن پاناھلىق تىلەيمىز. ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمىز› دەيدۇ. ھەتتا بەزىلىرى كەينىگە قايتقىلى تاس قالىدۇ (چۈنكى ئاللاھ شۇڭغىچە ئۆزىنى تونۇتمىغان ئىدى). ئاللاھ: ‹سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىدا سىلەر ئۇنى تونۇۋالىدىغان بىرەر بەلگە بارمۇ؟› دېسە، ئۇلار: ‹پاچاق› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ پاچىقىنى ئاچسا، ھەربىر مۆئمىن ئۇنىڭغا دەرھال سەجدە قىلىپ، دۇنيادا

(1) ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلغانلار يەھۇدىيلەرنىڭ بىر تائىپىسىدۇر، كۆپچىلىكى ئۇنداق قارىمايدۇ، بەلكى بۇ يەردىكى سوراق ئاشۇ تائىپىگە قارىتىلغان بولۇپ، باشقا تائىپىلەر ئۆزلىرى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەرنى تىلغا ئالىدىغان بولسا كېرەك. خرىستىئانلاردىنمۇ شۇ تەرىقىدە سورالغان، چۈنكى ئۇلار: «ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىيساغا ئىبادەت قىلاتتۇق» دېگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بەزىسى: «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى» دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلىرى: «بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز» دەپ قارايدۇ. قاراڭ: ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي» 11/449 ــــ ت.

**ئاللاھقا رىياخورلۇق ۋە باشقىلار ئاڭلىسۇن دەپ سەجدە قىلغانلار قىلىپ، سەجدىگە بېرىشقا ئۇرۇنغىنىدا ئۇمۇرتقىسى بىر تال تاختايدەك قېتىپ قالىدۇ. ئاندىن كۆۋرۈك كەلتۈرۈلۈپ دوزاخ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. بىز:**

**– يا رەسۇلەللاھ! كۆۋرۈك دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىساق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:**

**– تېيىلغاق، مۇدۇرۇلۇپ كېتىدىغان يەر بولۇپ، ئۈستىدە ئىلمەكلەر، قاماقلار ۋە نەجد دىيارلىرىدا بولىدىغان سەئدان تىكىنىدەك ئۇششاق ئوغرىتىكەنلىرى بار يايپاڭ مىخلار بار، مۇئمىن ئۇنىڭدىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقاندەك، يەنە چاقماقتەك، يەنە شامالدەك، يەنە يورغا ئاتلاردەك ۋە تۆگىلەردەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ساق - سالامەت قۇتۇلغان، بەزىلىرى سۆركىلىپ زېدىلىنىپ قۇتۇلغان ۋە يەنە بەزىلىرى دوزاخ ئوتىدا دۈۋىلىنىپ قالغان بولىدۇ – دېدى»[1].**

**بۇ مەھشەر كۈنى پۈتۈن ئۈممەتلەر ئۇچۇن پىلسىراتتىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ يەردە پەقەت ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، سۈننەتكە ئەگەشكەن بولسۇن ۋە بىدئەت ئىش قىلغان بولسۇن، ئىسلامغا نىسبەت بېرىلىدىغان ئىنسانلارلا قېپقالىدۇ ۋە يەنە ئەھلى كىتابلار قېپقالىدۇ.**

- **ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەر يۈز بېرىدۇ؟**
- **ئۇلار پىلسىراتتىن قانداق ئۆتىدۇ؟**
- **كافىرلار دوزاختا قانداق ھەشر قىلىنىدۇ؟**

**بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن تۆۋەندىكى سەھىپىلەردە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ.**

## نىجاتلىق

**قىيامەت كۈنى پەقەت شېرىكى يوق يەككە - يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان كىشىلەرلا نىجات تاپىدۇ. باشقا باتىل ئىلاھلار بولسا ئۆزىگە ئىبادەت قىلغانلارنى دوزاختا ھەيدەيدۇ.**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4581، 7439)؛ مۇسلىم (183).

# كافىرلار دوزاختا قانداق ھەشر قىلىنىدۇ؟

ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا بىزگە مۆئمىنلەرنى ھۆرمەت، بەخت - سائادەت، خاتىرجەملىك ۋە زىيان يوق پايدا ئالغان ھالەتلىرىدە جەننەتكە قانداق ئېلىپ ماڭدۇرۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى ۋە يەنە كافىرلارنى دوزاختا خار بولغان ھالەتلىرىدە قانداق ئېلىپ ماڭدۇرۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى. بۇ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ كىتابىدا ئېنىق بايان قىلىنغان. ئۇلۇغ ئاللاھتىنمۇ راستچىل كىم بار!؟

- **ئۇنداقتا كافىرلار دوزاختا قانداق ھەيدىلىدۇ؟**
- **ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟**
- **ئۇلار دوزاختا يىقىنلاشقاندا دوزاخ ئۇلارغا قانداق ھالەتتە بولىدۇ؟**

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى «قۇرئان» كەرىمنى ئوقۇپ تەپەككۇر قىلغان ئادەم كافىرلارنىڭ دوزاختا بىرقانچە شەكىلدە ئېلىپ مېڭىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ:

بىرىنچى سۈرەت: ئۇلار ئۇ يەر، بۇ يەردىن چاقىرىلىدىغان بىر توپ چاھارپايلاردەك ھەشر قىلىنىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***كافىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ***﴾(39/«زۇمەر»: 71)، ﴿***ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاختا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ***﴾(52/«تۇر»: 13)، ﴿***ئۇ كۈندە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاختا توپلىنىدۇ، ئالدى - ئارقىسى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ قويۇلىدۇ***﴾(41/«فۇسسىلەت»: 19). يەنى ئىنسانلار ھايۋانلارنى توپلىغاندەك، كافىرلار توپلىنىدۇ، قىستىلىشىدۇ ۋە بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىدۇ.

ئىككىنچى سۈرەت: ئۇلار دوزاختا دۇنيادا پۇتلىرى بىلەن ماڭغاندەك ئەمەس، بەلكى يۈزلىرى بىلەن سۆرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر***﴾(25/«فۇرقان»: 34).

بىر ئادەم:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى كافىر يۈزى دۈم ھالەتتە توپلىنامدۇ؟ – دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– دۇنيادا ئۇنى ئىككى پۇتىدا ماڭدۇرغان زات قىيامەت كۈنى يۈزى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟! – دېدى»**[1].

كافىرلار بۇ خىل خار، ئەلەملىك ھالەتتە يۈزىچە ئېلىپ مېڭىلىش بىلەن بىرگە، كۆرەلمەيدىغان قارىغۇ، سۆزلىيەلمەيدىغان گاچا، ئاڭلىيالمايدىغان گاس ھالەتتە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخمۇ يالقۇنجىتىمىز﴾***(17/«ئىسرائ»: 97).

ئۈچىنچى سۈرەت: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئىلاھلىرى، ياردەمچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿(ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگە) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار﴾***(37/«ساففات»: 22، 23). دېمەك، قىيامەت كۈنى ئىنسان ياخشى كۆرگەن قاياشى بىلەن ھەشر قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى سۈرەت: ئۇلار بۇ خىل ئېلىپ مېڭىلىشىدا مەغلۇپ بولغۇچىلاردۇر، قەھر قىلىنغۇچىلاردۇر، خار بولغۇچىلاردۇر ۋە ھۆرمەتلەنمەيدىغان ئىنسانلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿(ئى مۇھەممەد!) كافىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر (دۇنيادا) مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك»﴾***(3/«ئال ئىمران»: 12).

بەشىنچى سۈرەت: ئۇلار دوزاخنىڭ قاينىغان ۋە ئېشەكتەك ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ئارقىلىق قاتتىق قورقىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ:

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4760)؛ مۇسلىم (2806).

﴿دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئىشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ﴾(25/«فۇرقان»: 12).

ئالتىنچى سۈرەت: ئۇلار دوزاخقا يۈزلىنىپ، ئۇنى ئەينەن كۆرگەن چاغدا پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ئىمان ئېيتىۋېلىشى ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆئمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ﴾(6/«ئەنئام»: 27).

لېكىن، ئۇلار دوزاختىن قاچىدىغان جاينى تاپالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾(18/«كەھف»: 53).

يەتتىنچى سۈرەت: گۇناھكارلار قاتتىق خارلىق بىلەن دوزاخقا ئىتتىرىلىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھالىنى سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ﴿سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، چوڭچىلىق قىلىپ، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلارنىڭ بارارجايى نېمىدېگەن يامان!﴾(16/«نەھل»: 29)

### ئاگاھلاندۇرۇش

**پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلغان.**

# پىلسىرات

قىيامەت كۈنىنىڭ ھادىسىلىرىدىن بىرى پىلسىراتتىن ئۆتۈشتۇر. بۇ ئۆتۈش بەك تەس بولغان، كۆرۈنۈشى قورقۇنچلۇق بىر جايدۇر. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىنى دۇنيادا دىندا مۇستەھكەم قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى پىلسىراتتىمۇ مۇستەھكەم قىلىدۇ. زىيانكارلارنىڭ قەلبلىرى دۇنيادا ئىمان ۋە تەستىقتىن يىراق بولغاندەك، ئۇلارنىڭ قەدەملىرى پىلسىراتتا تېيىلىپ كېتىدۇ. بۇ چوڭ تاسقاش ۋە ئىمتىھان ئورنىدۇر. سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە ئەڭ چوڭ مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئۆتەلمىگەن كىشى ئازابقا لايىق بولۇر.

- ئۇنداقتا پىلسىرات دېگەن نېمە؟
- ئۇنىڭ سۈپىتى قانداق؟
- ئۇنىڭ ئورنى نەدە؟
- ئۇنىڭ ئۈستىدە كىشىلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە مەيدانلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، پىلسىراتتىن ئۆتۈش بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئەنبىيائىلەرنىڭمۇ قورقىدىغانلىقى ۋە ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئۈممىتىنىڭ بولسا بۇ زاتنىڭ شاپائىتىدىن مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. پىلسىراتنىڭ كۆپ سۈپەتلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدىغانلار ئۇچۇنمۇ ئوخشىمىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

«سىرات» ئەرەب تىلىدا «داغدام يول» دېگەن مەنىدە. ئاخىرەتتىكى سىرات بولسا جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتىدۇ.

## پىلسىراتنىڭ سۈپەتلىرى

بۇ جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، قىلىچنىڭ بىسىدىن ۋە قىلدىن ئىنچىكىدۇر. ئۇنىڭدا ئادەملەرگە چاپلىشىۋالىدىغان ئوغرىتىكەنلەر ۋە قاماقلار بار. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق مۇساپىدەك بولۇپ، ئۇنى زۇلمەت قاپلىغاندۇر.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ... ئاندىن كۆۋرۈك كەلتۈرۈلۈپ دوزاخ ئۈستىگە قويۇلىدۇ› —دېدى. بىز:

— يا رەسۇلەللاھ! كۆۋرۈك دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىساق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

**— تېيىلغاق، مۇدۇرۇلۇپ كېتىدىغان يەر بولۇپ، ئۈستىدە ئىلمەكلەر، قاماقلار ۋە نەجد دىيارلىرىدا بولىدىغان سەئدان تىكىنىدەك ئۇششاق ئوغرىتىكەنلىرى بار ياپياڭ مىخلار بار، — دېدى»[1]. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاڭلىشىمچە، كۆۋرۈك (يەنى پىلسىرات) قىلدىنمۇ، قىلىچنىڭ بىسىدىنمۇ ئىنچىكە ئىكەن» دېگەن[2].**

## پىلسىراتنىڭ ئۆرنى

پىلسىراتتىن ئۆتۈش نامەئى ئەئماللەر تارقىتىلىپ، ئەمەللەر تارازىغا قويۇلۇپ، بەزى شاپائەتنىڭ تۈرلىرى ھاسىل بولۇپ، ھەۋزگە كېلىپ، ھېساب ئېلىنىپ ۋە بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ.

## مۇشرىكلەر پىلسىراتتىن ئۆتەلمەيدۇ

بۇنداق بولۇشى، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار بىرقانچە قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ: ئۇلار يەككە - يېگانە ئالالھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4581، 7439)؛ مۇسلىم (183).

(2) مۇسلىم (183).

هالدا ئىبادەت قىلغان ئىخلاسمەن مۆئمىنلەر، مۇناپىقلار ۋە ئاللاھقا باشقىلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلەردۇر.

مۇشرىكلەر بولسا پىلسىراتتىن ئۆتەلمەي دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن، ئىسلامغا نىسبەت بېرىلىدىغان مۆئمىنلەر ۋە مۇناپىقلار بولسا بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## مۇناپىقلار ۋە پىلسىرات

بارلىق ئەنبىيائىلەرنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى توختايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۇناھكارلار ۋە مۇناپىقلار بولىدۇ. پىلسىرات قويۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا نۇرلار تارقىتىلىدۇ. بۇ نۇر ھەربىر ئادەمگە ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرىگە قارىتا بېرىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

– زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدىغان كۈندە ئىنسانلار نەدە بولىدۇ؟ – دەپ سورالغاندا، ئۇ زات:

– ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە زۇلمەتتە، – دېدى»[1].

مانا بۇ ئورۇندا مۇناپىقلار مۆئمىنلەردىن ئايرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدە قالىدۇ. مۆئمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسى مۇناپىقلارنى مۆئمىنلەرگە يېتىشىۋېلىشتىن توسۇيدىغان بىر تام بىلەن ئايرىۋېتىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆئمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ***﴾(57/«ھەدىد»: 13).

دېمەك، «قۇرئان» ۋە سۈننەتنىڭ نۇرىغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە

(1) مۇسلىم (315).

قىيامەت كۈنى نۇر ئاتا قىلىنىدۇ، بۇ نۇر ئۇلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ ۋە پىلسىراتتا قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.

ئەمما، دۇنيادا «قۇرئان» ۋە سۈننەتنىڭ نۇرىدىن يۈز ئۆرۈگەن مۇناپىقلارغا كەلسەك، ئۇلار خۇددى دۇنيادا ئۆزلىرىنى نۇردىن مەھرۇم قىلغاندەك، قىيامەت كۈنى قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئىچىدە تېڭىرقاپ قالىدۇ.

مۇناپىقلار مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ نۇرىدىن ئېلىشى ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا: «ئارقاڭلارغا قايتىپ، نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار نائۈمىد قايتىدۇ. مۆئمىنلەر ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. مۆئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقىدۇ. سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ. مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارنىڭ بارارجايى جەننەت بولىدۇ. مۇناپىق ئەر ۋە مۇناپىق ئاياللارنىڭ بارارجايى دوزاخ بولىدۇ.

## مۆئمىننىڭ نۇرىنىڭ مىقدارى

پىلسىراتتىن ئۆتىدىغان مۆئمىنلەر ۋە مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىگە نۇر ئاتا قىلىنىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنى كۆرۈش ھەققىدىكى دېگەنلىكى: «... ئاندىن ئاللاھ تائالا كۈلۈپ تەجەللى قىلىدۇ، ئارقىدىنلا ئاللاھ ئۇلارنى ئېلىپ ماڭىدۇ، ئۇلار ئۇ زاتقا ئەگىشىدۇ. **ئۇلاردىن مۇناپىق بولسۇن، مۆئمىن بولسۇن، ھەربىر ئىنسانغا نۇر ئاتا قىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار نۇرغا ئەگىشىدۇ. جەھەننەم كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە ئاللاھ تائالا خاھلىغان ئادەمنى ئېلىپ كېتىدىغان قاماقلار ۋە ئۇغرىتىكەنلەر بولىدۇ. ئاندىن مۇناپىقلارنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئاندىن مۆئمىنلەر نىجات تاپىدۇ. نىجات تاپىدىغان تۇنجى جامائەتنىڭ يۈزلىرى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بولىدۇ. ئۇلار يەتمىش مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنمايدۇ»[1].**

---

(1) مۇسلىم (191).

**ھەربىر مۇئمىنگە ئۇنىڭ نۇرى ياخشى ئەمەلىنىڭ مىقدارى بويىچە بېرىلىدۇ. مۇئمىن ئالدىدىكى نۇرنىڭ يورۇتۇش مىقدارى قانچىلىك بولسا، پىلسىراتتا شۇنچە تېز ماڭىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىغا تاغدەك نۇر ئاتا قىلىنىدىغانلار بار؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك نۇر ئاتا قىلىنىدىغانلار بار؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوڭ قولىغا خورما دەرىخىدەك نۇر ئاتا قىلىنىدىغانلار بار؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوڭ قولىغا ئۇنىڭدىن ئازراق نۇر ئاتا قىلىنىدىغانلار بار. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا نۇر ئاتا قىلىنىدۇ، بۇ نۇر بىردەم يورۇپ، بىردەم ئۆچۈپ قالىدۇ. يورۇسا قەدەم ئالىدۇ. ئۆچسە ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇلار پىلسىراتتىن ئۆتۈپ كېتىدۇ»[1].**

## پىلسىراتنىڭ ئۈستىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسى

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئالدىلىرىدا نۇرى ماڭغان چاغدىكى دۇئاسىدىن خەبەر بەردى: ﴿**ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ**﴾(66/«تەھرىم»: 8).

## پىلسىراتتىن ئۆتىدىغانلارنىڭ تۈرلىرى

ئىنسانلار دوزاخقا كېلىدۇ ۋە ئەمەللىرى بىلەن دوزاختىن چىقىدۇ. ئۇلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: سالامەت قۇتۇلغۇچى؛ زىدىلىنىپ قۇتۇلغۇچى؛ دوزاخقا چۈشۈپ كەتكۈچى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «**جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە پىلسىرات قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە سەئدان تىكىنىدەك ئوغرىتىكەنلىرى بولىدۇ. ئاندىن ئىنسانلار ئۆتىدۇ: سالامەت قۇتۇلىدىغانلار، يارىلىنىپ قۇتۇلىدىغانلار، ئۆتەلمەي تىك موللاق دوزاخقا چۈشىدىغانلار بولىدۇ**»[2].

---

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (9647). سۇيۇتىي («ئەلبۇدۇۋرۇسسافىرە»، 158) ۋە ئالبانىي («شەرھۇتتاھاۋىيە»، 469) لەر «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئىبنى ماجە (4280). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3472) «سەھىھ» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، پىلسىراتتىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنىڭ بىر قىسمى، پىلسىراتنىڭ

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىلسىرات توغرۇلۇق: «تېيىلغاق، مۇدۇرۇلۇپ كېتىدىغان يەر بولۇپ، ئۈستىدە ئىلمەكلەر، قاماقلار ۋە نەجد دىيارلىرىدا بولىدىغان سەئدان تىكىنىدەك ئۇششاق ئوغرىتىكەنلىرى بار يايپاڭ مىخلار بار، مۇئمىن ئۇنىڭدىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقانىدەك، يەنە چاقماقتەك، يەنە شامالدەك، يەنە يورغا ئاتلاردەك ۋە تۆگىلەردەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ساق - سالامەت قۇتۇلغان، بەزىلىرى سۈركىلىپ زىدىلىنىپ قۇتۇلغان ۋە يەنە بەزىلىرى دوزاخ ئوتىدا دۆۋىلىنىپ قالغان بولىدۇ»[1] دېگەن.**

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىلسىراتنىڭ ئۈستىدىكى بۇ تىكەنلەرنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى خەبەر بېرىپ:**

**– سىلەر سەئداننىڭ تىكىنىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ – دېگەنىدى، ئەسھابلەر:**
**– ھەئە كۆرگەنمىز، – دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ:**
**– لېكىن، ئۇنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. قارماقلار كىشىلەرنى قىلمىشلىرىغا قاراپ ئىلىۋالىدۇ. ئۇلاردىن قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنىدىغانلىرىمۇ، قىچىنىڭ دانىسىدەك چېچىۋېتىلگەندىن كېيىن قۇتۇلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ»[2].**

## پىلسىراتتىن ئۆتىدىغانلارنىڭ سۈرئىتى

**پىلسىراتتىن ئۆتىدىغانلار ئالدىلىرىدا كۆرۈپ ماڭىدىغان نۇرنىڭ يورۇتۇش مىقدارىغا قارىتا، ئۆتۈش سۈرئىتىدە پەرقلىق بولىدۇ. نەبىي**

---

ئازابىغا يولۇقماي، سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسمى، پىلسىراتتىن ئۆتۈپ كېتىدۇ-يۇ، بەدىنىگە دوزاخنىڭ ئوتلىرى تەگكەن ھالەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا، نۇرى ئۆچۈپ قالغانلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ، دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھقا سىغىنىمىز. سەئدان تىكىنى، ئادەتتە تېرىگە ۋە كىيىملەرگە چاپلىشىۋالىدىغان، بەك سانجىلىدىغان كىچىك تىكەندۇر.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7439)؛ مۇسلىم (183). ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ﴾(«مەريەم»/19: 71) دېگەن ئايەت ھەققىدە: «بۇ دوزاخنىڭ ئۈستىدىكى پىلسىراتتىن ئۆتۈشتۇر» دېگەن. ئاندىن «ئۇلارنىڭ ئاخىرى قاتتىق سۆرەلگەن ھالدا ئۆتىدۇ» دېگەن ھەدىس ھەققىدە قەتادەنىڭ: «ماڭالماي ياكى ئۆمىلىيەلمەي، قاتتىق سۆرۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (806)؛ مۇسلىم (182).

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ مېڭىشتىكى ئەھۋاللىرىنى سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: «... پىلسىرات قىلچىنىڭ بىسىدەك ئىنچىك، تېيىلغاق، مۇدۇرۇلۇپ كېتىدىغان يەر بولۇپ، ئۇلارغا: ‹نۇرۇڭلارنىڭ مىقدارى بويىچە مېڭىڭلار› دېيىلىدۇ. بەزىلىرى يۇلتۇزلار ئاققاندەك ئۆتۈپ كەتسە، بەزىلىرى شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ئىلدام ماڭغان ئادەمدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەربىرى مىقدارى بويىچە ئۆتىدۇ. ھەتتا نۇرى پۇتىنىڭ باش بارمىقىدا بولغان كىشى بىر قولى چۈشۈپ كەتسە، يەنە بىر قولى بىلەن ئېسىلىپ، بىر پۇتى تېيىلىپ كەتسە، يەنە بىر پۇتى بىلەن ئىلىنىشىپ، بەدىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئوت چاچراپ، ئاخىرى ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندا: ‹بىزگە سېنى (دوزاخنى) كۆرسەتكەندىن كېيىن، سەندىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالەر بولسۇن، ئۇ زات بىزگە ھېچكىمگە بەرمىگەننى بەردى› دەيدۇ»[1].

## پىلسىراتتىن تۇنجى بولۇپ ئۆتىدىغان كىشى

پىلسىرات قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن تۇنجى بولۇپ ئىززەتلەنگەن ۋە تېيىلىپ كەتمىگەن ھالدا ئۆتۈپ كېتىدىغان زات پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دوزاخنىڭ ئۈستىگە پىلسىرات كۆۋرۈكى سېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن بىلەن ئۈممىتىم دەسلەپ قىلىپ سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدىغانلار بولىمىز. ئۇ كۈنى ئەنبىيائىلەردىن باشقا ھېچ ئادەم سۆز قىلمايدۇ. ئەنبىيائىلەرنىڭ سۆزلىرىمۇ: ‹ئى ئاللاھ! ئامان قىلغىن! ئامان قىلغىن!› دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ» دېگەن[2].

## نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىلسىراتتا ئۈممىتىگە دۇئا قىلىدۇ

پىلسىراتتىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنىڭ ئەمەللىرى ئۇلار بىلەن بىللە ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچار قۇش ئۆتكەندەك، شامالدەك، چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدىغانلار بار. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىلسىراتتا ئۆرە تۇرۇپمۇ: ‹ئى ئاللاھ! ئامان قىلغىن! ئامان

(1) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (3424). ھاكىم ۋە زەھەبىي: «سەھىھ» دېگەن.
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7437)؛ مۇسلىم (182).

قىلغىن!› دەيدۇ.

ھەدىسىتە كەلدىكى: «سىلەرنىڭ باشتىكىلەر چاقماقتەك، ئۇنىدىن كېيىن كەلگەنلەر شامالدەك، ئۇنىدىن كېيىنكىلەر قۇشنىڭ ئۇچۇشىدەك، ئۇنىدىن كېيىنكىلەر تېز يۈگۈرگەندەك تېزلىكتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەممىسىنى ئەمەللىرى (مەلۇم سۈرئەتتە) ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا نەبىيىڭلار پىلسىراتتا تۇرۇپ: ‹ئى ئاللاھ! ئامان قىلغىن! ئامان قىلغىن!› دەيدۇ. ئاخىرى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئۇلارنى ئۆتكۈزەلمەي، بەزىلەر ئاران ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ»[1].

## سىلە - رەھىم بىلەن ئامانەت پىلسىراتنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ

بەزى ئەمەللەر پىلسىراتتا ھازىر بولىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەمەللەردىن ئۇنى قىلغۇچىلار مەنپەئەتلىنىدۇ. بۇنىڭ جۈملىسىدىن: سىلە - رەھىم بىلەن ئامانەت پىلسىراتنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... سىلە - رەھىم بىلەن ئامانەت (سۈرەتكە كىرگۈزۈلۈپ) ئەۋەتىلىدۇ. بۇ ئىككىسى پىلسىراتنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ» دېگەن[2].

ئاخىرىدا دەيمىزكى: سەن ئۆزۈڭنى پىلسىراتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان، ئاستىڭدىكى قاپقاراڭغۇ ھاڭدا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان دوزاخقا قاراپ تۇرغان، بىردەم مېڭىپ، بىردەم ئۆمىلەۋاتقان، خالايىقلارنىڭ بولسا ئالدىڭدا بىرلىرى تېيىلىپ، بىرلىرى يىقىلىۋاتقان، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىلمەكلەر ۋە قاماقلار بىلەن تارتىۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ دوزاخقا تىك مۇللاق چۈشۈپ كېتىۋاتقان ھالەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ باققىن. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش - ھە!

**ھەقىقەت**

**جەننەتكە پەقەت مۆۋەھھىد مۇئمىنلەرلا كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقىلار دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ.**

---

(1) مۇسلىم (195).

(2) مۇسلىم (195). دېمەك، بۇ ئىككى ئەمەل پىلسىراتتا ھازىر بولۇپ، بۇ ئىككى ئەمەلنى قىلغانلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ.

# پىلسىراتتىن كېيىن مۇئمىنلەرنىڭ بىر - بىرىدىن قىساس ئالدىغانلىقى

مۇئمىنلەر پىلسىراتتىن ئۆتۈپ، دوزاختىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇنيادىكى چاغدا بىر - بىرىدە قالغان ھەقلەر قالىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىمىز ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىكى ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قارىتا كۆڭۈللىرىنى ئاداۋەتتىن پاكلاشنى ئىرادە قىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان - ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز﴾(15/«ھىجر»: 46، 47).

- ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىساس قانداق ئېلىنىدۇ؟
- بۇ يېغىدىن ھېساب ئېلىشمۇ؟
- ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئازابلىنامدۇ ياكى ئاغرىق تارتامدۇ؟

مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى بىر - بىرىدىن قىساس ئېلىشىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «مۇئمىنلەر (پىلسىراتتىن ئۆتۈپ) دوزاختىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، دوزاخ بىلەن جەننەت ئارىسىدىكى چوڭ بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلۇپ، دۇنيادىكى چاغلىرىدا بىر - بىرىدە قالغان ھەقلىرىنى ئېلىشىدۇ، ئاخىرى تازىلىنىپ پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئىجازەت قىلىنىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەھلى جەننەت بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى تۇرالغۇسىنى دۇنيادىكى ئۆيىدىنمۇ ياخشىراق تونۇيدۇ»[1].

دېمەك، ئۇلار توختايدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلاردىن ھېساب ئېلىپ، دۇنيادىكى چاغدا بىر - بىرىدە قېپقالغان ھەقلەردىن

---

(1) بۇخارىي (2440).

قساس ئېلىپ بېرىدۇ. ئاخىرى ھەربىرى قېرىندىشىغا قەلبىدە ئۆچمەنلىك ساقلىماي، قەلبلىرى پاكلانغان ھالەتتە جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىن - ئاداۋەتلەرنىڭ ھەممىسى يوقاپ كېتىدۇ.

## ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قساس ئېلىشىشنىڭ شەكلى

مۆئمىنلەر ئارىسىدا قىساس ئېلىشىدىغان كۆۋرۈك جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى بولىدىغان بولغاچقا، بۇ ۋاقىتتا مەھشەرنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى داۋاملىشىۋاتقان بولىدۇ.

ئۇ كۈندە مال - دۇنيا، بالىچاقا، دىنار ۋە دىرھەم يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىساس ئېلىشىش ياخشى ئەمەللەر ۋە يامان قىلمىشلار بىلەن بولىدۇ. كىمدە باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش، تىللاش ۋە ئۇرۇش دېگەندەك ھەقلىرى بار بولسا، ھەق ئىگىلىرى ھەقلىرىنىڭ مىقدارى بويىچە ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ئالىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ پەقەت ياخشى ئەمەللىرى قالمىغان چاغدا، ھەق ئىگىلىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇ كىشىگە يۈكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا رەھمەت قىلغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى زۇلۇم قىلغۇچىدىن رازى بولۇپ ئەپۇ قىلىشقا ئۈندەيدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

## ئۆچەكىشىپ قالغانلارنى رازى قىلىش

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان ئىكەن، مەن تۇيۇقسىز ئۇ زاتنىڭ كۈلۈپ، ئىككى ئۇدۇل چىشىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاتقا:

– ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىگە كۈلىلا؟ – دېيىلگەندى، ئۇ زات دېدىكى:

**– ئۈممىتىمدىن ئىككى كىشى پەرۋەردىگارىمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىرى: ‹ئى رەببىم! ماڭا قېرىندىشىمدىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرگىن› دېدى، ئاللاھ تائالا يەنە بىرىگە: ‹قېرىندىشىڭغا ھەققىنى بەرگىن› دېدى. ھەق ئىگىسى: ‹ئى رەببىم! مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمدىن ھېچ نەرسە قالمىدى› دېدى. ھەق ئىگىسى:**

**‹ئى رەببىم! مېنىڭ گۇناھلىرىمدىن ئۇنىڭغا يۆلىگىن› دېدى.**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى، ئاندىن دېدى:

**– ھەقىقەتەن، ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، ئىنسانلار گۇناھلىرىنىڭ باشقىلارغا يۆكلىنىشىگە موھتاج بولىدىغان كۈندۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچىغا: ‹بېشىڭنى كۆتۈرگىن› دېدى. ئۇ كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ: ‹ئى رەببىم! مەن ئالتۇن شەھەرلەرنى ۋە مەرۋايىتلار يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن قەسىرلەرنى كۆرۈۋاتىمەن، بۇ قايسى پەيغەمبەر ئۈچۈن؟ ياكى قايسى سىددىق ئۈچۈن؟ ياكى قايسى شېھىد ئۈچۈن؟› دېدى. ئاللاھ تائالا: ‹بۇ ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگەن ئادەم ئۈچۈن› دېدى. ئۇ كىشى: ‹بۇنىڭ پۇلىغا كىممۇ ئىگە بولالايدۇ؟› دېدى. ئاللاھ تائالا: ‹سەن ئىگە بولىسەن› دېدى. ئۇ كىشى: ‹ئۇنداقتا نېمە بىلەن ئىگە بولىمەن؟› دېدى. ئاللاھ تائالا: ‹قېرىندىشىڭنى ئەپۇ قىلىشىڭ بىلەن ئىگە بولىسەن› دېدى. ئۇ كىشى: ‹ئى رەببىم! مەن ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتتىم› دېدى. ئاللاھ تائالا: ‹سەن قېرىندىشىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن› دېدى.**

ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى:

**– ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار! ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ»[1].**

بۇ پىلسىراتتىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى باشلانغان ئەمەللەردىن ئېلىنىدىغان ھېسابنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. مەلۇمكى، ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىساس ئېلىنىغان كىشى بۇنىڭدىن ئەلەم تارتىدۇ. لېكىن، بۇ ئەلەملەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىش بىلەنلا يوقاپ كېتىدۇ.

### ئىسلاھ قىلىش

**ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار. ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ.**

(1) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك» ، (8718). ھاكىم: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىفۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب» تە (1469، 2103) «بەك زەئىف» ۋە «زەئىف» دېگەن — ت.

# ئەھلى فەترەتنىڭ ئەھۋالى

مەھشەر كۈنى ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنداق بىر قەۋملەر بولىدۇكى، ئۇلار ئىسلامنى پەقەتلا بىلمىگەن ياكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەنبىيائىلەر ئۈزۈلۈپ قالغان زاماندا ياشىغان ئىنسانلاردۇر. بۇ تۈردىكى ئىنسانلارنى ئەھلى ئىلىملەر فەترەت ئەھلى[1] دەپ ئاتىغان ياكى ئۇلارغا ئىسلام دىنى سەلبىي شەكىلدە يەتكەن ئىنسانلاردۇر.

- ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟
- ئۇلارنىڭ ھۆججىتى نېمە؟
- ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قانداق قىلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا ئەنبىيائىلەرنى خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇر- غۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئەنبىيائىلەرگە تۇتقان مەيدانىغا قارىتا ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق***﴾(17/«ئىسرائ»: 15).

ئاللاھ تائالا خالايىقنى مەيلىگە تاشلاپ قويمىدى. بەلكى ئەنبىيائىلەرنى ئەۋەتتى ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئۈممەتنى پەيغەمبەر ئەۋەتمەي، ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ ھالاك قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدىكى دوزاخ ھەققىدە ئېيتىدۇكى:

---

(1) ئەھلى ئىلىملەر «فەترەت ئەھلى» دەپ ئاتىلىدىغان قەۋملەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشتا بولغان. بەزىسى: «ئىنسانلار ئارىسىدا پەيغەمبەر ئۈزۈلۈپ قالمىغان، بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئاللاھ يەنە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ دىنى مەۋجۇد ئىدى» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئىنسانلار ئارىسىدا پەقەت پەيغەمبەر كېلىپ باقمىغان ۋە ئەسلا دىننى ئاڭلاپ باقمىغان ئادەملەر مەۋجۇد» دېگەن.

***﴿دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ (ھېچ ئادەمگە ۋەھىيدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ﴾***[67/«مۇلك»: 8، 9].

دېمەك، كىمكى ئۇنىڭغا ھەقىقەت يەتكەندىن كېيىن، ئىمان ئېيتقان ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋەتىلگەن نۇرغا ئەگەشكەن بولسا، ئۇ توغرا يولدا بولغان بولىدۇ ۋە توغرا يولدا بولغانلىقىنىڭ پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ھەقىقەت يەتكەندىن كېيىن، ھەقىقەتكە ئەگەشمەي توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ ۋە بۇ قىلمىشىنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرمەيدۇ. ھەر ئادەم نېمە ئىش قىلسا، پەقەت ئۆزىگىلا قىلىدۇ.

## ئىسلام دەۋىتى يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى

ئافرىقا ئورمانلىقلىرىدا ياكى يىراق ئورمانلىقلاردا، ياكى شىمالىي قۇتۇپ ۋەياكى جەنۇبىي قۇتۇپ ئورمانلىقلىرىدا ياشايدىغان ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىسلام دەۋىتى يەتمەي، ئىسلامدىن ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن، ياكى بەزى غەرب تەشۋىقاتلىرىدا ۋە ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدە تارقىتىلىۋاتقاندەك سەلبىي شەكىلدە ئاڭلاپ، خاتا چۈشىنىپ قالغان، ياكى تۇغۇلۇشىدا گاس، گالۋاڭ تۇغۇلۇپ قېلىپ ساقايمىغان، ياكى ئەتراپىدىكى ئىشلارنى بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە بەك قېرىپ كەتكەن ئىنسانلارغا كەلسەك، بۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى تەتبىقلىنىدۇ: ***﴿ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: «نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق» دەيتتى﴾***[20/«تاھا»: 134]، ***﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (يەنى كۇفرى ۋە گۇناھلىرى) تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر***

*ئازاب كەلسە، «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)*﴾(28/«قەسەس»: 47).

دېمەك، ئاللاھ ھېچبىر كىشىنى پەيغەمبەر ئەۋەتمەي، ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ ئازابلىمايدۇ. ئالىملارنىڭ ئىچىدە: «ئاللاھ بۇ تۇردىكى ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانلىرىدا سىنايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلار ھەققىدە: ‹بەختلىك ئىنسانلاردىن بولىدۇ› دېگەن ئىلمى ئەزەلىيسى ئايان بولىدۇ. كىمكى ئىتائەت قىلمىسا، خار ھالەتتە دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە: ‹بەختسىز ئىنسانلاردىن بولىدۇ› دېگەن ئىلمى ئەزەلىيسى ئايان بولىدۇ» دەپ قارىغانلار بار. بۇ سۆز ھەممە دەلىللەرنى جەملىگەندۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئادىللىق

**﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾** (17/«ئىسرائ»: 15).

# دوزاخ

ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىقى ۋە ھېكمىتىنىڭ جۈملىسىدىن: ئاللاھ تائالا توغرا يول بىلەن باتىل يولدىن ئىبارەت ئىككى يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىنسان توغرا يول تېپىپ شۈكۈر قىلغۇچىدۇر ياكى ئېزىپ كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت، رەھمەت ۋە مەغفىرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ۋە ھەسرەت - نادامەتتە قالىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. كىم ھىدايەت تاپقان بولسا، ئۆزى ئۈچۈندۇر، كىمكى ئازسا ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزى ئۈچۈندۇر.

- ئۇنداقتا دوزاخ دېگەن نېمە؟
- ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟
- دوزاخ ئەھلى كىملەر؟
- ئۇلار نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىردى؟

ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى پەرقلەندۈرۈپ: ﴿***ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر***﴾ (59/«ھەشر»: 20) دېگەن.

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە مۆئمىنلەرگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەنبىيائلەرنى ئەۋەتتى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«مەن بىلەن كىشىلەرنىڭ مىسالى شۇكى، بىر كىشى ئوت قالاپ، ئەتراپنى يورۇتقاندا، پەرۋانە ۋە باشقا ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدىغان ھاشاراتلار ئوتقا چۈشۈپ كەتكىلى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىلەرنى ئوتتىن تارتىپ چىقارغىلى تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ نەرسىلەر يەنىلا ئۇ**

**كىشىگە ئۇنىڭ ئۇتقا ئۆزىنى ئاتقىلى تۇرغان، دېمەك مەن سىلەرنىڭ ئىشتان باغلىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇپ ئوتتىن توسۇپ قالغۇچىمەن، سىلەر بولساڭلار ئۆزۈڭلارنى ئوتقا ئېتىۋاتىسىلەر»**[1].

## دوزاختىن ئاللاھقا سىغىنىش

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوزاختىن ئاللاھقا سىغىناتتى ۋە ئەسھابلىرىنىمۇ دوزاختىن سىغىنىشقا بۇيرۇيتتى. ئەسھابلىرىغا خۇددى «قۇرئان»دىن بىر سۈرىنى ئۆگەتكەندەك، بۇ دۇئانى ئۆگەتكەن ئىدى: **«ئېيتىڭلار: ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمىز، ساڭا سىغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ مەسىھ دەججالنىڭ فىتنەسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن ۋە ساڭا سىغىنىپ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق فىتنەلىرىدىن پاناھلىق تىلەيمەن»**[2].

## دوزاختىن قورقۇتۇش

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوزاخقا كىرىشتىن قورقۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا قىزىقتۇرۇپ، دوزاخنىڭ سۈپىتىنى زىكىر قىلىپ تۇراتتى. ئاللاھقا ئۆزىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئەڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئاسى بۇ ئىدى: **«ئى ئاللاھ! پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»**[3].

ئەسھابلار نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ بەردى. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ:

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6483)؛ مۇسلىم (2284).

(2) مۇسلىم (590). «ھاياتلىقنىڭ فىتنەسى ئىنساننىڭ مال ـ دۇنيا، شەھۋەت ۋە نادانلىق قاتارلىقلار بىلەن فىتنەگە ئۇچرىشىنى، ھاياتنىڭ كۇفرى بىلەن ئاياغلىشىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھقا سىغىنىمىز. ماماتلىق فىتنەسىمۇ ھاياتنىڭ كۇفرى بىلەن ئاياغلىشىپ قېلىشى ۋە قەبرىنىڭ فىتنەسىنى كۆرسىتىدۇ». قاراڭ: شەۋكانىي: «نەيلۇلئەۋتار»، 4/382.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6389)؛ مۇسلىم (2690).

**«نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوزاخنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن پاناھلىق تىلەپ، يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئاندىن يەنە دوزاخنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن پاناھلىق تىلەپ، يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئاندىن: ‹خورمىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ دوزاختىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر ئۇنىمۇ تاپالمىساڭ بىر ئېغىز چىرايلىق سۆز بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلانغىن› دېدى»[1].**

**نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتىدۇ: «مەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹مەن سىلەرنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇردۇم. مەن سىلەرنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇردۇم. مەن سىلەرنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇردۇم›. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى تەكرارلاۋەردىكى، مۇبادا ئۇ زات مېنىڭ بۇ ئورنۇمدا بولغان بولسا ئىدى، بۇ سۆزنى جىمى بازار ئەھلى ئاڭلىغان بولاتتى. ھەتتا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈچىسىدىكى رىداسىمۇ پۇتىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى»[2].**

**دۇئا**

**ئى ئاللاھ! بىزنى دوزاختىن ساقلىغىن، ئامىن.**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6023)؛ مۇسلىم (1016).

(2) دارىمىي (2854). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 3659) «سەھىھ» دېگەن.

# دوزاخنىڭ ئىسىملىرى

بىرنەرسىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئەرەب تىلىدا مەشھۇردۇر.

- **ئۇنداقتا دوزاخنىڭ باشقا ئىسىملىرى بارمۇ؟**
- **بۇ ئىسىملارنىڭ دالالىتى نېمە؟**

دوزاخنىڭ شەنىنىڭ چوڭ، ئازابىنىڭ قاتتىق بولغانلىقى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتتىق ھەسرەت چېكىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسىملىرى كۆپ بولدى. ئاللاھ تائالا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن «قۇرئان»دا دوزاخنىڭ بىرقانچە ئىسىملىرىنى زىكىر قىلدى. ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

### 1) جەھەننەم

بۇ دوزاخنىڭ مەشھۇر ئىسىملىرىدىندۇر. ئاللاھقا سىغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمىز. «جەھەننەم» كەلىمىسى، «جهم» يىلتىزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، تەرىنى تۈرمەك، ھومايماق، قوپاللىق قىلماق ۋە زۇلمەت مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «وجه متجهم» دەپ كەلسە، «ھومايغان چىراي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا دوزاخنى بۇ ئىسىم بىلەن بىرقانچە قېتىم زىكىر قىلغان. گۇناھكارلار توغرۇلۇق ئېيتقاندەك: ﴿***ئۇ كۈندە ئۇلار جەھەننەمگە قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ***﴾(52/«تۇر»: 13).

### 2) لەزا (لظى)

بۇ دوزاختىن لاۋۇلدىغان ئۇچقۇندۇر. دوزاخنىڭ ئوتىدىن بەدەنلەرنى كۆيدۈرۈپ، تېرىلەرنى پىشۇرۇۋېتىدىغان ئۇچقۇنلار چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ياق، ئۇ مۇقەررەر لەزادۇر. (يەنى بۇ گۇناھكار كاپىر مۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، پىدا قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ ھارارىتىنىڭ***

***قاتتىقلىقىدىن) باشىنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ﴾*** (70/«مەئارىج»: 15، 16).

## 3) هۆتەمە (الحطمة)

«الحطمة» پارچىلىماق، سۇندۇرماق ۋە ۋەيران قىلماقنى بىلدۈرىدىغان «تحطيم» يىلتىزىدىن تۈرلەنگەندۇر. دېمەك، دوزاخنىڭ ئوتى ھارارىتىنىڭ قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرىنى پاچاقلىۋېتىدۇ ۋە ئىچىدىكى ئىنسانلارنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ، ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ئاللاھنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار چوقۇم دوزاختا سولىنىدۇ. ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ﴾*** (104/«ھۆتەمە»: 4 – 9).

## 4) سەئىر (السعير)

«السعير» بولسا قاتتىق يالقۇنجىماق ۋە كۆيمەكنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبلەر ئەگەر ئوت يېقىپ، ئوتنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇششاق ئوتۇنلارنى قويغان بولسا، «سَعَّرْتُ النَّارَ / ئوتنى يالقۇنجاتتىم» دەيدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، (كىشىلەرنى) قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق، ئۇ كۈندە ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر سەئىردە بولىدۇ﴾*** (42/«شۇرا»: 7).

## 5) ھاۋىيە (الهاوية)

«الهاوية» بولسا «هوي» يىلتىزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، چوڭقۇر بىر جايغا قاتتىق چۈشۈپ كېتىشنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، دوزاخ ئەھلىنىڭ قارارگاھى ھاۋىيەدۇر، يەنى دوزاختۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق***

ئوتتۇر﴾(101/«قارىئە»: 8 – 11).

## 6) جەھىم (الجحيم)

«الجحيم» بولسا «جحم» يىلتىزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ئوتنىڭ قاتتىق يالقۇنجاپ كۆيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئاللاھ دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى جەھىمگە تاشلاڭلار﴾(69/«ھاققە»: 30، 31).

يەنى دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: «بۇ گۇناھكارنى تۇتۇڭلار ۋە ئىشكەللەر بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى بوينىغا باغلاڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى جەھىمگە تاشلاڭلار» دېيىلىدۇ.

## 7) سەقەر (سقر)

ئەرەبلەر ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بولسا، «يوم مسقر / تىنجىق كۈن» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، «سەقەر» نەرسىلەرنى ئېرىتىۋېتىدىغان قاتتىق ئىسسىقنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «سەقەرنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾(54/«قەمەر»: 48). يەنە ئېيتىدۇ: ﴿ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاختا) سالىمەن. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ). ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ١٩ پەرىشتە مۇئەككەلدۇر﴾(74/«مۇددەسسىر»: 26 – 30).

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار دوزاخنىڭ ئىسىملىرىدۇر. ئاللاھقا سىغىنىپ، دوزاختىن پاناھلىق تىلەيمىز.

### ئوچۇق سۆز

**دوزاخنىڭ ئىسىملىرى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە دالالەت قىلىدۇ.**

## دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەمەللەر

ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى يارىتىپ، بۇ ئىككى جاينى بىرگە سۈپەتلەپ بەردى. ئاندىن بىزگە جەننەت ۋە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنى بايان قىلىپ بەردى. لېكىن، بىزنى بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىگە مەجبۇر قىلمىدى، بەلكى بىزگە بۇ يوللارنى ئۆگەتتى، قىزىقتۇردى ۋە ئاگاھلاندۇردى. بۇ خاتا يولدا ماڭغانلارنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت قىلىشى ئۈچۈندۇر.

- **ئۇنداقتا دوزاختىن ساقلايدىغان ئەمەللەر قايسىلار؟**
- **ئۇ ئەمەللەرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟**

ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش دوزاختا مەڭگۈ قېلىشنىڭ سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن، دوزاختىن قۇتۇلۇش ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن، ئىمان ئېيتقانلىقىنى ۋەسىلە قىلىپ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ***﴾(3/«ئال ئىمران»: 16).

«قۇرئان» ۋە سۈننەتتە دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بايانى كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن:

1) ئىخلاس بىلەن ئىككى شاھادەتنى ئېيتىش

«بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئىماننىڭ ئالامىتى ۋە جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ شاھادەت ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى ۋە توغرا يولدۇر. بۇ شاھادەت ئىسلامنىڭ شەرتى ۋە جەننەتكە كىرىشنىڭ كارتىدۇر ۋە بۇ شاھادەت يەنە دوزاختىن

قۇتۇلدۇرغۇچى ۋە رەھمان ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرگۈچى كەلىمىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، شەكسىزكى مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر› دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن[1].

2) ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش

سۆيۈش قەلبنىڭ ئەمەللىرىدىن بولۇپ، بەندە بۇ ئارقىلىق غەيبلەرنى بىلگۈچى ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ. دېمەك، بەندە جەننەتتە پەرۋەردىگارىنىڭ جامالىنى كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇل پەرۋەردىگارىنى سۆيۈشىدە راستچىل بولىدۇ. كىمكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيسە، بۇ سۆيگۇ ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئەگىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بېرىدىكى: «بىر ئادەم نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت توغرۇلۇق سوراپ:

- قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ - دېگەندى، رەسۇلۇللاھ:

- ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟ - دېدى. ئۇ كىشى:

- ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيۈشتىن باشقا تەييارلىغىنىم يوق، - دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ:

- سەن (قىيامەت كۈنى) سۆيگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، - دېدى». ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «بىز ھېچ نەرسىگە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹سەن سۆيگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن› دېگەن سۆزىگە خۇش بولغاندەك، خۇشال بولۇپ باقمىدۇق. مەنمۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنى سۆيىمەن، مەن گەرچە ئۇلاردەك ئەمەل قىلالمىساممۇ، ئۇلارنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى تىلەيمەن»[2].

---

(1) مۇسلىم (29).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3688)؛ مۇسلىم (2639). ئىمام نەۋەۋىي دېدى: «بۇ ھەدىستە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى، ۋە سالىھلەرنى، مەيلى ئۇلار ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنى سۆيۈشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. ئاللاھ ۋە

### 3) سەدىقە قىلىش

**سەدىقە قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ قەلبنىڭ پاكلىقى ۋە ساپلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[1]. يەنە ئېيتتىكى: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا تەرجىمان بولمايدۇ. ئاندىن ئۇ قارايدۇ - يۇ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئالدىغا قارىسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتلا چىقىدۇ، شۇڭا قايسىبىرىڭلار خورمىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ دوزاختىن ساقلىنالىسا (ساقلانسۇن)»»[2]. بۇ ھەدىستە سەدىقە قىلىشقا تەرغىب قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئاز دەپ تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. ھەقىقەتەن، ئاز سەدىقىمۇ دوزاختىن ساقلىنىشقا سەۋەب بولىدۇ.**

### 4) نەپلە روزا تۇتۇش

**روزا بولسا ئاللاھ تائالا روزا تۇتقۇچىلارنى دوزاختىن ساقلايدىغان چوڭ ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «روزا سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەڭدىكى قالقىنىدەك، دوزاختىن قالقاندۇر» دېگەن[3].**

**نەپلە روزىنىڭ پەزىلىتى چوڭ بولۇپ، بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىل يىراقلاشتۇرىدۇ»[4] دېگەن.**

---

ئۇنىڭ رەسۇلىنى سۆيۈش ئۇلار بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇش بىلەن بولىدۇ. سالىھلەرنى سۆيۈش ئۇچۇن ئۇلار قىلغان ئەمەلنىڭ ئۆزىنى قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇلار قىلغان ئەمەلنىڭ ئۆزىنى قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ياكى ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالغان بولاتتى». قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 16/186.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1417)؛ مۇسلىم (1016).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6539)؛ مۇسلىم (1016).

(3) نەسائىي (2231). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3879) «سەھىھ» دېگەن.

(4) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2840)؛ مۇسلىم (1153).

«ئاللاھ يولىدا» دېگىنى «ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلغان ھالدا روزا تۇتسا» ياكى «ئاللاھ يولىدىكى جىھادتا روزا تۇتسا» دېگەن مەنىنى كۆرسىتىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

5) داۋاملىق جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش

جامائەت نامىزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)***﴾ (9/«تەۋبە»: 18).

قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىدىن نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرگەنلىكىدىن سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ﴿***ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاختا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق»***﴾ (74/«مۇددەسسىر»: 42، 43).

دېمەك، ناماز دوزاختىن ساقلىنىشنىڭ سەۋەبىدۇر.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈپ جامائەت بىلەن قىرىق كۈن ناماز ئوقۇسا، ئۇ ئادەم ئۈچۈن دوزاختىن قۇتۇلۇش ۋە نىپاقتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇلۇش پۈتۈلىدۇ» دېگەن[1].**

**يەنە ناماز ھەققىدە دېدىكى: «كىمكى نامازنى تەرك قىلماي، ۋاقتىدا رىئايە قىلىپ ئوقۇسا، ناماز قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى نامازغا بىپەرۋالىق قىلسا، ناماز ئۇ كىشىگە نۇر، ھۆججەت ياكى نىجاتلىقنىڭ ھېچ بىرى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى پىرئەۋن، قارۇن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەفلەر بىلەن بىللە بولىدۇ»[2].**

---

(1) تىرمىزىي (241). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 3879) «ھەسەن» دېگەن.

(2) ئەھمەد (6576). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

### 6) بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش

نامازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتى بار بولۇپ، ئەرلەرگە بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ۋاجىب[1]. بولۇپمۇ كىشىلەر كۆپ سەل قارايدىغان بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى بەكرەك تەكىتلىنىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇغان ئادەم ھەرگىزمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ»** دېگەن[2].

### 7) ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش دوزاختىن ساقلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«كىمكى ئەتىگەن ۋە كەچتە: ‹ئى ئاللاھ! مەن تاڭ ئاتقۇزدۇم. سېنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، سېنىڭ ئەرشىنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلىرىڭنى، بارلىق پەرىشتىلىرىڭنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلىرىڭنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن سەن ئاللاھتۇرسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭدۇر› دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. كىمكى بۇنى ئىككى قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ يېرىمىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. كىمكى بۇنى ئۈچ قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ تۆتتىن ئۈچىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. كىمكى بۇنى تۆت قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنى دوزاختىن (پۈتۈن) ئازاد قىلىدۇ»**[3].

### 8) دوزاختىن ئامانلىق تىلەش

**دۇئا ئۆتكۈر قىلىچ، قۇرۇماس بۇلاق، مۇئمىنلەرنىڭ قورالى ۋە كافىرلارغا نىسبەتەن غەزەپ - نەپرەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى**

---

(1) ئەرلەرگە بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى بىر قىسىم ئۆلىمالار «پەرز كۇپايە»، يەنە بىر قىسمى «ۋاجىب»، يەنە بىر قىسمى «پەرز ئەين» دەپ قارىغان بولسىمۇ، كۆپچىلىك «سۈننەتى مۇئەككەدە» دەپ قارىغاندۇر. قاراڭ: نەۋەۋىي: «ئەلمەجمۇئ»، 4/189 —— ت.

(2) مۇسلىم (634).

(3) ئەبۇ داۋۇد (5069). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 383) «زەئىف» دېگەن.

سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر﴾(25/«فۇرقان»: 65، 66).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «بىر مۇسۇلمان ئاللاھتىن ئۈچ قېتىم جەننەتنى سورىغانلا بولسا، جەننەت چوقۇم: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن› دېمەي قويمايدۇ. بىر مۇسۇلمان ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۈچ قېتىم دوزاختىن پاناھلىق تىلىگەنلا بولسا، دوزاخ چوقۇم: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنى دوزاختىن ساقلىغىن› دېمەي قويمايدۇ»[1].

9) يەتتە قېتىم «ئى ئاللاھ! مېنى دوزاختىن ساقلىغىن» دېيىش

بۇمۇ ئىجابەت قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان دۇئالارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىتكى: «بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، بىر كىشىگە گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى: ‹اللهم أجِرْني من النار / ئى ئاللاھ! مېنى دوزاختىن ساقلىغىن› دەپ يەتتە قېتىم ئېيتقىن، ھەقىقەتەن، سەن شۇ كۈنى ۋاپات بولۇپ كەتسەڭ، ئاللاھ سەن ئۈچۈن دوزاختىن ساقلىنىشنى پۈتىدۇ. شام نامىزىنى ئوقۇپ، بىر كىشىگە گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى: ‹اللهم أجِرْني من النار / ئى ئاللاھ! مېنى دوزاختىن ساقلىغىن› دەپ يەتتە قېتىم ئېيتقىن، ھەقىقەتەن، سەن شۇ كېچىسى ۋاپات بولۇپ كەتسەڭ، ئاللاھ سەن ئۈچۈن دوزاختىن ساقلىنىشنى پۈتىدۇ»[2]. يەنى «ئاللاھ تائالا سەن ئۈچۈن دوزاختىن نىجات تېپىپ، پۇلسىراتتىن ئۆتۈپ كېتىشنى پۈتىدۇ».

10) پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرى تۆت، كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇش

ناماز ئاللاھلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەلدۇر. بەندە ئاللاھقا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ، ئاخىرى ئاللاھ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل پەرز نامازلار، ئاندىن قالسا نەپلە نامازلاردۇر.

---

(1) ئەھمەد (12462). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئەھمەد (18083). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىف» دېگەن.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «كىمكى پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت (سۈننەت)نى ۋە پېشىندىن كېيىن تۆت رەكئەت(سۈننەت) نى ئىزچىل ئوقۇسا، ئۇ دوزاختا هارام بولىدۇ»[1].**

## 11) ئاللاھنىڭ يولىدا قەدەملىرىنىڭ توپا بولۇشى

**جىهاد ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىدۇر ۋە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. كىمكى ئاللاھ يولىدا تۆگىنى ساغقان مۇددەتچىلىك بولسىمۇ جىهاد قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت ۋاجىب بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى پۇتى ئاللاھ يولىدا چاڭ - توزان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوزاخنى هارام قىلىدۇ»[2] دېگەن. يەنە: «قانداق بىر بەندىنىڭ ئىككى پۇتى ئاللاھ يولىدا چاڭ - توزان بولسا، ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتى تېگىپ قالمايدۇ»[3] دېگەن.**

## 12) ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلاش ۋە ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىش

**هېكمەتنىڭ بېشى ئاللاھتىن قورقۇش بولۇپ، بۇ جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (هېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار*﴾[«رەهمان»: 55/46].**

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سېغىلغان سۈت يېلىنگە قايتىشى يوق گەپ بولغىنىدەك، ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككەن ئادەمنىڭ دوزاختا كىرىشىمۇ يوق گەپ. ئاللاھ يولىدىكى بەندىنىڭ بەدىنىگە قونغان چاڭ - توزان بىلەن دوزاخ تۈتۈنى بىر يەردە جەم بولمايدۇ» دېگەن[4]. يەنە «دوزاختا دۇچار بولمايدىغان ئىككى تۈرلۈك كۆز بولۇپ، ئۇلار ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز ۋە ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلىغان كۆزدىن ئىبارەت» دېگەن[5].**

## 13) قۇل ئازاد قىلىش

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (1269). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6195) «سەھىھ» دېگەن.

(2) بۇخارىي (907).

(3) بۇخارىي (2811).

(4) تىرمىزىي (1633). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 7778) «سەھىھ» دېگەن.

(5) تىرمىزىي (1639). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3322) «سەھىھ لىغەيرىهى» دېگەن.

قۇللارنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىن بولۇپ، بۇمۇ دوزاختىن ساقلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «كىمكى بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇ مۇسۇلمان قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە، ئۇ كىشىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى دوزاختىن ئازاد قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا ئەۋرىتىنىڭ بەدىلىگە ئەۋرىتىنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ»[1].**

بىر كىشى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

**– ماڭا مېنى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ، دوزاختىن يىراق قىلىدىغان بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ بەرسىلە، – دېگەندى، ئۇ زات:**

**– سۆز قىلغان بولساڭمۇ مەقسەتنى ئۇقتۇردۇڭ. بىر ئىنساننى ئازاد قىلغىن ياكى بىر قىسمىنى ئازاد قىلغىن، – دېدى.**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىككىسى بىر گەپ ئەمەسمۇ؟**

**– ياق بىر گەپ ئەمەس، ‹بىر ئىنساننى ئازاد قىلىش› سېنىڭ بىر ئىنساننى ئۆزۈڭ يالغۇز ئازاد قىلىشىڭدۇر. ‹بىر قىسمىنى ئازاد قىلىش› ئازاد قىلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىشىڭدۇر. يەنە سۈتى كۆپ تۆگىنى سەدىقە قىلىش ۋە زۇلۇم قىلغان تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر، ئەگەر ئۇنى قىلالمىساڭ، ئاچ قالغانلارغا تائام، ئۇسسۇزغا سۇ بەرگىن، ياخشىلىقتا بۇيرۇغىن ۋە يامانلىقتىن توسقىن. ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىساڭ، تىلىڭ ياخشى گەپتىن باشقىنى قىلمىسۇن»[2].**

### 14) ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىنى ئادا قىلىش

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە ئىدى. ئۇ زاتقا بىر ئەئرابىي ئۇچراپ، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى. ئاندىن:

– ماڭا ئورۇنلىسام، مېنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرسىلە، – دېگەندى، سورۇندىكىلەر:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6715)؛ مۇسلىم (1509).

(2) ئەھمەد (18670). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

**– ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ – دېيىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**– ئۇنىڭ مەلۇم ھاجىتى بار، – دەپ، ئۇ ئادەمگە:**

**– بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەيسەن، نامازلارنى ئادا قىلغايسەن، زاكات بەرگەيسەن، خىش - ئەقرىبالىرىڭغا سىلە - رەھىم قىلغايسەن، تۆگىنى قويۇۋەت! – دېدى»[1].**

**15) مۇسۇلماننىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قوغداش**

**مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى: ئۇ مۇسۇلمان يوق چاغدا ئۇنىڭ ھەققىنى ساقلاش، ئۇنى قوغداش، ياردەم بېرەلەيدىغانلا بولسا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە، كەمسىتىلىشىگە رازى بولماسلىقتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشى يوق يەردە، ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قوغدىغان بولسا، ئاللاھقا ئۇنى دوزاختىن ئازاد قىلىشى ھەق بولىدۇ» دېگەن[2].**

**16) تەپ كېسىلى**

**كېسەللىكلەر – بەندە ئۇنىڭ بىلەن ئەجىرگە ئېرىشىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنى بەندىنىڭ گۇناھلىرىغا كەففارەت قىلىدىغان مۇسىبەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، تەپ كېسىلىمۇ بۇنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ بەدەننىڭ ھارارىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تەپ كېسىلى جەھەننەمدىن بىر ئۇچاق بولۇپ، مۆئمىنگە تەگكەن تەپ كېسىلى ئۇنىڭ جەھەننەمدىكى نېسىۋىسىدۇر»[3] دېگەن.**

**17) گۈزەل ئەخلاق**

**ئىنسانلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەمەللەرنىڭ**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5983)؛ مۇسلىم (13).

(2) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، (19916). مۇنزىرىي: («ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 4/16) «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

(3) ئەھمەد (22328)؛ شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن.

كۆپىنچىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىرى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر. كىمكى ئەخلاقى گۈزەل، باغرى يۇمشاق ۋە مۇلايىم بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**مەن سىلەرگە دوزاخ ئۇنىڭغا هارام بولىدىغان كىشىنى دەپ بېرەيمۇ؟ چىقىشقاق، مۇلايىم، باغرى يۇمشاق ۋە كەچۈرۈمچان ئادەم**» دېگەن[1].

**18) ھەق گەپ قىلىش ۋە ئارتۇقنى بېرىش**

بىر ئەئرابىي نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– ماڭا مېنى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە دوزاختىن يىراق قىلىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلە، – دېگەندى، ئۇ زات:

**– ئۇ ئىككى ئىش سېنى بۇ سوئالنى سورىغۇزدىمۇ؟ – دېدى.**

– شۇنداق.

**– ھەق گەپ قىلغىن ۋە ئارتۇق نەرسىلىرىڭنى باشقىلارغا بەرگىن.**

– ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر ۋاقىت ھەق گەپ قىلالمايمەن ۋە ئارتۇق نەرسىلىرىمنى بېرەلمەيمەن.

**– باشقىلارغا تاماق بەرگىن ۋە سالامنى قانات يايدۇرغىن.**

– بۇمۇ ئېغىر كېلىدۇ.

**– سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟**

– ھەئە.

**– سەن تۆگەڭگە مىنىپ، تۇلۇمۇڭنىمۇ ئېلىپ، ئاندىن كۈن ئاتلاپ ئاران سۇ ئەكىلەلەيدىغان بىر ئائىلىگە سۇ ئاپىرىپ بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، سەن تۆگەڭ ئۆلۈپ، تۇلۇمۇڭ تېشىلىپ بولغۇچە ساڭا جەننەت ۋاجىب بولۇشى مۇمكىن.**

ئاندىن ئەئرابىي تەكبىر ئېيتقان ھالەتتە يۈرۈپ كەتتى. شۇنداق

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، (10410). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 1744) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

قىلىپ، ئۇ شېھىد بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، ئۇنىڭ تۆلۈمى تېشىلمىدى ۋە تۆگىسى ئۆلمىدى»[1].

**19) پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەندە سەۋر قىلىش**

مۇسىبەتلەر قىلمىشلارغا كەففارەت بولغۇچى ۋە دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچىدۇر. مۇسىبەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى جىگەر پارىلىرىمىز بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدۇر. پەرزەنتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى يۈرەكتە ئېغىر دەرت پەيدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، دوزاختىن ساقلايدىغان پەردە بولىدۇ.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداقلىكى بىر ئادەمنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلاردىن ئايرىلغانلىقىدىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن قالقان بولىدۇ» دېگەن[2].**

**يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا:**

**– ئاراڭلاردىن قايسىبىر ئايال ئۈچ بالىسىنى ئۆزىدىن ئىلگىرى (ئاخىرەتكە) يولغا سېلىپ قويسا، ئۇ بالىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن توسالغۇ بولماي قالمايدۇ، – دېگەنىدى، بىر ئايال:**

**– ئىككى بولسىچۇ؟ – دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:**

**– ئىككى بولسىمۇ (شۇنداق)، – دېدى[3].**

**20) قىزلارنى تەربىيەلەشتە سەۋر قىلىش**

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر قىزلارنى تەربىيەلەشتىن قاچاتتى ۋە ئۇلارنى يامان كۆرەتتى. چۈنكى، ئوغۇل بالىنى ئۆزى ئۈچۈن تەربىيەلەيدۇ ۋە يەنە ئوغۇل بالا چوڭ بولسا، دادىسىغا ئەسقاتىدۇ ۋە دادىسىنىڭ نامىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قىز بالا چوڭ بولسا، باشقا بىرى

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، (15753). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 563) «مۇرسەل، زەئىف» دېگەن.

(2) مالىك (557). ئىبنى ئابدۇلبەر: («ئەلئىستىزكار»، 2/602) «سەنەدىدە مەسىلە بولسىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى كۆپ ساھابەلەردىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر» دېگەن.

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (101)؛ مۇسلىم (2633).

بىلەن تويى قىلىپ دادىسىنىڭ يېنىدىن كېتىدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقتىتا ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتىدۇ. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بۇ قارىشىغا چەك ئېلان قىلدى ۋە ئوغۇل بالا ئۈچۈن ھەق بېكىتكەندەك، قىز بالا ئۈچۈنمۇ ھەق بېكىتتى. شۇنداقلا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزلارنى تەربىيەلەشنى ئوغۇللارنى تەربىيەلەشتىن ئارتۇق پەزىلەتكە ئىگە قىلدى ۋە بۇنى دوزاختىن ساقلايدىغان پەردە قىلدى. ئۇ زات ئېيتتىكى: **«كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ياكى ئىككى قىزى يا ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورققان بولسا ۋە ئۇلار تويى قىلىپ ئايرىلغىنىغا قەدەر ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە قەدەر ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن توسالغۇ بولىدۇ»**[1].

## دوزاختىن ساقلايدىغان باشقا ئەمەللەر

ئومۇمەن ياخشى ئەمەللەر جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ۋە دوزاختىن ساقلايدىغان يولدۇر. ئەسھابلەر نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دوزاختىن ساقلايدىغان ئەمەللەرنى سوراپ تۇراتتى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بەندىنى دوزاختىن نېمە قۇتۇلدۇرىدۇ؟ – دەپ سورىغاندىم، ئۇ زات:

**– ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، – دېدى.**

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە باشقا بىر ئەمەل بارمۇ؟

**– ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن بىر قىسمىنى باشقىلارغا بېرىش.**

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر سەدىقە قىلغۇدەك نەرسە تاپالمايدىغان پېقىر بولسىچۇ؟

**– ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسۇن.**

---

(1) ئەھمەد (24037). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

**– ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسالمايدىغان تىلى ئاجىز بولسىچۇ؟**

**–قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەمگە ئىشنى قىلىشىپ بەرسۇن.**

**– ئۇ ئۆزى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم بولسىچۇ؟**

**– بوزەك قىلىنغانلارغا ياردەم بەرسۇن.**

**– ئۇ ئۆزى بوزەك قىلىنغانلارغا ياردەم بېرەلمەيدىغان ئاجىز بولسىچۇ؟**

**– سەن باشقىلارغىمۇ بىرەر ياخشىلىقنى قالدۇرۇپ قويۇشنى خالىمامسەن؟ (ئۇنداقتا) باشقىلاغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن نېرى تۇرغىن.**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! بەندە بۇ ئىشلارنى قىلسا جەننەتكە كىرەمدۇ؟**

**– قانداقلىكى بىر مۇسۇلمان يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن بىرىنى بولسىمۇ قىلىدىكەن، ئۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[1].**

## زىكىر سورۇنلىرى

**زىكىر ۋە باشقا ياخشى ئىشلارنىڭ سورۇنلىرى ياخشىلىق، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ، شۇنداقلا دوزاختىن ساقلىنىشنىڭ يولىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «ھەقىقەتەن، ئاللاھنىڭ يوللاردا ئايلىنىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار زىكىر ئەھلىنى ئىزدىشىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا زىكىر ئېيتىۋاتقان بىرەر قەۋمنى ئۇچرىتىپ قالسا، بىر - بىرىنى: ‹تېز بۇياققا كېلىڭلار! ئىزدىگىنىڭلار تېپىلدى› دەپ توۋلىشىپ، ئۇلارنى بىرىنچى ئاسمانغا قەدەر قاناتلىرى بىلەن ئورىۋېلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلاردىن ئوبدان بىلىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن:**

**– بەندىلىرىم نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ – دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر:**
**– ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ، ھەمد ئېيتىۋاتىدۇ،**

---

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، (1627). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2317) «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن.

سىنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇلار مېنى كۆرۈپتىكەنمۇ؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سېنى كۆرۈپ باقمىغان، — دەيدۇ.
پەرۋەردىگار:
— ناۋادا ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، قانداق زىكىر ئېيتىپ كېتەر ئىدى؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— ناۋادا ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا، ساڭا تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلغان بولاتتى، سېنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇلۇغلاپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتقان بولاتتى، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇنداقتا ئۇلار مەندىن نېمە سورىشىۋاتىدۇ؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— سەندىن جەننەتنى سورىشىۋاتىدۇ، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇلار ئۇنى كۆرۈپتىكەنمۇ؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىمىز! ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ناۋادا ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا، قانداق زىكىر ئېيتىپ كېتەر ئىدى؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— ناۋادا ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھېرىسمەن بولغان بولاتتى، تېخىمۇ قاتتىق تىلىگەن بولاتتى ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق خۇشتار بولاتتى، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇنداقتا ئۇلار نېمىدىن پاناھلىق تىلىشىۋاتىدۇ؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— دوزاختىن، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇلار ئۇنى كۆرۈپتىكەنمۇ؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىمىز! ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ناۋادا ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا، قانداق زىكىر ئېيتىپ كېتەر ئىدى؟ — دەيدۇ. پەرىشتىلەر:
— ناۋادا ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا، دوزاختىن تېخىمۇ بەك قاچقان بولاتتى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىق قورققان بولاتتى، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇنداق بولسا مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنى مەغفىرەت قىلىۋەتتىم، — دەيدۇ. پەرىشتىلەردىن بىرى:
— ئۇلارنىڭ ئىچىدە (گۇناھكار) پالانىمۇ بار، ئۇ ئۇلاردىن ئەمەس، ئۇ بىر ئىش ئۈچۈن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان، — دەيدۇ. پەرۋەردىگار:
— ئۇلار بىر سورۇندا ئولتۇرغانلاردۇر، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشى

ئۇلارنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن بەختسىزلىككە يولۇقمايدۇ، ــ دەيدۇ»[1].

**باقىي قالىدىغان ئەمەللەر**

ھەقتائالا بىزنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشىمىز ئۈچۈن ئېيتقانكى: ﴿باقىي قالىدىغان ئەمەللەر ساۋاب جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئارتۇقتۇر﴾ (19/«مەريەم»: 76).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قالغىنىڭلارنى ئېلىڭلار، ــ دېگەندى، بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەنگە قارىتا قالغىنىمىزنى ئالىمىزمۇ؟ ــ دېسەك، ئۇ زات:

ــ ياق، دوزاختىن ساقلايدىغان قالغىنىڭلارنى ئېلىڭلار. ‹سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر› دەڭلار، ھەقىقەتەن بۇ كەلىمىلەر قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئوڭ ـ سولىدا ۋە ئالدىدا بولىدۇ. بۇ باقىي قالىدىغان سالىھ ئەمەللەردۇر، ــ دېدى»[2].

دېمەك، يۇقىرىقىلار دوزاختىن ساقلايدىغان ۋە راھماننىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلار بولۇپ، دوزاختىن ساقلىنىشقا ھېرىسمەن كىشىگە ئەنبىيائەلەرنىڭ ۋە سالىھلەرنىڭ يولىدا مېڭىشى لايىق بولۇر.

**بىردەم توختاش**

**راستچىل مۇئمىن دوزاختىن پاناھلىق تىلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، دوزاختىن ساقلايدىغان ئەمەللەرنىمۇ قىلىدۇ.**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6408)؛ مۇسلىم (2689).

(2) نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، (10684). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 1567) «ھەسەن» دېگەن.

# دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر

دوزاختا بەك يوغان ۋە قاۋۇل پەرىشتىلەر تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەردۇر.

- **ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ سانى قانچە؟**
- **ئۇلارنىڭ چوڭى كىم؟**

دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر بەك يوغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، بۇيرۇلغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ***﴾(66/«تەھرىم»: 6).

## دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ سانى

دوزاخقا مۇئەككەل قىلىنغان، دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ ھەجمى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى بىز بۇ ئەقلىمىز بىلەن بىلەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ سانى ئون توققۇز بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ). ئۇ (چوڭلۇقىدىن ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر. بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق***﴾(74/«مۇددەسسىر»: 26 – 31).

ئاشۇ پەرىشتىلەر ئۇلار دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەردۇر. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿***دوزاختىكىلەر دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن» دەيدۇ***﴾(40/«غافىر»: 49).

## دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى

دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار دوزاخ ئەھلىنى ئازابلاشقا، ئوت يېقىشقا ۋە ئوتنىڭ يالقۇنىنى كۈچەيتىشكە مەسئۇلدۇر. ئۇلار دوزاخ ئەھلى رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇلارغا رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قولدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يارىتىپ، قاتتىق قوللۇق ۋە قاتتىق غەزەپلىنىشنى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى قىلدى. ئۇلار باغرى قاتتىق، بەدەنلىرى چىڭ ۋە بەك كۈچلۈك بولۇپ، قەلبلىرىدە رەھىم قىلىش يوقتۇر، چۈنكى ئۇلار ئازابلاش ئۈچۈن يارىتىلغان.

مىنھال ئىبنى ئەمر: «ئەگەر ئاللاھ تائالا: ***﴿ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار﴾*** (69/«ھاققە»: 30) دېسە، ئۇنىڭ يېنىغا يەتمىش مىڭ پەرىشتە كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىر پەرىشتە ئىككى قولىنى ئېچىپ، يەتمىش مىڭ ئادەمنى دوزاخقا تاشلايدۇ» دېگەن[1].

ئاللاھ تائالا دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەن چاغدا، دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر قىلىدىغان ئىشنى سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ***﴿كاپىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەنبىيالار كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (ئەنبىيالار كەلگەن ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ﴾*** (39/«زۇمەر»: 71).

## دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ چوڭى

دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ چوڭى ۋە ئۇلارنىڭ رەئىسى بۈيۈك پەرىشتە مالىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى زىكىر قىلىپ ئېيتىدۇ:

(1) ئىبنى كەسىر: «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 14/120.

***﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ﴾*** (43/«زۇخرۇف»: 77).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرگەن ئۇزۇن چۈشىنىڭ جەريانىدا ئازابنىڭ تۈرلىرىنى زىكىر قىلىپ ئېيتىدۇ: «... **بىز يۈرۈپ كۆرۈنۈشى سەن كۆرگەن ئەڭ قەبىھ ئادەم شەكلىدە بولغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇنىڭ قېشىدا ئوت بار بولۇپ، ئۇ ئوتقا ئوتۇن سېلىپ قالاپ ئوتنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرەتتى، مەن ئىككىيلەنگە:**

**– سۇبھانەللاھ! بۇ نىمە؟ – دەپ سورىسام، ئۇلار:**

**– يۈر، يۈر، – دېدى».**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: «**ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ مېڭىۋاتقان كۆرۈمسىز ئادەم بولسا جەھەننەمنى ساقلىغۇچى مالىكتۇر**» دېگەن[1].

ئاخىرىدا دەيمىزكى: بۇ دوزاخنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ۋەزىپىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇلارنى بىزنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئۈچۈن بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھتىن بىزنى ئۆز رەھمىتى ۋە كەرەمى بىلەن دوزاختىن ساقلىشىنى سورايمىز. ئامىن.

### چاقىرىق

***﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلەرنى ۋە بالىچاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار﴾*** (66/«تەھرىم»: 6).

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7047)؛ مۇسلىم (2275).

# دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى

ئـاللاھ تائـالا بىزنـى ئاگاھلانـدۇرۇش ۋە قورقۇتـۇش ئۈچـۈن دوزاخنـى، ئۇنـىڭ دەرۋازىـلىـرىنى ۋە تاقاقلـىـرىـنى سۈپەتلەپ بەردى.

- ئۇنداقتا دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ سانى قانچە؟
- ئۇ دەرۋازىلەر ئوچۇقمۇ ياكى تاقاقمۇ؟
- ئۇ دەرۋازىلەر دوزاخنىڭ چۆرىسىدىمۇ ياكى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىمۇ؟

خـۇددى جەننەتنىـڭ جەنـنـەت ئەھلـى ئۇنىڭدىـن ئۆزئـارا ئىختـىلاپ قىلىشـمىغان ۋە غەزەپلەنمىگـەن، يۈزلـىرى ئـون تـۆت كـۈنلـۈك تولـۇن ئايـدەك نۇرلـۇق، خۇشـال - خـورام ھالەتتـە كىرىدىغـان دەرۋازىلـىـرى بولغىنـىـدەك، دوزاخ ئەھلـىمـۇ دوزاخقـا ئۇنـىڭ دەرۋازىلىرىدىـن كىرىـدۇ. لېكـىـن، ھومايغـان چىـرايلار ۋە زۇلمـەت باسـقان قەلبلـەر بىلـەن، بىـر - بىرىنـى كۇفرىغا نىسبەت بەرگـەن، بىـر - بىرىگـە لەنـەت قىلغـان ھالەتتـە كىرىـدۇ. ئـۇلار دوزاخنىـڭ دەرۋازىـلىرىدىـن كۆيـۈپ تۇرغـان ھالەتتـە قاتتـىق ئىتتىرىلىدۇ.

## دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ سانى

دوزاخنىـڭ يەتتـە دەرۋازىسـى بولـۇپ، دوزاخ ئەھلـى بـۇ دەرۋازىلەردىـن كىرىـدۇ. بۇنـداق بولۇشـى دوزاخقـا كىرىدىغانلارنىـڭ بەك كـۆپ بولغانلىقى ئۈچۈنـدۇر. ھەربىـر دەرۋازىدىـن كىرىدىغـان مۇئەييـەن بىـر بۆلـۈك ئـادەم بولىـدۇ. ھەقتائـالا ئېيتىـدۇ: ﴿***شۈبھىسىزكى، دوزاخ ئـۇلار (يەنـى ئىبلىس ۋە ئۇنـىڭ تەۋەلـىرى) نىـڭ ھەممىسـگە ۋەدە قىلىنغـان جايـدۇر. جەھەننەمنىڭ يەتتـە دەرۋازىسـى بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ ھەربىرىدىـن كىرىدىغـان مۇئەييـەن بىر بۆلۈك (ئادەم) بار***﴾(15/«ھىجىر»: 43، 44).

كافىـرلار دوزاخقـا كەلگـەن چاغـدا، دوزاخنىـڭ دەرۋازىلـىرى ئېچىلىـدۇ، ئاندىـن ئـۇلار دوزاختـا مەڭگـۈ قېلىـش ئۈچـۈن كىرىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا ئېيتىـدۇ: ﴿***كافىـرلار جەھەننەمگـە تـوپ - تـوپ بولـۇپ ھەيدىلىـدۇ، ئـۇلار***

**جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەنبىيائىلەر كەلمىگەنمۇ؟»** دەيدۇ. **ئۇلار: «شۇنداق (ئەنبىيائىلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى»** دەيدۇ. **(ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۇ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ﴾**(39/«زۇمەر»: 71، 72).

## دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر

دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى قەۋەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر. بىرىنچى دەرۋازا تولسىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى دەرۋازا تولىدۇ، ئاندىن ئۈچىنچى دەرۋازا تولىدۇ. ئاندىن ھەممىسى تولىدۇ».[1]

ئىبنى جۇرەيج ئېيتىدۇ: «دوزاخنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى جەھەننەم، ئاندىن لەزا، ئاندىن ھۇتەمە، ئاندىن سەئىر، ئاندىن سەقەر، ئاندىن جەھىم، ئاندىن ھاۋىيەدۇر».[2]

## دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقاقتۇر

گۇناھكارلارنى قاتتىق جازالاش ئۈچۈن، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بەتبەختلەردۇر. ئۇلار دوزاختا سولىنىدۇ﴾**(90/«بەلەد»: 19، 20). بۇ تۆردىكى ئىنسانلار بولسا نامەئى ئەئمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان سول قول ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مەقسەت قىلغان ئىنسانلاردۇر: **﴿نامەئى ئەئمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر)**

(1) تەبەري: «تەفسىرۇ تەبەري»، (21310).

(2) تەبەري: «تەفسىرۇ تەبەري»، (21314).

***(دوزخىيلەردۇر). بەدبەختلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە هارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ﴾*** («ۋاقىئە»: 41 – 44/56).

شۇنداق، قىيامەت كۈنى گۇناهكارلار دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، ئازاب ئۇلارنى قورشايدۇ. ئۇلار قاچالمايدۇ.

ئەمما، (قىيامەتتىن بۇرۇن) دۇنيادا بولسا دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇق بولۇپ، رامازاندا تاقىلىدۇ. نەبىي سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: **«رامازان ئېيى كىرسە، ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ جەهەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ»** دېگەن[1].

## هەربىر دەرۋازا مەلۇم بىر ئەمەلنىڭ ئەهلى ئۈچۈندۇر

جەننەتنىڭ هەربىر دەرۋازىسىدىن مەلۇم بىر ئەمەلنىڭ ئەهلى كىرىدۇ. جىهاد قىلغانلار جىهاد دەرۋازىسىدىن، روزا تۇتقانلار روزا دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ئەهلى ئىلىملەرنىڭ زىكىر قىلىشىچە، دوزاخنىڭ هەربىر دەرۋازىسىدىن مەلۇم بىر قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلار كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇناهكارلارنى گۇناهتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش مەقسىتىدە، رامازاندا دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ.

**هېساب**

**دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى دوزاخ ئەهلى كىرىپ بولغاندىن كېيىن تاقىلىدۇ، ئۇلار قاتتىق ئىسسىقنىڭ، غەم - قايغۇنىڭ ۋە ئازابنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئى ئاللاه! بىزنى دوزاختىن ساقلىغىن.**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3277)؛ مۇسلىم (1079).

# دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى

دوزاخ دائىم يېنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئوتى پەسىيىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ يېقىلغۇسىمۇ دائىمدۇر ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابىمۇ مۇقىمدۇر. ئۇلار ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەردە ياردەم بەرگۈچى يوق. ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىدىن باشقا ئۇنىڭ ئازابىدىن قاچىدىغان جاي يوقتۇر. ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا دوزاخنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى. شۇنداق بولغانىكەن، بۈگۈن ئۇلار قانداقمۇ قاچالىسۇن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلالىسۇن. دوزاخ ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايىدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

- ئۇنداقتا دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى نېمە؟
- بۇتلارنىڭ دوزاخقا كىرىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

دوزاخ قاتتىق ھارارەتلىك ۋە دائىم يالقۇنجاپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى يىلان، چايان ۋە قاتتىق قاراڭغۇلۇقلار بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت يالقۇنجاپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر يېقىلغۇ بولۇشى زۆرۈردۇر.

## دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى

تاشلار ۋە كافىرلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلەرنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار***﴾(66/«تەھرىم»: 6)، ﴿***كافىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار***﴾(2/«بەقەرە»: 24).

بۇ ئايەتلەردىكى قاتتىق قورقۇتۇش ھەربىر كىشىگە مەخپىي ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ دوزاخ ئاشۇ كافىرلار بىلەن قىزىيدۇ، ئۇلار بولسا ئازابلىنىدۇ ۋە كۆيىدۇ. ئۇلار كۆيۈپلا تۇرغانىكەن، ئوت يالقۇنجاپ يېنىپ

تۇرىدۇ. بۇ تاشلار دوزاخنىڭ ئىچىدىكى قارا گۈڭگۈرتتىن بولغان تاشلاردۇر[1] ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆيدۈرگۈچى تاشلاردىن تەركىپ تاپقاندۇر.

دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرىدىن يەنە ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنغان ئىلاھلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**(ئى مۇشرىكلەر!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى (ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ**﴾(21/«ئەنبىيائ»: 98 – 100).

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى «ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلغان ئى كافىرلار! قىيامەت كۈنى سىلەر دوزاختا بولىسىلەر، دوزاخ سىلەر بىلەن ۋە سىلەر ئىبادەت قىلغان بۇتلار، تاشلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن قىزىيدۇ، سىلەر دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن دوزاخقا كىرىسىلەر» دېگەنلىكتۇر.

بۇتلار ئەقلى يوق جانسىز ۋە گۇناھى يوق نەرسىلەر تۇرسا، نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇ بۇتلارنى ئازابلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئىنسانلارنىڭ يالغانچىلىقىنى بايان قىلىش، بۇ ئارقىلىق بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغلىغان ۋە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلغان ئىلاھلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈشى ئۈچۈن دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. بۇ بۇتلار ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان ئىنسانلار بىلەن دوزاختا بىللە بولغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئازابى ۋە ھەسرىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

كافىرلار دۇنيادا ئىبادەت قىلغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن يەنە مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بار ۋە پەرىشتىلەرمۇ بار، ئۇنداقتا

(1) تەبەري: «تەفسىرۇ تەبەري» ، (509).

ئۇلارمۇ دوزاختىا ئازابلىنامدۇ؟

كافىرلار ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان ئەۋلىيا ۋە سالىھلەردىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇزەير ئەلەيھىسسالام، پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلار بار، ئۇلار دوزاختىا ئازابلانمايدۇ ۋە دوزاختا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ: ﴿(ئى مۇشرىكلەر!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴾(21/«ئەنبىيائ»: 98) دېگەندىن كېيىن يەنە دېگەنكى: ﴿بىز تەرەپتىن بىرىلگەن بەخت - سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت - ئىبادەتكە تەۋپىق بېرىلىپ توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ﴾(21/«ئەنبىيائ»: 101، 102).

مانا بۇ دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى دوزاختىن ساقلىسۇن.

**ئادا - جۇدا بولۇش**

**ئەگىشلگەن ئىلاھلار ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. شۇڭا، كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئېسىلسا، نائۇمىد قايتىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ.**

## دوزاخنىڭ قاتتىق قىزىق ۋە قاتتىق سوغۇقلۇقى

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئىتائەت قىلغۇچىلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلدى، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى بولسا دوزاخقا كىرگۈزىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى ۋە دوزاخنىڭ قاتتىق قىزىيدىغانلىقىنى ۋە قەئرىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى سۈپەتلەپ بەردى.

- **ئۇنداقتا دوزاخنىڭ سۈپىتى نىمە؟**
- **دوزاخنىڭ سايىسى نىمە؟**
- **دۇنيانىڭ ئوتى ئاخىرەتنىڭ ئوتىغا نىسبەتەن قانچىلىك؟**

ئاللاھ تائالا دۇنيانىڭ ئوتىنى ئاخىرەتنىڭ ئوتىنى ئەسلىتىدىغان ئىبرەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە: ﴿***سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنىڭ دەرىخىنى (يەنى مۇرخۇ، ئۇبار ناملىق بىرىنىڭ شېخىنى بىرىگە سۈركىسە ھۆل تۇرۇپلا ئوت ئالىدىغان دەرەخنى) سىلەر ئۆستۇردۇڭلارمۇ ياكى بىز ئۆستۇردۇقمۇ؟ ئۇنى بىز ئىبرەت ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق***﴾(56/«ۋاقىئە»: 71 – 73) دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– ئادەم باللىرى يېقىۋاتقان سىلەرنىڭ بۇ ئوتۇڭلار جەھەننەمنىڭ قىزىقىنىڭ يەتمىش پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر، – دېدى. ئەسھابلەر:**

**– ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ (دۇنيا ئوتى دوزىخىيلەرنى ئازابلاشقا) كۇپايە قىلاتتى، ئى رەسۇلۇللاھ! – دېگەندى، ئۇ زات:**

**– ھەقىقەتەن، ئۇ ئۇنىڭدىن ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئارتۇق قىلىنغاندۇر، ھەربىرى دۇنيا ئوتىنىڭ قىزىقلىقىغا باراۋەردۇر، – دېدى»[1].**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3265)؛ مۇسلىم (2843).

## نامەئى ئەئمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلار بەدبەختلەر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿بەدبەختلەر (يەنى نامەئى ئەئمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەن دوزىخىلەردۇر). بەدبەختلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ﴾***(56/«ۋاقىئە»: 41 – 44).

بۇ بەدبەختلەر دوزىخىلەر بولۇپ، ئۇلار دۇنيادا ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن ئىنسانلاردۇر. ئۇلارغا نامەئى ئەئمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدۇ ۋە ئۇلار مەھشەر كۈنى سول تەرەپتە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟!

شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار تېرىنىڭ تۆشۈكلىرىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان قاتتىق ئىسسىقتا بولىدۇ. ئۇلار ھارارەتلىك قايناقسۇدىن ئىچىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايە بولىدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ھەيۋىتىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇكى: ***﴿تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر﴾***(101/«قارىئە»: 8 – 11).

شۇنداق، ھاۋىيەنى، ئۇنىڭ ھارارىتىنى ۋە ئازابىنى بىز قانداق بىلەلەيمىز؟! ئۇ قاتتىق يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتۇر. زالىم، گۇناھكارلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بۇ ئوتقا چۈشىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئېزىپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ.

## دوزاخنىڭ سايىسى

دوزاخنىڭ سايىسى سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس بولۇپ، قارا تۈتۈندىن بولغان سايىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سايىنى زىكىر قىلىپ

ئېيتىدۇكى: ﴿**ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى) «سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار» (دەيدۇ). ئۇ سايە (جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بولۇپ كىشىنى) سەگدەتمەيدۇ، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسمايدۇ. ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا - سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ**﴾(77/«مۇرسەلات»: 30 – 33).

## دائىم يېڭىلىنىپ تۇرغۇچىدۇر

دوزاخنىڭ ئوتى زامانلارنىڭ ئۆزىرىشى ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆچۈپ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿**(ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»**﴾(78/«نەبەئ»: 30) دېگەن. دوزاخ ھەر كۈنى قىزىپ تۇرىدۇ.

ئەمر ئىبنى ئەبەسە ئەسسۇلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «مەن جاھىلىيەتتىكى چېغىمدا ئىنسانلار بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى گۇمراھلىقتا، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەككىلىك بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەق خەبەرلەرنى جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم - دە، دەرھال ئۇلىغىمغا مىنىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ چاغدا قەۋمى ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلغاچقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوشۇرۇن دەۋەت قىلىۋاتقانىكەن. مەن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇ زاتنىڭ قېشىغا خۇپىيانە كىرىپ:

– سىلى قانداق ئادەم؟ – دېدىم.

– مەن نەبىيمەن، – دېدى.

– نەبىي دېگەن نېمە ئۇ؟

– ئاللاھ مېنى ئەۋەتتى.

– سىلىنى نېمىلەرنى قىلىشقا ئەۋەتتى؟

– مېنى سىلە - رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىپ تاشلاشقا ۋە ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشكە ئەۋەتتى».

**ھەدىسنىڭ جەريانىدا ئەمر دېدىكى:**

**– ماڭا ناماز ھەققىدە دەپ بەرسىلە، – دېسەم،**

**– ناماز بامداتنى ئوقۇغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىمگۈچە ناماز ئوقۇمىغىن. كۈن بولسا شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كافىرلار كۈنگە باش ئۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى ناماز ۋاقتىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ. نەيزىنىڭ سايىسى يوقىغان چاغدا ناماز ئوقۇشنى توختاتقىن. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا دوزاخ قىزىتىلىدۇ. سايە چۈشۈپ كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى تاكى ناماز ئەسرنى ئوقۇغىچە ناماز ۋاقتىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ. ئاندىن كېيىن تاكى كۈن ئولتۇرغۇچىلىك ناماز ئوقۇمىغىن. چۈنكى، كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدا پاتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كافىرلار كۈنگە باش ئۇرىدۇ، – دېدى»[1].**

**قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلى دوزاخقا يۈزلەنگەندە، دوزاخ يەنە قىزىتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا*﴾(«تەكۋىر»: 81/12).**

## ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقى جەھەننەمنىڭ تەپتىدىندۇر

**دۇنيادا بەزىدە ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىپ كېتىشى جەھەننەمنىڭ بىر نەپەس ئالغانلىقىدىن بولىدۇ. دۇنيادىكى بۇ ئىسسىقتا بەزىدە ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن بىر قىسىم ئىنسانلار ئۆلۈپ كېتىدۇ، بىر قىسىم ئىنسانلار ئاغرىپ قالىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ئەگەر ئىسسىق قاتتىق بولۇپ كەتسە، ناماز (پېشىن) نى ئىسسىقنىڭ تەپتى يانغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار! چۈنكى، ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقى جەھەننەمنىڭ تەپتىدىندۇر. دوزاخ ئۆتى رەببىگە شىكايەت قىلىپ: ‹ئى رەببىم! (شۇنداق چىڭقىلىپ كەتتىمكى) ئەزالىرىم بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتتى› دېۋىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى نەپەس ئېلىۋېلىشقا، يەنى قىشتا بىر نەپەس، يازدا بىر نەپەس (ئېلىۋېلىشقا) رۇخسەت قىلدى. ئۇ دەل سىلەر**

---

(1) مۇسلىم (832).

كۆرۈۋاتقان پىژغىرىم ئىسسىق بىلەن قەھرىتان سوغۇقتۇر»[1].

ئاللاھتىن بىزگە رەھىم قىلىشىنى ۋە دوزاختىن ساقلىشىنى سورايمىز.

## ئامانلىق

**ناماز دوزاختىن ئامانلىقتۇر، شۇڭا دوزاخ قاتتىق قىزىتىلىدىغان چاغدا، ناماز ئوقۇمىغىن.**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (536، 537)؛ مۇسلىم (617).

## دوزاخنىڭ چوڭلۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقى

دوزاخنىڭ ھەجمى چوڭدۇر. لېكىن، ئۇ دوزاخ ئەھلى بىلەن بەك تار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ بۇلۇڭلىرىدا قىستىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بەدىنى شۇنچىلىك يوغىناپ كېتىدۇكى، ھەتتا دوزاختا ھەربىرىنىڭ ئېغىز چىشى ئۇھۇد تېغىدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدەك بولۇپ كېتىدۇ.

- **ئۇنداقتا دوزاخنىڭ ھەجمى ۋە چوڭلۇقى قانچىلىك؟**
- **ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك؟**
- **دوزاخقا كىرگەنلەردىن بىرەرسى كىيىن ئۇنىڭدىن چىقامدۇ؟**

**﴿ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ﴾**[«قاف»: 50/30]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ھالىنى، ئازابىنى ۋە ئۇ دوزاخنىڭ ئۆزىگە كىرگەنلەرنى ئازابلاشقا بەك تەشنا ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ بەردى.

ئۇ بەك چوڭ بولۇپ، بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«قىيامەت كۈنى جەھەننەم يەتمىش مىڭ چۇلۋۇرى بار ھالەتتە (مەھشەرگە) كەلتۈرۈلىدۇ. ھەربىر چۇلۋۇرنى تارتىدىغان يەتمىش مىڭ پەرىشتە بولىدۇ»** دېگەن[1].

سەن دوزاختىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەخلۇقنى خىيال قىلىپ باققىن. بۇ شۇنداق مەخلۇقكى، بۇ مەخلۇقنى ناھايىتى كۆپ ۋە كۈچلۈك پەرىشتىلەر تارتىدۇ، بۇ پەرىشتىلەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى پەقەت ئاللاھ تائالا بىلىدۇ.

### دوزاخنىڭ قەئرى

دوزاخ بەك قاراڭغۇ ۋە قەئرى (تېگى) بەك چوڭقۇر بولۇپ، بۇ ھەقتە

---

(1) مۇسلىم (2842).

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر بىر تاش جەھەننەمگە تاشلانسا، تېگىگە چۈشكىچە يەتمىش يىل غۇلىغان بولاتتى» دېگەن[1].**

## دوزاخنىڭ قەۋەتلىرى

**دوزاخ ئۆزىنىڭ قاتتىق قىزىقىدا ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىكىلەر ئۈچۈن تەييارلىغان ئازابتا ھەرخىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن*﴾(4/«نىسائ»: 145).**

**«جەھەننەمىيلەر» كىملەر؟ ئۇلار دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن، دوزاختىن چىقامدۇ؟**

**شۇنداق، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن قەۋملەردۇر. لېكىن، ئۇلار گۇناھ - مەئسىيەتلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن دوزاخقا كىرگەن بولۇپ، دوزاختا ئاللاھ تائالا خاھلىغان مۇددەتكىچە ئازابلىنىدۇ، ئاندىن دوزاختىن چىقىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ئاللاھ مۇئمىنلەردىن كۆپ ئىنسانلارنى ئازابلاپ بولغاندىن كېيىن دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى مۇشرىكلەر بىلەن دوزاخقا كىرگۈزگەن چاغدا، مۇشرىكلەر: ‹سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىتا ئۆزۈڭلەرنى ئەۋلىيائىلەر دەپ ئويلايتتىڭلار، نېمە ئۈچۈن سىلەر بىز بىلەن دوزاختا بىللە؟› دەيدۇ. ئاللاھ مۇشرىكلەرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان چاغدا، شاپائەتكە رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا پەرىشتىلەر، ئەنبىيائىلەر شاپائەت قىلغىلى تۇرىدۇ، ئاخىرى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن دوزاختىن چىقىدۇ. ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلغان ۋاقتىتا، مۇشرىكلەر: ‹كاشكى بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولغان بولساقچۇ! بىزگىمۇ شاپائەت يېتىپ، دوزاختىن چىقىرىلىدىكەنمىز!› دەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿*كافىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ*﴾(15/«ھىجىر»: 2) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارا بولغانلىقى ئۈچۈن، جەننەتتە ‹جەھەننەمىيلەر› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار:**

---

(1) ئىبنى ھىببان (7468). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن بۇ نامنى يوق قىلغىن› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى بۇيرۇيدۇ، ئۇلار جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭدە يۇيۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن بۇ نام يوق بولىدۇ»[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «... ئاخىرى ئاللاھ بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ بولۇپ، دوزاخ ئەھلى ئىچىدىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ / بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەبۇد يوقتۇر› دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلەردىن خالىغان كىشىلەرنى دوزاختىن چىقارماقچى بولسا، پەرىشتىلەرنى ئۇلارنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى پېشانىلىرىدىكى سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇيدۇ. ئاللاھ دوزاخقا ئادەم بالىسىدىكى سەجدىنىڭ ئىزىنى كۆيدۈرۈشنى ھارام قىلغۇچتەك بولۇپ، شۇنداق قىلىپ پەرىشتىلەر ئۇلارنى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ھالەتتە ئېلىپ چىقسا، ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىغا ‹ھاياتلىق سۈيى› دەپ ئاتىلىدىغان سۇ قۇيۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەزالىرى، خۇددى كەلكۈننىڭ لاتقىلىرىدا ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندەك، تېز ئۈنۈپ چىقىدۇ»[2].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ «جەھەننەمىيلەر» بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: «نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار ‹جەھەننەمىيلەر› دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن[3].

**ھەسرەت**

**دوزاختىكى كافىرلار تەۋھىد ئەھلىنىڭ دوزاختىن چىققانلىقىنى كۆرگىنىدە ھەسرىتى ئاشىدۇ.**

(1) ئىبنى ھىببان (7432). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7437)؛ مۇسلىم (182).

(3) بۇخارىي (6566).

# دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابلىنىشتا پەرقلىنىدىغانلىقى

دوزاخ كۆپ قەۋەتلىك بولۇپ، بىر قەۋەتتىدىكى ئازاب باشقىسىدىن قاتتىقراق بولغانلىقى ئۈچۈن، دوزاخ ئەھلىمۇ ئازابلىنىشتا پەرقلىق بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ئادىل بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

- ئۇنداقتا بۇ پەرق نېمە؟
- كافىرلارمۇ ئازابلىنىشتا پەرقلىق بولامدۇ؟
- ئۇلارنىڭ قايسىسى ئەڭ قاتتىق؟ قايسىسى ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدۇ؟

***﴿ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامەئى ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾*** (18/«كەھف»: 49). ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئېيتقاندەك، خالايىقلارنى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ مىقدارىغا قارىتا مۇكاپاتلايدۇ.

شۇنداق، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ قويىدۇ، ئاندىن شۇنىڭغا قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ. كىمكى قىلغىنىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسە، ئاللاھقا ھەمد ئېيتسۇن. كىمكى قىلغىنىنى باشقىچە كۆرسە، پەقەت ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن. «دوزاخ ئەھلى ئازابلىنىشتا پەرقلىق بولىدۇ» دېگەننىڭ دەلىلى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: **«ھەقىقەتەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى كەشى بار بىر كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى ئاياغدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ. ئازابنىڭ پۈتۈن قىسملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتا تىزىغىچە، ئازابنىڭ پۈتۈن قىسملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتا رىدالىرىغىچە، ئازابنىڭ پۈتۈن قىسملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بويۇنلىرىغىچە بولىدۇ. بەزىلىرى ئوتتا پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەتكەن بولىدۇ»**[1].

---

(1) ھاكىم (8734). ھاكىم ۋە زەھەبىيلەر «سەھىھ» دېگەن.

## ئاسىي مۇسۇلمانلار ئازابلىنىشتا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ

ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئاسىي - گۇناھكارلار قىلمىشلىرىغا قارىتا دوزاختا ئازابلىنىدۇ. چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئازابلىنىشى كىچىك گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئازابلىنىشىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىدىن بىر قىسىم ياخشى ئەمەللىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ياكى ئاللاھ تائالا خاھلىغان باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئازاب يەڭگىللىتىلىدۇ.

## كۇففارلارمۇ خىلمۇخىل تۈر ۋە مەرتىبىدە بولىدۇ

كۇففارلار كۇفرىنىڭ مىقدارىدا پەرقلىق بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىقتا ياشاپ تۇرۇپ كافىر بولغان ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، لېكىن ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، ئوغرىلىق قىلمىغان، پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلغان، ئەنبىيائىلەرنى يالغانغا چىقارغان، شەھۋەتلىرىگە ئەگەشكەن ۋە شەيتانغا ئىتائەت قىلغان كافىرنىڭ جازاسى ھەددىدىن ئاشقان، ئاسىيلىق قىلغان، باشقىلارغا ئەزىيەت بەرگەن، ئەنبىيائىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە ئىنسانلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆككەن كافىرنىڭ جازاسىدىن يەڭگىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەبۇ تالىبنىڭ جازاسى ئەڭ يەڭگىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىغا ئىككى چوغ قويۇلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ.

## دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنىدىن خەبەر بېرىپ، ئۇنىڭ ھالىنى سۈپەتلەپ بەردى ۋە بىرقانچە ھەدىسلەردە ئۇ ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق ئازابتا دەپ ئويلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى كەشى ۋە بوغقۇچى**

**بار بىر كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىزىتقىلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قازان قاينىغاندەك قاينايدۇ» دېگەن[1].**

ئاببas ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇ زاتنىڭ كافىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن تاغىسى ئەبۇ تالىب ھەققىدە سوراپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تاغىلىرى ئەبۇ تالىبقا قانداق پايدا يەتكۈزدىلە؟ ئۇ سىلىنى قوغداپ سىلى ئۈچۈن ئاچچىقلىناتتى» دېگەندە، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئۇ ئوشۇقىغا كېلىدىغان تېيىز ئوتتا، ناۋادا مەن بولمىغان بولسام دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولغان بولاتتى»**[2] دېگەن.

كافىرلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدىغان تۇرسا، بۇ ئەمەللەر نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئازابنى يەڭگىللىتىدۇ؟

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى مۇسۇلمان بولۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا: ***﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىنىنى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾*** (3/«ئال ئىمران»: 85) دېگەن.

كافىرلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۇلارنىڭ دوزاختىن چىقىشىغا قارىتا ئۇلارغا مەنپەئەت قىلمايدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئازابنى يەڭگىللىتىدۇ. بۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ھالىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئازاب يەڭگىللىتىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەي، شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتقا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىل ئازابتۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام***

(1) مۇسلىم (213).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3883)؛ مۇسلىم (209).

*قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ﴾*(5/«مائىدە»: 72).

## دوزاخ ئەھلىنىڭ پۇشايمىنى

دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن بىر كىشى دېڭىزغا بارمىقىنى كىرگۈزۈپ چىقارغانچىلىكلا بىرنەرسىدۇر. ئەگەر كۇفرىلىق قىلغۇچىلار ئازابنى كۆرسە، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ ۋە كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ئېزىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«ئاللاھ تائالا ئەڭ يېنىك ئازاب قىلىنىدىغان دەۋزىخي كىشىگە: ‹ناۋادا يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسە سېنىڭ بولغان بولسا، ئۇنى تۆلەم بېرىش بەدىلىگە ئازابتىن خالاس بولۇشنى خاھلامتىڭ؟› دېسە، ئۇ: ‹ھەئە› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ:**

**‹سەن ئاتاڭ ئادەمنىڭ سۇلبىدىكى چېغىڭدا مەن سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاسان نەرسىنى، يەنى ماڭا شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى سورىسام، سەن ئۇنىماستىن، ماڭا شېرىك كەلتۈرگەن ئىدىڭ› دەيدۇ»**[1].

### ئادىللىق

**كافىرلارنىڭ ھەممىسى كۇفرى بىلەن سۈپەتلەنسىمۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار قىلمىشلىرىغا قارىتا پەرقلىق جازالىنىدۇ.**

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6557)؛ مۇسلىم (2805).

# دوزاخ ئەھلىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى

ئاللاھ تائالا دوزاخ ئەھلىنىڭ تامىقى ۋە ئىچىملىكىنى زىكىر قىلدى، بۇمۇ ئۇلار چېكىدىغان ئازابنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. «قۇرئان»دا دوزاخ ئەھلىنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك ئىچىملىكلىرى زىكىر قىلىنغان.

- **ئۇنداقتا بۇ ئىچىملىكلەر قايسىلار؟**
- **ئۇلارنى ئىسىملىرى بىلەن زىكىر قىلىشنىڭ پايدىسى نېمە؟**
- **ئۇلار بۇ ئىچىملىكلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىچەمدۇ؟**

بەندىنىڭ بىرنەرسىنى تەپسىلىي بىلىشى بەندىنىڭ ئۇ نەرسىگە چوڭقۇر ئىمان ئېيتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ بىزگە دىنىمىزنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى ۋە تەقۋادارلارنىڭ ئالىدىغان مۇكاپاتىنى، ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ تارتىدىغان ئازابىنى سۈپەتلەپ بەردى. بۇلارنىڭ قاتارىدىن: ئاللاھ بىزگە دوزاخ ئەھلى ئىچىدىغان تۆت خىل ئىچىملىكنى زىكىر قىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## ھەمىم (الحميم)

بۇ دوزاخنىڭ ئوتى بىلەن قاينىغان قايناقسۇ بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېرىپ كېتىدۇ ۋە ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىپ، تېرىلىرى ئېقىپ كېتىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***(مۇناپىق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟***﴾ («مۇھەممەد»: 47/15).

## غەسساق (الغساق)

بۇ قاتتىق سوغۇقلىقىدىن، تەمىنى تېتىپ بېقىشقىمۇ تاقەت قىلالمايدىغان قاتتىق سوغۇق ئىچىملىكتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قايناقسۇ ۋە غەسساقتۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن***﴾ («ساد»: 38/57).

## قان - يىرىڭ (الصديد)

بۇ كافىرنىڭ گۆشى ۋە تېرىسىدىن ئاققان قان - يىرىڭدۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ (14/«ئىبراھىم»: 16، 17).

## مەددەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش سۇ (ماء كالمهل)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن «مُهْل» توغرۇلۇق سورالغاندا: «ياغنىڭ دۇغى كەبى قويۇق دۇغدۇر» دېگەن. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن كافىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەددەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) دۇغ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾ (18/«كەھف»: 29)

## باشقا ئىچىملىكلەر

«قۇرئان»دا دوزاخ ئەھلى ئىچىدىغان باشقا تۆردىكى ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ زىكىر قىلىنغان. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كافىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر. ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان - يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار﴾(38/«ساد»: 55).

دېمەك، دوزاخ ئەھلى بۇ ئىچىملىكلەرنى مەجبۇرىي ئىچىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دوزاخ ئەھلى مەجبۇرىي ئىچىدىغان، ئاللاھ بىزگە زىكىر قىلمىغان نۇرغۇن ئىچىملىكلەر بار.

## دوزاخ ئەھلى بۇ ئىچىملىكلەرنى مەجبۇرلانغان ھالدا ئىچىدۇ

بۇ تۇرلۇك ئىچىملىكلەرنى دوزاخ ئەھلى بىر يۇتۇم، بىر يۇتۇمدىن مەجبۇرىي ئىچىدۇ. ئۇنىڭ تەمىنىڭ بەك ئاچچىق، پۇرىقىنىڭ سېسىق ۋە بەك قىزىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇتالماي قىلىشقا تاس قالىدۇ، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچەيلىرىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ.

بۇ تۈردىكى كۆيدۈرگۈچى ئىچىملىكلەرنى ئىچسە نېمە ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ؟

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى مۇسۇلمان بولۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى *تىلەيدىكەن*، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) *قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر*﴾**(3/«ئال ئىمران»: 85).

كافىرنى ئازاب قورشىۋالىدۇ، بۇ ئازابلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن كېيىن ئۆلۈم كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆلمەيدۇ، بەلكى دوزاختا ۋە ئازابتا مەڭگۈ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا يەنە ئىلگىرىكىدىنمۇ قاتتىق ئازاب بار.

## ھاراقكەش يىرىك ئىچىدۇ

يەمەننىڭ جەيشان دېگەن يېرىدىن بىر ئادەم كېلىپ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدا ئىچىدىغان مىزەر دەپ ئاتىلىدىغان، قوناقتىن ياسىلىدىغان بىر ئىچىملىك توغرىسىدا سورىدى. ئۇ زات:

– ئۇ مەست قىلامدۇ؟ – دېگەندى، ئۇ:

– شۇنداق، – دېدى. ئۇ زات دېدى:

**– مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ مەست قىلىدىغان نەرسىنى ئىچكەن ئادەمنى تىينەتۇلخەبال بىلەن سۇغىرىدىغانلىقنى ئەھدە قىلدى.**

ئەسھابلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! تىينەتۇلخەبال دېگەن نېمە؟ – دېگەندى، ئۇ زات:

– دوزاخ ئەھلىنىڭ تەرى ياكى قان - يىرىڭلىرىدۇر، – دېدى»[1].

ئاللاھتىن بىزنى بەخت - سائادەت ۋە ئاۋات ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى، ھەسەللىرى ۋە سۈتلىرى بىلەن سۇغىرىشىنى سورايمىز ۋە بىزنى دوزاختىن ۋە دوزاخنىڭ ئاچچىق ئىچىملىكلىرىدىن ساقلىشىنى سورايمىز، ئامىن.

## ھاراق

كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، دوزاختا تىينەتۇلخەبالدىن ئىچىدۇ.

(1) مۇسلىم (2002).

# دوزاخ ئەھلىنىڭ تامىقى

دوزاخ ئەھلى ئۇچەيلەرنى ئېرىتىۋېتىدىغان قايناقسۇ ۋە قاتتىق سوغۇق سۇلارنى ئىچكەندەك، ئوتتىن بولغان تاماقلارنى يەيدۇ.

- **ئۇنداقتا بۇ قانداق تاماق؟**
- **بۇ تاماقنى ئۇلار قانداق يەيدۇ؟**
- **ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟**

دوزاخ ئەھلى ۋارقىرايدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ، يىغلايدۇ ۋە ياردەم تىلەيدۇ، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قالىدۇ. لېكىن، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ھەسرىتى ۋە ئازابىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدىغان نەرسە بىلەن ياردەم بېرىلىدۇ.

### زەرىئ (ضريع)

بۇ تىكەننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بەك ئاچچىق بولغانلىقتىن ئۇنى ھايۋانلارمۇ يېمەيدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلار ئۇچۇن زەرىئدىن (يەنى بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ. زەرىئ كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ﴾***(«غاشىيە»: 6، 7/88).

ئۇلار تاماق تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا زەرىئ كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ بەتبۇي، ئاچچىق تىكەنگە ئوخشاش بىر ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاچلىقنى پەسەيتەلمەيدۇ ۋە كىشىنى سەمرىتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ زەرىئنى «ھېچقانداق ياخشىلىق ۋە پايدىسى يوق، ئۇ كىشىنى سەمرىتمەيدۇ ۋە ئاچلىقنى پەسەيتەلمەيدۇ» دەپ تونۇشتۇردى.

### 2) غىسلىن (غِسْلِيْن)

بۇ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىدىن ئاققان قان - يىرىڭدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان)***

***دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كافىرلارلا) يەيدۇ﴾***(3/«ئال ئىمران»: 35 – 37).

كافىر قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستنى تاپالمايدۇ. ئۇ كۈندە ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەنلا بولىدۇ. كافىر دوزاختا ئۆزىگە دوزاخ ئەھلىنىڭ تېرىلىرىدىن ئاققان قان - يىرىڭدىن باشقا تاماق تاپالمايدۇ. دوزاخ ئەھلى دۇنيادا ھارامنى يېگىنىگە ئوخشاش دوزاختا بۇ ئاچچىق تاماقلارنى يەيدۇ.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار. (زەققۇم، زەرىئتىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار﴾***(73/«مۇززەممىل»: 12، 13).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق بولسا ئېغىزلارنى يارىلاندۇرىدۇ ۋە گالدىن يا ئۆتمەي، يا چىقماي تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ئازاب ئۇلارنى خار قىلىش ئۈچۈن پۇت - قوللىرىغا سېلىنغان ئىشكەللەر بىلەن بىرگە بولىدۇ.

### 3) زەققۇم (الزقوم)

بۇ دوزاخنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان بەتبۇي بىر دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بەك ئاچچىقتۇر. دوزاخ ئەھلى بۇنى مەجبۇرىي يەيدۇ. دوزاخ ئەھلى بۇنى يېسە، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق لەززەت تاپالمايدۇ ۋە بەدەنلىرى مەنپەئەت ئالالمايدۇ. بۇ پەقەت ئۇلار ئازابلىنىدىغان ئازابتۇر.

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ. (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن***

نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ﴾[44/«دۇخان»: 43 – 50]. ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئازغۇنلارغا تەھدىت قىلىپ: ﴿***ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلدۈرۈشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر***﴾[44/«دۇخان»: 51، 52] دېگەن.

يەنى ئى ھىدايەتتىن چەتنەپ كەتكەن ئازغۇنلار، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمەللەردىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى يالغانغا چىقارغۇچىلار! سىلەر قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ قەئرىدىن ئۈنۈپ چىققان زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ***﴾[37/«سافقات»: 64 – 66].

بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ كۆرۈنۈشى بەك سەت بولغانلىقى ئۈچۈن، شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ.

ئىنسانلار شەيتانلارنىڭ باشلىرىنى كۆرمىگەن تۇرسا، ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىنى شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشىتىدۇ؟

ئىنسانلار شەيتانلارنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ يىرگىنىشلىك، باشلىرىنىڭ قەبىھ ۋە يۈزلىرىنىڭ بەك سەت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا زەققۇم دەرىخىنى شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق، بۇ دەرەخنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغۇچىلارغا ئۇنى قەبىھ كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلغاندۇر.

## زەققۇم دەرىخىنىڭ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ دەرەخنىڭ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەردى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﴿***ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار***﴾[3/«ئال ئىمران»: 102] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، زەققۇم دەرىخىنىڭ بىر تامچىسى زېمىننىڭ دېڭىزلىرىغا تېمىپ كەتسە، ئەلبەتتە

**بۇلغىنىپ كەتكەن بولاتتى» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «... پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولاتتى، ئۇنداقتا بۇ دەرەخ يېمىكى بولغان كىشىنىڭ ھالى قانداق بولار!»** [1] دەپ كەلگەن.

**ئاللاھتىن بىزگە جەننەتنى، ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى، نېئمەتلىرىنى ۋە قۇشلىرىنى ئاتا قىلىشىنى سورايمىز. شۇنداقلا بىزنى دوزاختىن ۋە ئۇنىڭدىكى ئاچچىق دەرەختىن، قاتتىق ھارارەتلىك قايناقسۇلىرىدىن ساقلىشىنى سورايمىز.**

**ھال**

**دوزاخ ئەھلى يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. لېكىن، ئۇ نېمىدىگەن يامان تاماق ۋە يامان ئىچىملىك!**

---

(1) ھاكىم (3158). ھاكىم ۋە زەھەبىيلەر «سەھىھ» دېگەن.

## دوزاخ ئەھلىنىڭ كىيىملىرى ۋە كۆرپىلىرى

دوزاخ ئەھلى كىيىم كىيىدۇ، يەيدۇ، ئىچىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆرپە - يوتقانلىرى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كىيىمى، يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى ۋە كۆرپىلىرى ئوتتىن بولىدۇ. بۇمۇ ئۇلارغا ئازابتۇر.

- ئۇنداقتا بۇ كىيىمنىڭ تۈرى نېمە؟
- ئۇلار ئۇنى قانداق كىيىدۇ؟
- ئۇلارنىڭ كۆرپە - يوتقانلىرى قانداق بولىدۇ؟

ھەقتائالا خەۋەر بەردىكى، دوزاخ ئەھلى ئۈچۈن ئوتتىن زىبۇزىننەتلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىمۇ ئوت، ئۈستىدىمۇ ئوت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى: ﴿**كافىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ**﴾(22/«ھەج»: 19).

كىيىملەر ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە قارىتا پىچىلىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. بۇ قايناقسۇ ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ۋە بەدەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۈچەيلىرىنى ئېرىتىۋېتىدۇ.

### ئۇلارنىڭ كىيىملىرى پەرقلىق بولىدۇ

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى، قۇياش ئىنسانلارغا بىر مىل مىقدارىچە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىنسانلار قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ تەرلەيدۇ. بەزىلەر ئوشۇقىغىچە، بەزىلەر تىزىغىچە، بەزىلەر بېلىگىچە، يەنە بەزىلەر ئاغزىغىچە تەرلەيدۇ» دېگەن[1].

يەنە دېگەنكى: «ئۈممىتىمدە تۆت تۈرلۈك جاھىلىيەت قالدۇقى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشلارنى تاشلىيالمايدۇ. ئۇلار: ئۆز نەسەبىدىن پەخىرلىنىش، باشقىلارنىڭ نەسەبلىرىنى قارىلاش، يۇلتۇزلاردىن يامغۇر تىلەش ۋە مېيىتكە ۋارقىراپ يىغا - زار

(1) مۇسلىم (2845).

قىلىش. ئەگەر ۋارقىراپ يىغا - زار قىلغان ئايال ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ قارامايدىن كىيىم كىيگەن ۋە بەدەننى قىچىشقاق قىلىۋېتىدىغان يېپىنچا ئارتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرىدۇ»[1].

## دوزاخ ئەھلىنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرى

دوزاخ ئەھلىنىڭ ئاستىدىمۇ ئوت ۋە ئۈستىدىمۇ ئوت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ، زالىملارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾ (7/«ئەئراف»: 41) دېگەن.

يەنى ئۇلار ئوتنى كۆرپە قىلىدۇ ۋە ئوتتىن بولغان يوتقانلارنى يېپىنىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا! بىزگە رەھمىتىڭ بىلەن رەھمەت قىلغىن.

ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ﴾(39/«زۇمەر»: 16) دېگەن.

يەنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۈستىدە سايىلەردەك قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىمۇ قاتمۇقات ئوت بولىدۇ. بۇ ئوت ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشايدۇ.

## قىيامەت كۈنىدىكى كافىرلارنىڭ ئەھۋالى سۆزلەنگەن قىسسىلەر

پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىدىن قورقۇتۇش، بۇ ئارقىلىق ئاقىللارنىڭ ئىبرەت ئېلىپ، كۇفرىدىن ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن يېنىشلىرى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشلىرى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنىدىكى كافىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاللاھتىن بىزگە مەرھەمەت قىلىشىنى ۋە بىزنى غەزىپىدىن، ئازابىدىن ساقلىشىنى سورايمىز. ئامىن.

---

(1) مۇسلىم (934).

**ھەقىقەت**

**بەندىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازا ۋە مۇكاپاتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، مېيىتكە ۋارقىراپ يىغا - زار قىلغان ئايال ئوتتىن كىيىم كىيىدۇ.**

# دوزاخ ئەھلىنىڭ شەكىللىرى ۋە قەبىھلىكى ھەققىدە

دوزاخ ئەھلىنىڭ شەكىللىرى بەك قەبىھ بولىدۇ. كۆرۈنۈشلىرى قاپقارا بولىدۇ. ئۇ قاپقارا، پۈشايمان قىلغان يۈزلەردۇر، كۆيۈپ كەتكەن تېرىلەردۇر ۋە زايە بولۇپ كەتكەن ئەمەللەردۇر.

- **ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ دوزاختىكى شەكىللىرى قانداق بولىدۇ؟**
- **بۇ شەكىللەرنىڭ ھەجىمدە ئۆزگىرىش بولامدۇ؟**
- **بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟**

دوزاخ ئەھلى دۇنيادىكى ۋاقتىدا يالغان ئېتىقادلىرى، ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى، قارشى چىققانلىقلىرى، شىرك كەلتۈرگەنلىكلىرى، ئەنبىيالىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ۋە كىتابلىرىغا كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئازابلىنىشقا لايىق بولغانلاردۇر.

## دوزىخىيلەرنىڭ شەكىللىرى

ئۇلار دوزاخقا بەك قورقۇنچلۇق سۈرەتتە كىرىدىغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت شۇنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالالا بىلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئازابىنىڭ تېخىمۇ بەك زىيادە بولۇپ، تېرىلىرىنىڭ بەك كۆيۈشى ئۈچۈن بەدەنلىرى بەك يوغىناپ كېتىدۇ. ئەبۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كافىرنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسى تېز ماڭغان يولۇچى باسىدىغان ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدەكتۇر» دېگەن**[1]**. يەنە: «كافىرنىڭ ئېزىق چىشى ياكى قوزۇق چىشى ئوھۇد تېغىدەك. تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدەكتۇر» دېگەن**[2]**. يەنە: «ھەققەتەن، كافىرنىڭ تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى قىرىق ئىككى گەز. ئېزىق چىشى ئوھۇد تېغىدەك. ئۇنىڭ دوزاختىكى ئولتۇرىدىغان جايى مەككە**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6551)؛ مۇسلىم (2852).

(2) مۇسلىم (2851).

بىلەن مەدىنەنىڭ ئارىلىقىدەكتۇر» دېگەن[1].

## ئۇلارنىڭ رەڭلىرى

ئۇلارنىڭ رەڭلىرى قاپقارا بولىدۇ، دوزاخنىڭ كۆيدۈرۈشى ئۇلارغا بۇ قارىلىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ***﴾(23/«مۇئمىنۇن»: 104) دېگەن سۆزى ھەققىدە: «ئوت ئۇنى كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى قورۇلۇپ، بېشىنىڭ يېرىمىغىچە كېلىپ قالىدۇ. ئاستىنقى كالپۇكى ساڭگىلاپ كىندىكىگىچە چۈشىدۇ» دېگەن[2].

دېمەك، مۇئمىن بۇ ئازابنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلسە، بۇ بىلىش ئۇنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم بولغۇچىدۇر، ئۇ ئازابنى دەفئى قىلغۇچى يوقتۇر.

**پۇشايمان**

**دوزىخىيلەر كۆرۈنۈشلىرىنىڭ قەبىھلىكىدىن ھەسرەتتە ئېغىرلايدۇ، ئۇلار بىر - بىرىگە قاراش بىلەن تېخىمۇ زىيادە ئازابلىنىدۇ.**

---

(1) تىرمىزىي (2577). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2114) «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (2587). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 2587) «زەئىف» دېگەن.

# ئازابنىڭ باشقا تۈرلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا رەھمەت قىلغانلىقى، ئۇلارغا ھۆججەت تۇرغۇزغانلىقى ۋە ئۆزرە ئېيتقۇچىلاردىن ئۆزرىلەرنى ئۈزگەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئازابنىڭ تۈرلىرىنى ۋە نېئمەتنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى. ئۇلارنى جەننەتكە قىزىقتۇردى ۋە دوزاختىن ئاگاھلاندۇردى.

پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنىڭ رەھمىتى غەزىپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئەپۇ قىلىشى ئازابلىشىغا غالىب كەلگەن بولسىمۇ، يەنە ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. بەندىلەرنى قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازابنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەنلىكى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

- ئۇنداقتا دوزاختىكى ئازابنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
- ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ تەپسىلىي بايان قىلىنىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟
- دوزاخ ئەھلىنىڭ بۇ ئازاب بىلەن ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

دوزاختا ئازابلىنىدىغانلار ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدىغانلىقىدىن باشقا، يەنە تۈرلۈك ئازابلار بولىدۇ. ئاللاھ بۇنى كىتابىدا بايان قىلىپ بەردى. بۇنىڭ جۈملىسىدىن:

1) تۆمۈر بولقىلار بىلەن ئۇرۇش

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***كافىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ. ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ***﴾(22/«ھەج»: 19 - 21).

دېمەك، كافىرلار قامچىلار بىلەن ۋە قىزىتىلغان تۆمۈردىن بولغان بولقىلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن يەنە ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ ۋە يەنە ئۇرۇلىدۇ.

**2) ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۆگىگەن چاغدا، باشقىسىغا ئالماشتۇرۇلىدۇ**

دوزاخ دوزىخىيلەرنىڭ تېرىلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. تېرە كۆيۈكنىڭ ئەلەمىنى ھېس قىلىدىغان ئورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئازابلىنىپ تۇرۇشىنى كۆزلەپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆيۈپ كەتكەن تېرىلىرىنىڭ ئورنىغا باشقا تېرىلەرنى ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۆگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾***(4/«نىسائ»: 56).

بۇ ئايەت «قۇرئان»دىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. يېڭى زامان ئىلىم - پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېرە نۇرغۇن سەزگۈر نېرۋىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، بىردىنبىر ئاغرىقنى ھېس قىلىدىغان ئەزادۇر. ئەگەر تېرە ئۈچىنچى دەرىجىدە ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن دەرىجىدە كۆيۈپ كەتسە، سەزگۈر نېرۋىلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ۋەزىپىسى توختاپ قالىدۇ. مانا بۇ «قۇرئان كەرىم «تېرىنىڭ پىشىپ تۆگەپ كېتىشى» دېگەن ھەقىقەتتۇر. ئۇنداقتا تېرە پىشىپ تۆگەپ كەتسە، داۋاملىق ئازابلاشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىشىپ تۆگەپ كەتكەن تېرىنىڭ ئورنىغا، باشقا ساق تېرىنى ئالماشتۇرۇش لازىم بولىدۇ.

**3) ئۇلارنى باغلاش**

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار. (زەققۇم، زەرىئدىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار﴾***(73/«مۇززەممىل»: 12، 13).

يەنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئاشۇ كافىرلارغا، ئۇلارنى خار قىلىش ئۈچۈن، پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان ئېغىر ئىشكەللەر بار ۋە كۆيدۈرگۈچى دوزاخ بار. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ***

**كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾**(40/«غافىر»: 71، 72).

4) دوزاختا سۆرەش

ئەلەملىك ئازابنىڭ تۈرلىرىدىن يەنە كافىرلارنى دوزاختا يۈزلىرىچە سۆرەش بار. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) گۇمراھلىقتىدۇر، (ئاخىرەتتە) دوزاختىدۇر. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾**(54/«قەمەر»: 47، 48).

ئۇلارنىڭ دوزاختا پۇت - قوللىرى ئىشكەللەرگە باغلىنىپ سۆرەلگەن ۋاقىتتا، دەرد - ئەلەملىرى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە جاڭجاللىشىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلار كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز نازىل قىلغان مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ. ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾**(40/«غافىر»: 69 ـ 72).

5) قايناقسۇ بىلەن ئېرىتىش

ئازابنىڭ تۈرلىرىدىن يەنە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قاتتىق ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. قايناقسۇ قاتتىق ھارارەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ئېرىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿كافىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ﴾**(22/«ھەج»: 19، 20).

6) ئوتنىڭ ھارارىتى بىلەن يۈزلەرنىڭ كۆيۈشى

ئىنساننىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئەزاسى ئۇنىڭ يۈزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ يۈزىگە ئۇرۇشتىن توسقان. ئاخىرەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتتىق خار بولۇشى ئۈچۈن، ئوتنىڭ تەپتى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. ھەقتائالا

ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ﴾***[23/«مۇئمىنۇن»: 104].

شۇنداق، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرۈپ پىشۇرۇۋېتىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە ئېيتىدۇ: ***﴿يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر﴾***[27/«نەمل»: 90]، ***﴿ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرى قارامايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴾***[14/«ئىبراھىم»: 50]، ***﴿قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىدىغان ئادەم (ئازابقا دۇچار بولمايدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟) زالىملارغا (يەنى كافىرلارغا): «قىلغان گۇناھىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾***[39/«زۇمەر»: 24].

ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قىيامەت كۈنى قارىغۇ، گاس ۋە گاچا ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز﴾***[17/«ئىسرائ»: 97].

7) دوزاخ ئەھلى دوزاخنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىدۇ ۋە چۈشىدۇ

دوزاخ ئەھلى جەھەننەمدە ئوتتىن بولغان تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا زورلىنىدۇ. ئاندىن ئۈستىدىن دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشىدۇ. بۇ ئازابنىڭ تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمەن﴾***[73/«مۇززەممىل»: 17].

8) يۈزلەر قارىيىپ كېتىدۇ

ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ يۈزلىرىنى قارا قىلىۋېتىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كافىر بولدۇڭلارمۇ؟ كافىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن***

ئازابنى تېتىڭلار﴾(3/«ئال ئىمران»: 106).

بۇ قارىلىق، خۇددى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى چۈشكەندەك، قاپقارا بولۇپ كېتىشتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾(10/«يۇنۇس»: 27).

## 9) دوزاخ كافىرلارنى قورشايدۇ

يەنى ئوت ئۇلارنى ئۈستىدىن ۋە ئاستىدىن قورشايدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا: «(دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ) جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴾(29/«ئەنكەبۇت»: 55). يەنى ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، پۇتلىرىنىڭ ئاستىلىرىدىن، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىن قورشايدۇ. ئۇلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن: «سىلەرنى بۇ ھالەتكە يەتكۈزگەن قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، شۇ (قاتتىق ئازاب) بىلەن ئاللاھ بەندىلىرىنى قورقىتىدۇ». ئى بەندىلىرىم! (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾(39/«زۇمەر»: 16)، ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك - شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كافىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾(29/«ئەنكەبۇت»: 54).

## 10) ئوت تاملار

دوزاخنىڭ ئوت تاملىرى بولۇپ، كافىرلار ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن كافىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمدېگەن

يامان شاراب! جەھەننەم نېمدېگەن يامان جاي!﴾(18/«كەھف»: 29).

**11) ئوت يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ**

دوزاخ ئەھلىنىڭ بەدەنلىرى دوزاختا بەك يوغىناپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئوت ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىغا كىرىدۇ، ھەتتا يۈرەكلىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ. ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ئاللاھنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ﴾(104/«ھۇمەزە»: 4 – 7)، ﴿ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ). ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ﴾(74/«مۇددەسسىر»: 26 – 29).

﴿ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ﴾: «ئوت ئىنساننىڭ ئۇستىخىنىنى، گۆشىنى ۋە يىلىكىنى كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا بىرئاز ئىشارەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىكەن، ئۇ جەھەننەم ئوتىدادۇر، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قالغۇچى، مەڭگۈ قالدۇرۇلغۇچى بولۇپ، تائەبەدكىچە تاشلىنىدۇ، كىمكى زەھەر ئوتلاپ ئۆلۈۋالغان بولسا، زەھىرى قولىدا بولىدۇ، ئۇنى جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قالغۇچى، مەڭگۈ قالدۇرۇلغۇچى بولۇپ، تائەبەدكىچە ئوتلايدۇ، كىمكى ئۆزىگە تىغ تىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىكەن، تىغى قولىدا بولىدۇ، ئۇ تىغ جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قالغۇچى، مەڭگۈ قالدۇرۇلغۇچى بولۇپ، تائەبەدكىچە ئۇنىڭغا تىقىلىدۇ»[1].

**12) ئۇلارنىڭ ھەسرەت - نادامىتى**

كاپىرلار دوزاخنى كۆرگەن چاغدا، قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، لېكىن بۇ پۇشايماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئەگەر ھەربىر زۇلۇم قىلغان ئادەم (يەنى كاپىر) يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە مالىك بولىدىغان بولسا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5778)؛ مۇسلىم (109).

*ئۆچۈن)، ئەلبەتتە (ئۇنىڭ ھەممىسىنى) فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا نادامەتنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ (يەنى دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ (يەنى خالايىقنىڭ) ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾* (10/«يۇنۇس»: 54).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «كافىر قىيامەت كۈنى كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا: ‹ئېيتىپ باقە! ئەگەر يەر يۈزى زېمىنغا لىق كېلىدىغان ئالتۇنۇڭ بولىدىغان بولسا، ئۇنى تۆلەپ ئازابتىن خالاس بولۇشنى خالامتىڭ؟› دېيىلسە، ئۇ: ‹ھەئە› دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: ‹سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاسىنى تەلەپ قىلىنغان ئىدى› دېيىلىدۇ»[1].

يەنى سەندىن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك تەلەپ قىلىنغانىدى، بۇ ساڭا بەك ئاسان ئىدى، لېكىن سەن يالغانغا چىقاردىڭ ۋە يۈز ئۆرۈدۈڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سەندىن فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

13) دوزاختا ئۆچەيلەرنىڭ سۆرۈلۈشى

بۇ بەدنىيەت، رىياكارنىڭ جازاسى بولۇپ، ئۇ رىياكارلىقى بىلەن ياخشىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، لېكىن ئۆزى قىلمايدىغان، باشقىلارنى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، لېكىن ئۆزى قىلىدىغان، بىپەرۋا ئادەمدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ دوزاختا تاشلىنىپ، ئۇنىڭدا ئۆچەيلىرى ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ يارغۇنچاقتا قاتتىق ئېشەكتەك چۆرگىلەيدۇ. ئەھلى دوزاخ ئۇنى چۆرىدەپ: "ئى پالانى! (دۇنيادا) سەن بىزنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، بىزنى يامان ئىشتىن توساۋاتاتتىڭغۇ؟ ساڭا نېمە بولدى؟" دەپ سورىسا، ئۇ: "مەن سىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزۈم قىلمايتتىم. سىلەرنى يامان ئىشتىن توساتتىم، ئەمما ئۆزۈم قىلاتتىم" دەيدۇ»[2]. يەنە: «مەن ئەمر ئىبنى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6538)؛ مۇسلىم (2805).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3267)؛ مۇسلىم (2989).

ئامىر ئىبنى لۇھەي ئەلخۇزائىينىڭ دوزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ سائىبەلەرنى بۇتلارغا ئاتاپ قويۇپ بەرگەن تۇنجى كىشى ئىدى» دېگەن[1].

«سائىبە» بۇتلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، ھايۋاننىڭ ئىشلىتىلمەي، يۈك ئارتىلماي ۋە ئۆزى خاھلىغان جايغا بارالايدىغان قىلىپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمر ئىبنى لۇھەي بۇ شىرك بىدئەتنى پەيدا قىلغان تۇنجى كىشى بولۇپ، ئىنسانلار ئۇ پەيدا قىلغان بۇ بىدئەتكە ئەگەشكەن ئىدى.

**14) ئىبادەت قىلىنغان بۇتلار ئىبادەت قىلغۇچىلارغا يېقىن قىلىنىدۇ**

كافىرلار ۋە مۇشرىكلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان ئىلاھلىرىنى ئۇلۇغلىغان ۋە قوغدىغان ئىدى ۋە بۇ يولدا جانلىرىنى، ماللىرىنى قۇربان قىلغان ئىدى. شۇنداقلا ئىلاھلىرىنى مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ ۋە زەرەر يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانىدى. قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىلاھلىرىنى دوزاخقا تاشلايدۇ. ئۇ ئىلاھلار ئۆزلىرىنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلارنى قانداق قۇتقۇزالايدۇ؟!

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***(ئى مۇشرىكلەر!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلەر بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى (ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ***﴾(21/«ئەنبىيائ»: 98، 99).

شۇنداق، ئىبادەت قىلغۇچى ئىبادەت قىلغان ئىلاھىنى دوزاختا كۆرىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئازابلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان نەرسە بىلەن دوزاختا بىللە بولسا، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

**15) ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە دۇئالىرى**

دوزاختا دوزاخ ئەھلى قاتتىق ۋارقىرايدۇ ۋە دوزاختىن چىقىرىشىنى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3521)؛ مۇسلىم (2856).

ئۈمىد قىلىپ، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئاللاھ ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى نەبىي) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق﴾(35/«فاتىر»: 37).

سۇبھانەللاھ! سىلەر بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، ئەنبىيائىلەرنى يالغانغا چىقارغان ۋاقىتىڭلاردا، بۇ يىغاڭلار نەدە قالغان ئىدى؟! سىلەر زىنا قىلغان ۋە ھاراق ئىچكەن ۋاقىتىڭلاردا بۇ يىغاڭلار نەدە قالغان ئىدى؟! سىلەر ھارامنى يېگەن، ئاتا - ئاناڭلارنى قاقشاتقان ۋاقىتىڭلاردا بۇ يىغاڭلار نەدە قالغان ئىدى؟!

16) ئۇلارنىڭ ئېتىراپلىرى

ئۇلار ئازابنى ئەينەن كۆرگەن چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكلىرى ۋە كافىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!﴾(67/«مۇلك»: 10، 11)، ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز»﴾(23/«مۇئمىنۇن»: 106، 107). لېكىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ھەرگىزمۇ ئىجابەت قىلىنمايدۇ ۋە ئۇلارغا: ﴿ئاللاھ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار﴾(23/«مۇئمىنۇن»: 108) دېيىلىدۇ.

17) ئۇلار دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەردىن رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ

دوزاخ ئەھلى ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە نىدا قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئازابنى يەڭگىللىتىشى ئۈچۈن شاپائەتچى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***دوزاختىكىلەر دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەر): «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار): «ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «سىلەر دۇئا قىلىڭلار، (لېكىن) كافىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر» دەيدۇ***﴾ (40/«غافىر»: 49، 50).

## 18) ئۇلار ئۆلۈمنى تىلەيدۇ

ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئازابنىڭ يەڭگىللىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئارام تېپىشى ئۈچۈن ئۆلۈمنى تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ***﴾ (43/«زۇخرۇف»: 77). ئۇلارغا: ﴿***دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ)***﴾ (52/«تۇر»: 16).

## 19) ئۇلار ھەرىكەت قىلالمايدىغان تار بىر ئورۇنغا تاشلىنىدۇ

ئاللاھ تائالا دوزاخ ھەققىدە ئېيتىدۇ: ﴿***دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمنى تىلەيدۇ. (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ)***﴾ (25/«فۇرقان»: 12 – 14). يەنى ئۇلار دوزاخنىڭ تار بىر يېرىگە قوللىرى بويۇنلىرىغا ئىشكەللەر بىلەن باغلانغان ھالدا تاشلانغان

چاغدا، ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۆلۈمنى تىلەپ توۋلايدۇ. ئۇلارغا ئۆلۈمنى ئەيىبلەپ ۋە كايىغان ھالدا: «سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار، سىلەر ھەرگىزمۇ ئازابتىن قۇتۇلىدىغان جاينى تاپالمايسىلەر» دېيىلىدۇ.

**20) ئۇلارنىڭ يىغا، نالە - پەريادلىرى**

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە - پەرياد چېكىدۇ***﴾ («ھۇد»: 106/11).

**نەسىھەت**

**«يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»**

## ئاياللار جەننەت ئەھلىنىڭمۇ، دوزاخ ئەھلىنىڭمۇ كۆپچىلىكىدۇر

ھەدىسلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدىكى، ئاياللار جەننەتتە ئەرلەردىن كۆپ بولغىنىدەك، دوزاختىمۇ ئەرلەردىن كۆپتۇر.

- ئۇنداقتا بۇ قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟
- بۇنىڭ دەلىلى نېمە؟
- بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟

ئاللاھ تائالا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىنى ھەممە تەرەپلەردە باراۋەر قىلدى، پەقەت ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتى بۇ ئىككى جىنسنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ئاز بىر قىسىم تەرەپلەردە باراۋەر قىلمىدى.

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاق تەرەپلەر ئۇ ئىككى جىنسنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاق بولمىغان تەرەپلەردىن كۆپرەكتۇر. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش، رامازان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ماللىرىدىن زاكات بېرىش ۋە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ ۋە يەنە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە زىنا قىلىش، يالغان گەپ قىلىش ۋە ھاراق ئىچىش ھارام بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا جەننەتلەرگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

### جەننەتتە ئەرلەر كۆپمۇ ياكى ئاياللارمۇ؟

ئەسھابلەر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىدا بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشقاندى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدى: «ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتمىغانمۇ: ‹جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەتنىڭ سۈرىتى ئاي تولغان كېچىسىدىكى تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە تۈكۈرۈشمەيدۇ، مىشقىرىشمايدۇ ۋە تەرەت

قىلىشمايدۇ. جەننەتتە ئۇلارنىڭ قاچىسى ئالتۇندىن، تاغاقلىرى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن، ئىسرىقدانلىرىدىكى يېقىلغۇلىرى ئۇد ھىندى، تەرلىرى مۇشك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى ئەرلەرنىڭ) ھەربىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككىدىن (ھۆر پەرى) ئايالى بولىدۇ»[1].

بۇ ھەدىستە شۇ نەرسە ئېنىقكى، جەننەتتە ئاياللار ئەرلەردىن كۆپرەكتۇر، جەننەت ئاياللىرىنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ سانىنىڭ بىر ھەسسىسىدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكتۇر.

سالىھ ئاياللارنىڭ جەننەتكە كىرگەندىكى نېئمەتلىرى شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر نېئمەتىدىنمۇ كاتتا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار كېيىنچە سۆزلىنىدۇ.

بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان ئاياللارنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بىلەن «ئى ئاياللار جامائەسى! سەدىقە قىلىڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئىكەنلىكىڭلارنى كۆردۈم»[2] دېگەن ھەدىسنى قانداق چۈشىنىمىز؟

دۇنيادا ئەسلىدىلا ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ سانىدىن كۆپرەكتۇر. ھەدىستە «قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئەللىك ئايالغا بىر ئەر ئىگە بولغانغا قەدەر ئەرلەرنىڭ كېمىيىپ، ئاياللارنىڭ كۆپىيىشىدۇر» دەپ كەلگەن[3]. ھازىرقى دەۋرىمىزدە، ئاياللارنىڭ نىسبىتى ۋە قىز بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇشى تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتىدۇ. ھەتتاكى بەزى دۆلەتلەردە ئەرلەرنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ، بىر ئەرنىڭ باراۋىرىدە بەش ئايال بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ سانىدىن كۆپ بولىدى. دېمەك، قىيامەت كۈنى دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ يېرىمى جەننەتكە كىرىپ، ئاياللارنىڭمۇ يېرىمى جەننەتكە كىرسە، يەنە ئاياللارنىڭ سانى ئارتۇق بولىدۇ، چۈنكى دۇنيادا ئاياللارنىڭ سانى كۆپرەكتۇر. شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ تۆتتىن بىرى دوزاخقا كىرىپ، ئاياللارنىڭمۇ

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3245)؛ مۇسلىم (2834).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (304)؛ مۇسلىم (79).
(3) مۇسلىم (2671) ـــ ت.

تۆتتىن بىرى دوزاختا كىرسە، يەنە دوزاختا ئاياللارنىڭ سانى كۆپرەك بولىدۇ، چۈنكى دۇنيادا ئاياللار كۆپرەكتۇر.

بۇنىڭغا بىنائەن، «دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللاردۇر» دېگەن ھەدىستىن ئايال زاتىنى سۆككەنلىك ياكى كەمسىتكەنلىك ۋەياكى «ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپ گۇناھ - مەئسىيەت قىلىدۇ» دېگەن مەنا چىقمايدۇ.

**چۈشىنىش**

**كىمكى ئايەت - ھەدىسلەرگە قارايدىغان بولسا، ئاياللارنىڭ دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى بولۇشتىن بۇرۇن جەننەت ئەھلىنىڭمۇ كۆپچىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.**

# دوزاخ ئەھلىنىڭ جاڭجاللىششى

دۇنيادىكى ۋاقىتىدا ھەددىدىن ئاشقان ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلغان دوزاخ ئەھلى دۇنيادا بىر سەپتە تۇرغان ۋە ئۆلپەتلەشكەنلەر بولسىمۇ، لېكىن گۇناھ - مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشتە ئۆزئارا ھەمكارلاشقانلار ئىدى.

- ئۇنداقتا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟
- ئۇلارنىڭ دوستلۇقى نەدە بولىدۇ؟
- ئۇلار ئۆزئارا جاڭجاللىشامدۇ؟

ھەددىدىن ئېشىش، گۇناھ ئۆتكۈزۈش ۋە باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەرقانداق دوستلۇق قىيامەت كۈنى ئاداۋەت، مەھرۇم بولۇش، ھەسرەت چېكىش ۋە زىيان تارتىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار دۇنيادا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ.

## ئاسىيلارنىڭ ئاخىرەتتە بىر - بىرىگە لەنەت قىلىشىدىغانلىقى

ئاللاھ تائالا شۇ چاغدىكى ھالەتنى سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ﴿***ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ***﴾(29/«ئەنكەبۇت»: 25).

شۇنداق، ئۇلار ئاخىرەتتە بىر - بىرىگە لەنەت قىلىشىدۇ. ئەگەر بىر ئاسىي - گۇناھكار ئۆزى بىلەن تانسىخانىلاردا ۋە باشقا فىسقى - فۇجۇر جايلىرىدا بىللە بولغان بىر دوستىنى كۆرسە، ئۇنىڭ ئۆزىنى گۇناھ - مەئسىيەتكە قىزىقتۇرغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ ۋە

تىللايدۇ. ئۇنىڭ دوستىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش رەددىيە بېرىدۇ.

## يولباشچىلار ۋە سەردارلار

ئىنسانلار خاراكتېرلىرىنىڭ قۇۋۋىتىدە ۋە ئىقتىدارلىرىدا پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىلارغا يولباشچىلىق قىلالايدىغان خاراكتېرى كۈچلۈك ئىنسانلار بار، ئۇلار ئەگەشتۈرگۈچىلەردۇر. يەنە باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان، باشقىلار قايسى تەرەپكە باشلىسا، شۇ تەرەپكە ماڭىدىغان خاراكتېرى ئاجىز ئىنسانلار بار، ئۇلار ئەگەشكۈچىلەردۇر. قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ ۋە مالامەت قىلىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار (يەنى خالايىقلار) نىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن) چىقىپ، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدۇ، ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) مۇتەكەببىرلىرىگە (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزگە بولۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراق دەپمۇ قىلالامسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلبەتتە سىلەرنى ھىدايەت قىلاتتۇق، بىز مەيلى نالە - پەرياد قىلايلى، مەيلى سەۋر قىلايلى، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق» دەيدۇ***﴾[(14/«ئىبراھىم»: 21)].

يامانلىقلارنىڭ بېشى، ئازغۇنلۇقنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئەسكىلىكلەرنىڭ يولباشچىسى بولغان ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغاي!

ئاللاھ تائالا يەنە ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىز (ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزدىن دوزاخ ئازابىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ. ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرى): «شۈبھىسىزكى، بىز ھەممىمىز دوزاختىمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى» دەيدۇ***﴾[(40/«غافىر»: 47، 48)]، ﴿***دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۆرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ. ئۇلار:***

*«پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ*﴿ (33/«ئەھزاب»: 67، 68).

مانا بۇ ئازغۇنلۇقنىڭ يولىدۇر. ئۇلار باشلىقلىرىغا ۋە كاتتىلىرىغا ئىتائەت قىلدى. ئۇ باشلىقلىرى ئۇلارنىڭ دىنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ زىنا قىلىشنى چىرايلىق كۆرسەتكەندى، ئۇلار زىنا قىلدى. باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى يېيىشنى چىرايلىق كۆرسەتكەندى، ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلدى. باشلىقلىرى ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرىغا ياخشىلىق قىلىشتىن، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەشتىن، ناماز ئوقۇشتىن ۋە روزا تۇتۇشتىن يۈز ئۆرۈتكەندى، ئۇلار ئىتائەت قىلدى. قىيامەت كۈنى سىرلار ئېچىلىدۇ، پەردىلەر يىرتىپ تاشلىنىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۇرگۈچىلەرنى تىللايدۇ ۋە بەددۇئا قىلىدۇ، لېكىن پۇشايمان ۋە مالامەت كار قىلمايدۇ.

نىھايەت

ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىغان ھەرقانداق دوستلۇق قىيامەت كۈنى دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ.

# دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدىغان تۈنجى ئىنسانلار

دوزاخ ئاللاھ تائالا ئۇنى ياراتقاندىن باشلاپ، داۋاملىق كۆيۈپ، يالقۇنجاپ تۇرۇۋاتىدۇ. دوزاخ دوزاخ ئەھلىگە غەزەپلەنگەنلىكتىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكىلەردىن ۋە كېيىنكىلەردىن ھېساب ئالغان چاغدا، دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدىغان بىرمۇنچە ئىنسانلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلار باشقىلاردىن ئىلگىرى دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

- ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟
- ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟

ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئەسلى شەرتى ئاشۇ ئەمەلدە ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش، شەرىئەتكە ئەگىشىش ۋە ئەمەلنىڭ رىيادىن ۋە بىدئەتتىن خالىي بولۇشىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئەمەللىرىدە رىيادىن ۋە بىدئەتتىن يىراق بولسا، نىجات تاپىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇفەي ئەلئەسبەھي دېدىكى: «مەن مەدىنە مەسجىدىگە كىردىم، مەسجىدتە بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە ئىنسانلار ئولىشىۋاپتۇ، مەن:

– بۇ كىم؟ – دەپ سورىسام، ئۇلار:

– ئەبۇ ھۇرەيرە، – دېدى.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم، ئۇ كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئايرىم قالغان چاغدا، ئۇنىڭغا:

– سىلىدىن ھەققى سورايمەنكى، مەن سىلىدىن سىلى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلاپ چۈشەنگەن ۋە بىلىۋالغان قانداقلىكى بىر ھەدىسنى سورىسام، دەپ بەرسىلە، – دېگەنىدىم، ئەبۇ ھۇرەيرە:

– مەن ساڭا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سۆزلەپ بەرگەندە، مەن چۈشەنگەن ۋە بىلىۋالغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىمەن، – دېدى. ئاندىن يىغلاپ سالدى. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ:

– مەن ساڭا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا مەن ئۇ زات بىلەن بۇ ئۆيدە ئىدۇق، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، – دېدى. ئاندىن يەنە يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى ۋە يۈزىنى سىلىۋېتىپ:

– مەن ساڭا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا مەن ئۇ زات بىلەن بۇ ئۆيدە ئىدۇق، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، – دېدى. ئاندىن يەنە قاتتىق يىغلاپ نالە - پەرياد قىلىپ سالدى ۋە يان تەرىپىگە سەل سىڭايان بولۇپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. ئاندىن ئۇ ئەسلىگە كەلدى ۋە دېدىكى:

– نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: ‹ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بولغاندا، بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. ھەممە ئۈممەتلەر تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا چاقىرىدىغان تۇنجى ئىنسانلار "قۇرئان"نى يادلىغان كىشى، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ۋە مال - دۇنياسى كۆپ بولغان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا "قۇرئان" ئوقۇغان كىشىگە:

– مەن رەسۇلۇم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان نەرسىنى ساڭا ئۆگەتمىدىممۇ؟! – دەيدۇ. ئۇ:

– شۇنداق، ئى رەببىم! – دەيدۇ. ئاللاھ:

– مېنىڭ ئۆگەتكەنلىرىمگە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ – دەيدۇ. ئۇ:

– مەن كېچە - كۈندۈز ھەرۋاقىت "قۇرئان" ئوقۇغان ئىدىم، – دەيدۇ. ئاللاھ تەبارەكە ۋەتائالا:

– سەن يالغان ئېيتتىڭ، – دەيدۇ.

پەرىشتىلەرمۇ:
– يالغان ئېيتتىڭ، – دەيدۇ ۋە ئاللاھ:

– بەلكى سەن پالانى قارىيكەن، دەپ قالسۇن دېگەننى كۆزلىگەن ئىدىڭ، ئۇ سۆز دېيىلىپ بولدى، – دەيدۇ.

ئاندىن ئاللاھ بۇيرۇيدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.
ۋە مال - دۇنيانىڭ ئىگىسى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا:
– مەن ساڭا رىزقىڭنى كەڭرى قىلمىدىممۇ؟ ھەتتاكى سېنى بىرەرسىگە موھتاج بولىدىغان دەرىجىدە تاشلاپ قويمىدىم، – دەيدۇ. ئۇ:

– شۇنداق، ئى رەببىم! – دەيدۇ.

– ساڭا ئاتا قىلغانلىرىمغا قارىتا نېمىلەرنى قىلدىڭ؟

– مەن سىلە - رەھىم ۋە سەدىقە قىلغان ئىدىم.

– سەن يالغان ئېيتتىڭ.

پەرىشتىلەرمۇ:
– يالغان ئېيتتىڭ، – دەيدۇ ۋە ئاللاھ:

– بەلكى سەن پالانى بەك سېخىيكەن دېيىلىشنى كۆزلىگەن ئىدىڭ، بۇ سۆز دېيىلىپ بولدى، – دەيدۇ.

ئاندىن ئاللاھ بۇيرۇيدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.
ۋە ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا:
– نېمە ھەققىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ، – دېيىلىدۇ. ئۇ:

– مەن سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدىم، مەن تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلدىم، – دەيدۇ.

– سەن يالغان ئېيتتىڭ.

پەرىشتىلەرمۇ:
– يالغان ئېيتتىڭ، – دەيدۇ ۋە ئاللاھ:

**– بەلكى سەن پالانى بەك باتۇركەن، دېيىلىشنى كۆزلىگەن ئىدىڭ، بۇ سۆز دېيىلىپ بولدى، – دەيدۇ.**

**ئاندىن ئاللاھ بۇيرۇيدۇ، ئۇ يۈزىچە سۆرىلىپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە دېدى: ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **مېنىڭ تىزىمغا ئۇرۇپ تۇرۇپ: ‹ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئاشۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى قىيامەت كۈنى دوزاخ ئوتى تۇنجى تۇتاشتۇرۇلىدىغان ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدۇر› دېدى»[1].**

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، شۇفەي ئەلئەسبەھىي دېگەن كىشى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بىۋاستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىشىنى سورىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ئەسلىگەن. بۇ ئەمەللىرىدە ئىخلاس قىلمىغان ئىنسانلار ئۈچۈن تەھدىت كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ تۇنجى يېقىلغۇسى بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ھەدىس ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۆزىگە قارىتا نىيىتى ۋە ئىخلاسىدىن قورقۇپ، نەچچە قېتىم يىغلاپ قاتتىق ئىسەدەپ كەتكەن. ئاندىن سەل سىڭايان بولۇپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، «مەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن» دېگەن.

بۇ ھەدىس نىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە ئەمەللەردە ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئىخلاس قىلىشنىڭ بەك مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەندىگە ھەر ۋاقىت نىيىتىنى روسلاپ تۇرۇشى ۋە نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

### يورۇتما

**ئىخلاسمەن كىشى يامان ئەمەللىرىنى يوشۇرغاندەك، ياخشى ئەمەللىرىنىمۇ يوشۇرىدىغان كىشىدۇر.**

(1) ئىبنى خۇزەيمە (2482). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1713) «سەھىھ» دېگەن.

## سادىر قىلغۇچىسىغا دوزاخ ۋەدە قىلىنغان گۇناھلار

ئاللاھ تائالا ئەنبىيائىلەرنى بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ھاۋايى - ھەۋىسى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان ۋەھيىدۇر. گۇناھلار تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار ۋە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار گۇناھلار بار. ھەممە نەرسە چوڭ - كىچىك ھەممىنى ئايرىپ قويماي يېزىپ ماڭغان كىتابقا خاتىرىلەنگەندۇر. بۇ يەردە بىر تۈرلۈك گۇناھلار بولۇپ، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارنىڭ بەك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەك يامان بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

- **ئۇنداقتا بۇ گۇناھلار قايسىلار؟**
- **ئۇنى قىلغۇچىلار كىملەر؟**
- **نېمە ئۈچۈن بۇ گۇناھلار باشقىلىرىدىن خەتەرلىك بولىدۇ؟**

رەببىمىز ئاللاھ مەخپىي سىرلارنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ زات ھۆكۈم قىلىشتا ئەڭ ئادىل ۋە تالاش - تارتىش قىلغانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتا ئەڭ ئالىمدۇر. ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر ۋە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن:

1) ناھەق ھۆكۈم قىلغۇچىلار

ئاللاھ تائالا شەرىئەتنى ئىنسانلارنىڭ ئادىللىقنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈردى ۋە بەندىلىرىنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند -***

نەسىھەت قىلىدۇ﴾(16/«نەھل»: 90).

كىمكى ئايرىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىغا ئىگە قىلىنغان بولسا، ئاندىن ھۆكۈمدە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان بولسا ياكى پارا ۋە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى يېگەن بولسا، دوزاختا لايىق بولۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قازىيلار ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى جەننەتتە، ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ. جەننەتتە بولىدىغىنى ھەقنى بىلىپ، ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىدۇر. ھەقنى بىلىپ، ناھەق ھۆكۈم قىلغان كىشى دوزاختا ۋە كىشىلەرگە بىلىمسىزلىك بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىمۇ دوزاختىدۇر» دېگەن[1].

2) نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىدىن ھەدىس توقۇش

ھەدىسلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەت بېرىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىندۇر. ئەگەر ھەدىس توقۇماقچى بولغانلار ئۈچۈن ساھە ئېچىپ قويۇلغان بولسا، شەرىئەت ئەھكاملىرى قالايمىقانلىشىپ، دىنىنىڭ ئىشلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ نامىدىن ھەدىس توقۇغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «ماڭا يالغاننى چاپلىماڭلار! ماڭا يالغاننى چاپلىغان كىشى جەھەننەمگە كىرگەي!» دېگەن[2].

3) ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگۈچى

ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر. قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان ئىش قانلار ئارىسىدا بولىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾(4/«نىسائ»: 93).

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (3573). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4446) «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (106)؛ مۇسلىم (1).

ھەدىستە كېلىشىچە: «ئەگەر ئىنس - جىنلار ھەممىسى بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەمكارلاشقان بولسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دوزاختا يۈزىچە تاشلىغان بولاتتى. ھەقىقەتەن، ئاللاھ قاتىلغا ۋە ئۇنى بۇيرۇغۇچىغا جەننەتنى ھارام قىلدى»[1].

4) ئۆسۈم يېگۈچىلەر

ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ھەممە تەرەپلىرىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن كەلگەن دىن بولۇپ، ئۆسۈم يېيىشنى ھارام قىلغانلىقى بۇنىڭ قاتارىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئاللاھ سودا - سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز - نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى ئاللاھ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴾[2/«بەقەرە»: 275].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ھالاكەتكە ئاپارغۇچى يەتتە تۈرلۈك ئېغىر گۇناھتىن ساقلىنىڭلار! – دېگەندە، ئەسھابلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار قايسىلار؟! – دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ زات:

– ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈش، ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، (جەڭگە يۈرۈش كۈنىدە قېچىش ۋە يامان ئىشتىن بىخەۋەر مۇئمىنە ئاياللارغا بوھتان چاپلاش، – دېدى[2].

5) باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش

---

(1) ئەسبەھانىي: «ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، (2330).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2766)؛ مۇسلىم (89).

باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يوللار بىلەن يەۋېلىش ئۇنى قىلغان كىشى دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولىدىغان چوڭ زۇلۇمنىڭ قاتارىدىندۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلەرنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر**﴾(4/«نىسائ»: 29، 30).

6) زالىملارغا مايىل بولۇش

زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى بەك خەتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا زۇلۇمنى ئۆزىگە ھارام قىلدى ۋە مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىمۇ بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدى. باشقىلارنىڭ رىزىقلىرىغا، يۈز - ئابرۇيلىرىغا ۋە ۋەزىپىلىرىگە زۇلۇم قىلىش ھارامدۇر. زالىملارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارغا مايىل بولۇش بولسا گۇناھ ۋە دۈشمەنلىككە ھەمكارلاشقانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتقۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر**﴾(11/«ھۇد»: 113).

يەنى زالىملارغا ياردەم قىلماڭلار، ئۇلارغا تايانماڭلار، ئۇلار ئارقىلىق ئىززەت تېپىشنى ئويلىماڭلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى ياخشى سانىماڭلار. ئەگەر بۇنداق قىلساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىغا رازى بولغانلىقىڭلارنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىسىلەر ۋە سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرىدىغان ھېچ ياردەمچى تاپالمايسىلەر.

7) ھايۋاننى قىيناش

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**بىر ئايال بىر مۈشۈكنى ئۆلگىچە**

قامـاپ قويغانلىقى ئۈچـۈن دوزاختـا ئازابلانغـان، سـولاپ قويغاندىـن كېيىـن يـا ئۈنىڭغـا يېمـەك - سـۇ بەرمىگـەن، يـا يەردىكـى ھاشـاراتلارنى يېيىشـى ئۈچـۈن قويۇۋەتمىگەن» دېگەن[1].

دېمـەك، بـۇ ئايـال مۈشـۈكنى سـولاپ قويـۇپ، تاماقمـۇ بەرمـەي، زېمىنىنىڭ ھاشاراتلىرىدىنمۇ يېگىلى قويمىغان ئىدى.

8) يېرىـم يالىڭـاچ ئاياللار ۋە باشـقىلارنى ئۇرىدىغان ئادەملەر

چاكىنـا كىيىملەرنـى كىيىـش ۋە ئەۋرەتلەرنـى ياپماسـلىق بۇزۇقچىلىقنىـڭ تارقىلىشـىغا ئېلىـپ بارىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، ئـاللاھ تائالا ئەۋرەتلەرنى يېپىشقا ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇغان.

نەبىـي سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم يېرىـم - يالىڭـاچ كىيىنگـەن ئاياللارنىـڭ دوزىخـي بولىدىغانلىقـى ۋە باشـقىلارغا ئەزىيـەت يەتكـۈزۈپ، ئۇلارنـى تايـاق ۋە قامچـىلار بىلـەن ئۇرىدىغـان زالىملارنىڭمـۇ دوزىخـي بولىدىغانلىقىدىــن خەبــەر بېرىــپ ئېيتتىكــى: «ئىككـى تۈرلـۈك دوزىخـي ئادەملـەر باركـى، ئۇلارنـى تېخـى كـۆرۈپ باقمىدىـم: بىـرى، قوللىرىدىكـى كالىنىـڭ قۇيرۇقىـدەك قامچـىلار بىلـەن كىشـىلەرنى ئۇرىدىغـان ئادەملـەر. يەنـە بىـرى، يېرىـم - يالىڭـاچ كىيىنگـەن، ئۆزلىرىمـۇ ئېزىـپ، باشـقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغـان، باشـلىرى تۆگىنىـڭ سـىڭايان لوككىسـىدەك ئايـاللار بولـۇپ، ئـۇلار جەننەتكـە كىرەلمەيـدۇ. جەننەتنىـڭ ھىدىنىمـۇ پۇرىيالمايـدۇ. ھالبۇكـى، جەننەتنىـڭ ھىـدى مۇنچىلىـك - مۇنچىلىك يىراق مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ»[2].

بـۇ ھەدىسـتە تىلغـا ئېلىنغـان باشـقىلارنى ئـۇرۇش بولسـا باشـقىلارنى ناھـەق ئۇرۇشـنى كۆرسـىتىدۇ. ئەممـا، خاتالىـق ئۆتكۈزگەنلەرنـى جازالاش ئۈچـۈن ئـۇرۇش ۋە شـەرئىي جازانـى ئىجـرا قىلىـش ئۈچـۈن ئـۇرۇش دېگەنـدەك ھەقلىـق ئـۇرۇشلار بولسـا چەكلەنمەيـدۇ. خـۇددى ئـاللاھ تائـالا بـۇ ئايەتتـە ئېيتقانـدەك: ﴿***زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ*** ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ***ئۇرۇڭلار***﴾[«نۇر»: 2/24].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3482)؛ مۇسلىم (2242).
(2) مۇسلىم (2128).

**9) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش**

بىر جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ھەتتاكى بىر ئىنسان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، ئۆزىنى قايسى شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈۋالىدىكەن، ئۇ جەھەننەم ئوتىدادۇر، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قالغۇچى، مەڭگۈ قالدۇرۇلغۇچى بولۇپ، تائەبەدكىچە تاشلىنىدۇ، كىمكى زەھەر ئوتلاپ ئۆلۈۋالغان بولسا، زەھىرى قولىدا بولىدۇ، ئۇنى جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قالغۇچى، مەڭگۈ قالدۇرۇلغۇچى بولۇپ، تائەبەدكىچە ئوتلايدۇ، كىمكى ئۆزىگە تىغ تىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىكەن، تىغى قولىدا بولىدۇ، ئۇ تىغ جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ قالغۇچى، مەڭگۈ قالدۇرۇلغۇچى بولۇپ، تائەبەدكىچە ئۇنىڭغا تىقىلىدۇ»**[1].

**10) ئىلىم تەلەپ قىلىشتا ئىخلاس قىلماسلىق**

ئىخلاس قىلىش ۋە سۈننەتكە ئەگىشىش ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئەسلى شەرتىدۇر. ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەڭ ئەۋزەل سالىھ ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ ئەنبىيائەلەرنىڭ قالدۇرغان مىراسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىلىم ئىخلاس قىلىش ۋە نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن زىيادە بولىدۇ. كىمكى رىيا قىلسا ۋە نام - ئابرۇي تېپىشنى ئويلىغان بولسا، زىيان تارتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق بىرەر غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»** دېگەن[2].

**11) ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردا بىرنەرسە ئىچىش**

ئاللاھ تائالا بىزگە پاك نەرسىلەرنى مۇباھ قىلدى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنى بىز ئۈچۈن ياراتتى. ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردىن باشقا ھەرقانداق قاچىلاردىن ئىچىملىك ئىچىش دۇرۇس بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئالتۇن - كۈمۈش قاچىدا ئىچكەن ئادەم**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5778)؛ مۇسلىم (109).

(2) ئەبۇ داۋۇد (3664). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 6159) «سەھىھ» دېگەن.

ئەمەلىيەتتە قورسىقىغا دوزاخ ئوتىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋاتقان بولىدۇ» دېگەن[1].

## 12) كىبىر

كىبىر – مەغرۇرلىنىش، باشقىلارنى ھاقارەتلەش، كۆزگە ئىلماسلىق ۋە زاڭلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

كىبىر نۇرغۇن ئىنسانلارنى باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن توستى. مۆئمىنلەرگە ئەزىيەت بېرىشكە، ئۇلاردىن ئۆزرە سورىماسلىققا ۋە سىلە - رەھىم قىلماسلىققا ئېلىپ باردى. يەنە بەزىدە كىبىر ئىنساننى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ۋە كەمبەغەللەر بىلەن قىستىلىشىپ قېلىشتىن قېچىپ، مەسجىدتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى تەرك ئېتىشكە ئېلىپ باردى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن سۆزلەپ بەرگەن بىر ھەدىس قۇدسىيدا ئېيتىدۇ: **«كىبىر ۋە ئۇلۇغلۇق مېنىڭ خاس سۈپەتلىرىم بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭدىن بىرىنى مەندىن تالاشىدىكەن، ئۇنى دوزاختا تاشلايمەن. كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىمەن. كىمكى ماڭا يۈگۈرۈپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ تېز بارىمەن. كىمكى مېنى ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە ياد ئېتىمەن. كىمكى مېنى بىر جامائەت بار يەردە ياد ئەتسە، مەن ئۇنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋە ياخشىراق جامائەت بار يەردە ياد ئېتىمەن»**[2].

### ھەقىقەت

***﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾***(41/«فۇسسىلەت»: 46).

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5634)؛ مۇسلىم (2065).

(2) ئىبنى ھىببان (328). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

## دوزاختىن ئەڭ ئاخىردا نىجات تاپىدىغان ئىنسان

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنىدىكى بولىدىغان ئىشلاردىن خەبەر بەردى. مۆئمىن ئادەم بۇ ھەدىسلەرنى ئوقۇسا، ئەمەللەرنى كۆپ قىلىدۇ ۋە يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىدۇ. بۇنىڭ قاتارىدىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دوزاختىن ئەڭ ئاخىردا نىجات تېپىپ، جەننەتكە كىرىدىغان ئادەم ھەققىدە بەرگەن خەبىرىدۇر.

- ئۇنداقتا ئۇ كىشى توغرۇلۇق كەلگەن خەبەر قايسى؟
- ئۇ دوزاختىن قانداق نىجات تاپىدۇ؟
- ئۇنىڭ جەننەتتە ئېرىشىدىغان نېئمىتى نېمە؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. ئەسھابىلەر ئۇ زاتتىن سوئال سوراپ تۇراتتى، ئۇ زات بولسا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى. بۇ سوئاللارنىڭ قاتارىدىن ئەسھابىلەرنىڭ ئۇ زاتتىن مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان سوئالىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «كىشىلەر:

– يا رەسۇلەللاھ! قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەمدۇق؟ – دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

– تولۇن ئاينى بۇلۇتسىز ئاسماندا كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟ – دېدى. ئۇلار:

– گۇمانلانمايمىز يا رەسۇلەللاھ! – دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ:

– بۇلۇتسىز ئاسماندا كۈننى كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟ – دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

– ياق، – دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

– رەببىڭلارنى قىيامەت كۈنى ئاشۇنداق ئېنىق كۆرىسىلەر. ئاللاھ خالايىقنى توپلاپ: ‹كىم نېمىگە ئىبادەت قىلغان بولسا، شۇنىڭغا ئەگەشسۇن› دەيدۇ. قۇياشقا

ئىبادەت قىلغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلغانلار ئايغا، بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، مۇشۇ ئۈممەتلا ئارىسىدىكى مۇناپىقلىرى بىلەن بىللە قالىدۇ. بۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۇلار تونۇمايدىغان سۈرەتتە كېلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن› دېسە، ئۇلار: ‹سېنىڭ شەررىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەيمىز، تاكى رەببىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەنگە قەدەر مۇشۇ جايىمىزدا تۇرىمىز، رەببىمىز كەلسە ئۇنى بىز تونۇيمىز› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان سۈرەتتە كېلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار› دېسە، ئۇلار ئاللاھنى تونۇپ: ‹سەن بىزنىڭ رەببىمىز› دەپ ئاللاھقا ئەگىشىپ مېڭىشىدۇ. دوزاخنىڭ كۆۋرۈكى سېلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ):

– شۇنداق قىلىپ ئەنبىيائىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۈممىتىنى ئېلىپ ئەڭ ئالدىدا سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدىغان كىشى مەن بولىمەن. ئەنبىيائىلەرنىڭ دۇئالىرى: ‹ئى ئاللاھ! ئامان قىلغىن! ئامان قىلغىن!› دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. دوزاختا سەئدانىنىڭ تىكىنىدەك قارماقلار بار، سىلەر سەئدانىنىڭ تىكىنىنى كۆرمىگەنمىدىڭلار؟ – دېگەنىدى، ساھابەلەر:

– ھەئە كۆرگەن، – دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى:

– لېكىن، ئۇنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. قارماقلار كىشىلەرنى قىلمىشلىرىغا قاراپ قاماپ ئالىدۇ، ئۇلاردىن قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنىدىغانلىرى، يەنە ئۇلاردىن قىچىنىڭ دانىسىدەك چېچۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاندىن قۇتۇلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئاخىرى ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئوتتۇرىدا ھۆكۈم قىلىپ بولۇپ، دوزاخ ئەھلى ئىچىدىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ / بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەبۇد يوقتۇر› دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلەردىن خاھلىغان كىشىلەرنى دوزاختىن چىقارماقچى بولسا، پەرىشتىلەرنى ئۇلارنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى پېشانىلىرىدىكى سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇيدۇ. ئاللاھ دوزاخقا ئادەم بالىسىدىكى سەجدىنىڭ ئىزىنى كۆيدۈرۈشنى ھارام قىلغۇەتكەن بولۇپ، شۇنداق قىلىپ پەرىشتىلەر ئۇلارنى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ھالەتتە ئېلىپ چىقسا، ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىغا ‹ھاياتلىق سۈيى› دەپ ئاتىلىدىغان سۇ قۇيۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەزالىرى، خۇددى كەلكۈننىڭ لاتقىلىرىدا ئۈرۈق ئۈنۈپ چىققاندەك، تېز ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇ چاغدا جەننەت بىلەن

دوزاخنىڭ ئارىسىدا دوزاخ تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرغان بىر ئادەم قىلىپ: «ئى رەببىم! دوزاخنىڭ شامىلى دىمىمنى سىقىۋەتتى، يالقۇنى مېنى كۆيدۈرۈۋەتتى، شۇڭا يۈزۈمنى دوزاختىن بۇراپ قويساڭ» دەپ دۇئا قىلىۋېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: «بۇ تەلىپىڭ ئورۇندالسا، بەلكىم باشقىنى سورارسەن؟» دېسە، ئۇ ئادەم: «ياق! ھەققى - ھۆرمىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەرگىزمۇ باشقىنى سورىمايمەن» دەپ، ئاللاھقا نۇرغۇن ۋەدە - قەسەملەرنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ قويىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويساڭ!» دەيدۇ، ئاللاھ: «ھەرگىزمۇ باشقىنى سورىمايمەن، دەپ تۇرۇۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟ ۋاي ئىسىت ساڭا ئادەم بالىسى! سەن نېمە دېگەن سۆزىدە تۇرماس ھە!» دېسە، ئۇ دۇئا قىلىۋېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ساڭا بۇ تەلىپىڭنى ئورۇنداپ بەرسەم، بەلكىم باشقىنى سورارسەن؟» دېسە، ئۇ ئادەم: «ياق! ھەققى - ھۆرمىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەرگىزمۇ باشقىنى سورىمايمەن» دەپ، باشقىنى سورىمايدىغانلىقىغا ئاللاھقا نۇرغۇن ۋەدە - قەسەملەرنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ خېلى ۋاقىتقىچە چىداپ جىم تۇرىدۇ. ئاندىن: «ئى رەببىم! مېنى جەننەتكە كىرگۈزگىن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ھەرگىزمۇ باشقىنى سورىمايمەن دەپ تۇرۇۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟ ۋاي ئىسىت ساڭا ئادەم بالىسى! سەن نېمە دېگەن سۆزىدە تۇرماس ھە!» دېسە، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى سېنىڭ ئەڭ شەقىي بەندەڭ قىلمىغايسەن» دەپ دۇئا قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئاللاھ ئۇنىڭ ھالىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۈلگىنىدە ئۇنىڭغا جەننەتكە كىرىشكە ئىجازەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭغا: «ماۋۇنىڭدىن ئارزۇ قىلغىن» دېيىلىدۇ، ئۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ماۋۇنىڭدىن ئارزۇ قىلغىن» دېيىلىدۇ، ئۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى تۈگەپ قالغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: بۇ (ئېيتقان ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ) سېنىڭ بولسۇن، يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر ھەسسىسى بىللە بولسۇن» دەيدۇ». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مۇشۇ ئادەم جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغىنىدۇر» دېدى[1].

## دوزاخقا كىرىپ، ئاندىن يەنە دوزاختىن چىقىدىغان ئىنسانلار

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «كىمدەكىم قەلبىدە

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6573)؛ مۇسلىم (182).

**ياخشىلىقتىن ئارپا چاغلىق بولغان ھالەتتە ‹لا الـه الا اللـه / بىـر ئاللاھتىـن باشقا ئىلاھ يوقتۇر› دېگەنلا بولسا دوزاختىن چىقىپ كېتىدۇ؛ كىمكى قەلبىدە ياخشىلىقتىن بۇغداي چاغلىق بولغان ھالەتتە ‹لا الـه الا اللـه / بىـر ئاللاھتىـن باشقا ئىلاھ يوقتۇر› دېگەنلا بولسا دوزاختىن چىقىپ كېتىدۇ؛ كىمكى قەلبىدە ياخشىلىقتىن زەررە چاغلىق بولغان ھالەتتە ‹لا الـه الا اللـه / بىـر ئاللاھتىـن باشقا ئىلاھ يوقتۇر› دېگەنلا بولسا دوزاختىن چىقىپ كېتىدۇ»[1].**

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئاللاھ تائالا رەھمىتى ۋە كەرەمى بىلەن ئاللاھنى بىر دەپ تونۇغان بەندىلەرنى دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىمان بۇغدايچىلىك، ئارپىچىلىك ۋە قۇناقچىلىك بولسىمۇ، دوزاختىن چىقىدۇ.

ئاللاھتىن بىزنى دوزاختىن ساقلىشىنى ۋە بىزنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلماسلىقنى سورايمىز. ئامىن.

### دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلار

دوزاختىن چىقماي ۋە يوقاپ كەتمەي دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان دوزاخ ئەھلى بولسا كۇففارلار ۋە مۇشرىكلەردۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***كافىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز***﴾(35/«فاتىر»: 36)، ﴿***كافىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ***﴾(2/«بەقەرە»: 39).

### ئىشىنىش

**بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىشى ۋە مەغفىرىتى ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى بىلىشى ئۇنىڭ ئاللاھقا يېلىنىپ، كۆپ دۇئا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (44)؛ مۇسلىم (193).

# جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئارىسىدىكى چاقىرىشلار

مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىپ، جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىنىڭ ئىچىدە قارار تېپىپ، جەننەتنىڭ شاراپلىرىدىن ۋە ھەسەللىرىدىن ئىچىپ ۋە جەننەتتە ئاللاھنىڭ جامالىغا قارىغان چاغدا ۋە دوزاخ ئەھلىمۇ دوزاخقا كىرىپ، دوزاختا ئازابلىنىپ، دوزاخنىڭ ئاچچىق زەققۇم (ئىچىملىك) لىرىدىن ئىچكەن چاغدا جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چاقىرىشلار ۋە سۆھبەتلەر بولىدۇ.

- **ئۇنداقتا بۇ سۆھبەتلەر نېمە؟**
- **ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟**
- **بۇ سۆھبەتلەر قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟**

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ئۇلار ئۇچۇن جەننەتتە كۆڭۈللىرى تارتقان، كۆزلىرى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە كۆڭۈللىرىدە نېمىنى ئويلىسا شۇ بولىدىغان نېئمەتلەرنىڭ بارلىقى بىلەن ۋەدە قىلدى. جەننەتتە ئۇلارغا ئاتا قىلىنىدىغان نېئمەتنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان، نادانلىقتا نىسبەت بەرگەن ۋە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى بەرگەن ئىنسانلارنى دوزاختا كۆرۈپ كۆڭۈللىرىنىڭ تەسكىن تېپىشىدۇر. دېمەك، ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئۇلارنى خار قىلىش ئۇچۇن سۆزلىشىدۇ.

## بىرىنچى نىدا

بۇ جەننەت ئەھلى جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى تېتىپ ۋە ئاللاھ ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دوزاخ ئەھلىگە قىلىدىغان نىدادۇر. دېمەك، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، نېئمەت ۋە ئازاب ھەقتۇر. جەننەتتىكىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىدىن دۇنيادىكى چاغدا جەننەت ۋە دوزاخنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتماي، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقماي

خاتىرجەم تۇرمۇشتا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ھالى ھەققىدە سورىشىدۇ.

جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە نىدا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ***﴿ئەھلى دوزاخقا: «بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: «زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن. زالىملار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ﴾***(7/«ئەئراف»: 44، 45). دوزاخ ئەھلى ئۆزئارا لەنەت قىلىپ ۋارقىرايدۇ، لېكىن ئۇلارغا بۇ لەنەت قىلىشىش مەنپەئەت قىلمايدۇ.

### ئىككىنچى نىدا

بۇ ئەئراف ئەھلىنىڭ جەننەت ئەھلىگە قىلىدىغان نىداسىدۇر. ئەئراف ئەھلى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن قىلمىشلىرى باراۋەر بولۇپ قالغانلار بولۇپ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، جەننەتكىمۇ ، دوزاخقىمۇ كىرمەيدۇ.

ئەئراف ئەھلى جەننەت ئەھلىنى ئۇلارنىڭ نۇرانىلىكى ۋە گۈزەللىكىگە قاراپ تونۇيدۇ. دوزاخ ئەھلىنى بولسا ئۇلارنىڭ قاپقارا سۈپەتلىرىگە قاراپ تونۇيدۇ. ئەئراف ئەھلى جەننەت ئەھلىنى چاقىرغان، ئۇلارغا سالام قىلغان ھالدا نىدا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: ***﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلار ئەھلى جەننەتكە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر﴾***(7/«ئەئراف»: 46).

### ئۈچىنچى نىدا

بۇ ئەئراف ئەھلىنىڭ دوزاخ ئەھلىگە قىلىدىغان نىداسىدۇر. ئەئراف ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ تارتقان ئازابىنى، ھەسرەت

چېكىۋاتقانلىقلىرىنى، قانلىرىنىڭ ئېقىپ، تېرىلىرىنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قاتتىق ۋارقىراۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارىغا ئۆزلىرىنى ئاشۇ زالىملار بىلەن قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

ئاندىن ئەئراف ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە مالامەت قىلىپ: «سىلەرنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن يىغىلغانلىقىڭلار ۋە ماللىرىڭلار، مەنسەپلىرىڭلار بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟ نېمىگە مەنپەئەت قىلدى؟ مانا ھازىر سىلەر دوزاخنىڭ ئازابىدا بىر يەرگە يىغىلىپسىلەر» دەيدۇ.

**ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرۇلغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ. ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخى) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل - ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دەپ توۋلايدۇ. (ئەئرافتىكىلەر دوزىخىلەرگە مۆئمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا ئۇلارغا) جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر (دېيىلدى دەيدۇ)*﴾**(7/«ئەئراف»: 47 – 49).

### تۆتىنچى نىدا

بۇ ھەسرەت نىداسى بولۇپ، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتتىق ھارارەتلىك قايناقسۇدىن ئىچىپ، زەققۇمدىن بىر يۇتۇمدىن، بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ، ئېچىنىشلىق يىغلىغان ھالدا قىلىدىغان نىداسىدۇر. ئۇلار جەننەت ئەھلىگە سۇ ۋە ياخشى رىزىق سوراپ نىدا قىلىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۇلارغا: «سىلەر خار بولۇڭلار، چۈنكى سىلەر دىنىنى ئويۇن - تاماشاغا ۋە ھاياتنىڭ مىزانىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئۇنۇتقان ئىدىڭلار، بۈگۈن سىلەر زىيان تارتقۇچى قەۋمسىلەر» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

﴿ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): «ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ. كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى، ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)﴾ (7/«ئەئراف»: 50، 51).

يەنە بىر قاراشتا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ سۆھبەتلەر جەننەت ئەھلى پىلسىراتتىن ئۆتۈپ، دوزاختىن نىجات تاپقاندىن كېيىن بولىدۇ، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا دوزاخ ئەھلىگە بۇرۇلۇپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىدۇ».

ئاللاھتىن بىزنى ئازغۇنلۇق ۋە پىتنەلەردىن ساقلىشىنى ۋە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ۋە بىزگە رەھىم قىلىشىنى سورايمىز. ئامىن.

ئۈمىد

﴿ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): «ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ﴾ (7/«ئەئراف»: 50).

ئى ئاللاھ! بىزگە رەھىم قىلغىن.

# قىيامەت كۈنى ئىبلىسنىڭ بارارجايى

ئىبلىس ئازغۇنلۇقنىڭ بېشى، سالىھلەرنىڭ دۈشمىنى ۋە گۇناھكار-لارنىڭ ياردەمچىسىدۇر. كىمكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا ھالاك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلسا نىجات تاپىدۇ.

- ئۇنداقتا شەيتان كىم؟
- ئۇنىڭ ۋەقەلىكى قانداق؟
- قىيامەت كۈندىكى شەيتاننىڭ نۇتقى قانداق؟
- ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىگە نېمە دەيدۇ؟

شەيتان دېگەن ئىسىم «قۇرئان»دا 88 قېتىم تەكرارلانغان. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ خەتىرىنى بىلدۈرۈش، ئىنسانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ سۈيىقەستلىرىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈندۇر.

قىيامەت كۈنى شەيتاننىڭ ئەھۋالى بەك خاراب بولىدۇ. ئاللاھ بىزگە شەيتاننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن خەۋەر بەردى ۋە بىزگە ئۇنى دۈشمەن تۇتۇشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿***شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ***﴾(35/«فاتىر»: 6).

ئەنبىيائىلەرمۇ ئەۋلادلىرىغا بۇ ھەقتە ۋەسىيەت قىلغان. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا: ﴿***شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر***﴾(12/«يۇسۇف»: 5) دېگەن.

## شەيتاننىڭ ۋەقەلىكىنىڭ بېشى

شەيتان جىننىڭ جۈملىسىدىندۇر. جىن ئىنساندىن ئىلگىرى زېمىندا بار ئىدى. ئۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قان تۆكتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا پەرىشتىلەر قوشۇنىنى ئەۋەتتى.

پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئۇرۇپ، دېڭىزلارنىڭ ئاراللىرىغا ھەيدىۋەتتى ۋە ئىبلىسنى ئەسىر ئالدى. ئىبلىس تەقۋالىق ئىزھار قىلىپ، پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئىبادەت قىلدى.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ۋە ئىبلىسنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چاغدا، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى، پەقەت ئىبلىسلا تەكەببۇرلۇق قىلىپ، سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى ۋە: ***﴿سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟﴾***(17/«ئىسرائ»: 61) دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئىبلىسكە لەنەت قىلدى ۋە ئۇنى رەھمىتىدىن قوغلىدى. ئىبلىس بولسا قىلغان خاتالىقىغا تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىپ، رەببىدىن گۇناھىنى كەچۈرۈشىنى تىلىمىدى. بەلكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا ئۆچمەنلىك قىلدى ۋە ئىنسانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق قىلىش ئۈچۈن تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: ***﴿شۈبھىسىزكى بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا): «سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردىن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن». ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنگىچە) مۆھلەت بەرگىن» دېدى. ئاللاھ: «ساڭا مۆھلەت بېرىلدۇ» دېدى. ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن». ئاللاھ ئېيتتى:***

***«جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن»*** (7/«ئەئراف»: 11 – 18).

دېمەك، ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھىيلە قىلىپ، ئۇ ۋە ئايالى ھەۋۋانىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇ داۋاملىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئىنسانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئازدۇرۇپ كەلمەكتە.

## شەيتاننى دۈشمەن تۇتۇشىمىز

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بىزگە شەيتاننى دۈشمەن تۇتۇشىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىشىمىزنى ۋاجىب قىلدى ۋە بىزنى شەيتانغا ئىتائەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار﴾*** (35/«فاتىر»: 6)، ***﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾*** (36/«ياسىن»: 60، 61).

## شەيتاننى يارىتىشتىكى ھېكمەت

ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەممىسىنى ئاللاھ يارانقان بولۇپ، ئاللاھ بۇ ئىككى يولنى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾*** (91/«شەمس»: 7 – 10)، ***﴿كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن***

***ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ***﴾(79/«نازىئات»: 37 – 41).

ئىبلىسمۇ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، رەببىگە دېگەن ئىدى: ﴿***«ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خاھلىغانچە يېتىلەيمەن)»***﴾ (17/«ئىسرائ»: 62).

بۇ ئايەتتىن خۇددى شەيتاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشىنىمىز: «سەن ھۆرمەتلەپ، بىزنى سەجدە قىلىشىمىزغا بۇيرۇغان بۇ ئىنسان چوقۇم زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ ۋە ناھەق قان تۆكىدۇ. ئى رەببىم! ماڭا مۆھلەت بەرگىن، مەن ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ، بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايمەن».

ئاللاھ تائالانىڭ ئىبلىسنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى دەرھال دوزاخقا تاشلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىنسانلارنىڭ ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن، شەيتاننى دەرھال دوزاخقا تاشلىماسلىقنى تەقەززا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبلىسقا مۆھلەت بەردى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا دېگەنكى: ﴿***شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغفىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر***﴾(2/«بەقەرە»: 268).

## ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلغانلىقى

ئاللاھ تائالانىڭ سېخىيلىقىنىڭ جۈملىسىدىن، ئۇ زاتنىڭ رەھمىتى كەڭرىدۇر، ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى ۋە مەرھەمەتلىكتۇر. ئۇ زات تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە ئۆزى تەرەپكە قايتقۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر شەيتان ئىنسانغا يۈز قېتىم ۋەسۋەسە قىلسىمۇ، بىر ياخشى ئەمەل ئۇ خاتالىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق كىشىنى ئاگاھلاندۇرماستىن ئازابلىمايدۇ. ھەقتائالا

ئېيتىدۇ: ***﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾*** (17/«ئىسرائ»: 15).

## شەيتانىنىڭ قەدەملىرى

شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، تەدرىجىي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارغا بىر گۇناھ ئىشنى قىلسا، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق گۇناھنى قىلىشى ئۈچۈن ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئاقىۋىتى دوزاخ بولىدىغان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىغا ئېلىپ بارىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شەيتانىنىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴾***(2/«بەقەرە»: 168)، ***﴿ئى مۆئمىنلەر! شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ﴾***(24/«نۇر»: 21).

پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدىنمۇ ئوچۇق بايان بارمۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ يەنە نۇرغۇن ئىنسانلار شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ.

## ئىبلىسنىڭ كۇرسىسى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خەبەر بەردىكى، ئىبلىس كۇرسىسىنى سۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ئاندىن شەيتانلاردىن بولغان قوشۇنلىرىنى ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فىتنە تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىدە تۇرۇپ، ياردەمچىلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۇ ئەڭ كۆپ فىتنە تۇغدۇرغان شەيتانىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن قىلىدۇ ۋە چوڭ فىتنەلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ:

– مەن مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم، – دەيدۇ، ئىبلىس ئۇنىڭغا:

– سەن ھېچ ئىش قىلماپسەن، – دەيدۇ. ئاندىن يەنە بىرسى

كىلىپ:

– مەن مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم، – دەيدۇ، ئىبلىس ئۇنىڭغىمۇ:

– سەن ھېچ ئىش قىلماپسەن، – دەيدۇ. ئاندىن يەنە بىرسى كىلىپ:

– مەن ئۇنى بوش قويۇۋەتمىدىم، ئاخىرى ئۇنى ئايالىدىن ئايرىۋەتتىم، – دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبلىس ئۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلىدۇ ۋە:

– سەن ياخشى قىپسەن، – دەيدۇ[1].

دېمەك، ئىنسان بارلىق خۇسۇمەت، ئىختىلاپ ۋە غەزەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىسى شەيتاندىن بولىدىغانلىقىنى بىلىشى، ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇنىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

## شەيتاننىڭ قوشۇنى

شەيتانغا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئەگەشىش ئاقىۋەتتە دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتان ھەققىدە ئېيتىدۇ: ﴿***شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۇشمەندۇر، ئۇنى دۇشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ***﴾(35/«فاتىر»: 6)، ﴿***ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر***﴾(58/«مۇجادەلە»: 19).

ئىبلىس ئوتتىن يارىتىلغان تۇرسا، دوزاختا قانداق ئازابلىنىدۇ؟

شەيتان ئەسلىدە ئوتتىن يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىر ئوت ئەمەس. خۇددى ئىنسان لايدىن يارىتىلغان بولسىمۇ، ھازىر لاي بولمىغاندەك. ئىنسان لاي بىلەن ئازابلىنىشى مۇمكىن بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان لايغا پېتىپ كەتسە، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ، ئەگەر لاي بىلەن ئۇرۇلسا، ئاغرىقنى تارتىدۇ. بەزىدە قۇرۇق لاي بىلەن ئۇرۇلسا ئۆلۈپ

---

(1) مۇسلىم (2813).

قىلىشى مۇمكىن.[1]

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتاتتى. شەيتان ئۇ زاتقا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېنىغا كەلدى. ئۇ زات:

– ئاللاھتىن سېنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن، – دېدى. ئاندىن:

– ئاللاھنىڭ لەنىتى بىلەن ساڭا لەنەت قىلىمەن، – دەپ ئۈچ قېتىم دېدى ۋە خۇددى بىرنەرسىنى ئالغاندەك قولىنى ياي‌دى. ئۇ زات نامازدىن پارىغ بولغان چاغدا، ئەسھابىلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! نامازدا بىرنەرسە دېگەنلىكلىرىنى ئاڭلىدۇق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنداق دېگەنلىكلىرىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق ۋە قوللىرىنى يايغانلىقلىرىنى كۆردۇق، – دېگەندى، ئۇ زات دېدى:

– ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىبلىس يۈزۈمگە تاشلاش ئۈچۈن بىر پارچە چوغنى ئېلىپ كەلگەنىدى، مەن: ‹ئاللاھتىن سېنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن، ئاللاھتىن سېنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن، ئاللاھتىن سېنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن› دېدىم. ئاندىن: ‹ئاللاھنىڭ تولۇق لەنىتى بىلەن ساڭا لەنەت قىلىمەن، ئاللاھنىڭ تولۇق لەنىتى بىلەن ساڭا لەنەت قىلىمەن، ئاللاھنىڭ تولۇق لەنىتى بىلەن ساڭا لەنەت قىلىمەن› دېدىم، ئۇ كەينىگە چېكىنمىدى.

ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇنجۇقتۇردى. ئۇ زات دېدى:

– ھەتتاكى قولۇمنىڭ ئۈستىدە، ئۇنىڭ تىلىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر قېرىندىشىم سۇلايماننىڭ دۇئاسى بولمىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆرۈشى ئۈچۈن، باغلاقلىق ھالەتتە تۇرغان بولاتتى».[2]

(1) ئەينەكمۇ تۇپىدىن ياسىلىدۇ. لېكىن ئۇ ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۇپا ئەمەس، پۈتۈنلەي باشقا بىرنەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئەينەكنى تۇپىغا ئۇرساق ياكى تۇپىغا ئارىلاشتۇرساق، ئۇ تۇپىدىن ياسالغان بولسىمۇ سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك شەيتان ئەسلىدە ئوتتىن يارىتىلغان بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى دوزاختا ئازابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھازىر ئوت ئەمەس، جىسمى بار ۋە ئاغزىدا شۆلگىيى بار مەخلۇقتۇر.

(2) مۇسلىم (542)؛ نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، (11375)؛ ئىبنى ھىببان (2350). بۇ ھەدىسنى بىرقانچە رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كەلتۈردۈم.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىق بولىدۇكى، جىن ۋە شەيتانلار ھازىر ئوت ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇلار ھازىر ئوت بولغان بولسا ئىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدا شەيتاننىڭ تىلىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ھازىر ئوت بولغان بولسا ئىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە قانداقمۇ باغلىسۇن؟ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن، شەيتان ئىنساننىڭ قان تومۇرلىرىدا ئاقىدۇ»**[1] دېگەن. ئەگەر شەيتان ھازىر ئوت بولغان بولسا، شەيتان ئىنساننىڭ ئىچىدە بولغاچقا، ئىنسان كۆيۈپ كەتسە بولاتتى.

## شەيتاننىڭ نۇتقى

ئىش پۈتۈپ دۇنيا ئاخىرلاشقان، تارازا تىكلەنگەن، نامەئى ئەئماللەر تارقىتىلىپ، ئوڭ قول ئىگىلىرىمۇ، سول قول ئىگىلىرىمۇ نامەئى ئەئماللىرىنى ئالغان، پەرۋەردىگارىمىز خالايىقلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلگەن، ھەربىر ئادەم نامەئى ئەئمالىدىكى ئەمەلگە قارىتا نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋە جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا ئايرىلغان چاغدا، شەيتان ئورنىدىن تۇرۇپ، دوزاخ ئەھلىگە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نېمە دەيدۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: ***﴿ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتىيلەر بىلەن دوزىخىيلەر ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىبادەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلەرنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن،***

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2038)؛ مۇسلىم (2175).

*سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ﴾* (14/«ئىبراھىم»: 22).

شۇنداق، شەيتان ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە: «مېنى ئەيىبلىمەڭلار» دەيدۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. ئۇنداقتا ئۇلار كىمنى ئەيىبلىشى كېرەك؟ ئۇلارنى يامان ئىشلارغا چاقىرغان كىم؟ ناھەق قان تۆكۈشكە كۈشكۈرتكەن كىم؟ ئۇلارغا ھارامنى زىننەتلىگەن ۋە ئۇلارنى گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە قىزىقتۇرغان كىم؟ بۇنىڭ جاۋابى: «ئۆزۈڭلەرنى ئەيىبلەڭلار» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئاندىن شەيتاننىڭ بۇ نۇتقىدا دوزاخ ئەھلىگە ھەسرەت ۋە ئەلەمنى زىيادە قىلىدىغان، شەيتاننىڭ ھەقىقىتى ئايان بولىدىغان ۋە شەيتان ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا - جۇدا بولىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار.

شەيتان ئۇلارغا: «مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى (ئىبادەتتە) ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن» دەيدۇ. يەنى سىلەرنىڭ ماڭا ئىتائەت قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، بۈگۈن سىلەرگە پەقەت ياخشى ئەمەللىرىڭلارلا ئەسقاتىدۇ.

ئاندىن شەيتان ئۇلارغا نەتىجىدىن خەبەر بېرىپ: «شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ.

خىتاب مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. بۇ كافىرلارنىڭ باشلىقى ۋە گۇناھكارلارنىڭ قوماندانى بولغان شەيتاننىڭ ئەھۋالىدۇر.

### خىيانەت

**ئىبلىس ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋاپاسىز بولغاچقا، ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ.**

# جەننەت

جەننەت – ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن، ئەمەل قىلغۇچىلار ئەمەل قىلىدىغان ۋە مۆئمىنلەر بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان ئەڭ قىممەتلىك ئارزۇدۇر. ئۇ ئاشىقلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئىشقىدۇر. بۇ جەننەتكە يېتىش ئۈچۈن تەقۋادارلار كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزىدۇ ۋە دىن يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ. ئۇ تەقۋادارلارنىڭ، شېھىدلارنىڭ ۋە سالىھلەرنىڭ ئاخىر قايتىدىغان جايىدۇر. ئۇ نۇر ۋە رەيھان ۋە تاتلىق مېۋىلەردۇر. ئۇ جەننەتتە بەندىلەر نېئمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، ئۇلار يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ، لېكىن تەرەت قىلمايدۇ. خۇش پۇراق ئىشلىتىدۇ، مىشقىرمايدۇ. كۈلىدۇ، يىغلىمايدۇ. مۇقىم تۇرىدۇ، سەپەر قىلمايدۇ. داۋاملىق ياشايدۇ، ئۆلمەيدۇ. ئۇ جەننەتتە يۈزلەر كۈلۈپ تۇرىدۇ ۋە خۇشاللىق يېغىپ تۇرىدۇ.

- ئۇنداقتا جەننەت قانداق جاي؟
- ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قانداق؟
- جەننەت ئەھلى كىملەر؟
- جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللار قايسىلار؟

# جەننەتنىڭ ئىسىملىرى

جەننەت – پۈتۈن بالا - قازا ۋە ئاپەتلەردىن خالىي بولغان تىنچلىق دىيارىدۇر.

جەننەت–ئۈنىڭدا جەننەت ئەھلى ئۆلمەيدىغان ۋە قېرىپ كەتمەيدىغان مەڭگۈلۈك دىياردۇر.

جەننەت – ئۈنىڭدا جەننەت ئەھلى يۆتكەلمەيدىغان ۋە زېرىكمەيدىغان مۇقىم دىياردۇر.

جەننەت – مۇئمىنلەر نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەردىن كېيىن پاناھلىنىدىغان پاناھگاھتۇر.

ئۇ ئەدن جەننەتلىرىدۇر، ئۇ ھەقىقىي ھاياتلىق دىيارىدۇر، ئۇ پىردەۋس جەننەتلىرىدۇر، ئۇ نەئىم جەننەتلىرىدۇر، ئەمىن يۇرتتۇر ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك يۇرتتۇر.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**_شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئۇلار) قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ_**﴾(«قەمەر»: 54، 54/55).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «**ئاللاھ تائالا: ‹مەن سالىھ بەندىلىرىم ئۈچۈن ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچبىر ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدىم› دېگەن**». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «ئەگەر خاھلىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: ﴿**_ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ_**﴾(«سەجدە»: 17/32)»[1].

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3244)؛ مۇسلىم (2824).

- ئۇنداقتا جەننەتنىڭ ئىسملىرى قايسىلار؟
- جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ تۇنجىسى كىم؟ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى قانداق؟
- جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى كىم؟
- جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكىسى ۋە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدىكىسى كىم؟
- جەننەتنىڭ بازارلىرى نېمە؟

## جەننەت ئەھلىنىڭ پەرۋەردىگارىنى زىيارەت قىلىشى ۋە جەننەتتە مەڭگۈ قالىدىغانلىقى

كىمكى جەننەتكە كىرسە، دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «قىيامەت كۈنى دۇنيادا ئەڭ باياشاتچىلىقتا ياشىغان، ئەمما دوزىخي بولغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا چۆكتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا:

— ئى ئادەم بالىسى! سەن بۇرۇن ياخشى ياشىغانمۇ؟ نازۇ - نېمەتلەرنى كۆرگەنمۇ؟ — دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم:
— ياق، رەببىم! سەن بىلەن قەسەمكى، ھېچقاچان ياخشى ياشاپ باقمىغان، — دەيدۇ. دۇنيادا ئەڭ جاپا - مۇشەققەتتە ياشىغان، ئەمما جەننەتي بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا:
— ئى ئادەم بالىسى! سەن بۇرۇن قاتتىقچىلىق، جاپا - مۇشەققەت تارتقانمۇ؟ بېشىڭدىن قاتتىقچىلىق ئۆتكەنمۇ؟ — دېيىلىدۇ. ئۇ:
— ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن قىيىنچىلىق تارتىپ باقمىدىم، مەن قاتتىقچىلىقنىمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزمىدىم، — دەيدۇ»[1].

ئەسھابىلەر جەننەتكە ئىشتىياق باغلايتتى ۋە جەننەتكە كىرسە، كىرگەندىن كېيىنكى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپەككۇر قىلاتتى. بىرى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ:

– ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتتە ئات بارمۇ؟ – دېگەنىدى، ئۇ زات:

– ئەگەر ئاللاھ سېنى جەننەتكە كىرگۈزسە، سەن قىزىل ياقۇتتىن بولغان بىر ئاتقا مىندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خاھلىغان يېرىڭگە ئۇچىسەن، – دېدى. يەنە

(1) مۇسلىم (2807).

بىر ئادەم كېلىپ سوراپ:

– ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتتە تۆگە بارمۇ؟ – دېگەنىدى، ئۇ زات:

– ئەگەر ئاللاھ سېنى جەننەتكە كىرگۈزسە، جەننەتتە سەن ئۈچۈن كۆڭلۈڭ تارتقان ۋە كۆزۈڭ ھۇزۇرلىنىدىغان نەرسىلەر بولىدۇ، – دېدى»[1].

يەنە بىر كۈنى بىر ئەئرابىي نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن، مەن ئاتنى ياقتۇرىمەن، جەننەتتە ئات بارمۇ؟ – دېگەنىدى، ئۇ زات:

– ئەگەر جەننەتكە كىرگۈزۈلسەڭ، ساڭا ئىككى قاناتلىق بىر ياقۇت ئات كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا مىندۈرۈلسەن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خاھلىغان يېرىڭگە ئۇچىسەن، – دېدى[2].

## دۇئا

ئى ئاللاھ! بىز سەندىن جەننەتنى سورايمىز. ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھلىق تىلەيمىز.

(1) ئەھمەد (22982). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى زەئىپ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (2544). ئالبانىي: («زەئىفۇتتىرمىزىي»، 2544) «زەئىپ» دېگەن.

## جەننەتكە قىزىقتۇرۇش

بىر ئادەمنىڭ نەپسى بىرنەرسىگە قانچە قىزىقىپ، ئىشتىياق باغلىسا، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە جەننەتنى سۈپەتلەپ چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى بۇ گۈزەل ماكانغا چاقىردى ۋە رىغبەتلەندۈردى.

بىر كۈنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىغە مۇنداق دېدى:

**– راستچىللىق بىلەن جەننەت ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بىرەركىم يوقمۇ؟ چۈنكى، جەننەت بىنەزىر جايدۇر. كەئبەنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئالىي، ئاپەتلەردىن سالامەت ۋە گۈزەل دىياركى، شادلىق، كۆركەملىك ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتتىكى چاقناپ تۇرغان نۇردۇر، لەرزان لىڭشىيدىغان كۆكلەمدۇر، بەھەيۋەت سارايلاردۇر، ئېقىن ئۆستەڭلەردۇر، پىشقان ساناقسىز مېۋىلەردۇر، ساھىبجامال جۈپتۇر ۋە نۇرغۇن قۇر كىيىمدۇر. ئەسھابلەر:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! بىز جەننەت ئۈچۈن راستچىللىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلارمىز، – دېگەنىدى، ئۇ زات:**

**– ‹ئاللاھ خاھلىسا› دەڭلار، – دېدى، ئاندىن جىھادنى زىكىر قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇردى[1].**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتنى سالىھ بەندىلىرىگە تەييارلىغانلىقى ۋە زىننەتلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: **«ئاللاھ تائالا: ‹مەن سالىھ بەندىلىرىم ئۈچۈن ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچبىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدىم› دېگەن»**. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: **«ئەگەر خاھلىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى**

---

(1) ئىبنى ماجە (4332). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى زەئىف» دېگەن.

ئوقۇڭلار: ﴿*ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ*﴾(«سەجدە»: 17/32)»[1].

## ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىلىرىدىن يىراق بولىدۇ

ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلى جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغانلىقى ۋە تىرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر سورۇنىدا بولدۇم. ئۇ زات سورۇن ئاخىرلاشقانغا قەدەر جەننەتنى سۈپەتلىدى. ئاخىرىدا: ‹جەننەتتە ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچبىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نەرسىلەر بار› دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿*ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ*﴾(«سەجدە»: 16، 17/32)[2].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتتىكى ئەڭ كىچىك بىرنەرسىنىڭمۇ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن چوڭراق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئەگەر جەننەتتىكى تىرناق كۆتۈرەلىگۈدەك بىرنەرسە (دۇنيادىكىلەرگە) كۆرۈنسە ئىدى، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسى گۈزەللىكتە پۈركەنگەن بولاتتى. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى (دۇنيادىكىلەرگە) قاراپ ئۇنىڭ بىلەيزۈكلىرى كۆرۈنسە ئىدى، خۇددى قۇياش يۇلتۇزلارنىڭ نۇرنى ئۆچۈرۈپ قويغاندەك، بىلەيزۈكلىرىنىڭ نۇرى قۇياشنىڭ نۇرنى ئۆچۈرۈپ قويغان بولاتتى»[3].

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3244)؛ مۇسلىم (2824).

(2) مۇسلىم (2825).

(3) تىرمىزىي (2538). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 3396) «ھەسەن غەرىب» دېگەن.

## مۇئمىنلەر نىجات تاپتى

جەننەتنى ئاللاھ تائالا داۋاملىق بەندىلىرى ئۈچۈن تەييارلاپ ۋە زىننەتلەپ تۇرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ئاللاھ تائالا ئەدىن جەننىتىنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىپ، ئۇنىڭدا مېۋىلىرىنى ساڭگىلاتتى ۋە ئۆستەڭلىرىنى ئاقتۇردى. ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ:

— سۆزلىگىن، — دېگەنىدى، ئۇ:

— مۇئمىنلەر نىجات تاپتى، — دېدى. ئاللاھ ئېيتتى:

— ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، سەندە بېخىل كىشى ماڭا يېقىن تۇرالمايدۇ، — دېدى»[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئېيتىدۇ: «ھەقىقەتەن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ياسىنىڭ مىقدارىچىلىك، ياكى قامچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقچىلىك جەننەتتىكى ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ناۋادا جەننەت ئەھلىدىن بىر ئايال زېمىن ئەھلىگە قارايدىغان بولسا، ئەلبەتتە ئىككىسىنىڭ (جەننەت بىلەن زېمىننىڭ) ئارىلىقىنى يورۇتۇۋەتكەن، ئەلبەتتە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى خۇشپۇراققا توشقۇزۇۋەتكەن بولاتتى. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ روملىمۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «جەننەتتىكى نەرسىلەر دۇنيادىكى نەرسىلەرگە پەقەت ئىسىمدىلا ئوخشايدۇ» دېگەن[3].

بۇ جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدۇر. جەننەتتە مېۋىلەر دۇنيادىكى مېۋىلەرگە ئىسىملىرىدا ئوخشاشتۇر، مەسىلەن جەننەتتىمۇ ئەنجۈر، ئۈزۈم... قاتارلىقلار بار. لېكىن، بۇ مېۋىلەر جەننەتتە كۆرۈنۈشى بەك گۈزەل، بەك سىلىق، بەك تەملىك، ئېلىش بەك ئاسان ۋە بەك يېيىشلىك بولغان مېۋىلەردۇر.

---

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، (12555). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 2247) «زەئىف» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2796)؛ مۇسلىم (1880).

(3) بەيھەقىي: «ئەلبەئسۇ ۋەننۇشۇر»، (322)؛ ئەبۇ نۇئەيم: «سىفەتۇلجەننەتى»، (119). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3769) «سەھىھ» دېگەن.

## ئىشتىياق

**جەننەتكە ئىشتىياقى بارلار بارمۇ؟ بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇئمىن ترىشىپ ئەمەل قىلىدۇ.**

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللار

تەقۋادارلار جەننەت ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا، تائەت - ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا ھېرىسمەن كىشىلەردۇر. ئىبادەت بولسا بەندىلەرگە قىلىنغان بىر تۈرلۈك تەكلىپتۇر. ئەگەر بەندىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولسا، نەپسىنىڭ شەھۋىتىدىن غالىب كېلىدۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى چوڭ بىلىدۇ، تائەت - ئىبادەتلەرنى بىجانىدىل ئورۇندايدۇ ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

بەندىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللار كۆپ بولۇپ، ئايەت - ھەدىسلەردە بۇ يوللار بايان قىلىنغان.

- **ئۇنداقتا بۇ يوللار قايسىلار؟**
- **بۇ يوللارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟**
- **كىشىلەرنى بۇ يوللارغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟**

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جەننەت نەپس ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەر بىلەن، دوزاخ ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن ئورالغان» دېگەن**[1].

مۇئمىن ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسىدىن غالىب كېلىپ، پەرۋەردىگارى ئىرادە قىلغان ئىشلارنى ئۆز ئىرادىسىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان كۆپ يوللارنى زىكىر قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى زىكىر قىلىمىز:

1) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش

جىھاد قىلىش ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى ۋە ئەنبىيائىلەرنىڭ سۈننىتىدۇر. كىمكى جىھاد قىلماي ۋە كۆڭلىدە جىھاد قىلىشنى ئويلىماي ئۆلۈپ كەتسە، نىفاقنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ

---

(1) مۇسلىم (2822).

كەتكەن بولىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار***﴾ (2/«بەقەرە»: 216).

ئاللاھ تائالا جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقانكى: «**ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا چىققان ئادەمگە كېپىل بولدى، ئۇ كىشى پەقەت مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتقانلىقى، ئەنبىيائىلىرىمگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا چىقتى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى چىققان ئۆيىگە ئەجىر ۋە غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالەتتە قايتۇرۇشقا ئۇ كىشىگە مەن كېپىلمەن، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ يولىدا يارىلانغان ھەربىر يارا قىيامەت كۈنى يارىلانغان چاغدىكى ھالەتتە رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەردە ئۈممىتىمگە مۈشكۈل بولۇشىنى دېمىسەم، ئاللاھ يولىدا ئاتلانغان ھەرقانداق قوشۇندىن قېلىپ قالمىغان بولاتتىم. لېكىن ئۇلارنى جابدۇش ئىمكانىيىتىم يوق، ئۇلارنىڭمۇ ئىمكانىيىتى يوق بولغاچقا، مەن ئاتلانسام، ئۇلارغا مەن بىلەن بىللە چىقماسلىق ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلسەمكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم**»[1].

2) مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا قىلغان رەھمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىناپ بالا - قازا بەرسە، بۇ بالا - قازانى ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىنىڭ يولى قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى***

---

(1) مۇسلىم (1876).

**ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتىپلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[«ئال ئىمران»: 3/142]**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىننىڭ بەدىنىگە ۋە مېلىغا داۋاملىق بالا - قازا يېتىپ تۇرىدۇ، ئاخىرىدا، ئۇ ئاللاھ بىلەن ھېچقانداق گۇناھى يوق ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ» دېگەن[1].

دېمەك، كىمكى كېسەللىك، پېقىرلىق، بالىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، تۇرمىگە كىرىپ قېلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىگە سەۋر قىلسا، بۇ مۇسىبەتلەر ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرىغا كەففارەت بولىدۇ ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتىدۇ.

3) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش

بۇ ئىنساننىڭ نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىبادەتتۇر، بەزىدە بۇ ئىبادەتنى قىلغان ئادەم ئۇچۇن ئەزىيەت يېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىدۇ: ***﴿ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾***[«لوقمان»: 31/17].

4) باشقا جىمى ئىبادەتلەرنى بىجانىدىل ئورۇنداش

ئاللاھقا كەمتەرلىك بىلەن قۇللۇق قىلمايدىغان ئادەم ئىسلام دىنى بىزنى بۇيرۇغان ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەرنىڭ بەندىگە بىرئاز مۇشەققەت كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، لېكىن بۇ كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغان ئىبادەتلەردۇر. بەندىنىڭ ئىمانى قانچە كۈچلەنگەنسىرى، ئۇ بۇ ئىبادەتلەردىن شۇنچە ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ.

---

(1) بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»، (494). ئالبانىي: («سەھىھۇل ئەدەبىل مۇفرەد»، 380) «سەھىھ» دېگەن.

ناماز ئىمانى ئاجىز ئادەملەرگە ئېغىر كېلىدىغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: **﴿سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴾**(«بەقەرە»: 2/45).

زاكات بېخىل ئادەملەرگە ئېغىر كېلىدىغان ئىبادەتتۇر. ھەج ھۇرۇن ئادەملەرگە ئېغىر كېلىدىغان ئىبادەتتۇر. قاچانىكى، بەندە ئىبادەتكە بەك ئالدىرايدىغان، ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان بولسا، ئۇ جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا شۇنچە تېز يېتىدۇ. بەندە قاچانىكى، ئىبادەتلەرگە سەل قارايدىغان، ھۇرۇن ۋە بوشاڭ بولسا، ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئازابقا شۇنچە يېقىن بولۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللاردۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾**(«تەۋبە»: 9/72).

### رەھمەت

**ئاللاھ تائالا جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يوللىرىنى تۈرلۈك قىلغان.**

## جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان كىشى

جەننەت ئەھلى شەرەپ ۋە كارامەت ئەھلىدۇر. كىمكى جەننەتكە كىرىپ، مېھرىبان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشسە، نىجات تاپقان بولىدۇ. قاچانكى بەندە جەننەتكە قانچە ئالدىرىسا، ئۇ شۇنچە ئەزىز بولىدۇ.

- ئۇنداقتا جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار كىملەر؟
- جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان ئۈممەت قايسى؟
- كەمبەغەللەر ۋە بايلارنىڭ قايسىسى جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدۇ؟

جەننەتكە ئالدىراش مۇئمىنلەرنىڭ يولى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىككە ئىشەنگەنلەرنىڭ غايىسىدۇر.

تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرگۈچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ھەقىقەتەن، ئۇ زاتنىڭ جەننەتكە ھەممىدىن بۇرۇن كىرىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ بۇ زاتنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ زات جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىلىدىغان تۇنجى ئىنساندۇر. ئۇ زات: «**مەن قىيامەت كۈنى ئەنبىيائىلەرنىڭ ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغۇچىدۇرمەن، مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى چەككۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلىمەن**» دېگەن[1]. يەنە دېگەنكى: «**مەن قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتە:**

**– سەن كىم؟ – دەيدۇ. مەن:**

**– مەن مۇھەممەد، – دەيمەن. پەرىشتە:**

**– ساڭا ئېچىشقا بۇيرۇلدۇم، سەندىن ئىلگىرى ھېچبىرىگە ئېچىپ باقمىغان ئىدىم، – دەيدۇ**»[2].

(1) مۇسلىم (196).

(2) مۇسلىم (197).

## جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان ئۈممەت بىزنىڭ ئۈممىتىمىزدۇر

بۇنىداق بولۇشى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەتتۇر، بۇ ئۈممەت جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىدۇر ۋە قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەر ئۈستىدىن گۇۋاھچىدۇر. بەلكى بۇ ئۈممەت يەنە قىيامەت كۈنى ئىلگىرىكى ئەنبىيائىلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«بىز (دۇنياغا) ئەڭ ئارقىدا كېلىپ، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا تۇرغۇچىلارمىز. بىز جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرگۈچىلەرمىز»** دېگەن[1].

## ئۈممىتىمىزدىن جەننەتكە ئەڭ باشتا كىرگۈچى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر

بۇنىداق بولۇشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەرەپلىك بولغانلىقى، يولباشچى بولغانلىقى، دىنغا ياردەم بەرگەنلىكى ۋە جېنىنى، مېلىنى، ھاياتىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتىغانلىقى، شۇنداقلا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنى كۆپ مەدھىيىلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غاردىكى ھەمراھىدۇر، يەنە ھاياتىدا ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ئۇ زاتنىڭ ھەمراھى بولغاندۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– جىبرىل يېنىمغا كېلىپ، قولۇمنى تۇتتى ۋە ماڭا ئۈممىتىم كىرىدىغان جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرسەتتى، – دېگەنىدى، ئەبۇبەكرى:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا قارىشىم ئۈچۈن، سىلى بىلەن بىللە بولغان بولسامچۇ! دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم، – دېگەنىدى، ئۇ زات:**

**– ئەمما، سەن ئى ئەبۇبەكرى! ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (876)؛ مۇسلىم (855).

**تۈنجىسسەن، – دېدى[1].**

## پېقىر مۇھاجىرلار ئەڭ بۇرۇن جەننەتكە كىرگۈچىلەردۇر

ئىسلام ئۇممىتى قىيامەت كۈنى ئەڭ بۇرۇن قايتا تىرىلىپ زېمىندىن قوپىقۇچىلاردۇر ۋە مەھشەردە ئەڭ بۇرۇن ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىلگىرى بولغۇچىلاردۇر. شۇنداقلا ئەرشىنىڭ سايىسىگە ئەڭ بۇرۇن كەلگۈچىلەردۇر. ئارىلىرىدا ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈم چىقىرىلغۇچىلاردۇر. پىلسىراتتىن ئەڭ بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر ۋە جەننەتكە ئەڭ بۇرۇن كىرگۈچىلەردۇر. بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابلىرىدۇر. ئەسھابلەرنىڭمۇ ئەڭ كاتتىلىرى دىنغا ياردەم بېرىش ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى ئاتىغان، ئەھلىدىن ۋە يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان مۇھاجىرلاردۇر.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەبەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار***﴾(9/«تەۋبە»: 20 – 22)، ﴿***ئاللاھنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز ئاللاھتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ئەلبەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)***﴾ (22/«ھەج»: 58، 59).

---

(1) ئەبۇ داۋۇد (4652). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 65) «زەئىف» دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلارنى بىلەمسىلەر؟ – دېگەندى، ئەسھابىلەر:**

**– ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، – دېدى. ئۇ زات:**

**– ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار پېقىر مۇھاجىرلاردۇركى، ئۇلار بىلەن چېگرالار قوغدىلىدۇ، يامانلىقلارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرى (مېلىنىڭ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن) كۆڭلىدىكى نەرسىگە ئېرىشەلمەي ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ خاھلىغان پەرىشتىلىرىگە: ‹ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار ۋە ئۇلارغا سالام قىلىڭلار› دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ ئاسمانلىرىڭنىڭ ئاھالىسى ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ ياخشىلىرى تۇرساق، بىزنى ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، سالام قىلىشىمىزغا بۇيرۇمسەن؟!› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹ھەقىقەتەن، ئۇلار شۇنداق بەندىلەركى، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغان، ئۇلار بىلەن چېگرالار قوغدالغان، يامانلىقلارنىڭ ئالدى ئېلىنغان ئىدى ۋە ئۇلار كۆڭلىدىكى نەرسىگە ئېرىشەلمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى› دەيدۇ. بۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا ھەممە دەرۋازىلاردىن كىرىپ: ﴿‹سەۋرىنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!› دەيدۇ﴾[(13/«رەئد»: 24)]»[(1)].**

دېمەك، ئۇلار جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان كىشىلەردۇر.

### جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇشال بولۇشىمىز ۋە قىزىقىشىمىز ئۈچۈن، جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان جامائەتنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاللاھتىن بىزنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى سورايمىز.

---

(1) ئەھمەد (6650). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3183) «سەھىھ» دېگەن.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەتنىڭ سۈرىتى ئاي تولغان كېچىسىدىكى تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە تۈكۈرۈشمەيدۇ، مىشقىرىشمايدۇ ۋە تەرەت قىلىشمايدۇ. جەننەتتە ئۇلارنىڭ قاچىسى ئالتۇندىن، تاغاقلىرى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن، ئىسرىقدانلىرىدىكى يېقىلغۇلىرى ئۇد ھىندى، تەرلىرى مۇشك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى ئەرلەرنىڭ) ھەربىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككىدىن (ھۆر پەرى) ئايالى بولىدۇ. ئەھلى جەننەت ئارىسىدا ئىختىلاپ، ئۆچ - ئاداۋەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولىدۇ. ئۇلار ئەتىگەن - ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشىدۇ»[1].**

جەننەت ئەھلى يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن تاھارەت قىلمايدۇ؟

جەننەت ئەھلىنىڭ يېمەكلىرى مەنپەئەت، لەززەت ۋە مۇتەندىللىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ يېمەكلىرىگە ئوخشاش چىقىرىندىلار بولمايدۇ. بەلكى جەننەتنىڭ يېمەكلىرىدىن تەر پەيدا بولىدىغان بولۇپ، بۇ تەر ئۇلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئەڭ خۇش پۇراق ھالەتتە چىقىدۇ.

ئەھلى كىتابتىن بىرى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى ئەبۇلقاسىم! ‹سەن جەننەت ئەھلى يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ› دەمسەن؟

— دېگەنىدى، ئۇ زات:

**— شۇنداق، ئۇلارنىڭ بىرىگە يېيىش، ئىچىش ۋە جىما قىلىشتا يۈز ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، — دېدى. ئۇ ئادەم:**

— يېگەن ۋە ئىچكەن ئادەم ھاجەت قىلىدۇ، ھالبۇكى جەننەتتە ئەزىيەت (چىقىرىش) يوقتۇر، — دېگەنىدى، ئۇ زات:

**— ئۇلارنىڭ ھاجىتى تەر بولىدۇ، بۇ تەر ئۇلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئېپارنىڭ**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3245)؛ مۇسلىم (2834).

پۈرىقىدەك چىقىدۇ. ئاندىن (يېگەن، ئىچكىنىنى ھەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن) قورسىقى كىچىكلەيدۇ، - دېدى»[1].

## جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى

ئەمەللەرنى قىلىپ، جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغانلارنى ئاللاھ ھۆرمەتلىدى. ئۇلار: ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جېنىنى ئاتاپ، ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغان كىشى، پەرۋەردىگارىغا ياخشى ئىبادەت قىلغان ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلغان قۇل ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، تىرىشىپ پۇل تېپىپ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا سەرپ قىلغان كىشىدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «**ماڭا ئەڭ ئاۋۋال جەننەتكە كىرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم كۆرسىتىلدى: شېھىد، پەرۋەردىگارىغا ياخشى ئىبادەت قىلغان، شۇنداقلا خوجايىنىغا سەممىي بولغان قۇل ۋە بالا - چاقىلىق، ئۆزى موھتاج تۇرۇپمۇ كىشىلەردىن نەرسە تىلىمەيدىغان كىشىدۇر**»[2].

### ئىززەتلەش

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنبىيائىلەرنىڭ سەردارى ۋە تۈگەنچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا لايىق بولدى.**

(1) ئەھمەد (19288). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (1642). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 495) «زەئىف» دېگەن.

# جەننەتكە ئەڭ ئاخىردا كىرىدىغان كىشى

جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىشتە پەرقلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى باشتا، بىر قىسمى كېيىن كىرىدۇ. ئىلگىرىكى بابتا سۆزلىگىنىمىزدەك، جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرگۈچى زات نەبىيىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

- **ئۇنداقتا جەننەتكە ئەڭ ئاخىردا كىرىدىغان ئادەم كىم؟**
- **ئۇنىڭ ۋەقەلىكى نېمە؟**

جەننەت خۇشاللىق ۋە نېئمەت دىيارى بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگەن كىشى دۇنيادىكى كېسەللىنى، مۇسىبىتىنى، پېقىرلىقىنى، تۇرمە ئازابىنى، سەتلىكىنى، ئۇچرىغان زۇلۇمنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە «مال - دۇنيا توپلاش، مەنسەپنى ئۆستۈرۈش، كېسەلنى ساقايتىش، تۈرمىدىن خالاس بولۇش، ئۆي - ئىمارەت سېلىش ۋە دۈشمەندىن قورقۇش» دېگەندەك غەم - قايغۇلار بولمايدۇ. شۇنداق، ئۇ يەردە غەم - قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقلار بولمايدۇ، بەلكى خۇشاللىقلا بولىدۇ. ئەگەر سەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئېچىدە دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن كىشى ھەققىدىكى خەبەرنى ئاڭلىساڭ، بىز بىلمەيدىغان ئىشلارنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن.

## ئەڭ ئاخىردا جەننەتكە كىرىدىغان كىشىنىڭ ۋەقەلىكى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ھەممىنىڭ ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىدىغان كىشى گاھ مېڭىپ، گاھ پۇتلىشىپ، گاھ يۈزى دوزاخ ئوتىدا پۇچۇلىنىپ يۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ **بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراپ: ‹مېنى سەندىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئىلگىرىكىلەردىن ۋە كېيىنكىلەردىن ھېچبىرىگە بەرمىگەن نېئمەتنى ماڭا بەردى› دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر دەرەخ كۆرسىتىلىدۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! مېنى بۇ دەرەخكە يېقىنلاشتۇرغىن، مەن ئۇنىڭ سايىسىدىن**

**سايدىۋالاي، بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىچىۋالاي› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر ساڭا ئۇنى بەرسەم، مەندىن يەنە باشقىسىنىمۇ سورارسەن؟› دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹ياق سورىمايمەن، ئى رەببىم!› دەپ ئەھدە بېرىدۇ. ئەمما، ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى دەرەخكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ كىشى دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدايدۇ ۋە ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇ بەندىگە ئالدىنقىسىدىنمۇ گۈزەل بىر دەرەخ كۆرسىتىلىدۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! مېنى بۇ دەرەخكە يېقىنلاشتۇرغىن، مەن ئۇنىڭ سايىسىدىن سايىدىۋالاي، بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىچىۋالاي› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە بەرمىگەنمىدىڭ! ئەگەر مەن سېنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرسام، ئۇنىڭدىنمۇ باشقىسىنى سورارسەن› دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە ئالىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى دەرەخكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ كىشى دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدايدۇ ۋە ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا ئاۋۋالقى ئىككى دەرەختىنمۇ گۈزەل بىر دەرەخ كۆرسىتىلىدۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! مېنى بۇ دەرەخكە يېقىنلاشتۇرغىن، مەن ئۇنىڭ سايىسىدىن سايىدىۋالاي، بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىچىۋالاي› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە بەرمىگەنمىدىڭ؟!› دەيدۇ. ئۇ: ‹شۇنداق، ئى رەببىم! مېنى بۇ دەرەخكە يېقىنلاشتۇرغىن، مەن سەندىن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى دەرەخكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ دەرەخكە يېقىنلاشقان ۋاقتىدا، جەننەت ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدۇ - دە: ‹ئى رەببىم! مېنى ئۇ يەرگە كىرگۈزگىن!› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! ساڭا نېمە بەرسەم، رازى بولىسەن؟ ساڭا دۇنيانى ۋە دۇنيا بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بەرسەم، رازى بولامسەن› دەيدۇ. ئۇ: ‹ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟!› دەيدۇ.**

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئىبنى مەسئۇد كۈلدى ۋە: ‹مەندىن نېمە سەۋەبتىن كۈلگەنلىكىمنى سورىماسلەر؟› دېگەندى. ئۇلار: ‹نېمە سەۋەبتىن كۈلدۈڭ؟› دېدى. ئۇ دېدىكى: ‹نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇشۇنىڭدەك كۈلگەندى ۋە: ”مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن

كۈلگەنلىكىمنى سورىمامسىلەر؟ “ دېگەنىدى. ئۇلار: ”نېمە سەۋەبتىن كۈلدىلە؟ ئى رەسۇلۇللاھ! “ دېگەندە، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”ئۇ كىشى سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ دېگەن ۋاقتىتا، رەببىمنىڭ كۈلدىغانلىقىدىن كۈلدۈم“ دېگەنىدى›.

(رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى) ئاللاھ: ‹سېنى مەسخىرە قىلمايۋاتىمەن، لېكىن مەن خالىغان نەرسەمنى قىلىشقا قادىرمەن› دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ مۈلكىچىلىك نەرسە بېرىلسە رازى بولامسەن؟› دېيىلىدۇ. ئۇ: ‹پەرۋەردىگارىم! رازى بولىمەن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ: ‹ساڭا شۇنچىلىك بولسۇن، يەنە شۇنچىلىك بولسۇن، يەنە شۇنچىلىك بولسۇن، يەنە شۇنچىلىك بولسۇن› دەپ بەشىنچى قېتىمغا كەلگەندە، ئۇ كىشى: ‹پەرۋەردىگارىم! رازى بولدۇم› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹ساڭا بۇلار ۋە شۇنىڭدەك ئون باراۋەر كۆپ بولسۇن ۋە ساڭا كۆڭلۈڭ خاھلىغان، كۆزۈڭ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىكى نەرسە بولسۇن› دەيدۇ. ئۇ: ‹رازى بولدۇم، ئى پەرۋەردىگارىم!› دەيدۇ»[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇ بەندىسىگە: ‹ئى بەندەم! سورىغىن› دەيدۇ. ئۇ بەندە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشقىن› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندە جەننەتتە ئىلدام ماڭىدۇ. ئاخىرى ئۇ كىشىلەر بار يەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭغا مەرۋايىتتىن بولغان بىر قەسىر كۆرۈنىدۇ. ئۇ بەندە سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندىگە: ‹بېشىڭنى كۆتۈرگىن، ساڭا نېمە بولدى؟› دېيىلىدۇ. ئۇ: ‹مەن رەببىمنى كۆردۈم ياكى ماڭا رەببىم كۆرۈندى› دەيدۇ. ئۇ بەندىگە: ‹بېشىڭنى كۆتۈرگىن، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ مەنزىللىرىڭدىن بىرىدۇر› دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ بىر ئادەمگە ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە سەجدە قىلىش ئۈچۈن تەمشىلىدۇ. ئۇ بەندىگە: ‹ساڭا نېمە بولدى؟› دېيىلىدۇ. ئۇ بەندە: ‹مەن سېنى پەرىشتىلەردىن بىرى دەپ ئويلاپ قالدىم› دەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا: ‹ھەقىقەتەن مەن سېنىڭ مۇئەككەللىرىڭدىن بىر مۇئەككەلدۇرمەن ۋە سېنىڭ قۇللىرىڭدىن بىر قۇلمەن› دەيدۇ. بۇ بەندە ئۇنىڭ

(1) مۇسلىم (187).

ئالدىدا ماڭىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا بىر قەسىر ئېچىلىدۇ. بۇ ئىچى كاۋاك ياقۇتتىن بولغان قەسىر بولۇپ، ئۇنىڭ تورۇسلىرى، دەرۋازىلىرى، زەنجىرلىرى ۋە ئاچقۇچلىرىمۇ ياقۇتتىندۇر. بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر»[1].

## جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكىسى

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىدۇ: «... مۇسا ئەلەيھىسسالام: ‹ئى رەببىم! دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان جەننەت ئەھلى كىم؟› دەپ سورىغانىدى، ئاللاھ: ‹ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنى مەن خاھلىدىم، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت دەرىخىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكتىم. ئۇلارنى (نېئمەتلەرنى) باشقىلارنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن پېچەتلىۋەتتىم. ئۇ نېئمەتلەرنى ھېچقانداق كۆز كۆرگىنى يوق، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىغىنى يوق، ھېچقانداق ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەچكىنى يوق› دەيدۇ»[2].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىسى شۇنداق بىر ئادەمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى جايلاردا ۋە كارىۋاتلىرىدا مىڭ يىل ماڭىدۇ. ئۇ بۇ جايلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن يېرىنى كۆرگەندەك، ئەڭ يىراق يېرىنىمۇ كۆرىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكىسى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا پەرۋەردىگارىنى كۆرىدۇ»[3].

**رەھمەت**

**پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رەھمىتى ئازابىنىڭ ئالدىغا، ئەپۇسى غەزىپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەندۇر. تەۋبىنىڭ ئىشىكى ئوچۇقتۇر. شۇڭلاشقا، قىيامەت كۈنى ئاسىي - گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆزرە يوقتۇر.**

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (9647). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3591) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.
(2) مۇسلىم (189).
(3) تىرمىزىي (2553). ئالبانىي: («زەئىفۇتتىرمىزىي»، 2553) «زەئىف» دېگەن.

# جەننەتتىكى ئەھلىنىڭ سەردارلىرى

جەننەت ئەھلى دەرىجىلىرى، جەننەتلىرىنىڭ مەرتىۋىلىرى ۋە نېئمەتلىرىنىڭ مىقدارىدا پەرقلىق بولغىنىدەك، ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قەدرى ۋە دەرىجىسىدىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

- **ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىسى قايسى؟**
- **جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇرا ياشتىكىلىرىنىڭ سەردارلىرى كىملەر؟**
- **جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەردارلىرى كىملەر؟**

جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدىكىلىرى رەسۇل - ئەنبىيائىلەر بولۇپ، ئۇ زاتلار ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى، ھەقنى سۆزلىگۈچىلەر، راستچىللىق بىلەن دەۋەت قىلغۇچىلار، تەقۋادارلارنىڭ يولباشچىلىرى ۋە سالىھ ئەۋلىيائىلەردۇر.

## جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇرا ياشتىكىلىرىنىڭ سەردارى ئىككى كىشى

ئۇ ئىككىسى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھەمراھلىرى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن قەبرە قوشنىلىرى بولغان ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەسۇل - ئەنبىيائىلەردىن قالسىلا، ئىلگىرىكىلەردىن ۋە كېيىنكىلەردىن بولغان جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇرا ياشتىكىلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر»** دېگەن[1].

ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر قانداقسىگە جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇرا ياشتىكىلىرىنىڭ سەردارلىرى بولىدۇ؟ ھالبۇكى، ئىنسانلار جەننەتكە ئوتتۇز ئۈچ ياش ھالىتىدە كىرىدىغان تۇرسا؟

ھەدىستىكى «كەھول / ئوتتۇرا ياشتىكىلەر» بولسا «كەھل / ئوتتۇرا

---

(1) ئىبنى ماجە (97). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 82) «سەھىھ» دېگەن.

ياش»نىڭ كۆپلۈكىدۇر. «كەهل» بولسا ئەرلەرگە نىسبەتەن ئوتتۇز ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ياشتا ۋاپات بولۇپ جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ سەردارلىرىدۇر. ئەمما، ياش ھالىتىدە ۋاپات بولغانلارغا كەلسەك، ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەسرىنى كۆردى. ئۇ بەك گۈزەل قەسر بولۇپ، ئەتراپىدا ئۆستەڭلەر ۋە دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ قەسر ئۆزىدە تۇرىدىغان كىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راستچىل بولغانلىقى، جىھاد قىلغانلىقى، ئىبادەتگۈيلىقى ۋە زاھىدلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ۋاقتىدىلا بۇ بېشارەت بېرىلىشكە لايىق بولغان زات ئىدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «(چۈشۈمدە) جەننەتكە كىرىپتىمەن، قارىسام ئالدىمدا ئالتۇندىن سېلىنغان بىر قەسر تۇرىدۇ. ‹بۇ قەسر كىمنىڭ؟› دەپ سورىسام، پەرىشتىلەر: ‹قۇرەيشلىك بىر كىشىنىڭ› دېيىشتى، كىرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇمىيۇ، كۆڭلىشىڭنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلگەچكە كىرمىدىم، – دېۋىدى، ئۆمەر:

– يا رەسۇلەللاھ! سىلىدىنمۇ كۆڭلەيمەنمۇ؟! – دەپ كەتتى»[1].

## جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ ئىككى سەردارى
## ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەلى بىلەن فاتىمە

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7024)؛ مۇسلىم (2394). بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى بولسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەشھۇر ئەخلاقلىرىنىڭ قاتارىدىن، ئۇنىڭ ئايالى، قىزى ياكى ھەمشىرىلىرىدىن بىرەرىنى بىر ئەر كىشى كۆرۈپ قالسا بەك غەزەپلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ قەسرىڭگە كىرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، ئى ئۆمەر! قەسىردە سېنىڭ ئاياللىرىڭنى كۆرۈپ قالسام، سېنىڭ غەزەپلىنىشىڭدىن قورقتۇم، شۇنىڭ بىلەن قەسرگە كىرمەي ئۆتۈپ كەتتىم» دېدى. ئۆمەر جاۋابەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلىگىمۇ كۆڭدەشلىك قىلامدىم. يەنى مەن سىلىنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكلىرىگە ۋە كۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلايدىغانلىقلىرىغا شەك قىلمايدىغان تۇرسام، قانداقسىگە سىلىگە كۆڭدەشلىك قىلىمەن» دېدى.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر. بۇلار بۇ شەرەپكە لايىقتۇر. چۈنكى، بۇ ئىككى زات ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، پىداكارلىقلىرى ۋە جىھادلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۈستۈن مەرتىۋىگە لايىق بولدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر»**[1] دېگەن.

## جەننەتكە بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىدىن ئون كىشىنىڭ ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، پىداكارلىقلىرى ۋە جىھادلىرى ئۈچۈن، جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ھەرگىزمۇ «ئەسھابلەردىن پەقەت مۇشۇ ئون كىشىلا جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئەسھابلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پەزىلىتى بار. بۇنىڭ دەلىلى سۆيتىدە، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىغا قاتناشقان ئەسھابلەر (ئۇلار ئۈچ يۈزدىن كۆپ ساھابەدۇر) ھەققىدە: **«... بەلكى سەن بىلمىگىنىڭ بىلەن ئاللاھ بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا: ‹خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىۋەتتىم› دەۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس»**[2] دېگەن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ھۇدەيبىيەدە دەرەخنىڭ ئاستىدا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا رىزۋان بەيئىتى قىلغان بىر مىڭ تۆت يۈز ساھابەگە گۇۋاھلىق بېرىپ: **«پەقەتلا قىزىل تۆگىنىڭ ئىگىسىدىن باشقا، دەرەخنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار جەننەتكە كىرمەي قالمايدۇ»**[3] دېگەن.

---

(1) تىرمىزىي (3768). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 47) «سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4890)؛ مۇسلىم (2494).

(3) تىرمىزىي (3863). تىرمىزىي: «ھەسەن» دېگەن. «سەھىھۇ مۇسلىم» (2780) دە ئۇزۇن بىر ھەدىستە «پەقەتلا قىزىل تۆگىنىڭ ئىگىسىدىن باشقا ھەممىڭلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. بىر قاراشتا: «ئۇ مۇنافىق جىد ئىبنى قەيستۇر». «مۇسلىم»دىكى يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ يوقىتىۋېلىپ قويغان نەرسىسىنى ئىزدەپ

لېكىن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئون ساھابەنىڭ پەزىلىتىنى ۋە شەرىپىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا خاس گۇۋاھلىق بېرىپ ئېيتىدۇ: **«ئون كىشى جەننەتتىدۇر: ئەبۇبەكرى جەننەتتىدۇر، ئۆمەر جەننەتتىدۇر، ئوسمان جەننەتتىدۇر، ئەلى جەننەتتىدۇر، زۇبەير جەننەتتىدۇر، تەلھە جەننەتتىدۇر، ئىبنى ئەۋف جەننەتتىدۇر، سەئد جەننەتتىدۇر، سەئىد ئىبنى زەيد جەننەتتىدۇر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ جەننەتتىدۇر»**[1].

دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسھابلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرتىۋىلىرى ئۈستۈندۇر.

**گۇۋاھلىق**

**ئايەت ۋە ھەدىستە «جەننەتتي» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلگەنلەردىن باشقا ھېچكىمگە «جەننەتتي» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلمەيدۇ.**

---

كەلگەن بىر ئەئرابىي ئىدى» دېيىلگەن — ت.

(1) تىرمىزىي (3747). ئالبانىي: («شەرھۇتتاھاۋىيە»، 550) «سەھىھ» دېگەن.

## جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەردارلىرى

ئاللاھ تائالا جەننەتنى مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار ئۈچۈن قارارگاھ قىلدى. خۇددى ئەرلەرنىڭ ئىچىدە كۆندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، سەھەرلىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلايدىغانلار بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭ ئىچىدىمۇ كۆندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، سەھەرلىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلايدىغانلار بار.

- ئۇنداقتا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللاردىن بىرەرسىگە «جەننەتىي» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنمۇ؟
- ئۇلار كىملەر؟

قانچىلىغان ئاياللار باركى، ئۇلار ياخشى سۆز ۋە ئەمەللەردە ئەرلەر بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، رەببىگە ئىبادەت قىلىشتا، دىنىغا ياردەم بېرىشتە، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىشتا ۋە ئىلىم ئۆگىنىشتە ئەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن. بەلكى تارىخ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ باقساق، قانچىلىغان ئەڭ كاتتا پەزىلەتلەرنىڭ ئاياللارغا مەنسۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

تۇنجى قېتىم ھەرەمدە ئولتۇراقلىشىپ، زەمزەم سۈيىدىن ئىچكەن ۋە سەفا - مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرگەن ئايال ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەر ئانىمىز ئىدى. تۇنجى بولۇپ ئىسلامغا كىرگەن ۋە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياردەم بەرگەن ئايالمۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە ئانىمىز ئىدى. خوجايىنى تەرەپتىن ئازابلانغان، ئاخىرى ئاللاھ يولىدا تۇنجى بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئايالمۇ ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ئانىسى سۇمەييە ئىدى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرقانچە ئاياللار ئۈچۈن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

1) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

ئۇ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ ئانىسى، سالىھ ئاياللارنىڭ يولباشچىسى ۋە تەقۋادار ئاياللارنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. شۇنداقلا ئەقىل، ھېكمەت ۋە قۇربانلىق بىرىشتە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «جىبرىل نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹مانا بۇ خەدىجە ساڭا تاماق ياكى ئىچىملىك بار قاچا ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن سالام ئېيتقىن، ئۇنىڭغا ۋاراڭ - چۇرۇڭ، جاپا - مۇشەققەت بولمىغان جەننەتتىكى مەرۋايىت سارايي بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن› دېگەن»[1].

2) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

ئۇ سىددىقنىڭ قىزى سىددىقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بولۇپ، ئۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ۋە ئۆمۈر رەپىقىسى ئىدى. شۇنداقلا ئاللاھ «قۇرئان»دا سۈرە نۇرنىڭ ئون ئايەتىدە ئۇنى پاكلىغان ئايال ئىدى.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ئەرلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر كامالەتكە يەتكەن. ئاياللاردىن پەقەت فىرئەۋىننىڭ ئايالى ئاسىيە بىلەن ئىمراننىڭ قىزى مەريەملا كامالەتكە يەتكەن. ھەقىقەتەنمۇ ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئەۋزەللىكى سەرىد (شورپىغا چىلانغان نان) نىڭ باشقا تاماقلاردىن ئەۋزەللىكىگە ئوخشاشتۇر»[2].

شورپا نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماق ئىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

- سىز مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئايالىم بولۇشقا رازىمۇسىز؟ - دېگەنىدى، مەن:

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7497)؛ مۇسلىم (2432).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3769)؛ مۇسلىم (2431).

**– شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رازىمەن، – دېسەم، ئۇ زات:**

**– ئۇنداقتا سىز مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئايالىمسىز، – دېدى»[1].**

### 3) فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

ئۇ نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى، يۈرەك پارىسى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ ئانىسىدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ھەقىقەتەن، بۇ پەرىشتە بۇ كېچىدىن ئىلگىرى زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ ماڭا سالام بېرىشكە ۋە فاتىمەنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ خانىشى ئىكەنلىكى ۋە ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەردارلىرى ئىكەنلىكىنى بېشارەت بېرىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىدىن ئىجازەت ئاپتۇ»** دېگەن[2].

### 4) ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ۋە مۇزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيە

بۇ ئىككى زات ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن بولغان سالىھ ئاياللار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككى ئايال زاتنى ئىمان ئېيتىشقا، رەببىگە ئىتائەت قىلىشقا، بالا - قازالارغا سەۋر قىلىشقا، كۆپ ئىبادەت قىلىش ۋە كۆپ دۇئا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىش بىلەن ھۆرمەتلىگەندى.

مەريەمگە كەلسەك، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا ئۇنىڭ شەنىنى زىكىر قىلدى.

ئاسىيە بولسا مۇزاھىمنىڭ قىزى ۋە پىرئەۋننىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ قاتتىق ئازابلانغان بولسىمۇ، ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغان ئىدى ۋە ئۆيدىن ئىلگىرى قوشنىنى تاللىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا ئۇنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ دېگەنكى: ***﴿ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر***

---

(1) ئىبنى ھىببان (7095). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2255) «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (3781). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2257) «سەھىھ» دېگەن.

ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن﴾ (66/«تەھرىم»: 11).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت سىزىقنى سىزدى، ئاندىن:

– بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ – دېگەندى، ئۇلار:

– ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، – دېدى. ئۇ زات:

– جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرى: خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ۋە مۇزاھىمنىڭ قىزى، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەدۇر، – دېدى[1].

ئاللاھ تائالا مۇزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيە ۋە ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ئەلەيھىسسالاملار توغرۇلۇق ئېيتىدۇ: ﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى. ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى﴾ (66/«تەھرىم»: 11، 12).

بۇ مۇئمىن ئايالنىڭ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغانلىقى ھەققىدە بىر دەرس بولۇپ، بۇ مۇئمىن ئايال كافىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا مەجبۇرلانغان بولسىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋالىقى ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ياكى كافىرلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىنىدىن ۋاز كېچىشتىن ساقلاپ قالغان ئىدى.

---

(1) ئەھمەد (2668). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلغان مۆئمىن ئايال ئىدى. پىرئەۋن بولسا ھەددىدىن ئاشقان بىر تاغۇت ئىدى. ئاسىيە رەببىگە ئىتائەت قىلغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ كافىر بولغانلىقى تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇنداق بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىر كىشىنى باشقا بىرسىنىڭ گۇناھىنىڭ سەۋەبى بىلەن جازالىمايدىغان ئادىل، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. پىرئەۋننىڭ ئايالى رەببىدىن ئۆزىنى رەھمىتىگە يېقىن قىلىشىنى، ئۆزى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىشىنى، ئۆزىنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ ناچار ئەمەلىدىن قۇتقۇزۇشىنى ۋە زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن يەنە بىر مىسالنى كەلتۈردى. ئۇ بولسىمۇ ئىپپىتىنى ساقلىغان ۋە رەببىدىن قورققان ئىمراننىڭ قىزى مەريەمدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ ئايالنى ئىززەتلىدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىززەتلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ھەمشىرىلىرىمىز، قىزلىرىمىز ۋە بارلىق ئاياللار ئۈچۈن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئاياللارنى ئۈلگە قىلىشى لايىق بولۇر.

## نامى ئۆچمەس ئاياللار

**جەننەت ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈندۇر. قانچىلىغان ئاياللار باركى، ئۇلار ئەمەللەردە ئەرلەر بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن.**

## جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىش ھالىتى

جەننەت ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋە چوڭ قارارگاھتۇر. ئۇ بەخت - سائادەت ماكانىدۇركى، ئۇنىڭدىن كېيىن بەختسىزلىك يوقتۇر. بىر ئارامگاھتۇركى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېرىپ - چارچاش يوقتۇر. جەننەتكە جەننەت ئەھلى خۇرسەن بولغان ۋە ئاللاھتىن دۇنيادا ئارقىسىدا قالغانلارغا خۇش - خەبەر بېرىشنى تىلىگەن ۋە پۈتۈن غەم - قايغۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن ھالدا كىرىدۇ.

- **ئۇنداقتا ئۇلار جەننەتكە قانداق ماڭدۇرۇلىدۇ؟**
- **ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ۋە بويلىرىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟**
- **جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ھەجمى قانچىلىك؟**
- **ئۇلار قىستىلىشامدۇ؟**

ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى سۆيەتلەپ ئېيتىدۇ: ﴿***پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ - توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ***﴾(39/«زۇمەر»: 73).

دېمەك، ئۇلار قەلبلىرىگە خۇشاللىق تولغان، چىرايلىرىنى تەبەسسۇم قاپلىغان ھالدا، توپ - توپ بولۇپ جەننەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

### جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭلىكى

جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىش بىلەن خۇشال بولۇشى ھەممىسىنىڭ قىستىلىشمايلا جەننەتكە كىرىپ كېتەلەيدىغان دەرىجىدە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭرى ۋە چوڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: «جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ھەر ئىككى قاناتىنىڭ ئارىلىقى يەتمىش يىللىق مۇساپەدۇر، ھەقىقەتەن، جەننەتتە سۇ دېڭىزى بار، شاراپ دېڭىزى بار، سۈت دېڭىزى بار ۋە ھەسەل دېڭىزى بار. ئاندىن ئۇ دېڭىزلاردىن تارماق دەريا - ئۆستەڭلەر بولىدۇ»[1]. يەنە ئېيتىدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەمىيەر ــ ياكى مەككە بىلەن بۇسرا ــ ئارىلىقىدەكتۇر»[2].**

جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكى جەننەتكە كىرگۈ- چىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

## ئۇلارنىڭ جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىنىڭ سۈپىتى

جەننەت ئەھلى بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولىدۇ، بىر ئەقىدىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ ياكى ئۆچمەنلىك بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتكە بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشقان ۋە بەدەنلىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولغان ھالدا كىرىدۇ.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ ــ ياكى يەتتە يۈز مىڭ ــ ئادەم بىر - بىرلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ھەممىسى جەننەتكە جەزمەن بىر يولىلا كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرانە بولىدۇ»[3].**

## جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى

**ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*ئۇ (ئۇ) تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇقتۇر*﴾(«ساد»: 50/38). شۇنداق، جەننەت**

(1) ئىبنى ئەبى ئاسىم: «ئەلئاھاد ۋەلمەسانىي»، (1475). ئىسنادى سەھىھ.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4712)؛ مۇسلىم (194). (ھەمىيەر: يەمەن شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر، بۇسرا بولسا شام شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر. قاراڭ: ئەينىي: «ئۇمدەتۇلقارىي»، 19/28 ـــ ت.)

(3) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6543)؛ مۇسلىم (219).

**ئەھلىنىڭ جەننەتكە خاتىرجەم ھالەتتە كىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇق بولىدۇ.**

## جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار

**جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى كەڭرى، گۈزەل ۋە ئارىسىدىن ئۆتۈش ئاسان بولسىمۇ، ئۇ يەنە سەككىز دەرۋازىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «‹جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ‹رەييان› دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇ ئىشىكتىن پەقەت روزىدارلارلا كىرىدۇ» دېگەن[1]. يەنە:**

**– كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر جۈپ نەرسە خەجلىسە[2]، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: ‹ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! بۇ يەرمۇ ياخشى› دەپ چاقىرىلىدۇ. كىمكى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، جىھاد ئەھلى بولسا جىھاد ئىشىكىدىن، روزا ئەھلى بولسا رەييان ئىشىكىدىن، سەدىقە ئەھلى بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، – دېۋىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**

**– ئاتام بىلەن ئانامنى ئۆزلىرىگە پىدا قىلاي، ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشۇ ئىشىكلەرنىڭ قايسىبىرىدىن چاقىرىلغان كىشىگە زىيان يوق ئىكەن، بىرەر كىشى مۇشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلارمۇ؟[3] – دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3257)؛ مۇسلىم (1152).

(2) مەسىلەن، «ئىككى تۇياق كالا، ئىككى تۇياق ئات، ئىككى دانە تىللا، ئىككى دانە نان ياكى ئىككى پارچە كىيىم دېگەندەك ھەرقانداق نەرسىدىن ئىككىنى بىراقلا ياكى ئارقىمۇئارقا سەرپ قىلسا ياكى سەرپ قىلىشنى ئادەت قىلىۋالسا» دېمەكتۇر. چۈنكى، بىر قېتىم سەرپ قىلغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سەرپ قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئادەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى قېتىم سەرپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئادەت ھېسابلىنىشقا يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت يۈزىسىدىن ئىككى قېتىمنى ھېساب قىلغان. قاراڭ: ئەينىي: «ئۇمدەتۇلقارىي»، 10/264؛ كەشمىرىي: «فەيزۇلبارىي»، 4/299 — ت.

(3) يەنى بىر كىشى ئۇ دەرۋازىلارنىڭ بەك كەڭرى بولغانلىقى ۋە قىستاڭچىلىق بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلسا ھېچنېمە بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاشۇ دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى قىلسا بولامدۇ، دېمەكچى.

– ھەئە (چاقىرىلىدۇ)، مەن سېنىڭ ئاشۇلاردىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن،– دېدى»[1].

كىمكى ناماز، روزا، سەدىقە ۋە جىھاد قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جەملىگەن بولسا، جەننەتنىڭ قايسى دەرۋازىسىدىن چاقىرىلىدۇ؟

بىر مۇسۇلمان ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ قايسىسىنى كۆپ قىلغان بولسا، شۇ ئىبادەتنىڭ دەرۋازىسىدىن چاقىرىلىدۇ.

## ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرگەن چاغدىكى يېشى

جەننەت ئەھلى جەننەتكە ياشلىقنىڭ قىران ۋە گۈزەل مەزگىلى بولغان ئوتتۇز ئۈچ ياش ھالىتىدە كىرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«جەننەت ئەھلى جەننەتكە ساقالسىز، تۈكسىز ۋە كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلغان، ئوتتۇز – ياكى ئوتتۇز ئۈچ – ياشلىق ئوغلانلارنىڭ ھالىتىدە كىرىدۇ»** دېگەن[2]. ئۇلارنى زىننەتلىگەن زات ئاللاھ تائالا پاكتۇر.

## ئۇلار قېرىمايدىغان ياشلاردۇر

جەننەت ئەھلى ھەممىسى ياشلار بولۇپ، ئۇلارغا قېرىلىق يەتمەيدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«جەننەت ئەھلى ساقالسىز، تۈكسىز ۋە سۈرمە تارتىلغان، ئۇلارنىڭ ياشلىقى يوقاپ كەتمەيدۇ ۋە كىيىملىرى كونىراپ قالمايدۇ»** دېگەن[3]. دېمەك، ئۇلار تەقى - تۇرقىدا، بەدەن قۇرۇلۇشىدا ياكى گۈزەللىكىدە قېرىلىق يېتىپ قېلىشتىن قورقمايدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە كىيىملىرى كونىراپ قالمايدۇ، بەلكى كۆركەم ۋە گۈزەل ھالەتتە تۇرىدۇ.

## ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى

جەننەت ئەھلىنىڭ بەدەنلىرى ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا مۇكەممەل

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1897)؛ مۇسلىم (1027).

(2) تىرمىزىي (2545). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 2545) «ھەسەن» دېگەن.

(3) تىرمىزىي (2539). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 2539) «ھەسەن» دېگەن.

هالەتتە بولۇپ، گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«جەننەت ئەھلى جەننەتكە ساقالسىز، تۈكسىز، ئاق، چاچلىرى بۇدرە ۋە سۈرمە تارتىلغان ئوتتۇز ئۈچ ياشلىق ئوغلانلارنىڭ ھالىتىدە كىرىدۇ، شۇنداقلا ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش گەز، كەڭلىكى يەتتە گەز كېلىدىغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە كىرىدۇ»**[1].

دېمەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلغان، تېرىلىرى سۈزۈك، رەڭلىرى ئاق ۋە بۇدۇرچاچ بولىدۇ. شۇنداقلا ياشلىرى ئوتتۇز ئۈچ ياش، ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش گەز ۋە كەڭلىكى يەتتە گەز بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جەننەتتە كۆپ ھۇزۇرلىنىشى ۋە راھەتلىنىشى ئۈچۈن، بەدەنلىرىنى دۇنيادىكى چاغدىكىدىن يوغان قىلىدۇ.

### گۈزەللىك

**جەننەت ئەھلىنىڭ سۈرەتلىرى ۋە بەدەنلىرىنىڭ گۈزەل بولۇشى ئۇلارنىڭ نېئمىتىنى زىيادە قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.**

(1) ئەھمەد (7920). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

## جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى توغرىسىدا

جەننەتنىڭ كۆپ دەرىجىلىرى بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇ دەرىجىلەرگە ئەمەللىرىگە قارىتا لايىق بولىدۇ. خۇددى مۆئمىنلەر دۇنيادا تائەت - ئىبادەتلەرگە قىزغىن بولۇش ۋە باشقا ئەمەللەرگە ئالدىراشتا پەرقلىق بولغىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ جەننەتنىڭ دەرىجىلىرىدە ئەمەللىرىگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿*كىمكى مۆئمىن بولۇپ، ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ*﴾(20/«تاھا»: 75)، ﴿*سىلەردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل - مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل - مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر - بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى*﴾(57/«ھەدىد»: 10).

- ئۇنداقتا جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى قايسىلار؟
- ئۇ دەرىجىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە قانچىلىك؟
- ئىنسان دەرىجىلەرگە قانداق ئۆرلەيدۇ؟

جەننەت ئۈستۈنلۈك، نېئمەت ۋە ھۇزۇر جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن ئارتۇق دەرىجە ۋە مەرتىۋىلەردە بولۇپ، مۆئمىنلەر ئىمانى ۋە تەقۋالىقىغا قارىتا ئۇ دەرىجىلەرگە لايىق بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى يۇقىرى دەرىجىلىك قەسىرلەردىكى كىشىلەرنى ئۆز ئۈستىدىن خۇددى ئۇپۇقتا كۆن چىقىش ياكى كۈن پېتىش تەرەپكە كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قارىغاندەك كۆرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يۇقىرى - تۆۋەن مەرتىۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقى سەۋەبلىك بولغان،** – دېگەنىدى، ئەسھابلەر:

**– ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇ دېگەن ئەنبىيائىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى، ئۇنىڭغا ئۇلاردىن باشقىلار يېتەلمەيدىغاندۇ، – دېدى، رەسۇلۇللاھ:**

**– ياق، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئەنبىيائىلەرگە ئىشەنگەنلەردۇر، – دېدى[1].**

## جەننەتتە يۈز دەرىجە بار

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەردىكى، جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى يۈز دەرىجە بولۇپ، ئۇ دەرىجىلەرنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. ئۇ زات:

**– كىمكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرىدىكەن، پەرز نامازلارنى جايىدا ئوقۇيدىكەن، رامازان روزىسىنى تۇتىدىكەن، مەيلى ئۇ ئادەم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلسۇن، مەيلى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يېرىدە ئولتۇرسۇن، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ، – دېگەندى، ئەسھابلەر:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرگە بېشارەت بەرمەيلىمۇ؟ – دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ:**

**– ھەقىقەتەن جەننەتتە يۈز دەرىجە باركى، ئۇلارنى ئاللاھ ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئۈچۈن تەييارلىغان. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىدىكىدەك ئارىلىق بار، شۇڭا ئاللاھتىن تىلىگىنىڭلاردا ئۇنىڭدىن فىردەۋسنى تىلەڭلار! چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر. راھماننىڭ ئەرشى ئۇنىڭ ئۈستىدەدۇر، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئاشۇنىڭدىن (فىردەۋستىن) ئېتىلىپ چىقىدۇ – دېدى[2].**

فىردەۋس قانداقىسىگە جەننەتنىڭ ھەم قاپ ئوتتۇرىسى، ھەم ئەڭ ئالىيسى بولىدۇ؟

شۇنداق، فىردەۋس جەننەتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، جەننەتنىڭ باشقا جايلىرى ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ. فىردەۋسنىڭ جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىيسى ۋە ئۈستۈنى بولۇشى ئۇنىڭ جەننەتنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، فىردەۋسنىڭ تورۇسى مېھرىبان

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3256)؛ مۇسلىم (2831).

(2) بۇخارىي (2790).

ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىدۇر.

ئۈستۈن دەرىجىلەر مۇجاھىدلارغىلا خاسمۇ؟

دەرىجىلەرنىڭ ئۈستۈن ۋە يۇقىرى بولۇشى مۇجاھىدلارغىلا خاس ئەمەس. بەلكى مۆئمىنلەردىن ئىبارەت نىجات تاپقانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈندۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جەننەتتە يۈز دەرىجە بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى يۈز يىللىق مۇساپىدۇر» دېگەن[1].

## جەننەتتە كۆپ دەرىجىلەر بار

ھارىسە ئىبنى سۇراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر غەزۋىسىدە ئەنسارلاردىن شەھىد بولغان تۇنجى ساھابەدۇر. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئاجايىپ. يېشى كىچىكلىكى سەۋەبلىك بەدر غەزۋىسىگە جەڭچى بولۇپ قاتنىشالمىغان ھارىسە ئۇرۇش مەيدانىدىن نېرىراقتىكى بىر كۆلچەكتىن سۇ ئىچىۋاتقاندا غايىبتىن كەلگەن بىر ئوق تېگىپ شەھىد بولىدۇ. بەدردىن مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ھارىسەنىڭ ئانىسى رەسۇل ئەكرەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئوغلى ھەققىدە مۇشۇ ھەدىستە كەلگەندەك سورايدۇ:

– ئى ئاللاھنىڭ نەبىيسى! ماڭا ھارىسە توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەمسىلا؟ – ھارىسە بەدر ئۇرۇشىدا غايىبتىن كەلگەن بىر ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى ــ ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا، سەبر قىلاي. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەن ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قاتتىق يىغلاي، ــ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

– ئى ھارىسەنىڭ ئانىسى! ئۇ جەننەتتە نۇرغۇن جەننەتلەر باردۇر. سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك فىردەۋس دېگەن جەننەتكە ئېرىشتى، – دېدى[2].

ئادىللىق

**مۆئمىنلەر ئەمەللىرىگە قارىتا جەننەتنىڭ دەرىجىلىرىدە پەرقلىق بولىدۇ.**

(1) تىرمىزىي (2529). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 4245) «سەھىھ» دېگەن.
(2) بۇخارىي (2809).

# جەننەتنىڭ مۇئەككەللىرى

جەننەت ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكى، گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتىلەرنى ۋە ساقلىغۇچى خىزمەتكارلارنى ياراتتى.

- ئۇنداقتا ئاشۇ مۇئەككەللەر كىملەر؟
- ئۇلار پەرىشتىلەرمۇ؟
- ئۇلارنىڭ سانى قانچە؟
- ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟

ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ مۇئەككەللىرىنى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر-دىن قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە كىرگەن چاغدا قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە قارشى ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ - توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ*﴾(«زۇمەر»: 39/73).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: «مەن قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، ئېچىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتە: ‹سەن كىم؟› دەيدۇ. مەن: ‹مەن مۇھەممەد› دەيمەن. پەرىشتە: ‹ساڭا ئېچىشقا بۇيرۇلدۇم، سەندىن ئىلگىرى ھېچبىرىگە ئېچىپ باقمىغان ئىدىم› دەيدۇ»[1].

بۇ ھەدىس جەننەتنىڭ ساقلىغۇچى پەرىشتىلىرى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە يەنە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ

---

(1) مۇسلىم (197).

تائالانىڭ دەرگاھىدىكى پەزىلىتى، ھۆرمىتى ۋە قىيامەت كۈنى ئادەم باللىرىنىڭ خوجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

### ئۇلارنىڭ سانى

جەننەتنىڭ مۇئەككەل پەرىشتىلىرىنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ بارلىقىغا، ئۇلارنىڭ جەننەتتە ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئاسىيلىق قىلماستىن ئىجرا قىلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىمىز.

### ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى بار بولۇپ، بەزىسى مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرگەندە ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. بەزىسى جەننەتكە تۇنجى كىرگەن كىشىگە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. جەننەتكە تۇنجى كىرگۈچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى جەننەت ئەھلىنىڭ يېنىغا ھەر دەرۋازىدىن كىرىپ تۇرىدۇ.

### ئىززەت - ئىكرام

**مۇئمىنلەرنى ئىززەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ قەدرىنى قىلىش ئۈچۈن، بۈيۈك پەرىشتىلەر ئۇلارغا خىزمەت قىلىدۇ.**

# جەننەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تۈپسى

جەننەت ئەھلى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلەر، مەي باغلىغان مېۋىلەر، كاۋاك مەرۋايىتتىن ۋە تاشلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن بولغان چېدىرلاردا تۇرلۇك نېئمەتلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. جەننەت نېمىدېگەن ياخشى ماكان! ئۇنىڭدا تۇرغۇچىلار نېمىدېگەن ياخشى ئادەملەر!

- ئۇنداقتا جەننەتنىڭ قۇرۇلمىسى قانداق؟
- جەننەتنىڭ تاشلىرى نېمە؟

ئەسهاب كىراملەر نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جەننەت توغرۇلۇق سورايتتى، ئۇ زات ئۇلارغا جاۋاب بېرەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بىز:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سىلى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمىزدا قەلبلىرىمىز ئېرىيدۇ ۋە بىز ئاخىرەت ئەھلىدىن بولۇپ كېتىمىز. ئەگەر سىلىدىن (سىلىنىڭ يانلىرىدىن) ئايرىلساق، دۇنيا بىلەن ۋە ئاياللىرىمىز، بالىلىرىمىز بىلەن بولۇپ كېتىمىز، – دېگەنىدۇق، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

**– ئەگەر سىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا مېنىڭ يېنىمدا بولغان چاغدىكى ھالىتىڭلاردەك بولغان بولساڭلار، پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ يۈرەتتى. ئەگەر سىلەر ئۆيۈڭلاردىلا بولۇپ، گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن بولساڭلار، ئاللاھ تائالا مەغفىرەت قىلىشى ئۈچۈن، گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان بىر قەۋمنى ئېلىپ كەلگەن بولاتتى،** – دېدى. ئاندىن ئەسهابلەر ئۇ زاتتىن جەننەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە سورىدى.

### جەننەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدى: ‹بىز:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە جەننەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىلە! ئۇنىڭ

قۇرۇلۇشى نېمىدىندۇر؟ – دېگەندۇق، ئۇ زات:

**– – بىر كېسەك كۈمۈش، بىر كېسەك ئالتۇن، لېيى خۇشپۇراق ئىپار، شېغىللىرى مەرۋايىت ۋە ياقۇت، تۇپىسى زەپەر. كىم ئۇ يەرگە كىرسە، نېئمەتكە ئېرىشىدۇ، ئۈمىدسىز بولمايدۇ، ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ ياشايدۇ. كىيىملىرى كونىرىمايدۇ، قېرىماي ياش پېتى تۇرىۋېرىدۇ...› دېدى»[1].**

دېمەك، جەننەتنىڭ تاشلىرى بولمىش ئالتۇن - كۈمۈشتىن قەسىرلەر سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ لېيى ئىپاردۇر. جەننەتنىڭ تۇپىسى زەپىران بولۇپ، بۇ تۇپا پاك سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا ئىپار بولىدۇ[2]. جەننەتنىڭ شېغىللىرى بولسا مەرۋايىتتۇر.

### نېئمەت

**جەننەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت، ياقۇت ۋە مارجاندىن بولۇشى جەننەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىنىڭ نېئمىتىنى زىيادە قىلىش ئۈچۈندۇر.**

(1) ئەھمەد (8030). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «باشقا يوللىرى بىلەن سەھىھتۇر» دېگەن.

(2) ئىبنۇلقەييىم: «ھادىلئەرۋاھ ئىلا بىلادىلئەفراھ»، 128 ـ بەت.

# جەننەتنىڭ خانەلىرى ۋە چېدىرلىرى

جەننەتتە خانىلەر ۋە چوڭ قەسىرلەر بار بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***لېكىن، (دۇنيادا) پەرۋەردىگارىدىن قورققانلار (جەننەتتە) قەۋەت - قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، (بۇ) ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ***﴾(39/«زۇمەر»: 20).

- ئۇنداقتا بۇ خانەلەرنىڭ شەكىللىرى قانداق؟
- ئۇ خانەلەردە تۇرغۇچىلار كىملەر؟
- چېدىرلار نەگە تىكىلىندۇ؟

ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلار جەننەتكە لايىق شەكىلدە سېلىنغان قەۋەت - قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ***﴾(34/«سەبەئ»: 37).

شۇنداق، مال - دۇنيا ۋە بالىچاقا پەقەت ياخشى ئەمەلگە ئايلانغان ۋاقىتتىلا بەندىنى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، مال - دۇنيايىمىز بىلەن مەسجىد سالدۇق ياكى «قۇرئان»لارنى ھەدىيە قىلدۇق، ياكى بىرەر يېتىمگە كېپىل بولدۇق، ۋەھاكازا. بالىلىرىمىزنىمۇ «قۇرئان» يادلىتىپ، ئىسلام بىلىملىرى ۋە باشقا نۇرغۇن پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلىسەك، مانا مۇشۇ ۋاقىتتىلا مال - دۇنيا ۋە بالىچاقىلىرىمىز بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بەلكى ئۇنداق كىشىلەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ

بىر ياخشى ئەمەلگە ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىلىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرالغۇ جايى جەننەتنىڭ ئۈستۈن خانىلىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورقۇنچ بولمايدۇ.

## جەننەتنىڭ خانىلىرىدە تۇرغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرى

جەننەتنىڭ ئۈستۈن خانىلىرىدە تۇرىدىغانلارنىڭ ئەمەللىرىنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: **«ھەقىقەتەن، جەننەتتە كۆپ خانىلەر بولۇپ، بۇ خانىلەرنىڭ سىرتى ئىچىدىن، ئىچى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلارنى ئاللاھ باشقىلارغا تاماق بەرگەن، سالامنى قانات يايدۇرغان ۋە كېچىلىرى خالايىق ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇغان ئادەملەرگە تەييارلىدى»**[1].

شۇنداق، ئاللاھ تائالا جەننەتتە ئارقىسىدىكى نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز خانىلەرنى تەييارلىدى. بۇلارنى ئەخلاقى گۈزەل، باشقىلارغا مۇلايىم، يۇمشاق گەپ قىلغان ئادەملەرگە تەييارلىدى. باشقىلارغا يۇمشاق گەپ قىلىش بولسا ئۇلارغا مۇلايىم بولۇش، خاتالىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش ۋە يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك بۇ خانىلەرگە ئايرىم شەخسلەر ئۈچۈن، ئومۇم ئۈچۈن، كەمبەغەللەر ئۈچۈن ۋە مېھمانلار ئۈچۈن تاماق بەرگەن ئادەملەرمۇ كىرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە كېچىلىرى باشقا ئىنسانلار ئۇخلاۋاتقاندا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان ئادەملەرمۇ كىرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدە ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلغانلىقىنىڭ ۋە ئاللاھنى راست سۆيىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

جەننەت ئەھلى تۇرالغۇلىرىنى قانداق تونۇيدۇ؟

---

(1) ئىبنى ھىببان (509). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب» ، 618) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە، خانىلىرىنى ۋە تۇرالغۇلىرىنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ بىلەلەيدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ***﴿(«مۇھەممەد»/2: 4 – 6).

يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىتلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا جەننەتنى تونۇتتى ۋە سۈپەتلەپ بەردى. شۇنداقلا ئۇلار جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن تۇرىدىغان تۇرالغۇلىرىنىمۇ تونۇتتى.

مۇفەسسىر مۇجاھىد ﴿***ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى***﴿ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئېيتىدۇ: «جەننەت ئەھلى جەننەتتىكى ئۆيلىرىنى ۋە تۇرالغۇلىرىنى بىلەلەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن بويىچە ئۇلار خاتالاشماي قالمايدۇ. خۇددى ئۇلار يارىتىلغاندىن باشلاپلا جەننەتتە ياشىغاندەكلا، بىرەرسىدىن كۆرسىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلمايلا تاپالايدۇ».[1]

ئىمام قۇرتۇبىي ئېيتىدۇ: «كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەر دېدىكى: ‹جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە، ئۇلارغا: ”تۇرالغۇلىرىڭلارغا تارقىلىڭلار“ دېيىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنى جۈمە نامىزىدىن قايتقان كىشىلەر ئۆيلىرىنى بىلگەندىنمۇ بەكرەك بىلەلەيدۇ›».[2]

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «مۇئمىنلەر (پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن) دوزاخ بىلەن جەننەت ئارىسىدىكى**

---

(1) تەبەرىي: «تەفسىرۇ تەبەرىي»، (31627).

(2) قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە»، 392 ـ بەت.

**چوڭ بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلۇپ، دۇنيادىكى چاغلىرىدا بەزىلىرىدە قالغان قىساس ۋە ھەقلىرى بەزىلىرىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاخىرى تۈزىتىلىپ تازىلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئىجازەت قىلىنىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتتىكى تۇرالغۇسىنى دۇنيادىكى ئۆيىدىنمۇ ياخشىراق تونۇيدۇ»**[1].

## جەننەتنىڭ چېدىرلىرى

ئەگەر تۇرالغۇ جايلار تۈرلۈك بولسا، ئۇ تۇرالغۇلار ئۇنىڭدا تۇرغۇچى ئۈچۈن شۇنچە باياشات ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى بولىدۇ. جەننەتتە ئالتۇن ئۆيلەر، كۈمۈش قەسىرلەر ۋە ھەممە جايلارغا تىكلەنگەن چېدىرلار بار. ئەگەر خاھلىساڭ، ئۇ چېدىرلارنى ھەسەل ئۆستىڭىنىڭ بويىغا ئېلىپ بارالايسەن ياكى شاراپ ئۆستىڭىنىڭ بويىغا تىكلىيەلەيسەن. ئۇ چاغدا سەن بىلەن يەنە ئايالىڭ ۋە دوستلىرىڭ بىللە بولىدۇ.

بۇ چېدىرلار خانىلەر ئەمەستۇر (يەنى چېدىرلار باشقا، خانىلەر باشقىدۇر). نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«(جەننەتتىكى) چېدىر ئىچى كاۋاك گۆھەردۇر. ئۇنىڭ ئاسماندىكى ئېگىزلىكى ئوتتۇز مىل بولۇپ، ھەربىر بۇلۇڭىدا مۇئمىنگە (جۈر بولىدىغان) ھۆرلەر تۇرىدۇ، (چېدىرنىڭ كەڭ ۋە ئازادىلىكىدىن) ئۇلار باشقا بۇلۇڭدىكىلەرنى كۆرمەيدۇ»** دېگەن[2].

چېدىر دېگىنىمىز – ئەئرابىيلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بولغان تۆت چاسا ئۆي بولۇپ، دۇنيادا ئادەتتە رەخت ۋە كىگىزدەك نەرسىلەر بىلەن ياسىلىدۇ. ئاللاھ تائالا چېدىرلارنى زىكىر قىلىپ: ***﴿ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر﴾***(«رەھمان»: 55/72) دېگەن.

لېكىن، جەننەتنىڭ چېدىرلىرى دۇنيانىڭ چېدىرلىرىغا ئوخشىمايدۇ. جەننەتتە ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن ئىچى قۇرۇق بىر چېدىر

---

(1) بۇخارىي (6535).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3243)؛ مۇسلىم (2838).

بولىدۇ. ئۇ ھەجمى چوڭ، ئېگىز چېدىر بولۇپ، ئېگىزلىكى ئاتمىش مىل كېلىدۇ. ئۇ چېدىرلاردا بۇلۇڭلار بولۇپ، مۆئمىن ھەربىر بۇلۇڭدىكى ئائىلىنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ. چېدىر چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەربىر بۇلۇڭدىكى ئائىلىلەرمۇ بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

بۇ خانىلەردە ۋە چېدىرلاردا چوقۇم ئۆي سەرەمجانلىرى، كارىۋاتلار ۋە كىرېسلولار بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىرى قانداق؟

## جەننەتنىڭ كارىۋاتلىرى ۋە كىرېسلولىرى

جەننەت سەرەمجانلىرىنىڭ گۈزەللىكى، جابدۇقلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە تۈۋرۈكلىرىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە ئىنسان نەپسىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە خۇشال قىلىدىغان دەرىجىدە بولۇپ، رەببىمىز ئاللاھ بۇلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە سۈپەتلەپ بەردى، مەدھىيەلىدى ۋە نەپسلەرنى ئۇنىڭغا ئىنتىلدۇردى. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئۇ يەردە ئېگىز *تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت - رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار*﴾**(88/«غاشىيە»: 13 – 16).

ياستۇقلار ھەممە ئورۇنغا تاشلاپ قويۇلىدۇ. مۆئمىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ ۋە يېنىچە ياتىدۇ. بىساتلار جايدىكى گۈزەللىكنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.

تەپەككۇر قىلغىنكى، ئاللاھ تائالا «تەختلەر»نى ئېگىز دەپ، «بىساتلار»نى سېلىنغان دەپ، «ياستۇقلار»نى رەت - رەت قويۇلغان دەپ سۈپەتلىدى.

تەختلەرنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۇنىڭ ئېگىزلىكىگە، يۇمشاقلىقىغا ۋە ئۇنىڭدا يېنىچە ياتقان ئادەمنىڭ ئەتراپىغا قارايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بىساتلارنىڭ سېلىنغانلىقى ئۇنىڭ كۆپلۈكىگە، ھەممە ئورۇنلاردا بار ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. دېمەك، ھەممە جايدا بىساتلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ياستۇقلارنىڭ رەت - رەت قويۇلغانلىقى بۇ ياستۇقلارنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ئەمەس، ھەممە ۋاقىتتا يۆلىنىش ۋە

ئولتۇرۇش ئۈچۈن تەييار ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.[1]

## ئىززەت - ئىكرام

**ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل تارتىشلىرى ۋە ئىستەكلىرى خىلمۇخىل بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ تۇرالغۇلىرىنى خانىلەر ۋە چېدىرلار شەكلىدە ھەر خىل قىلدى.**

(1) ئىبنۇلقەييىم: «ھادىلئەرۋاھ ئىلا بىلادىلئەفراھ»، 198 ـ بەت.

## جەننەتنىڭ پۇرىقى

جەننەتنىڭ خۇشبۇيى، ئۆتكۈر ھىدى بولۇپ، بۇ پۇراق جەننەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قاپلايدۇ. مۇئمىنلەر بۇنى يىراق مۇساپىلەردىنمۇ پۇرىيالايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە خەبەر بەردى ۋە بەزى گۇناھلارنىڭ ئىگىسىنىڭ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

- ئۇنداقتا جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراشتىن توسۇپ قويىدىغان گۇناھلار قايسىلار؟
- بۇ «ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەنلىكمۇ؟
- بۇ ئۇنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتەمدۇ؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قاتار قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى. مەسىلەن، ھاراقكەش، سېھىرگەر، سۇخەنچى ۋەھاكازالار. بۇ «بۇ ئەمەللەرنى قىلغۇچىلار كاپىردۇر» دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇشتۇر. ئەگەر ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئەپۇ قىلىۋەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ. لېكىن، باشقىلار پۇرىغاندەك جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ.

بۇ يەردە جەننەتنىڭ پۇرىقىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان بىر قاتار كىشىلەرنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

1) ھاراقكەش

ھاراق ئۇ نىجاسەتلەرنىڭ ئەسلى ۋە ناچار ئىشلارنىڭ بېشىدۇر. كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاخىرەتتە ئۇنى ئىچەلمەيدۇ. كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاللاھقا ئۇنى تىينەتۇلخەبال بىلەن سۇغىرىشى ھەق بولىدۇ.

ھەدىستە: «ئى رەسۇلۇللاھ! تىينەتۇلخەبال دېگەن نېمە؟» دېيىلگەندى،

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دوزاخ ئەھلىنىڭ تەرى ياكى قان - يىرىڭلىرىدۇر» دېدى[1].**

كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچكەن بولسا، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. پەقەت ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئەپۇ قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

2) باشقىلارنى ئۇرىدىغان ئادەملەر ۋە يېرىم - يالىڭاچ ئاياللار

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: **«ئىككى تۈرلۈك دوزىخىي ئادەملەر باركى، ئۇلارنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم: بىرى، قوللىرىدىكى كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلار بىلەن كىشىلەرنى ئۇرىدىغان ئادەملەر؛ يەنە بىرى، يېرىم - يالىڭاچ كىينگەن، ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان، باشلىرى تۆگىنىڭ سىڭايان لوككىسىدەك ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ ھىدى مۇنچىلىك - مۇنچىلىك يىراق مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ»[2].**

بۇ ھەدىستە نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنى ئۇرۇشتىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە يەنە ئاياللارنى يېرىم - يالىڭاچ يۈرۈشتىن، ھىجابلىنىش ۋە ئورۇنۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ئاگاھلاندۇردى.

3) ئەھدە بېرىلگەن كىشىگە زۇلۇم قىلغۇچى

ئەھدە بېرىلگەن- يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشاپ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بىلەن تىنچ ئۆتۈشكە ۋە ئۇرۇش قىلماسلىققا كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىش ۋە ھەققىنى بەرمەسلىك دۇرۇس بولمايدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنكى: **«ئاگاھ بولۇڭلاركى، كىمكى ئەھدە بېرىلگەن كىشىگە زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭ ھەققىنى كەم بەرسە ۋە ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىسا ياكى ئۇنىڭ بىر نەرسىسىنى رازى**

---

(1) مۇسلىم (2002).

(2) مۇسلىم (2128).

**بولمىسىمۇ ئېلىشالسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ (ئەھدە بېرىلگەن كىشى) نىڭ تەرەپدارى بولىمەن»[1]. ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارمىقى بىلەن مەيدىسىگە ئىشارەت قىلىپ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئامانلىق بەرگەن زىممىينى ئۆلتۈرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ھارام قىلدى. ھەقىقەتەن، جەننەتنىڭ پۇرىقى يەتمىش يىللىق مۇساپىدىنمۇ كېلىدۇ» دېگەن[2].**

«زىممەت»: ئەھدە، ئامانلىق، كېپىللىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. ئاللاھنىڭ ئەھدىسى بولسا ئاللاھنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەرگەن ئامانلىقىدۇر. ئاللاھ بەرگەن بۇ ئەھدە ۋە ئامانلىقنى بۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراش دۇرۇس بولمايدۇ. كىمكى شۇنداق قىلسا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ھەرگىز پۇرىيالمايدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى يەتمىش يىللىق مۇساپىدىنمۇ كېلىدۇ.

### 4) ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى

ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش چوڭ گۇناھتۇر ۋە نان كورلۇقتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ ھەققىگە ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرۈپ: ***﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾*** (17/«ئىسرائ»: 23) دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە «قۇرئان»دا ئۆزىگە شۈكۈر قىلىشنى ئاتا - ئانىغا شۈكۈر قىلىش بىلەن بىللە تىلغا ئېلىپ: ***﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾*** (31/«لۇقمان»: 14) دېگەن.

ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئىككىلا دۇنيالىق بەخت - سائادەتنىڭ يولىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى ياكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن قىلىنىشىدىن خۇرسەن بولسا، خىش -**

(1) ئەبۇ داۋۇد (3052). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 2655) «سەھىھ» دېگەن.

(2) ئىبنى ماجە: (2677). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 2677) «سەھىھ» دېگەن.

**ئەقرىبالىرىغا سىلە - رەھىم قىلسۇن»** دېگەن[1].

### 5) بېخىل، مىننەت قىلغۇچى

بېخىل دېگىنىمىز - ئاللاھ تائالا رىزقىنى كەڭرى قىلىپ، كۆپ مال - دۇنيا بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە ۋە بالىلىرىغا نەپىقە قىلمايدىغان، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ۋە سىلە - رەھىم قىلمايدىغان كىشىدۇر. بېخىللىق بولسا خەتەرلىك ئىللەتتۇر.

مىننەت قىلغۇچى بولسا باشقىلارغا بىرنەرسىنى بېرىپ، كەينىدىن بەرگىنىگە مىننەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى خىجىل قىلىش ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقىنى تىلغا ئالىدىغان كىشىدۇر.

ئەگەر بېخىللىق بىلەن مىننەتخورلۇق بىرلەشسە، قاتمۇقات زۇلمەت بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، ئۇلار جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپىدىنمۇ كېلىدۇ. ئۇلار: ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى، ھاراقكەش ۋە بېخىل مىننەتخور»** دېگەن[2].

بۇ ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشتىن ۋە ئۇلارغا يامانلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇشتۇر. شۇنداقلا نىجاسەتلەرنىڭ بېشى بولغان ھاراقتىن ۋە بېخىللىقتىن، مىننەتخورلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

بەزى ھەدىسلەردە **«جەننەتنىڭ پۇرىقى يەتمىش يىللىق مۇساپىدىنمۇ كېلىدۇ»** دەپ كەلدى. يەنە بەزى ھەدىسلەردە **«جەننەتنىڭ پۇرىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپىدىنمۇ كېلىدۇ»** دەپ كەلدى. ئۇنداقتا بۇ ئىككى ھەدىسنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ چۈشىنىمىز؟

جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراش شەخسلەرنىڭ ئىمانى ۋە ئەمەللىرىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. يىراق مۇساپىدىنمۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغان كىشى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى يېقىن مۇساپىدىن پۇرىغان

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2067)؛ مۇسلىم (2557).

(2) تەبەرىي: «تەھزىبۇل ئاسار»، 1566. «سەھىھ مۇرسەل»دۇر.

كىشىدىن ئېسىل ۋە سالىھ كىشىدۇر. جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە بەدىنىنىڭ ئىقتىدارلىرى بىلەن پۇرىغىلى بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالا بەندىگە ئاتا قىلغان ئىمكانىيەتلەر بىلەن پۇرىغىلى بولىدۇ. بەزىدە ئاللاھ خالىغان بەزىلەر يەتمىش يىللىق يىراقلىقتىن پۇرىيالىسا، بەزىدە بەش يۈز يىللىق يىراقلىقتىن پۇرىيالايدۇ[1].

### دۇئا

**ئاللاھتىن بىزگە جەننەتنى ئاتا قىلىشنى ۋە بىزنى دوزاختىن ساقلىشنى سورايمىز.**

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(1) بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي» 19/369.

# جەننەتنىڭ دەرەخلىرى ۋە مېۋىلىرى

قارىغۇچىنىڭ كۆزىنىڭ ھۇزۇرلىنىشى، كۆڭۈللەرنىڭ يايراپ خۇشال بولۇشى ۋە بەخت - سائادەتنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ جەملىنىشى ئۈچۈن يېشىللىق ۋە سايىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى گۈزەللىكنىڭ تولۇق بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

جەننەتنىڭ دەرەخلىرى، ئۇ دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى، كۆكلەملىكى ۋە كۆركەملىكى ھۇزۇر ۋە بەخت - سائادەتتۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتنى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ﴿**سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾(56/«ۋاقىئە»: 27 – 30)، ﴿**ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار**﴾(55/«رەھمان»: 48)، ﴿**ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار**﴾(55/«رەھمان»: 68).

جەننەتنىڭ دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى ئۇزۇن بولۇپ، شېرىن سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغاندۇر. ئۇ دەرەخلەرنىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىقتۇر، مېۋىلىرى بەك شېرىن ۋە پاكتۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە دېدىكى: «ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر دەرەخ بولۇپ، ئۇلاغلىق كىشى يۈز يىل مېڭىپمۇ ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر خاھلىساڭلار ﴿**ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن**﴾(56/«ۋاقىئە»: 30) دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار»[1].

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ**﴾(76/«ئىنسان»: 14) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ:

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4881)؛ مۇسلىم (2826).

«ھەقىقەتەن، جەننەت ئەھلى جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن ئۈزلىرى خاھلىغان ھالەتتە، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە يېنىچە ياتقان ھالەتتە يەيدۇ» دېگەن[1].

**لەززەت**

**تاماق دۇنيادا ئاچلىقتىن مۇداپىئە، ئاخىرەتتە لەززەت، ھۇزۇر ۋە نېئمەتتۇر.**

(1) بەيھەقىي: «ئەلبەئىسۇ ۋەننۇشۇر»، (855). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 3734) «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

# جەننەت ئەھلىنىڭ تائاملىرى

جەننەت ئەھلى ئۇچۇن جەننەتتە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەر ۋە كۆڭلى تارتقان قۇشنىڭ گۆشلىرى بار. بۇ مېۋىلەرنى ئۇلارغا چىرايلىق خىزمەتكارلار ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ مېۋىلەردىن ۋە قۇشنىڭ گۆشلىرىدىن ئۆزلىرى خاھلىغان ۋە كۆڭلى تارتقاننى ئېلىپ يەيدۇ.

- ئۇنداقتا بۇ تائامنىڭ تەبىئىتى قانداق؟
- ئۇنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
- بۇ تاماقلار بەدەندە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

لەززەتلىك تائام ھاياتلىقتا لەززەت ۋە گۈزەللىكنى زىيادە قىلىدۇ. جەننەتنىڭ تائامى، مېۋىلىرى ۋە قۇشلىرىدىنمۇ پاك ۋە لەززەتلىك تائام يوقتۇر. ئەگەر گۈزەل مەنزىرە بىلەن لەززەتلىك تائام، جانغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى سورۇن ۋە گۈزەل يۈزلەر بىرلەشسە، لەززەت تېخىمۇ تولۇق بولىدۇ. بۇ لەززەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ كۆپتۇر.

## جەننەتنىڭ مېۋىلىرى

جەننەتنىڭ مېۋىلىرى بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئېغىزلىرى لەززەتلىنىدۇ، كۆڭۈللىرى ھۇزۇرلىنىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿**ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾(56/«ۋاقىئە»: 28 – 34).

بۇ مېۋىلەرنىڭ ھەجمى چوڭ، كۆرۈنۈشى بىر ھۇزۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ئوقۇغان چاغدا بۇنى كۆرگەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدىكى: «(ئۇ زات بۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندا):

**– ھەقىقەتەن، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر، ئۇلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ياكى ياشىغانلىقى سەۋەبلىك تۇتۇلمايدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆرگىنىڭلاردا ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار، – دېدى. ئەسھابىلەر:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ بىرنەرسىگە قوللىرىنى سۇنۇپ ئاندىن كەينىلىرىگە چېكىنگەنلىكلىرىنى كۆردۇققۇ؟! – دېيىشكەندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**– مەن (مۇشۇ جايىمدا تۇرۇپ) جەننەتنى كۆردۈم، ئاندىن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئالماقچى بولۇپ قولۇمنى سۇندۇم، ئەگەر ئۇنى ئالغان بولسام، سىلەر ئۇنىڭدىن تا قىيامەتكىچە يېگەن بولاتتىڭلار، – دېدى»**[1].

جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ئۇنى ئالغۇچىلار ئۈچۈن بەك يېقىندۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ﴾***(«ئىنسان»: 76/14).

## ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسبىھ ئېيتىش سېلىنىدۇ

جەننەت ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە تەسبىھ ۋە ھەمد ئېيتىش سېلىنىدۇ. ئۇلار يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ، لېكىن تەرەت قىلمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«جەننەت ئەھلى ئۇنىڭدا يەپ - ئىچىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى ئىپار تەرلىگەندەك ۋە خۇشبۇي كېكىرىش بىلەن ھەزىم بولىدۇ. خۇددى ئۇلار تەبىئىي نەپەسلىنىپ تۇرغىنىدەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسبىھ ۋە ھەمد ئېيتىش سېلىنىدۇ»**[2].

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

جەننەت ئەھلى بىئىختىيار تەبىئىي نەپەس ئېلىپ تۇرغىنىدەك،

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1052)؛ مۇسلىم (2106).

(2) مۇسلىم (2835).

تەسبىھ، تەكبىر ۋە ھەمدلەر ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شۈكرى ئېيتقانلىقى ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ تەسبىھلەر ئۇلارنى جەننەتتىكى نېئمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىشىدىن توسۇپ قويمايدۇ.

## جەننەت ئەھلىنىڭ تۇنجى تائامى

بۇ چوڭ نېئمەت ۋە لەززەتلىك تائامدۇر، مۇئمىنلەر تۇنجى بولۇپ يەيدىغان بۇ تائام نېمە؟

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئېيتىدۇ: «مەن مۇسۇلمان بولۇش قارارىغا كەلگەن ۋاقتىمدا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە:

– مەن سىلىدىن سوئال سورايمەن، – دېدىم. ئۇ زات:

– سورىغىن، – دېدى.

– جەننەت ئەھلى دەسلەپتە يەيدىغان تائام قايسى؟ – دېدىم. (ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا) نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

–بېلىقنىڭ جىگىرىنىڭ كىچىك قۇلىقىدۇر[1] – دېگەن»[2].

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «مەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتىم. يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى كېلىپ:

– سالام ساڭا ئى مۇھەممەد! – دېدى، مەن ئۇنى شۇنداق قاتتىق ئىتتىردىمكى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە:

---

(1) ئومۇمەن بېلىق مەنپەئەتلىك يېمەكلىكتۇر. جىگەرنىڭ كىچىك قۇلىقى بولسا ئۇنىڭ بەدەنگە كۆپ مەنپەئەتلىرى باردۇر. بۇنى يېگى ئىلىم - پەن نۇرغۇن تەتقىقاتلاردىن كېيىن ئىسپاتلاپ چىققاندۇر. (جىگەرنىڭ كىچىك قۇلىقى جىگەرگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئايرىم بىر پارچە بولۇپ، ئىنتايىن تەملىك ھەم قولاي ھەزىم بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. قاراڭ: ئەينىي: «ئۇمدەتۇلقارىي»، 15/211 — ت.)

(2) ئەھمەد (12078). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

– مېنى نېمە ئۈچۈن ئىتتىرىسەن؟ – دېدى. مەن:

– ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! دېسەڭ بولمامدۇ! – دېدىم.

ئۇ:

– بىز ئۇنى ئائىلىسى قويغان ئىسىم بىلەن چاقىرىمىز، – دېگەندى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ھەقىقەتەن مېنىڭ ئائىلەم قويغان ئىسمىم مۇھەممەدتۇر، – دېدى. ئۇ يەھۇدىي:

– مەن سەندىن سوراش ئۈچۈن كەلدىم، – دېدى.

– ئەگەر ساڭا سۆزلەپ بەرسەم، ساڭا پايدىسى بولامدۇ؟

– قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن.

شۇنىڭ بىلەن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاياق بىلەن يەرنى جىجىپ تۇرۇپ:

– سورىغىن، – دېدى. يەھۇدىي:

– زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدىغان كۈندە ئىنسانلار نەدە بولىدۇ؟ – دەپ سورىغاندا، ئۇ زات:

– ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ ئۇستىدە زۇلمەتتە، – دېدى. يەھۇدىي:

– ئۇ يەردىن تۇنجى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىنسانلار كىملەر؟

– مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى.

– ئۇلار جەننەتكە كىرگەن چاغدا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارغا ھەدىيە قىلىنىدىغان نەرسە نېمە؟

– بېلىقنىڭ جىگىرىنىڭ كىچىك قۇلىقىدۇر.

– ئۇلارنىڭ ئۇندىن كېيىنكى غىزاسىچۇ؟

– ئۇلارغا جەننەتنىڭ يايلاقلىرىدىكى ئوت - چۆپلىرىدىن يېگەن جەننەت بۇقىسى بوغۇزلىنىدۇ.

– ئۇلارنىڭ ئۇندىن كېيىنكى ئىچىملىكى نېمە؟

– جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقتىن.

– راست ئېيتتىڭ»[1].

شۇنداق، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راست ئېيتتى. پىلسىراتتىن تۇنجى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جانلىرىنى، ماللىرىنى ۋە ھاياتىنى ئاتىغان ئىنسانلاردۇر.

جەننەت ئەھلى چوڭ، كىچىك تەرەت قىلمىسا، يېمەك - ئىچمەك ئۇلارنىڭ بەدىنىدە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

ئاللاھنىڭ جەننەت ئەھلىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىن جەننەت ئەھلى چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. يېمەكلەر ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەڭ خۇش پۇراق تەر بولۇپ ۋە خۇشبۇي كېكىرىك بولۇپ چىقىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ھەقىقەتەن، ئۇلارنىڭ بىرىگە يېيىش، ئىچىش ۋە جىما قىلىشتا يۈز ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، – دېدى. يەھۇدىيلاردىن بىرى:

– يېگەن ۋە ئىچكەن ئادەم ھاجەت قىلىدۇ، ھالبۇكى جەننەتتە ئەزىيەت (چىقىرىش) يوقتۇر، – دېگەنىدى، ئۇ زات:

– ئۇلارنىڭ ھاجىتى تەر بولىدۇ، بۇ تەر ئۇلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك چىقىدۇ. ئاندىن (يېگەن، ئىچكىنىنى ھەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن) قورسىقى كىچىكلەيدۇ، – دېدى[2].

## تاماق ئۇلارغا بويسۇندۇرۇلىدۇ

جەننەت ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى ھەل قىلىشتا جاپا تارتمايدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەقىقەتەن، سەن جەننەتتىكى قۇشقا قاراپ، ئۇنى كۆڭلۈڭ تارتسا، ئۇ سېنىڭ ئالدىڭغا

(1) مۇسلىم (315).

(2) ئەھمەد (19288). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

كاۋاپ ھالىتىدە بولىدۇ» دېگەن[1].

## ئىسسىق بىر، تەم ھەر خىلدۇر

جەننەتتىكى تائاملارنىڭ لەززەتلىك بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن، مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللار بىر كۈندە بىر يېمەكنى يەپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ لەززەتلىك تەمنى ھېس قىلىدۇ. ئاندىن شۇ يېمەكنىڭ ئۆزىنى ئىككىنچى قېتىم يېسە، ئاۋۋالقىدىنمۇ لەززەتلىك يېڭى بىر تەمنى ھېس قىلىدۇ.

مېۋىلەر ۋە قۇشلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭمۇ شەكلى ئوخشاش، لېكىن جەننەت ئەھلى ھەربىر قېتىم يېگەندە، يېڭى بىر تەمنى ھېس قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھالەتنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ***﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەبەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ﴾*** («بەقەرە»: 2/25).

ئۇلارغا شەكىل جەھەتتە ئوخشاش بولغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ، لېكىن بۇ مېۋىلەرنىڭ تەمى ئوخشىمايدۇ.

## ئۇلارنىڭ تائامى داۋاملىق باردۇر

جەننەت ئەھلىنىڭ تائامى ئۇلارغا ئۈزۈلۈپ قالماستىن، داۋاملىق كېلىپ تۇرىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ***

---

(1) بەززار (2032). ھەيسەمي: («مەجمەئۇززەۋائىد»، 10/417) «ئىسنادى زەئىف» دېگەن.

***تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋەت بارارجايىدۇر. كافىرلارنىڭ ئاقىۋەت بارارجايى دوزاختۇر﴾***(13/«رەئد»: 35)، ***﴿بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاتايىمىزدۇركى، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ﴾***(38/«ساد»: 54)، ***﴿ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾***(56/«ۋاقىئە»: 28 – 34).

ئاللاھتىن بىزنى بۇ نېئمەتلەرنىڭ ئەھلىدىن قىلىشىنى ۋە دۇنيادا شۇ نېئمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغانلاردىن قىلىشىنى سورايمىز.

**بىلىش**

**پەرۋەردىگارىمىز بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ تۇرلۇك يېمەك - ئىچمەكلەرنى تارتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، جەننەتتە ئۇلارغا تۇرلۇك تۇرلۇك قىلىپ بېرىدۇ.**

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىملىكى

جەننەت ئەھلىنىڭ نېئمىتىنىڭ تولۇق بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىملىرى ۋە قورساقلىرىنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن، ئىچىملىكلىرىنىڭ لەززەتلىك بولۇشىدۇر. كىمكى يېمەك يېسە، بۇ يېمەكنىڭ ھۆزۈرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشى ۋە گېلىنى نەمدىشى ئۈچۈن، لەززەتلىك ئىچىملىككە موھتاج بولىدۇ. ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىملىكلىرىنى سۈپەتلەپ بەردى ۋە بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇردى.

- ئۇنداقتا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىملىكى نېمە؟
- بۇ ئىچىملىكلەرگە نېمە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ؟
- ئۇلارنىڭ قاچىلىرى قانداق بولىدۇ؟

پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە رەھىم قىلغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىن بىزگە كىتابى «قۇرئان»دا جەننەت ئەھلىنىڭ قانداق ئىچىدىغانلىقى ۋە نېمە ئىچىدىغانلىقىنى سۈپەتلەپ بەردى. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ھەقىقەتەن ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ. (ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خاھلىغان جايلىرىغا ئېقىتىپ بارالايدۇ***﴾(55/«ئىنسان»: 5، 6). يەنى ئاللاھقا ئىتائەتمەن بەندىلەر جەننەتتە كافۇر[1] ئارىلاشتۇرۇلغان ئىچىملىك ئىچىدۇ. بۇ بىر بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ تەقۋادار بەندىلىرى ئىچىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە نېئمەتكە سازاۋەر

---

(1) كافۇر (كَافُورُ/ Camphora): بىر خىل دەرەخ ياغىچىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شارسىمان كىرىستال خۇشبۇي ماددا. پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، مەلۇم ئىسسىقلىقتا ئاسانلا پارغا ئايلىنىدۇ. تۈرلۈك تېببىي پايدىلىرىدىن باشقا غەيرى پۇراقنى يوقىتىش، پاكىزلاش ۋە قۇرتتىن ساقلاش رولى بار. ئادەتتە، سەكسەن خالتا دۇكانلىرىدا تېپىلىدۇ. تا بۈگۈنگە قەدەر مىيىتكە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. كافۇر «قۇرئان كەرىم»دە (76/«ئىنسان»: 5) تىلغا ئېلىنغان ــــ ت.

بولىدۇ. ئۆزلىرى خالىغان جايدا، خالىغان ۋاقىتتا قەسىرلىرىدە، سورۇنلىرىدا ۋە ئۆستەڭلىرىدە ئىچەلەيدۇ.

## ئۇ بۇلاقنى ئۇلار خالىغان جايغا ئېقىتىپ ئاپىرالايدۇ

خۇددى بىر ئادەم ئۆستەڭدىن سۇنى ئۆزى خالىغان جايغا باشلاپ ئاپىرالىغاندەك، جەننەت ئەھلى ئۆزلىرى سۇنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىدۇ. خالىسا يەنە سۇنى ئۆزلىرى خالىغان جايغا باشلاپ ئاپىرالايدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ. جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار﴾*** (76/«ئىنسان»: 17، 18). يەنى سالىھلار جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىملىكىگە بىر قېتىم زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، يەنە بىر قېتىم كافۇر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كافۇر بولسا سوغۇقتۇر، زەنجىبىل بولسا ئىسسىقتۇر. يەنى جەننەت ئەھلى جامدا زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جەننەتنىڭ مەيلىرىنى ئىچىدۇ. ئەرەبلەر زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان ئىچىملىكنىڭ پۇرىقىنىڭ خۇش پۇراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

ئەرەب تىلىدىكى «سلسبيل» دىگەن كەلىمە «شېرىن ئىچىملىك» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## جەننەتنىڭ ئىچىملىكىنىڭ ئارىلاشمىسى

جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىملىكىگە كافۇر ۋە زەنجىبىلدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كافۇرنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ سوغۇق ۋە پۇرىقىنىڭ خۇش پۇراق بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا، زەنجىبىلنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئىسسىق ۋە پۇرىقىنىڭ خۇش پۇراق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## ئۇلارنىڭ ئىچىملىكى پاكتۇر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ﴾*** (76/«ئىنسان»: 21).

شۇنداق، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئىنتايىن پاك ئىچىملىك بىلەن سۇغىرىدۇ. بۇ ئىچىملىك ئۇنى ئىچكەن كىشىنىڭ ئىچىنى ھەسەت، ئۆچمەنلىك ۋە ناچار ئىللەتلەردىن پاكىزلايدۇ. بۇ ئىچىملىكنى ئىچكەن كىشى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ پاك بولغان لەززەتنى ھېس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ ئىچىملىكنى «پاك ئىچىملىك» دەپ سۈپەتلىدى. بۇ ئىچىملىك دۇنيانىڭ هاراقلىرىغا ئوخشاش پۇرىقى سېسىق، نىجىس ئەمەستۇر.[1]

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ئايالى بىلەن ئولتۇرغان جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ يېنىغا جامدا مەي ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ كىشى بۇ مەيدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئايالىغا بۇرۇلۇپ قاراپ: ‹سەن مېنىڭ كۆزۈمگە يەتمىش ھەسسە گۈزەل كۆرۈنىدۇڭ› دەيدۇ»[2]. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ھەقىقەتەن، جەننەتتىكى كىشى جەننەتنىڭ ئىچىملىكلىرىدىن بىر ئىچىملىكنى كۆڭلى تارتسا، بىر ئۈزۈق كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ئۇ كىشى بۇ ئۈزۈقتىن ئىچىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈزۈق ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ»[3].

بۇ ئىچىملىك جەننەتنىڭ بۇلاقلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنداقتا جەننەتنىڭ بۇلاقلىرى قانداق؟ ئۇنىڭ لەززىتىچۇ؟

## جەننەتنىڭ بۇلاقلىرى

جەننەتتە گۈزەللىكنىڭ تولۇق بولغانلىقىنىڭ قاتارىدىن ئاللاھ تائالا جەننەتتە ئۆستەڭلەرنى ۋە بۇلاقلارنى پەيدا قىلغانلىقىدۇر. بۇ ئۆستەڭلەر ۋە بۇلاقلاردىن تۈرلۈك ۋە ئەڭ لەززەتلىك ئىچىملىكلەر ئېتىلىپ چىقىدۇ.

---

(1) ئىبنۇلقەييىم: «ھادىل ئەرۋاھ»، 175 ـ بەت.

(2) ئىبنى ئەبى شەيبە (33993).

(3) ئىبنى ئەبىددۇنيا: «سىفەتۇلجەننەتى»، (133). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3738) «ھەسەن» دېگەن.

ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ بۇلاقلىرىدىن خەۋەر بېرىپ ئېيتىدۇ: ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (ئاخىرەتتە ياپيېشىل) باغ - بوستانلاردىن، سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾(15/«ھىجىر»: 45). يەنى ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بوستانلاردا بولىدۇ. زېمىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىدۇ. بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيى ئەڭ شېرىن ۋە ئەڭ پاكتۇر.

ئاللاھ تائالا كىتابى «قۇرئان»دا كۆپ ئورۇنلاردا بەندىلىرىنى قىزىقتۇرۇپ، بۇ بۇلاقلارنى زىكىر قىلغان: ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغفىرەت تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېيپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)﴾(51/«زارىيات»: 15 – 19).

## سەلسەبىل بۇلىقى

ئاللاھ تائالا بۇ بۇلاقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىزگە خەۋەر بەردى: ﴿جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار﴾(76/«ئىنسان»: 18). «سەلسەبىل» بولسا سۇنىڭ داۋاملىق ۋە راۋان ئېقىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئېيتىدۇ: ﴿(ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خاھلىغان جايلىرىغا ئېقىتىپ بارالايدۇ﴾(76/«ئىنسان»: 6). بۇ بۇلاقلار ئۆستەڭلەر بولۇپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بەك شېرىندۇر.

### نېئمەت

**جەننەتنىڭ ئىچىملىكىنىڭ پاكلىقىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ ئاسانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ، تەمىنىڭ ھەر خىل ئىكەنلىكىدۇر.**

# جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى

جەننەتتە كۆپ ئۆستەڭلەر بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئۆستەڭلەرنى سۈپەتلەپ بەردى ۋە بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇردى. بۇ ئۆستەڭلەرنى كۆرۈش بىلەن كۆزلەر ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىش بىلەن ئېغىزلار لەززەتلىنىدۇ، قەلبلەر ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىدۇ.

- ئۇنداقتا بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
- ئۇنىڭ رەڭلىرى قايسىلار؟
- ئۇنىڭ ئىسىملىرى قايسىلار؟

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ﴾ [(2/«بەقەرە»: 25)]، ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رەزاسى بار». ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [(3/«ئال ئىمران»: 15)].

ئۇ ھەقىقىي ئۆستەڭلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئاقىدۇ، خانىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بوستانلىرىنى توشقۇزىدۇ.

## ئىچقىن سۇ

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾(56/«ۋاقىئە»: 28 - 34). يەنى ئۇ ئېرىقلار بىلەن ئاقىدىغان ياكى ئەتراپى قوشۇلۇپ كۆل بولىدىغان ئۆستەڭلەر بولماستىن، بەلكى تۈز زېمىنىنىڭ ئۈستىدە ئاقىدىغان ئۆستەڭلەردۇر.

## ئۆستەڭلەرنىڭ تۈرلىرى

جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى تۈرلۈك بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغفىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾

(47/«مۇھەممەد»: 15)

ئاللاھ تائالا بۇ تۆت تۈرنى زىكىر قىلدى ۋە ھەربىرىدىن ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئاپەتلەرنى يوق قىلدى:

1) دۇنيانىڭ سۈتىنىڭ ئاپىتى بولسا ئۇنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ قالسا، ئىچكەن ئادەمگە ئاچچىق تېتىيدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ سۈتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىدىن خەبەر بەردى.

2) دۇنيانىڭ سۈيىنىڭ ئاپىتى بولسا ئۇ ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. دېمەك، جەننەتنىڭ سۈيىدە بولسا بۇ ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ.

3) دۇنيانىڭ ھارىقىنىڭ ئاپىتى بولسا ئۇنىڭ تەمىنىڭ ياقتۇ-

رۇلمايدىغان، پۈرىقىنىڭ سىپسىق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان مەستلىك، ئەقىلنى ئاداشتۇرۇش ئىكەنلىكىدىدۇر. بۇ ئەھۋال ئاخىرەتنىڭ ھارىقىدىن يىراقتۇر.

4) دۇنيانىڭ ھەسىلىنىڭ ئاپتى بولسا ئۇنىڭ كىرلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىدىدۇر. جەننەتنىڭ ھەسىلىدە بولسا بۇ ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ، ئۇ بەك ساپ ھەسەلدۇر.

بۇ ئاللاھنىڭ مۆئجىزىلىرىدىن بولۇپ، تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى ئاقىدۇ. بۇلارنىڭ ئېقىشى دۇنيادىكى ئۆستەڭلەرنىڭ ئېقىشىغا ئوخشىمايدۇ. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى، بۇ ئۆستەڭلەر ئېرىق ياكى كۆل شەكلىدە ئاقىدىغان ئۆستەڭلەر ئەمەستۇر. يەنە ئۇنىڭدىكى ئىچىملىكلەر ئەڭ تولۇق لەززەتنى چەكلەپ قويىدىغان ھەممە ئاپەتلەردىن پاكتۇر.

ئاللاھ يەنە جەننەتنىڭ ھارىقىدىن دۇنيانىڭ ھارىقىدا كۆرۈلىدىغان باش قېيىش، قۇرۇق گەپ - سۆز، ئەقىلدىن ئادىشىش ۋە لەززەتلىنىشنىڭ بولماسلىقىدەك ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلدى. ئەمما، دۇنيانىڭ ھارىقى بولسا شەيتاننىڭ ئىشى بولغان پاسكىنا نەرسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن ۋە نامازئوقۇشتىن توسىدۇ. زىنا قىلىشقا ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ۋە كۆندەشلىكنى يوقىتىدۇ. ئۇ پۈتۈن يامان ئىشلارنىڭ بېشىدۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ ھارىقىنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق قىلدى.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئىچىملىكلىرى بولمىش بۇ ئۆستەڭلەر-نىڭ بىر جايدا جەم بولۇشىنى ئويلاپ باقايلى. بىرى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىشى ۋە پاكلىنىشى ئۈچۈندۇر. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ كۈچلىنىشى ۋە ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈندۇر. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ لەززەتلىنىشى ۋە خۇشال بولۇشى ئۈچۈندۇر. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ كېسەللەردىن شىپا تېپىشى ۋە مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈندۇر.

### بۇ ئۆستەڭلەر نەدىن ئېقىپ چىقىدۇ

بۇ ئۆستەڭلەر جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىن ئەڭ ئاستىغا ئېقىپ

**چىقىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ھەقىقەتەن جەننەتتە يۈز دەرىجە باركى، ئۇلارنى ئاللاھ ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئۈچۈن تەييارلىغان. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىدىكىدەك ئارىلىق بار، شۇڭا ئاللاھتىن تىلىگىنىڭلاردا ئۇنىڭدىن فىردەۋسنى تىلەڭلار! چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر. راھماننىڭ ئەرشى ئۇنىڭ ئۈستىدەدۇر، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئاشۇنىڭدىن (فىردەۋستىن) ئېتىلىپ چىقىدۇ»[1].**

## دۇنيادا جەننەتنىڭ دەريالىرىدىن تۆتى بار

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەيھان، جەيھان، فۇرات ۋە نىل ھەربىرى جەننەتنىڭ دەريالىرىدىندۇر» دېگەن[2]. يەنە: «قارىسام**

---

(1) بۇخارىي (2790).

(2) مۇسلىم (2839). سەيھان دەرياسى كىچىك ئەرمىنىيەنىڭ تاغلىرىدىن چىقىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، ئادانە شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ۋە مەرسىن شەھىرىگە يېقىن جايدا ئوتتۇرا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. جەيھان بولسا ئەلبىستان ئىلچىسىگە يېقىن بىر جايدىكى بۇلاقتىن شەكىللىنىدىغان دەريا بولۇپ، مىسىس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى كىلىكيا تاغلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئەياس (ھازىرقى يۇمۇرتالىق) شەھىرىدىكى ئىسكەندەرون قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. قاراڭ: ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 1/29.
ئىمام نەۋەۋىي ئېيتىدۇ: «بىلگىنكى، سەيھان ۋە جەيھان بولسا سەيھۇن ۋە جەيھۇندىن باشقىدۇر. سەيھان ۋە جەيھان جەننەتنىڭ دەريالىرىدىن بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئەرمەن دىيارىدىدۇر. جەيھان بولسا مىسىس دەرياسىدۇر. سەيھان ئادانە دەرياسىدۇر. بۇ ئىككىسى چوڭ دەريالار بولۇپ، چوڭراقى جەيھاندۇر. ئەمما، جەۋھەرىينىڭ: ‹جەيھان شامدىكى بىر دەريادۇر› دېگەن سۆزى خاتادۇر ياكى ئۇ شام دىيارىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ھازىمىي: ‹سەيھان مىسىستىكى بىر دەريادۇر، ئۇ سەيھۇندىن باشقىدۇر› دېگەن. ‹نىھايەتۇلغەرىب› نىڭ مۇئەللىپى ئىبنۇلئەسىر: ‹سەيھان ۋە جەيھان مىسىس بىلەن تەرسۇس يېنىدىكى ئاۋاسىمدىكى ئىككى دەريادۇر› دېگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: جەيھۇن جەيھاندىن باشقا، سەيھۇن سەيھاندىن باشقا ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەندۇر». قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم»، 9/222.
نىل دەرياسى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى بۇرۇندى ۋە رۇۋاندا دۆلىتىدىكى كاغىرا دەرياسىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىدىكى مىسىرنىڭ نىل دېلتىسىغىچەدۇر. نىل دەرياسى كونغو، بۇرۇندى، رۇۋاندا، تانزانىيە، كىنىيە، ئۇگاندا، سۇدان، ئېفىيوپىيە ۋە مىسىر

**سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ تۈۋىدە تۆت دەريا بولۇپ، ئىككى ئىچكى دەريا جەننەتتىكى دەريالاردۇر. ئىككى تاشقى دەريا بولسا نىل بىلەن فۇراتتۇر»[1] دېگەن.**

**بۇ دەريالار دۇنيادا ئاقىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە يەنە جەننەتتە بولىدۇ؟**

**بۇ دەريالارنىڭ ئەسلى جەننەتتىندۇر. خۇددى دېڭىزلاردىكى، كۆللەردىكى سۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەسلى يامغۇر سۈيى بولغانىدەك. يامغۇر سۈيى دەريالاردا ئاقىدىغان، كۆللەرگە قۇيۇلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلى ئاسماندىن كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ دەريالارنىڭ سۈيى جەننەتتىكى دەريالاردىن تەمىنلىنىدۇ.**

## جەننەتتىكى دەريالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى كەۋسەردۇر

**كەۋسەر – بەك كۆپلۈككە دالالەت قىلىدىغان سۆپەتتۇر. كەۋسەر ھەۋزىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان دەريادۇر.**

**ئۇنداقتا كەۋسەر دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى قانداق؟**

**ئۇنىڭدىكى نېئمەت ۋە خۇشاللىقنىڭ شەكىللىرى قانداق؟**

**كۆپ ھەدىسلەردە كەۋسەرنى ھەۋزنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. بۇنىڭدىن بەزى ئەھلى ئىلىملەر: «ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿*بىز ھەقىقەتەن ساڭا كەۋسەرنى ئاتا قىلدۇق*﴾(«كەۋسەر»: 1/108) دېگەن سۆزىدە كەلگەن كەۋسەر بولسا ھەۋزدۇر»**

---

قاتارلىق توققۇز ئافرىقا دۆلىتىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. نىل دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. جەنۇب بولسا ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا شەرق تەرەپلىرىدىكى ئېگىز تاغلار ۋە ھەبەشىستاننىڭ ئېگىز تۆپىلىكلىرىدۇر. شىمال بولسا مىسىردىكى نىل دېلتىسى بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

فۇرات دەرياسى بولسا تۈركىيەدىن باشلىنىپ، سۇرىيە ۋە ئىراقنى كېسىپ ئۆتۈپ، دىجلە دەرياسىدا ئۇچرىشىدۇ. ئاندىن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا قۇيۇلىدۇ. فۇرات دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2700 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دەريا 444000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان رايوننى تەمىنلەيدۇ.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (3207)؛ مۇسلىم (164).

دەپ قارىغان.

لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەۋز قىيامەت كۈنى مەھشەردە بولىدۇ. ئەمما، كەۋسەر بولسا جەننەتتىكى دەريادۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە بولسا كەۋسەر دەرياسى ھەۋزنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن ھەۋز كەۋسەر دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. بۇ ئىككىسىنىڭ سۈپەتلىرى ئوخشاشتۇر.

## كەۋسەر دەرياسىنىڭ سۈپىتى

كەۋسەر دەرياسى جەننەتتىنىڭ دەريالىرىنىڭ بىرىدۇر. جەننەتنىڭ دەريالىرى كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە قەلبلەرگە كېچىپ باقمىغان دەرىجىدە سۈلىرى شېرىن ۋە گۈزەلدۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «بىر كۈنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن بىللە ئىدى. تۇيۇقسىز بىرئاز مۈگدەپ قالدى. ئاندىن تەبەسسۇم قىلغان ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. بىز:

– ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە سەۋەبتىن كۈلۈمسىرىدىلە؟ – دېسەك،

– ماڭا باياتىن بىر سۈرە نازىل قىلىندى، – دېدى ۋە ئارقىدىن: ﴿***ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام - نشانى قالمايدۇ***﴾(108/«كەۋسەر»: 1 – 3) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن:

– كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ – دېدى. بىز:

– ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، – دېسەك، رەسۇلۇللاھ دېدىكى:

– ئۇ بىر دەريا بولۇپ، پەرۋەردىگارىم ئۇنى ماڭا ۋەدە قىلدى. ئۇنىڭدا كۆپ ياخشىلىقلار باردۇر. ئۇ ھەۋز بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ قاچىلىرى يۇلتۇزلارنىڭ ساندەكتۇر. ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن بىر

بەندە (ھەۋزدىن) ھەيدىلىدۇ. مەن:

– ئى رەببىم! ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئىدى، – دەيمەن. ئاللاھ:

– ئۇنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن، – دەيدۇ››»[1].

## دەريانىڭ ئىككى تەرىپى كاۋاك مەرۋايىتتىن قۇببەلىك قەسىرلەردۇر

دەريانىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپى كاۋاك ياقۇت قۇببەلىك قەسىرلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «جەننەتتە كېتىۋېتىپ ئىككى قىرغىقى كاۋاك مەرۋايىتلار بىلەن سېلىنغان گۈمبەزلىك قەسىرلەردىن بولغان بىر دەريانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم، جىبرىلگە:

– بۇ نېمە؟ ئى جىبرىل! – دېسەم، ئۇ:
– بۇ ساڭا رەببىڭ ئاتا قىلغان كەۋسەردۇر، – دېدى. قارىسام ئۇنىڭ لېيى
– ياكى بۇيى – ئۆتكۈر مىشكى - ئەنبەر ئىكەن»[2].

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ساڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىگە ئىشارەتتۇر. يەنى پەرىشتە قولى بىلەن دەريانىڭ ئاستىغا ئۇرۇپ، دەريانىڭ لېيىنى چىقاردى ۋە ئۇنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆرسەتتى. ئۇ بولسا مىشكى - ئەنبەر ئىدى. بۇ ئەڭ ئېسىل خۇش پۇراق نەرسىدۇر.

## بۇ دەريا مەرۋايىت ۋە ياقۇتلارنىڭ ئۈستىدە ئاقىدۇ

بۇ دەريانىڭ گۈزەل ۋە كۆركەملىكىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇنىڭ لېيى مىشكى - ئەنبەردۇر. مىشكى - ئەنبەرنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان تاشلار مەرۋايىت ۋە ياقۇتلارنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ پارقىراقلىقى ۋە كۆركەملىكى دەرياغا تېخىمۇ گۈزەللىك قاتىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ

(1) مۇسلىم (400).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6581)؛ مۇسلىم (162).

ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كەۋسەر جەننەتتىكى بىر دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى ئالتۇندىندۇر. ئۇ مەرۋايىت ۋە ياقۇتلارنىڭ ئۈستىدە ئاقىدۇ. ئۇنىڭ تۇپىسى ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي، سۈيى ھەسەلدىنمۇ شېرىن، قاردىنمۇ ئاقتۇر» دېگەن[1].

## كەۋسەرنىڭ بويىدا بويۇنلىرى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئوخشاش قۇشلار بار

كەۋسەر دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا قۇشلار بولۇپ، بۇ قۇشلار دەرياغا زىننەت بېغىشلايدۇ ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇ بەك چىرايلىق ۋە چوڭ قۇشلار بولۇپ، ھەربىر قۇشنىڭ بويىنى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشاشتۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

– كەۋسەر دېگەن نېمە؟ – دەپ سورالغاندى، ئۇ زات:

– ئۇ بىر دەريادۇركى، ئاللاھ ئۇنى ماڭا ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھەسەلدىنمۇ شېرىن. ئۇنىڭدا قۇشلار بار بولۇپ، بويۇنلىرى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئوخشاشتۇر، – دېدى.

ئۆمەر:

– ھەقىقەتەن بۇ بەكلا سېمىز، ھۇزۇرلۇقكەن، – دېگەندى، ئۇ زات:

– ئۇنى يېگۈچىلەر ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا ھۇزۇرغا سازاۋەر، – دېدى»[2].

بۇ نېمىدېگەن گۈزەل سۈپەتلەش - ھە! ئۇ بويۇنلىرى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئوخشاش يوغان قۇشلاردۇر، تەمى لەززەتلىك بۆدۈنىلەردۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ بەكلا سېمىز، ھۇزۇرلۇقكەن» دېگەن چاغدا، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەر بېرىپ: «ئۇنى يېگۈچىلەر ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا ھۇزۇرغا سازاۋەر» دېدى. بۇ قۇشلارنى يېگەن جەننەت ئەھلى دەريانىڭ ئەتراپىدا مەرۋايىت ۋە ياقۇت چېدىرلاردا

---

(1) تىرمىزىي (3361). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 2677) «سەھىھ» دېگەن.

(2) تىرمىزىي (2542). ئالبانىي: («سەھىھۇتتىرمىزىي»، 2542) «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

ئولتۇرۇپ ھۇزۇر سۈرىدۇ.

كەۋسەر دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا كاۋاك مەرۋايىتلاردىن سېلىنغان گۈمبەزلىك قەسىرلەر بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە كاۋاك مەرۋايىتلاردىن ياسالغان چېدىرلارمۇ بار. بۇ جەننەت ئەھلىگە ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى ئۈچۈندۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «جەننەتتە كېتىۋېتىپ ئىككى قىرغىقى كاۋاك مەرۋايىتلار بىلەن سېلىنغان گۈمبەزلىك قەسىرلەردىن بولغان بىر دەريانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم، جىبرىلدىن:

– بۇ نېمە؟ ئى جىبرىل! – دېسەم، ئۇ:

– بۇ ساڭا رەببىڭ ئاتا قىلغان كەۋسەردۇر، – دېدى. قارىسام ئۇنىڭ لېيى – ياكى بۇيى – ئۆتكۈر مىشكى – ئەنبەر ئىكەن»[1].

بۇ كەۋسەردىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىدۇ ۋە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇ زاتنىڭ ئۈممىتىمۇ ئىچىدۇ ۋە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئاللاھتىن بىزنى كەۋسەرنىڭ بويىدا ئۇچرىشىشقا نېسىپ قىلىشىنى سورايمىز. ئامىن.

## يورۇتما

ئاللاھ تائالا ئەسلىتىش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيادا جەننەتنىڭ دەريالىرىدىن تۆت دەرياني قىلدى.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6581)؛ مۇسلىم (162).

## جەننەتنىڭ قاچىلىرى

تاماق يېگەن ۋە ئىچىملىك ئىچكەندە، قاچىلار قانچە گۈزەل ۋە چىرايلىق بولسا، ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھۇزۇر - ھالاۋەت شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

- ئۇنداقتا جەننەتتىكى قاچىلار نېمىدىن ئىبارەت؟
- ئۇنىڭ تۈرلىرى قانداق؟
- ئۇ نېمىدىن يارىتىلغان؟

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قاچىلارنىڭ ۋە ئۇرۇقلارنىڭ ئىسىملىرى ئوخشاشتۇر. لېكىن، جەننەتتىكى قاچىلارنىڭ ياسالغان ماددىسى، كۆركەملىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھۇزۇر دۇنيانىڭ قاچىلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

### جەننەتنىڭ قاچىلىرى جەننەت ئەھلىنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ

مۇئمىن قاچىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا موھتاج بولمايدۇ، بەلكى قاچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر***﴾(«زۇخرۇف: 71/43»).

جەننەت ئەھلى جەننەتتە بەرقارار بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تۈرلۈك تائاملار بولغان ئالتۇن قاچىلار ۋە ئىچىملىكلەر بولغان جاملار ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ كۆڭۈللەر تارتىدىغان ۋە كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان قاچىلار ۋە جاملاردۇر. جەننەت ئەھلى بۇ قاچىلاردىن ۋە جاملادىن يەيدۇ، ئىچىدۇ ۋە لەززەتلىنىدۇ. ئۇلارغا خۇشاللىقنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن: «سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالغان ھالەتتە بۇ نېئمەتلەرنىڭ ئىچىدە ياشايسىلەر، بۇ نېئمەتلەر سىلەردىن كېمىيىپ كەتمەيدۇ ۋە يوقاپ

كەتمەيدۇ» دېيىلىدۇ.

بۇ گۈزەل قاچىلار جەننەت ئەھلى كرېسلولىرىدا ھۆرمەتلەنگەن ھالدا ئولتۇرغان، ئۆيلىرىدە خاتىرجەم تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ)﴾***(76/«ئىنسان»: 15، 16).

دېمەك، جەننەت ئەھلىگە جەننەتنىڭ خىزمەتكارلىرى ئالتۇن ۋە ئەينەك قاچىلارنى ۋە جاملارنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

## ئىچىملىك قاچىلىرىنىڭ تۈرلىرى

ئايەتلەردە جەننەت ئەھلىنىڭ بەزىدە جاملاردىن ئىچىدىغانلىقى، بەزىدە جۈمەكلىك قەدەھلەردىن ئىچىدىغانلىقى ھەققىدە بايانلار كەلگەن.

## قاچىنىڭ خام ماددىسى

جەننەتنىڭ قاچىلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلارنى ئىشلىتىشنى ھارام قىلدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«يىپەك رەختلەرنىمۇ، تاۋار - دۇردۇنلارنىمۇ كىيمەڭلار، ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا ئىچمەڭلار، ئۇنىڭدىن ياسالغان تەخسىلەردىمۇ تاماق يېمەڭلار، چۈنكى بۇلار بۇ دۇنيادا كافىرلارغا، ئاخىرەتتە بىزگە خاستۇر»**[1] دېگەن. يەنە: **«كۈمۈش قاچىدا ئىچكەن ئادەم ئەمەلىيەتتە قورسىقىغا دوزاخ ئوتىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچۋاتقان**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5426)؛ مۇسلىم (2067). بۇنىڭ مەنىسى «بۇ دۇنيادا مۇشرىكلەر ئۈچۈن، چۈنكى ئۇلار بۇ نەرسىلەردە يەپ - ئىچىدۇ. لېكىن، مۇئمىن دۇنيادا بۇ نەرسىلەردە يەپ - ئىچمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى دۇنيادا ئۇلارغا ھارام قىلغاندۇر، ئاخىرەتتە بۇلار بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ».

بولىدۇ» دېگەن[1].

بۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ قاچىلىرى، خۇش پۇراقلىرى ۋە گۈزەللىكلىرىدۇر.

## تەجرىبە - ساۋاق

### گۈزەل قاچا ئىچىملىككە تېخىمۇ گۈزەللىك قاتىدۇ.

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5634)؛ مۇسلىم (2065).

# جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمى ۋە زىبۇزىننەتلىرى

كىيىم - كېچەك ئىنسان ئۈچۈن زىننەت ۋە گۈزەللىكتۇر. جەننەت ئەھلىنىڭ بەدەنلىرى ۋە تېرىلىرى گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە بولۇپ، ئەگەر ئۇلار چىرايلىق كىيىملەرنى كىيسە، گۈزەللىكى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

- ئۇنداقتا بۇ كىيىمنىڭ تۈرى نېمە؟
- جەننەت ئەھلىنىڭ بۇ كىيىملەرگە قانداق ھاجىتى بار؟
- ئۇلار كىيىم كىيىشتە پەرقلىق بولامدۇ؟

ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ يۇمشاق كىيىملەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ﴾(44/«دۇخان»: 51 – 53).

دېمەك، جەننەت ئەھلى ئەتراپىدا ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان، ئۈستىدە قۇشلار ئۇچۇپ تۇرغان، سايىلىرى ئۇزۇن، گۈزەل باغچىلاردا ياشايدۇ. ئۇلار بۇ نېئمەتنىڭ ئىچىدە يەنە نېپىز يىپەك كىيىملەرنى كىيىدۇ ۋە كىيىملەرنى تېخىمۇ پارقىراق قىلىدىغان قېلىن يىپەك كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ ھەممىسىدە جەننەتتە ئۈنس - ئۈلپەت ۋە ھۇزۇرنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن، كىرىسلولاردا بىر - بىرىگە قارىشىپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ. بۇ نېئمەت ۋە بۇ ھالەت ئۇلارغا داۋاملىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆلۈم ۋە كېسەللىكنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. پەرۋەردىگارىمىز بۇ ئايەتتە گۈزەل سۈپەتلىگەن: ﴿ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل

***رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي﴾*** («كەھف»: 18/31)، ***﴿ئۇلار ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ﴾*** («فاتىر»: 35/33).

## كىيىملەرنىڭ تۈرى

جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرۋاقىت ئۆزىنىڭ ۋە ئەسھابلىرىنىڭ قەلبلىرىنى جەننەتكە، جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىگە ۋە كىيىملىرىگە قىزىقتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ زاتقا بىر يىپەك تون ھەدىيە قىلىنىۋىدى، ئەسھابلىرى توننى تۇتۇپ بېقىپ يۇمشاقلىقىدىن ھەيران قېلىشقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: **‹بۇنىڭ يۇمشاقلىقىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟! سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ (جەننەتتىكى) قولياغلىقلىرى بۇنىڭدىن ئوبدانراق ياكى يۇمشاقراق›** دېدى»[1].

بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەك غازىتىدىن كېيىن شېھىد بولغان.

## جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى كونىراپ قالمايدۇ

جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى كۆپ كىيگەنلىك بىلەن كونىراپ قالمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كىمكى جەننەتكە كىرسە، نېئمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، بەختسىزلىككە دۇچار بولمايدۇ. كىيىملىرى كونىرىمايدۇ ۋە ياشلىقى يوقىمايدۇ»** دېگەن[2].

## جەننەتنىڭ كۆرپىلىرى

جەننەت ئەھلى ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتكارلار

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3802)؛ مۇسلىم (2468).

(2) مۇسلىم (2836).

بىلەن، يۈزلىرى يورۇپ، بەدەنلىرى ھۆزۈرلانغان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىش ياكى كېسەل بولۇپ قېلىشتىن خاتىرجەم بولۇش بىلەن بىرگە ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئەڭ لەززەتلىك تائاملارنى يەپ ۋە ئەڭ ياخشى ئىچىملىكلەرنى ئىچكەن ۋاقىتتا، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان كىرېسلولارغا ۋە تەكى قىلىدىغان ياستۇقلارغا كۆڭلى تارتىدۇ.

جەننەتنىڭ كۆرپىلىرى گۈزەللىك، يۇمشاقلىق ۋە راھەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ۋە ئۇنى يۆگەنگەن كىشى زېرىكىپ قالمايدۇ. ئۇ بەك ئېسىل كۆرپىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا كىتابىدا جەننەتنىڭ كۆرپىلىرىنى زىكىر قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇردى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾[«ۋاقىئە»: 56/34] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ: **«ئۇ كۆرپىلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەكتۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە بەش يۈز يىللىقتۇر»** دېگەن[1].

بۇ كۆرپىلەرنىڭ سىلىقلىق ۋە يۇمشاقلىقىنىڭ جۇملىسىدىن پەرۋەردىگارىمىز بۇ كۆرپىلەرنىڭ ئىچىنىڭ بەك يۇمشاق ۋە سىلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ تېشىنىڭمۇ بەك سىلىق ۋە يۇمشاق ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر***﴾[«رەھمان»: 55/54] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «سىلەرگە كۆرپىلەرنىڭ ئىچلىرى خەۋەر بېرىلدى، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تاشلىرى قانداق بولماقچى؟!» دېگەن[2].

بۇ كۆرپىلەرنىڭ ئىچى شۇنداق يۇمشاق بولغانىكەن، بەدەن تېگىپ تۇرىدىغان ۋە كۆز كۆرۈپ تۇرىدىغان تېشىمۇ شۇنچە يۇمشاق بولىدۇ.

---

(1) تىرمىزىي (3294). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 2216) «زەئىپ مەۋقۇف» دېگەن.

(2) ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، (3773). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب»، 3746) «ھەسەن مەۋقۇف» دېگەن.

**مۇكاپات**

**كىمكى دۇنيادا هارام كىيىملەرنى تەرك ئەتسە، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ كىيىملىرى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.**

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## مۇئمىنلەرنىڭ سەبىي بالىلىرى جەننەتتە

مۇئمىنلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن چاغدىكى ياشلىرى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلىرى كىچىك ۋاقتىدا، بەزىلىرى ياش ۋاقتىدا، بەزىلىرى قېرىغاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما، ياش ۋاقتىدا ياكى قېرىغاندا ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىن قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىگە قارىتا ھېساب ئېلىنىدۇ.

- ئۇنداقتا ئۆلۈپ كەتكەن سەبىيلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟
- ئۇلاردىن ئەمەللىرىگە قارىتا ھېساب ئېلىنامدۇ؟
- ياكى ئاتا - ئانىسىغا تەۋە قىلىنامدۇ؟

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئازابىنىڭ ئالدىغا، ئەپۇسى غەزىپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەندۇر. ئەپۇ قىلىش ۋە مەغفىرەت قىلىش ئۇنىڭغا ئازابلاشتىن سۆيۈملۈكتۇر.

مۇئمىنلەرنىڭ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن سەبىي بالىلىرىغا كەلسەك، ئۇلارمۇ جەننەتتە بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتتە ئەھلىگە قوشۇش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئاتا - ئانىلار ئاللاھنىڭ پەزل - مەرھەمەتىدە بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ خۇشال بولىدۇ ۋە كۆڭۈللىرى ئارام تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر***﴾(«تۇر»: 21/52).

بۇ ئايەتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز***﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى «ئاللاھ تائالا ئاتىلارنىڭ ئەجىرلىرىنى كېمەيتىپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بالىلارنىڭ دەرىجىلىرىگە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. بەلكى بالىلارنى ئاتىلارنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۇئمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾(74/«مۇددەسسىر»: 38، 39) دېگەن ئايەتىنى ئوقۇپ: «ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ سەبىي بالىلىرىدۇر» دېگەن[1]. ئۇلاردىن ئەمەل ھېسابى ئېلىنمايدۇ، بەلكى پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئائىلىسىگە قوشىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «قانداقلىكى ئىككى مۇسۇلماننىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ۋاپات بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇ بالىلارغا ئۆز پەزلى بىلەن رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدۇ. ئۇلارغا: ‹جەننەتكە كىرىڭلار› دېيىلىدۇ. ئۇلار: ‹ئاتا - ئانىمىز كەلگەندە، ئاتا - ئانىمىز كەلگەندە، ئاتا - ئانىمىز كەلگەندە› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا: ‹سىلەرمۇ، ئاتا - ئاناڭلارمۇ بىللە جەننەتكە كىرىڭلار› دېيىلىدۇ»[2].

پەرۋەردىگارىمىز بىزگە نېمىدېگەن مەرھەمەتلىك! يەنە ئاللاھنىڭ پەزلىنىڭ جۈملىسىدىن ئانىسىنىڭ بويىدىن ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن ھامىلىمۇ قىيامەت كۈنى ئاتا - ئانىسىغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– قانداقلىكى ئىككى مۇسۇلماننىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ۋاپات بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇ بالىلارغا ئۆز پەزلى بىلەن رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدۇ، – دېگەندە، ئەسھابىلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى بولسىچۇ؟ – دېگەنىدى، ئۇ زات:

– ئىككى بولسىمۇ (شۇنداق بولىدۇ)، – دېدى. ئەسھابىلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىر بولسىچۇ؟ – دېگەنىدى، ئۇ زات:

– بىر بولسىمۇ (شۇنداق بولىدۇ)، – دېدى. ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئانىسى ئاللاھتىن ئەجىر تىلەپ سەۋر قىلسا، چۈشۈپ كەتكەن بالا ئانىسىنى ھەمرىيى

(1) ئىبنى ئەبى شەيبە (35781).

(2) ئەھمەد (10630). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

بىلەن جەننەتكە تارتىدۇ» دېدى[1].

ھەدىستىكىسى توغۇلۇش ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەن ھامىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەشىنچى ئېيىدا ياكى ئالتىنچى ئېيىدا، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا غەمكىن ئانىسىغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، ھامىلىنى ھەمرىيى بىلەن ئانىسىنى جەننەتكە سۆرەپ مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

ھازىر مۇئمىنلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن سەبىي بالىلىرى نەدە؟

ھازىر ئۇ بالىلار ئەنبىيائىلەرنىڭ دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپالىتىدىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرى جەننەتتە بولۇپ، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېپىل بولىدۇ»[2] دېگەن.

**رەھمەت**

**قىيامەت كۈنى سەبىي بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا شاپائەت قىلىشى، ئاللاھنىڭ سەبىي ئۆلۈپ كەتكەن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.**

---

(1) ئەھمەد (22143). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

(2) ئەھمەد (8307). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

# جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى

جەننەت ئەھلىنىڭ بىرمۇنچە سۈپەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ پەزل - مەرھەمىتىدىن كېيىن، جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولغان بىرمۇنچە ئەمەللىرى بار. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تۈرلۈك ئىنسانلارنى زىكىر قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىدۇر.

- **ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟**
- **نېمە ئۈچۈن ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى بولدى؟**

جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا ئىنسانلار ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان كەمبەغەل - بىچارىلەردۇر، لېكىن ئۇلار پەرۋەردىگارىغا يوشۇرۇن ئىبادەت قىلغانلىقى، پەرۋەردىگارىغا خار بولغانلىقى ۋە ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ ئىنسانلاردۇر.

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «سىلەرگە جەننەت ئەھلىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ئاجىز، بوزەك قىلىنىدىغان كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەسىمىنى بۇزدۇرمايدۇ. سىلەرگە دوزاخ ئەھلىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار قوپال، كۆرەڭلەپ ماڭىدىغان، پو قورساق، ھاكاۋۇر كىشىلەردۇر»[1]. يەنە ئېيتىدۇ: «جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قارىسام، ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەل - بىچارىلەر ئىكەن، بايلار بولسا (ھېساب - كىتابلىرى ئۈزۈراپ كەتكەچكە مەھشەرگاھتا) توختىتىلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، دوزىخىي كافىرلار دوزاختا ھەيدىلىشكە بۇيرۇلۇپ بولغان ئىكەن، دوزاخنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قارىسام، ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىكەن»[2].**

دېمەك، بىچارىلەر ۋە مىسكىنلەر جەننەتكە تولۇق كىرىپ بولغۇچە،

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4918)؛ مۇسلىم (2853).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (5196)، مۇسلىم (2736).

باي ۋە مال - دۇنيا ئىگىلىرى جەننەتكە كىرىشتىن توختىتىلىپ قويۇلىدۇ.

بىراۋنىڭ «بايلىق ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى دوزىخىلەر ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۆئمىنلەردىن بولغان بايلارنىڭمۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا دىققەت تارتىپ: «جەننەتكە قارىسام، ئۇنىڭدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەمبەغەللەر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەن[1].

## جەننەتتە ئەرلەر كۆپرەكمۇ ياكى ئاياللارمۇ؟

بۇ مەسىلىنى ئەسھابلەر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا مۇزاكىرە قىلىشقاندى. ئۇ دېدى: «ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېمىگەنمۇ؟! ‹جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەتنىڭ سۈرىتى ئاي تولغان كېچىسىدىكى تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە تۈكۈرۈشمەيدۇ، مىشقىرىشمايدۇ ۋە تەرەت قىلىشمايدۇ. جەننەتتە ئۇلارنىڭ قاچىسى ئالتۇندىن، تاغاقلىرى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن، ئىسرىقدانلىرىدىكى يېقىلغۇلىرى ئۇد ھىندى، تەرلىرى مۇشك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى ئەرلەرنىڭ) ھەربىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككىدىن (ھۆر پەرى) ئايالى بولىدۇ›»[2].

بۇ ھەدىستە شۇ نەرسە ئېنىقكى، جەننەتتە ئاياللار ئەرلەردىن كۆپرەكتۇر. جەننەتتە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەردىن بىر ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكتۇر. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق.

بۇنىڭدىن كېيىنكى مەزمۇنلاردا، سالىھ ئاياللارنىڭ جەننەتتە ئېرىشىدىغان نېئمەتلىرى شۇنىڭدەك ھۆرلەر ئېرىشىدىغان نېئمەتلەردىن كاتتا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار كېلىدۇ.

### فىقھ

**ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت مال - دۇنيا توپلاش ئەمەستۇر، چۈنكى دۆلەتمەن كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتە توختىتىلىپ قويۇلىدۇ.**

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3241)؛ مۇسلىم (2737).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3245)؛ مۇسلىم (2834).

## جەننەتتە ئىسلام ئۇممىتى قانچىلىك بولىدۇ؟

جەننەت – ئۇ ھەممە ئۇممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ قايتىدىغان جايىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى ۋە خۇشاللىقلىرىدىن ئوخشاش ھۇزۇرلىنىدۇ. لېكىن، ئۇممەتلەر جەننەتتە سانلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ.

- **ئۇنداقتا جەننەتتىكى سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇممەت قايسى؟**
- **جەننەتتە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟**

جەننەتكە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممىتىدىن بەك كۆپ ئىنسانلار كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ سانىنى ئاللاھ ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «**ماڭا بارلىق ئۇممەتلەر كۆرسىتىلگەن ئىدى. بەزى ئەنبىيائلەر ئۇممىتى بىلەن، بەزى ئەنبىيائلەر بىرقانچە كىشى بىلەن، بەزى ئەنبىيائلەر ئون كىشى بىلەن، بەزى ئەنبىيائلەر بەش كىشى بىلەن، بەزى ئەنبىيائلەر ئۆزى يالغۇز ئۆتكىلى تۇردى، ئاندىن مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىسىنى كۆردۈم:**

**– ئى جىبرىل! ئاۋۇلار مېنىڭ ئۇممىتىممۇ؟ – دەپ سورىسام، ئۇ:**

**– ياق، لېكىن ئۇپۇققا قارىغىن، – دېۋىدى، شۇنداق قارىغۇدەك بولسام، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ماڭا:**

**– ئاۋۇلار سېنىڭ ئۇممىتىڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئاۋۇلار يەتمىش مىڭدۇر، ئۇلارغا ھېسابمۇ، ئازابمۇ يوق، – دېدى. مەن:**

**– نېمە ئۈچۈن؟ – دېسەم، ئۇ:**

**– ئۇلار داغلىنىپ داۋالانمايدىغان ئىدى، (جاھىلىيەتتە سالغاندەك) دەم سالمايتتى، قۇشلاردىن شۇم پال ئالمايتتى، رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلاتتى، – دېدى».** نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆيپەتلەرنى زىكىر قىلىپ، ھېساب ئېلىنماستىن ۋە ئازاب قىلىنماستىن جەننەتكە

كىرىدىغان يەتمىش مىڭ كىشىنى زىكىر قىلغاندا، ئەسھابلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشقا قىزىقتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇككاشە ئىبنى مىھسان ئورنىدىن تۇرۇپ:

– يا رەسۇلەللاھ! مېنىڭ ئاشۇلاردىن بولۇشۇمغا دۇئا قىلىپ قويسىلا، – دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

– ئى ئاللاھ! ئۇنى شۇلاردىن قىلغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن، – دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن كېيىن باشقا بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

– يا رەسۇلەللاھ! مېنىڭمۇ ئاشۇلاردىن بولۇشۇمغا دۇئا قىلىپ قويسىلا، – دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

– ئۇنىڭدا ئۇككاشە ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتتى، – دېدى[1].

**سەكسەن سەپ**

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتتە ئۈممىتىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «جەننەت ئەھلى بىر يۈز يىگىرمە سەپ بولىدۇ، ئۇلاردىن سەكسەن سەپ بۇ ئۈممەتتىندۇر» دېگەن[2]. يەنە بىر كۈنى ئەسھابلىرىغا:

– نەپسىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، – دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ تەكبىر ئېيتتۇق، رەسۇلۇللاھ:

– مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، – دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ يەنە تەكبىر ئېيتتۇق، رەسۇلۇللاھ:

– مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، – دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ يەنە تەكبىر ئېيتتۇق، رەسۇلۇللاھ:

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6541)؛ مۇسلىم (220).

(2) ئەھمەد (4328). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

– سىلەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قارا ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى بىر تال ئاق تۈكتەك ياكى ئاق ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى بىر تال قارا تۈكتەك ئاز بولسىلەر، – دېدى»[1].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا ئەنبىيائىلەرگە قارىغاندا، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىدىن خەبەر بېرىپ ئېيتىدۇ: «مەن قىيامەت كۈنى ئەنبىيائىلەرنىڭ ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغۇچىدۇرمەن، مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى چەككۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلىمەن» دېگەن[2].

نەبىيىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب:

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن تۇرغان مۇددىتى باشقا ئەنبىيائىلەرنىڭ قەۋمىنى دەۋەت قىلىپ تۇرغان مۇددىتىدىن قىسقىدۇر. يەنە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ سانى بىزنىڭ ئۈممىتىمىزنىڭ سانىدىن ئاز ئەمەستۇر. ئاللاھ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ سان جەھەتتە بىزدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىپ ئېيتىدۇ: ﴿*(ئى مۇناپىقلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلار) سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ - قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال - مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى*﴾(9/«تەۋبە»: 69).

لېكىن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى (ئاللاھ ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر)، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى ئەقىللەرگە خىتاب قىلىدىغان، قەلبلەرنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ روھىغا تەسىر قىلىدىغان «قۇرئان»دۇر. ئۇ قىيامەت بولغانغا قەدەر ھەرقانداق ئۆزگىرىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن ساقلىنىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «قانداق بىر نەبىي

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3348)؛ مۇسلىم (222).
(2) مۇسلىم (196).

بولىدىكەن، ئۇنىڭغا كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزغۇدەك مۆجىزە ئاتا قىلىنغان. ماڭا ئاتا قىلىنغان (ئەڭ چوڭ) مۆجىزە ئاللاھ ماڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئاندۇر. شۇڭا، مەن قىيامەت كۈنى ئەنبىيائىلەر ئىچىدىكى ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولغان نەبىي بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن»[1].

### مۇسابىقىلىشىش

**ئۇككاشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىممىتى، جۈرئىتى ۋە ياخشىلىقلارغا ئالدىرىشى ئۇنى باشقىلارغا نېسىپ بولمىغان دۇئاغا نائىل قىلدى.**

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4981)؛ مۇسلىم (152).

# جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمەتكارلىرى

جەننەت ئەھلى شۇنداق باياشات ۋە راھەت - پاراغەت تۇرمۇشنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، ئۇلار ئۇچۇن قاراش بىلەن كۆزلەر ھۇزۇرلىنىدىغان، ئۇچرىشىش بىلەن كۆڭۈللەر خۇشال بولىدىغان خىزمەتكارلىرى بولىدۇ.

- ئۇنداقتا جەننەت ئەھلىگە كىم خىزمەت قىلىدۇ؟
- ئۇ خىزمەتكارلارنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟
- ئۇلارنىڭ سانى قانچە؟

جەننەت ئەھلىنى چىرايلىق غىلمانلار ئايلىنىپ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ غىلمانلار ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، گۈزەللىكتە كۈن نۇرىمۇ تەگمىگەن، شامالمۇ تەگمىگەن، سەدەپتىن چىقمىغان ئاپئاق گۆھەرگە ئوخشاشتۇر.

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿**گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك (چىرايلىق) غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ (ئۇلارنىڭ) خىزمىتىنى قىلىدۇ**﴾(52/«تۇر»: 24)، ﴿**قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن**﴾(76/«ئىنسان»: 19).

بۇ ئايەتتىكى «غىلمانلار» سۆزى بولسا جەننەت ئەھلىگە خىزمەت قىلىدىغان غىلمانلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ياشلاردۇر. ئۇلار رەڭلىرىنىڭ گۈزەللىكى، يۈزلىرىنىڭ پارقىراقلىقى ۋە كۆپ تارقالغانلىقى جەھەتتىن تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قېرىمايدۇ، ئەھۋاللىرى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئۆلمەيدۇ. بۇلار جەننەت ئەھلىگە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا جەننەتتە ياراتقان مەخلۇقلاردۇر.

جەننەتنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ سانى قانچە؟

جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمەتكارلىرى بەك كۆپتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھەربىر جەننەت ئەھلىنىڭ مىڭ خىزمەتچىسى بولىدۇ. ھەربىر غۇلامنىڭ بىر خىزمىتى بار بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ئۇنىڭ ھەمراھى قىلمايدۇ» دېگەن.[1]

## باياشاتلىق

**جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمەتكارلىرى، ھۆرمەتلىنىدىغان ئائىلىلىرى ۋە ئېجىل بولۇشىدىغان جۈپتىلىرى بولىدۇ.**

ساجىد
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(1) ئىبنى مۇبارەك: «ئەززۇھد»، (1580). ئالبانىي: (سەھىھۇتتەرغىب»، 3705) «سەھىھ» دېگەن.

# جەننەت ئاياللىرى

جەننەتتە ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن مۇكەممەل باياشاتلىق بولىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ *ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر* ﴾(9/«تەۋبە»: 72).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە جەننەتتىكى ئەرلەرنىڭ گۈزەللىكى سۈپەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق گۈزەل بولۇشى مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ۋە چىرايلىق تاشقى قىياپىتى بىلەن مۇكەممەل ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭمۇ جەننەتتە ئەرلىرى بىلەن مۇكەممەل ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭدەك يەنە كۆپلىگەن ھەدىسلەردە جەننەتتىكى مۇئمىن ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى سۈپەتلەنگەن. ئۇلارنىڭمۇ بۇنداق گۈزەل بولۇشى مۇئمىن ئايالنىڭ ئۆزى بىلەن ۋە گۈزەللىكى بىلەن مۇكەممەل ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭمۇ جەننەتتە ئاياللىرى بىلەن مۇكەممەل ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈندۇر.

- **ئۇنداقتا جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟**
- **جەننەتتە مۇئمىن ئاياللارنىڭ شەكىللىرى ئۆزگىرەمدۇ؟**
- **جەننەتتە قايسىسىنىڭ دەرىجىسى ئۈستۈن بولىدۇ؟ دۇنيادا ئىمان ئېيتقان مۇئمىن ئاياللىمۇ ياكى شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنىڭمۇ؟**

ئاللاھ تائالا شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن بولغان جەننەتنىڭ ئاياللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى گۈزەللىكلىرىنى تۈرلۈك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ بەردى. مۇئمىن ئايال شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق سۈپەتتىن گۈزەلدۇر. چۈنكى، دۇنيادا

چارچىغان، ناماز ئوقۇغان، ئىبادەت قىلغان، هارامدىن يىراق تۇرغان، كۈندۈزلىرى روزا تۇتقان ۋە سەھەرلەردە رەببىدىن قورقۇپ يىغلىغان مۇئمىن ئايالنى ئاللاھ تائالا گۈزەللىك ۋە هۆرمەت جەھەتتە جەننەت ئۆچۈنلا يارىتىلغان ۋە هېچقانداق ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنمىغان شەھلا كۆزلۈك هۆرلەر بىلەن باراۋەر قىلمايدۇ.

تۆۋەندىكى ھەدىستىن شەھلا كۆزلۈك هۆرلەر سۈپەتلەنگەن ھەربىر سۈپەتتىن مۇئمىن ئايال ئۆزىنىڭ ئۈنىڭدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسۇن.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدىكى: «مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! دۇنيانىڭ ئاياللىرى ئەۋزەلمۇ ياكى شەھلا كۆزلۈك هۆرمۇ؟ – دېسەم، ئۇ زات:

– تاشقى كىيىم ئىچ كىيىمدىن ئەۋزەل بولغىنىدەك، دۇنيا ئاياللىرى شەھلا كۆزلۈك هۆردىن ئەۋزەل، – دېدى.

– ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ – دېسەم، ئۇ زات دېدىكى:

– ئۇلارنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇغان نامىزى ۋە تۇتقان روزىلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نۇر ئاتا قىلىدۇ، بەدەنلىرىگە يىپەك كىيدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭگى – رويى ئاپ – ئاق، كىيىملىرى يېشىل، زىبۇزىننەتلىرى سېرىق، ئىسرىقدانلىرى ياقۇتتىن، تارغاقلىرى ئالتۇندىندۇر. ئۇلار: ‹مانا بىز ھەرگىز ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ياشىغۇچىلارمىز. مانا بىز ھۇزۇر بېغىشلىغۇچىمىز، مەڭگۈ قايغۇرمايمىز. مانا بىز مۇقىم تۇرغۇچىلارمىز، مەڭگۈ كۆچمەيمىز. مانا بىز رازىمەنلەرمىز، مەڭگۈ نارازى بولمايمىز. بىز ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان ۋە بىزگە تەئەللۇق بولغان كىشى ئۈچۈن گۈزەل قارارگاھ مۇبارەك بولسۇن› دەيدۇ»[1].

شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئېسىل نېئمەت ۋە هۆسن - جامال دۇنيادا

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (19313). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2230) «مۇنكەر» دېگەن.

مۆئمىن ئايالنى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابقا قىزىقىشقا ئىلىپ بارىدۇ.

جەننەت ئاياللىرى ھۆسن - جامال، ئىپپەت، نازۇكلۇق ۋە ناز - كەرەشمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدىدۇر. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ:

1) جەننەتنىڭ ئاياللىرى گۈزەلدۇر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز﴾*** («دۇخان»: 44/54).

مۆئمىن بەندىگە جەننەتتە دۇنيادىكى سالىھ ئايالى جۈپتى بولىدۇ. بۇ ئايال شەھلا كۆزلۈك، تۇرقى بەك چىرايلىق، قامىتى ئەۋرىشىم ۋە يۇمشاق بەدەن بولىدۇ.

جەننەتتىكى ھۆرلەر بولسا ئىنتايىن چىرايلىق، گۈزەل ئاياللار بولۇپ، گۈزەللىكى، ئاقلىقى ۋە رەڭگىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن قارىغان كىشى مەھلىيا ۋە ھەيرانۇھەس بولىدۇ.

ئەمما، ئايەتتىكى شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بولسا ئىككى كۆزى يوغان، كۆز قارىچۇقى قارا، كۆزىنىڭ قالغان يەرلىرى ئاق ئاياللاردۇر.

2) جەننەتنىڭ ئاياللىرى ياش ھالىتىدە بولىدۇ

بۇ ياشلىق ھالىتى ئاياللار ئۈچۈنمۇ، ئەرلەر ئۈچۈنمۇ ئەڭ شېرىن ۋە ھۇزۇرلۇق ۋاقىتتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ***﴿شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق. بۇ ھۆرلەر سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر﴾*** («ۋاقىئە»: 56/35 – 38).

***﴿يېڭىدىن ياراتتۇق﴾*** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئادەمزات بولمىش مۆئمىن ئاياللارنى ئاللاھ ئاۋۋالقى يارىتىلىشىدىن باشقا شەكىلدە يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياش، قىز ھالىتىدە بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: «نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئەنسارلاردىن بولغان

**بىر قېرى ئايال كېلىپ:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈشىگە دۇئا قىلىپ قويسىلا، – دېگەندى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا چاقچاق قىلىپ:**

**– ھەقىقەتەن، جەننەتكە قېرى ئايال كىرمەيدۇ، – دېدى.**

**شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال غەمكىن ھالەتتە، ئۆزىنى ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدىكەنمەن دەپ ئويلاپ كېتىپ قالدى. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كەلدى. ئائىشە:**

**– مەن سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىر ۋە قاتتىق كەتتى دەپ قالدىم، – دېگەندى، ئاللاھنىڭ نەبىيسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**– ھەقىقەتەن، ئۇ شۇنداق، ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزگىنىدە، ئۇلارنى قىز ھالىتىگە ئەكىلىدۇ، – دېدى»[1].**

**3) جەننەت ئاياللىرى ھەيز كۆرمەيدۇ**

**بۇنداق بولۇشى جەننەت ئاياللىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مۇكەممەل ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈندۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿*ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ*﴾(«نىسائ»: 4/57). يەنى ئۇ ئاياللار ھەيزدىن، نىپاستىن، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشتىن، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش ۋە باشقا ھەرقانداق ئەزىيەتلەردىن پاكتۇر. ئۇلار يەنە ناچار ئەخلاقلاردىن ۋە سۆپەتلەردىن پاكتۇر.**

**4) جەننەت ئاياللىرى ئەرلىرىنى ئەرلەرنىڭ ئەڭ كېلىشكىنى دەپ قارايدۇ**

**بۇ ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن نېئمەتنىڭ تولۇق بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئاياللار ئەرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە**

---

(1) تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (5545). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 2987) «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئەرلەرمۇ ئاياللىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئەڭ كېلىشكەن ئەر كۆرۈنىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىنىڭ غەيرىگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتلىرى) بولىدۇ﴾**(37/«سافقات»: 48). يەنى: جەننەت ئاياللىرى ئەرلىرىنىڭ غەيرىگە قارىمايدۇ ۋە ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بەلكى ئېرىنى ئەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كېلىشكەن ئەر دەپ قارايدۇ.

### 5) جەننەت ئاياللىرىنىڭ بەدەنلىرىنىڭ گۈزەللىكى

جەننەت ئاياللىرىنىڭ يۈزلىرىنىڭ گۈزەل ۋە خۇش چىراي بولىدىغانلىقى بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالا يەنە بەدەنلىرىگىمۇ گۈزەللىك ۋە ئەۋرىشىملىكنى زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا: **﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر. تەڭتۇش قىزلاردۇر﴾**(78/«نەبەئ»: 31 – 33) دېگەن.

بۇ ئايەتتىكى «**تەڭتۇش قىزلار**» بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدە تولۇق گۈزەللىك بار بولغان قىزلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە ياشلىرى ئوخشاش قىزلاردۇر.

### 6) جەننەتنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىگە ئەڭ ياخشى جۈپ بولغۇچىلاردۇر

جەننەتنىڭ ئاياللىرى قوپاللىقتىن ئەسەرمۇ يوق، ئەرلىرىگە بەك مۆلايىم ئاياللاردۇر. ئاللاھ تائالا: **﴿ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق﴾**(56/«ۋاقىئە»: 37) دېگەن. يەنى ئۇلار ئەرلىرىگە ئۈنس - ئۈلپەت ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى ئاياللاردۇر.

### 7) جەننەتنىڭ ئاياللىرى قىز ھالىتىدىدۇر

ئاللاھ تائالا: **﴿ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنس - جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار﴾**(55/«رەھمان»: 56) دېگەن. يەنى ئۇلارغا ئەرلىرىدىن ئىلگىرى بىرەر ئىنسان ياكى جىن يېقىن كېلىپ باقمىغان ئاياللاردۇر.

### 8) تېرىلىرى مەرۋايىتتەك سۈزۈك ئاياللاردۇر

ئاللاھ تائالا: **﴿گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر﴾**(55/«رەھمان»: 58) دېگەن.

يەنى ئۇ ئاياللار ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ ئۇستىخىنىنى تېرىسىدىن كۆرەلەيدىغان دەرىجىدە ياقۇتتەك سۈزۈكتۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەت ئاي تولغان كېچىسىدىكى تولۇن ئاي سۈرىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرانە يۇلتۇزدەك گۈزەل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولىدۇ، ئارىلىرىدا ئىختىلاپ، ئۆچ - ئاداۋەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ. ئۇلاردىن ھەربىر ئەرنىڭ گۈزەللىكىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى گۆش سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككىدىن (ھۆر پەرى) ئايالى بولىدۇ»** دېگەن[1].

**9) جەننەتنىڭ ئاياللىرى ئەخلاقى گۈزەل ئاياللاردۇر**

ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ ئاياللىرىنى چىرايلىرى گۈزەل بولۇش بىلەن بىرگە ئەخلاقىمۇ گۈزەل دەپ سۈپەتلىدى: ﴿***ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار***﴾(«رەھمان»: 70/55).

**10) جەننەتنىڭ ئاياللىرى يۈزلىرىدە نۇر ۋە سۈزۈكلۈك بار بولغان ئاياللاردۇر**

بۇ ئۇ ئاياللارنىڭ بەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئاقلىقى ۋە تېرىسىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئۇلارغا قارىغان كىشى يۈزلىرىنى نۇرلۇق ھالەتتە كۆرىدۇ.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«ناۋادا جەننەت ئەھلىدىن بىر ئايال زېمىن ئەھلىگە قارايدىغان بولسا، ئەلبەتتە ئىككىسىنىڭ (جەننەت بىلەن زېمىننىڭ) ئارىلىقىنى يورۇتىۋەتكەن، ئەلبەتتە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى خۇشپۇراقتا توشقۇزىۋەتكەن بولاتتى. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ رومىلىمۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»**[2].

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿***گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر***﴾(«رەھمان»: 58/55) دېگەن سۆزى

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3246)؛ مۇسلىم (2834).
(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2796)؛ مۇسلىم (1880).

ھەققىدە: «ئۇ كىشى ئۇ ئايالنىڭ چۈمبىلىنىڭ ئىچىدىن يۈزىنى ئەينەكتىنمۇ سۈزۈك ھالەتتە كۆرىدۇ. ھەقىقەتەن، ئۇ ئايالنىڭ ئەڭ كىچىك ئۈنچىسى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىنى يورۇتىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىدە يەتمىش قۇر كىيىم بار بولۇپ، ئېرى بۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ يىلىكىنى كۆرىدۇ» دېگەن[1].

## ئادىللىق

**تەقۋادار، سالىھ ۋە پاكىز مۆئمىن ئايال ھۆر پەرىدىن ئەۋزەلدۇر.**

ساجىدە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(1) ھاكىم: ««ئەلمۇستەدرەك»» ، (3774). مۇنزىرىي: («ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب» ، 4/388) «ئىسنادى سەھىھ ياكى ھەسەن» دېگەن.

## دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ رەپىقە

مۆئمىننىڭ دۇنيادىكى ئايالى ئەگەر سالىھە، ئېرىنى سۆيىدىغان بولسا ۋە ئېرىمۇ ئۇنى سۆيىدىغان بولسا

- ئۇنداقتا دۇنيادىكى ئايالى جەننەتتىمۇ ئايالى بولامدۇ؟
- دەرىجىلەر ھەرخىل بولامدۇ؟

مۆئمىننىڭ دۇنيادىكى ئايالى جەننەتتىمۇ ئايالى بولىدۇ. بىراق ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئەر، ئايالنىڭ يۈزىگە ۋە ئەخلاقىغا گۈزەللىكنى زىيادە قىلىدۇ. يەنە تېخى ئاللاھنىڭ پەزل - رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىن جەننەتتە ئەگەر ئەر ئايالىدىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈنرەك بولسا، ئايالنى ئېرىنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئايال ئېرىدىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈنرەك بولسا، ئېرىنى ئايالىنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

**ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿*ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ*﴾**(13/«رەئد»: 23، 24).

**ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!**

ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى دېگىنىمىز - مەڭگۈ چىقماي قېپقالىدىغان جەننەتكە ۋە ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان نېئمەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا جەننەتتە مۆئمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ سالىھلەردىن بولغان ئاتىلىرى، ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى جەم قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈندۇر. پەرىشتىلەر ئۇلارغا جەننەتنىڭ ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئۇلارغا سالام قىلىدۇ ۋە جەننەتكە كىرگەنلىكىنى مۇبارەكلەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلىدۇ. يەنى سىلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق بولسۇن ۋە ھەرقانداق بالا - قازالاردىن ساقلىنىش بولسۇن؛ سىلەر سەۋر قىلغان ۋە سەۋردىن مەنپەئەتلەنگەن ئىدىڭلار؛ تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى ۋە دەرد - ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ئىدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتنى قازاندىڭلار. سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلار نېمىدېگەن ياخشى، مۇكاپاتىڭلار نېمىدېگەن كاتتا!

بەلكى پەرىشتىلەر بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى رىشتە دۇنيانىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپلا بار بولغان كونا رىشتىدۇر. ئاللاھ بىزگە شۇنداق خەبەر بەرگەنكى، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىنى ۋە جەننەتكە كىرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمد ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن***﴾(40/«غافىر»: 7).

## جەننەت ئەھلى ئالدىراشتۇر

شۇنداق، جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۈرلۈك نېئمەتلەردىن ۋە ئاياللىرىدىن ھوزۇرلىنىش بىلەن ئالدىراشتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿***شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېئمەت ئىچىدىدۇر. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ***﴾(36/«ياسىن»: 55، 56)، ﴿***ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. (ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال - خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ)***﴾(43/«زۇخرۇف»: 69، 70).

بىز يۇقىرىدا «مۇئمىننىڭ دۇنيادىكى ئايالى جەننەتتىمۇ ئايالى بولىدۇ» دېدۇق. لېكىن، دۇنيادا ئايال كىشىنىڭ ئىككى قېتىم ياتلىق بولغانلىقتىن ئىككى ئېرى بولغان بولسا، ئاخىرەتتە بۇلارنىڭ

**ھەممىسى جەننەتكە كىرگەن بولسا، بۇ ئايال ئۇ ئىككى ئەرنىڭ قايسىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ؟**

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا بىر ئايالنىڭ دۇنيادا ئىككى ئېرى بولۇپ، ئۇ ئايال ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئېرى ھەممىسى جەننەتكە كىرسە، بۇ ئايال قايسىسىنىڭ بولىدۇ؟ ئالدىنقىسىغىمۇ ياكى كېيىنكىسىگىمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ زات:**

**- ئۇ ئايالغا ئىككىسىدىن دۇنيادا ئۇ ئايالغا ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتا بولغىنىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. ئۇ جەننەتتىمۇ ئېرى بولىدۇ، - دېدى. ئاندىن: «ئى ئۇممۇ ھەبىبە! گۈزەل ئەخلاق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خەيرلىكلىرىنى ئېلىپ كەتتى» دېدى[1].**

**ۋاپا**

**ئەر - ئايالنىڭ دۇنيادا تائەتتە ھەمكارلىششى ئىككىسىنى جەننەتتە خاتىرجەم ھالەتتە جەم قىلىدۇ.**

(1) بەززار (6631). ئالبانىي: («زەئىفۇتتەرغىب»، 1604) «مۇنكەر» دېگەن. (بىرلا ئەرگە تەگكەن ۋە شۇ ئەرنىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ ۋاپات بولغان ئايال ئېرىمۇ جەننەتكە كىرسە ئېرىگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك. بىرنەچچە ئەرگە تەگكەن ئايالغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرگەن ئەھۋالدا: «ئەرلىرىدىن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىقىغا تەئەللۇق بولىدۇ» دېگەن قاراشمۇ، «بىرىنى تاللايدۇ» دېگەن قاراشمۇ، يەنە «ئەڭ ئاخىرى تەگكەن ئېرىگە تەئەللۇق بولىدۇ» دېگەن قاراشمۇ بار. ئاخىرقى قاراش ئەڭ كۈچلۈكتۇر. قاراڭ: قۇرتۇبىي: «**التذكرة فى أحوال الموتى وأمور الآخرة**»، 560 - بەت — ت.)

## جەننەتنىڭ بازىرى

جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى ۋە تۈرلۈك خۇشاللىقلىرى بەك كۆپتۇر. ئۇ نېئمەتلەر بولسا تۈرلۈك تائاملار، ئىچىملىكلەر، كىيىملەر، مۇڭدىشىشلار، خۇشاللىقلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلاردۇر. جەننەت ئەھلى بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتتا ھەر كۈنى يېڭى بىر نېئمەتنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. بۇ نېئمەتلەرنىڭ قاتارىدىن جەننەتنىڭ بازىرىدۇر.

- ئۇنداقتا جەننەتنىڭ بازىرى دېگەن نېمە؟
- ئۇ بازاردا نېمىلەر سېتىلىدۇ؟
- جەننەتتە ئۆزلىرى خاھلىغان نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنالايدىغان تۇرسا، ئۇ بازارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

ئىنساندا نېئمەتلەر قانچە مول بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە مەنىلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ جەننەتتە بازارنى ياراتتى. چۈنكى، بەزى ئىنسانلار بازارغا بېرىش ۋە بازاردىكى نەرسىلەرنى كۆرۈش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

### جەننەتنىڭ بازىرىنىڭ گۈزەللىكى

جەننەتنىڭ بازىرى كۆڭۈللۈكلۈكى، گۈزەللىكى ۋە تىزىلغان نەرسىلەرنىڭ تۈرى جەھەتتە دۇنيانىڭ بازارلىرىغا ئوخشاش ئەمەستۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: **«ھەقىقەتەن، جەننەتتە بىر بازار بار بولۇپ، ئەھلى جەننەت ھەر جۈمە كۈنى شۇ يەرگە يىغىلىدۇ. شىمال شامىلى كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە كىيىملىرىگە خۇشبۇي چاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھۆسن - جامال قوشۇلغان ھالدا ئاياللىرىغا قايتىدۇ. ئاياللىرى ئۇلارغا:**

**– ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بازارغا بارغاندىن كېيىن ھۆسن - جامالىڭلار تېخىمۇ ئېشىپتۇ، – دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئاياللىرىغا:**

**– ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەرنىڭمۇ**

ھۆسن - جامالىڭلار تېخىمۇ ئېشىپتۇ، ــ دەيدۇ»[1].

مانا بۇ جەننەتنىڭ بازىرى بولۇپ، خۇددى دۇنيادا ئىنسانلار بازارغا يىغىلغاندەك، جەننەت ئەھلىمۇ جەننەتنىڭ بازىرىغا يىغىلىدۇ.

جەننەتنىڭ شامىلى شىمال تەرەپتىن چىقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەرەب دىيارىدا شىمال شامىلى يامغۇر شامىلىدۇر. بۇ شامال شام تەرەپتىن چىقىدىغان ۋە يامغۇرنىڭ بولۇتنى ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار شىمال شامىلىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭلاشقا جەننەت ئەھلىگە شىمال شامىلى چىقىپ، ئۇلارغا جەننەت زېمىنىدىكى مىشكى - ئەنبەرنى توزىتىدۇ.

## جەننەت ئەھلى سودا - سېتىق قىلىشنى سېغىنىدۇ

جەننەتنىڭ بازىرىدا كۆپ خۇشاللىقلار بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى بۇ بازارنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭغا:

– مەن ئاللاھتىن سەن بىلەن جەننەت بازىرىدا ئۇچرىشىشىمنى تىلەيمەن، ــ دېگەنىدى، سەئىد:

– جەننەتتە بازار بارمۇ؟ ــ دېدى.

– ھەئە، بار. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا خەبەر بەردىكى: ‹جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەنلىرىدە، ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىلىرىگە قاراپ ئورۇنلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ دۇنيا كۈنلىرىدىن جۈمە كۈنىدىكىدەك بىر كۈندە پەرۋەردىگارىنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۇ كۈندە ئاللاھنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئەرشىنى كۆرسىتىپ، جەننەت باغچىلىرىدىن بىرىدە ئۇلارغا ئايان بولىدۇ. ھەم ئۇلارغىمۇ نۇردىن، مەرۋايىتتىن، ياقۇتتىن، گۆھەردىن، ئالتۇندىن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان مۇنبەرلەر قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرىجىدە ئەڭ تۆۋىنىمۇ ــ ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋىنى يوقتۇر

(1) مۇسلىم (2833).

– ئىپار ۋە كافۇر دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلار تۇرغان جاينىڭ ئېسىللىكىدىن مۇنبەر ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىدىن سورۇن جەھەتتە ئەۋزەل دەپ قارىمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى: «مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىز رەببىمىزنى كۆرەمدۇق؟ – دېگەنىدىم، ئۇ زات:

– شۇنداق، تولۇن ئاينى بۇلۇتسىز ئاسماندا كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟ – دېدى. مەن:

– ياق، – دېسەم، ئۇ زات دېدى:

– شۇنىڭدەك پەرۋەردىگارىڭلارنى كۆرۈشتىن گۇمانلانمايسىلەر (شەكسىز كۆرىسىلەر)، ئۇ سورۇندا ئاللاھ تائالا بىۋاسىتە خىتاب قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىگە: ‹ئى پالانى! سەن مۇنداق، مۇنداق ئەمەللەرنى قىلغان كۈنۈڭنى ئەسلىيەلەمسەن؟› دەپ ئۇنىڭغا دۇنيادىكى بەزى سەت ئىشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ كىشى: ‹ئى رەببىم! سەن مېنى مەغفىرەت قىلمىغانمىدىڭ؟› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹شۇنداق، مېنىڭ مەغفىرىتىمنىڭ بەكمۇ كەڭلىكىدىن سەن شۇ ماقامغا ئېرىشتىڭ› دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق سۆھبەت قىلىشىۋاتقان چاغدا، ئۈستىدىن بىر بۇلۇت قاپلايدۇ ۋە ئۇلارغا ناھايىتى ئېسىل خۇشپۇراق ياغدۇ. بۇنداق پۇراقنى ئۇندىن بۇرۇن ھېچكىم پۇراپ باقمىغان ئىدى. ئاندىن نامى ئۇلۇغ ئاللاھ: ‹مەن سىلەرگە تەييارلاپ قويغان بۈيۈك ئىززەت - ئىكرامدىن كۆڭلۈڭلار تارتقاننى ئېلىڭلار› دەيدۇ. ئاندىن ئەتراپىنى پەرىشتىلەر قاپلاپ كەتكەن بىر بازارغا بارىمىز. ئۇنداق بازارنى كۆزلەر كۆرۈپ، قۇلاقلار ئاڭلاپ، قەلبلەرمۇ خىيال قىلىپ باقمىغان. بىزگە كۆڭلىمىز تارتقان نەرسىلەر يۆتكىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ بازاردا بىرنەرسە سېتىلمايدۇ ۋە سېتىۋېلىنمايدۇ. ئۇ بازاردا جەننەت ئەھلى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى ئۆزىدىن تۆۋەن مەرتىۋىلىك كىشى بىلەن ئۇچرىشىدۇ – ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەن يوقتۇر – ۋە تۆۋەن مەرتىۋىلىك كىشى ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان لىباسىدىن ھەيران قالىدۇ. لېكىن سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى كىيىممۇ ئۇنىڭكىدىن ئېسىل كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. بۇنداق بولۇشى جەننەتتە ھېچكىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاندىن تۇرالغۇلىرىمىزغا قايتىمىز. ئاياللىرىمىز بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ: ‹خۇش

كېلىپسىز! قارشى ئالىمىز! بۇ يەردىن كەتكەن ۋاقتىڭىزدىكىدىنمۇ كېلىشكەن، تېخىمۇ خۇش پۇراق بولۇپ قايتىپ كەپسىز› دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹ھەقىقەتەن، بىز بۈگۈن رەببىمىز جاببار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇق، شۇ سەۋەبتىن بىزگە مۇشۇنداق قايتىپ كېلىشىمىز لايىق بولدى› دەيدۇ»[1].

## بىلىم

**پەرۋەردىگارىمىز ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك نەرسىلەرنى كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنىمۇ تۈرلۈك قىلىپ بەردى.**

(1) ئىبنى ماجە (4336). ئالبانىي: («زەئىفۇ ئىبنى ماجە»، 947) «زەئىف» دېگەن.

# مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى

جەننەت ئەھلى كۆڭۈللىرى تارتقان نەرسىلەردە ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىدا ھەرخىل بولىدۇ. ئۇلار ئۆچۈن جەننەتتە كۆڭۈللىرى تارتقان، كۆزلىرى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە كۆڭۈللىرىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەر بار.

- ئۇنداقتا ئۇلار دۇنيانى ئەسلىشەمدۇ؟
- ئۇلارنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولغان تونۇشلىرىنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟
- ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پاراڭلىرى قانداق بولىدۇ؟

جەننەت ئەھلى ئۆچۈن نۇرغۇن سورۇنلار بار بولۇپ، ئۇلار بۇ سورۇنلاردا خاھلىغىنى بويىچە پاراڭلىشىدۇ. بەزىدە دۇنيادىكى چاغدا بىر - بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى، بىر - بىرىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە پەرۋەردىگارىغا قىلىشقان دۇئالىرىنى ئەسلىشىدۇ. ئۇلار يەنە دوزاخ ئەھلىنى ئەسلىشىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا ھەمد ئېيتىشىدۇ.

### دوست ۋە ئۇنىڭ دوستىنىڭ قىسسىسى

جەننەت ئەھلى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىنى زىيارەت قىلىشىدۇ ۋە دۇنيادا بىر - بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى ئەسلىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزئارا سۆزلىشىپ، ئۇنس - ئۈلپەتتە بولۇشىدۇ ۋە دۇنيادىكى چاغدا ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بىرمۇنچە ئىنسانلار توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئۇلار كرېسلولارغا يۆلەنگەن ۋە تۈرلۈك نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغان ھالدا بىر - بىرىدىن دۇنيادىكى چاغدىكى ئەھۋاللىرىدىن سورىشىدۇ. ھەتتاكى بۇ سۆزلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە، جەننەتتىكى نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان مۇئمىنلەرنىڭ بىرى دۇنيادىكى چاغدا ئۆزى بىلەن بىللە يۈرگەن بىر كىشىنى ئەسلەيدۇ. بۇ كىشى بولسا ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان

ۋە ئۇنى ئاللاھقا ئۇچرىشىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرگەن كىشى ئىدى. بۇ مۆئمىن باشقا مۆئمىن بۇرادەرلىرىگە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ناچار ھەمراھى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھالەتنى سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: ﴿***ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر - بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇ (ماڭا) ‹سەن (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلۈشكە) ھەقىقىي ئىشىنەمسەن. بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) ھېساب بېرەمدۇق؟› دەيتتى»***﴾[37/«ساففات»: 50 – 53].

بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بۇ كىشىنىڭ جەننەتتە ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ ۋە مۆئمىنلەر بىر - بىرىگە ئۇ كىشىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، دوزاخقا قاراپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿***ئۇ (بۇرادەرلىرىگە): «سىلەر ئۇنى (يەنى دوستۇمنى) كۆرەمسىلەر؟» دەيدۇ***﴾[37/«ساففات»: 54] دېگەن.

### ئۇنىڭ دوستىنىڭ ھالى

ئۇ مۆئمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دوزاخقا قارىغان چاغدا، ئۇ كىشىنىڭ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ تۇرغانلىقىنى، كۆيۈۋاتقانلىقىنى، ۋارقىراۋاتقانلىقىنى، ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، ھېچقانداق بىر ياردەم قىلغۇچىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەتراپىدا نۇرغۇن ئوتتىن بولغان يىلانلارنىڭ تۇرغانلىقىنى ۋە قىزىق تاشلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿***ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كافىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ***﴾[37/«ساففات»: 55] دېگەن.

شۇنداق، ئۇ دوستىنى دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا رەڭگى قارىداپ كەتكەن، تېرىلىرى سويۇلۇپ كەتكەن ۋە قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان ھالەتتە كۆرىدۇ. بۇ بولسا ھەددىدىن ئاشقان، ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغان ئىنسانلارنىڭ جازاسىدۇر. بۇ ۋاقىتتا مۆئمىننىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولىدۇ ۋە دۇنيادا بۇ ناچار دوستىغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ئەگەشمىگەنلىكىگە قارىتا ئاللاھقا ھەمد ئېيتىدۇ. شۇنداقلا مۆئمىن بۇ ئازغۇن ھەمراھىنى مالامەت قىلىشقا

باشلايدۇ ۋە ئاللاھقا ئۆزىنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلاپ قالغانلىقىغا قارىتا ھەمد ئېيتىدۇ. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئەلبەتتە مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاختا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم. تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق؟ بۇ (يەنى ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېئمەت) ھەقىقەتەن زور بەختتۇر. ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن﴾(37/«ساففات»: 56 – 61).

شۇنداق، بۇ مۇئمىن ئۇ ئازغۇن ھەمراھىنىڭ كۇفرىلىقىغا ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئەگەشكەن بولسا، ئەلبەتتە ئۇنىڭ بىلەن دوزاختا ھازىر قىلىنغان بولاتتى.

### پۇرسەت

**ھايات قايتا كەلمەيدىغان بىر پۇرسەتتۇر. شۇڭا، ئۇنى ناچار ھەمراھ بىلەن زايە قىلىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلە.**

## مۇئمىنلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى

ئاخىرەتتە ئاللاھنى كۆرۈش ئەڭ چوڭ مۇكاپات، كاتتا نېئمەت ۋە چوڭ غايە - نىشاندۇر. جەننەتتىكى ھەرقانداق نېئمەت، ئەگەر ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش نېئمىتى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، كىچىك نېئمەت بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھتىن بىزگە ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرۈش نېئمىتىنى نېسىپ قىلىشنى سورايمىز.

- **ئۇنداقتا مۇئمىنلەر پەرۋەردىگارىغا قاچان قارايدۇ؟**
- **ئاللاھنى كۆرىدىغانلىقنىڭ دەلىللىرى نېمە؟**
- **مۇئمىنلەرنىڭ ئۇ چاغدىكى لەززىتى قانداق بولىدۇ؟**

ئاللاھ تائالا ئىتائەتمەن ۋە تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھنى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: ﴿***ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ***﴾(10/«يۇنۇس»: 26)، ﴿***بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ***﴾(75/«قىيامەت»: 22، 23).

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى: «**جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە، ئاللاھ: ‹يەنە باشقا بىر نەرسە بېرىشىمنى خاھلامسىلەر؟› دەيدۇ. ئۇلار: ‹يۈزىمىزنى يورۇق قىلمىدىڭمۇ! دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ! (بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە نېمىنى تىلەيتتۇق)› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەردە ئېچىۋېتىلىدۇكى.[1] ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارى ئەززە ۋەجەللەگە قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر نېئمەت ئاتا قىلىنمىغان بولىدۇ**». ئاندىن نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿***ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم - قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە***

(1) يەنى پەرۋەردىگارىمىز ئۆزىنىڭ مۇبارەك، ئۇلۇغ جامالىدىن پەردىنى ئېچىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر ئۇ زاتقا قارايدۇ.

**مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾**(«يۇنۇس»: 10/26)[1].

## ئەسھابلەر ئاللاھنى كۆرۈش ھەققىدە سورايتتى

ئەسھاب كىراملەر مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرى ۋە سالىھلەرنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر. ئاللاھنى سۆيۈش ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە توشۇپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ مەنۋىيىتىنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئۇممەتنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىل، ئەقىدىسى ئەڭ ساپ ۋە ئىبادىتى ئەڭ كۆپ بولغان سەرخىللىرىدۇر.

ئەسھابلەردىن بىرى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەمدۇق؟ - دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

**- تولۇن ئاينى بۇلۇتسىز ئاسماندا كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟** - دېدى.

**- ياق، ئى رەسۇلۇللاھ!**

**- بۇلۇتسىز ئاسماندا كۈننى كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟**

**- ياق، ئى رەسۇلۇللاھ!**

**- رەببىڭلارنى ئەنە شۇنداق ئېنىق كۆرۈسىلەر»**[2].

يەنى سىلەر ئاللاھنى ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالەتتە ئوچۇق كۆرۈسىلەر، بۇ كۆرۈشتە بىر - بىرىڭلار بىلەن قىستىلىشىپ قالمايسىلەر ۋە سىقىلمايسىلەر.

جەننەت ئەھلى جەننەتتە تۈرلۈك نېئمەتلەر، ئۈنس - ئۈلپەتلەر، مۇڭدىشىشلار ۋە ئەڭ كاتتا نېئمەت بولغان ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراش بىلەن بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار ئاللاھنىڭ جامالىغا قاچان قارايدۇ؟

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ: ***﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە زىيادىگە (ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە) نائىل***

---

(1) مۇسلىم (181).

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (806)؛ مۇسلىم (182).

بولىدۇ﴾ [«يۇنۇس»: 26/10] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ دېدىكى: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرسە، بىر نىدا قىلغۇچى: ‹ئى جەننەت ئەھلى! ھەقىقەتەن، سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىر ۋەدىسى بار بولۇپ، ئۇ ۋەدىسىنى سىلەرگە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىرادە قىلىدۇ› دەيدۇ. ئۇلار: ‹ئۇ قايسى ۋەدە؟ ئاللاھ بىزنىڭ تارازىلىرىمىزنى ئېغىر قىلمىدىمۇ؟ يۈزلىرىمىزنى يورۇق قىلمىدىمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزمىدىمۇ؟ ۋە بىزنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرمىدىمۇ› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا پەردە ئېچىۋېتىلىدۇ ۋە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئۇلارغا تەجەللى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەرۋەردىگارىغا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر نېمەت ئاتا قىلمىغان بولىدۇ بۇ ئاللاھنىڭ سۆزىدىكى: ‹زىيادە›دۇر»[1].

## ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئاللاھنى كۆرۈش

ئاللاھ جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئۇلاردىن رازى بولۇشى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى نېمەتنى جەملەيدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «ئاللاھ تەبارەكە ۋەتائالا جەننەت ئەھلىگە: ‹ئى جەننەت ئەھلى!› دېسە، ئۇلار: ‹خوش، ئى رەببىمىز! تائىتىڭگە تەييارمىز› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹رازى بولدۇڭلارمۇ؟› دېسە، ئۇلار: ‹مەخلۇقلىرىڭدىن ھېچبىرىگە ئاتا قىلمىغاننى بىزگە ئاتا قىلغان تۇرساڭ، نېمىشقا رازى بولمايدىكەنمىز؟› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلنى بېرىمەن› دەيدۇ. ئۇلار: ‹ئى رەببىمىز! ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل قايسى نەرسە ئۇ؟› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹سىلەرگە رازىلىقىمنى چۈشۈرىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە مەڭگۈ غەزەب قىلمايمەن› دەيدۇ»[2].

## ناماز ئوقۇغانلار ئاللاھنى كۆرۈشكە ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىگە ھەر ۋاقىت ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنى بۇنىڭغا قىزىقتۇراتتى. شۇنداقلا «بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى داۋاملىق ئوقۇغان كىشى ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە

---

(1) ئەھمەد (18961). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6549)؛ مۇسلىم (2829).

لايىق بولۇر» دەپ بايان قىلىپ بەرگەندى.

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بىز نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ زات تولۇن ئايغا بىر قارىۋېتىپ دېدىكى: **‹سىلەر چوقۇم پات ئارىدا رەببىڭلارنى خۇددى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك، ھېچقانداق توسالغۇسىز ئوچۇق - ئاشكارا كۆرىسىلەر، شۇڭا كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان نامازنى (باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماي) ۋاقتىدا ئوقۇيالايدىغان بولساڭلارلا چوقۇم شۇنداق قىلىڭلار!»**[1].

يەنى بۇ ئىككى نامازنىڭ ۋاقتىدا ئۇخلاپ قېلىپ ياكى بۇ نامازلارغا سەل قاراپ قازا قىلماي، ۋاقتىدا ئوقۇيالايدىغانلا بولساڭلار شۇنداق قىلىڭلار.

## ئاللاھنى كۆرۈش جەننەتتىكى نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بىنا قىلىنغانلىقىنى، بۇ بىنانىڭ گۈزەللىكىنى ۋە كۆركەملىكىنى سۈپەتلەپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ ئېسىل نېئمەت ۋە خۇشاللىقلار بىلەن بىرگە يەنە ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراش بىلەن تېخىمۇ خۇشاللىقنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇ زات ئېيتتىكى: **«قاچا - قۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت بار، يەنە قاچا - قۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار، ئەدن جەننىتىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ جامالىغا قارىشىغا پەقەت ئاللاھنىڭ زاتىدىكى ئۇلۇغلۇق رىداسىلا پەردە بولۇپ تۇرىدۇ»**[2].

ئاللاھتىن بىزنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم

---

(1) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (554)؛ مۇسلىم (633). بەدر كېچىسى ھىجرىيە ئېيى بويىچە ھەر ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كېچىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېچىدە ئاي تولۇق تولغان بولىدۇ. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ناماز بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4878)؛ مۇسلىم (180).

قىلماسلىقىنى سورايمىز، ئامىن.

## جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن بولغىنى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ جامالىنى ئەتىگەن - ئاخشامدا كۆرۈپ تۇرىدۇ

جەننەت ئەھلى دەرىجە جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېئمەت بەزىلىرىنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىسى شۇنداق بىر ئادەمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى جايلاردا ۋە كارىۋاتلىرىدا مىڭ يىل ماڭىدۇ. ئۇ بۇ جايلىرىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىنى كۆرگەندەك، ئەڭ يىراق يېرىنىمۇ كۆرىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكىسى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا پەرۋەردىگارىنى كۆرىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﴿*بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ*﴾(75/«قىيامەت»: 22، 23) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى»[1].

### لەززەت

**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر جەننەتلەردە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش بولمىغان بولسا، بۇ جەننەتلەر ئارىفلەرگە گۈزەل بولمىغان بولاتتى.**

(1) تىرمىزىي (2553). ئالبانىي: («زەئىفۇتتىرمىزىي»، 2553) «زەئىف» دېگەن.

# جەننەت ئەھلىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى

جەننەتتە كۆڭۈل تارتقان ۋە كۆزلەر كۆرۈپ لەززەتلىنىدىغان جىمى نېئمەتلەر بار بولۇپ، بەندە جەننەتتە نېمىنى ئارزۇ قىلسا ۋە نېمە كۆڭلىگە كەچسە، ئۇ نەرسە شۇ ھامان ئالدىدا بولىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە ھۇزۇرلىرى ھەر خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە:

## يەر تېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى

ئىنسان دۇنيادا تۇرمۇشنى قامداش ۋە بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن، يەر تېرىش ۋە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش بىلەن كۆپ جاپالارنى تارتىدۇ. ئەمما، جەننەتتە بولسا كۆپ باغلار، ئۆستەڭلەر، زىرائەتلەر ۋە ئېسىل ئورۇنلار بار بولۇپ، يەر تېرىشقا ئېھتىياج يوقتۇر.

**لېكىن، جەننەتتە بىر كىشى يەر تېرىشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. بىر كۈنى نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىگە سۆزلەۋاتقىنىدا، يېنىدا بىر ئەئرابىي بار ئىدى. ئۇ زات دېدى: «جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى ئاللاھتىن زىرائەت تېرىشقا ئىجازەت سورىغاندا[1]، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹جەننەتتە سېنىڭ خاھلىغىنىڭ بارغۇ؟› دېگەنىدى، ئۇ كىشى: ‹ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەن زىرائەت تېرىشنى ياخشى كۆرىمەن› دېدى. (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەندە،) ئۇ كىشى يەر تېرىۋىدى، كۆزنىڭ زىرائەتلەر پىشىپ ئورۇلۇپ، بەئەينى تاغلاردەك بولۇپ كەتكەنلىكى كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! بۇنى ئالغىن، سېنى ھېچنەرسە تويغۇزالمايدۇ› دەيدۇ». بۇنى ئاڭلىغان يېنىدىكى ئەئرابىي كىشى: «ئاللاھ بىلەن**

(1) يەنى جەننەتتىكى بۇ كىشى جەننەت زېمىنىنىڭ مۇنبەت ۋە جەننەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە سۇلارنىڭ ئېقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇددى دۇنيادىكى چاغدا دېھقانچىلىق قىلغاندەك، پەرۋەردىگارىدىن دېھقانچىلىق قىلىشقا ئىجازەت سورايدۇ.

قەسەمكى، ئۇ ئادەمنىڭ قۇرەيشلىك ياكى ئەنسارىيدىن باشقىسى ئەمەسلىكىنى كۆرسەن. چۈنكى، ئۇلار زىرائەتچى خەلق، ئەمما بىز زىرائەتچى ئەمەسمىز»[1] دېۋىدى، نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كەتتى[2].

## جەننەت ئەھلىنىڭ بەزىلىرى پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ

جەننەتتە ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ مۆئمىن بالىلىرىنى قوشۇپ بېرىپ، ئۇنى كاتتا خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان بولسىمۇ، بىراق يەنە جەننەتتە بەزى مۆئمىنلەر پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان مۆئمىنگە ئاللاھ بىر سائەتتە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئايالى بىر سائەتنىڭ ئىچىدە ھامىلىدار بولۇپ تۇغۇپ بولىدۇ. قورساق كۆتۈرۈش ۋە تۇغۇتنىڭ مۇشەققەتلىرىنى تارتمايدۇ. نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«مۆئمىن جەننەتتە پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغىنىدا، ئۇنىڭ بالىغا قورساق كۆتۈرۈشى، تۇغۇشى ۋە ئۇ بالىنىڭ يېشىغا توشۇشى، ئارزۇ قىلغاندىكىدەك، بىر سائەتتىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ»** دېگەن[3].

### قۇدرەت

**جەننەت تولۇق باياشاتلىق بولغان بىر جاي بولۇپ، ھەممە نەرسىگە قادىر پەرۋەردىگارىمىز جەننەتتە بەندىلىرىگە كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنى بېرىدۇ.**

(1) يەنى ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئاھالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەسپى دېھقانچىلىق قىلىش ئىدى. ئەمما، ئەئرابىيلار سەھرالاردا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەسپى قوي ۋە تۆگىلەرنى بېقىش ئىدى.

(2) بۇخارىي (2348).

(3) ئىبنى ماجە (4338). ئالبانىي: («سەھىھۇ ئىبنى ماجە»، 3500) «سەھىھ» دېگەن.

# ئۆلۈمنى بوغۇزلاش

جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە تىخمۇ قىزىقتۇرۇپ، جەننەت نېئمەتلىرىدىن يەنىمۇ كۆپ ھالاۋەت تاپقۇزىدىغان ئامىللاردىن بىرى جەننەتتە ئەبەدىي ياشاشتۇر. ئۇلار ئۆلمەيدۇ ۋە يوقىمايدۇ، ھەتتا ئۇلارغا نە غەم - غۇسسە، نە كېسەللىك دارىمايدۇ.

- ئۇنداقتا ئۇلار جەننەتتە قانداق مەڭگۈ قالىدۇ؟
- ئۆلۈمنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟

بەندىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېئمەتتىن ھۇزۇرلىنىشىغا دەخل قىلىدىغان ئىشلاردىن بىرى، ئۇنىڭ گاھىدا بۇ نېئمەتنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ياكى ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قېلىشىدۇر. بۇ دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ ھالى بولۇپ، قانچىلىك چوڭ بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر نېئمەت ھامىنى يوقىلىدۇ.

ئەمما، جەننەتنىڭ نېئمىتى بولسا مەڭگۈ يوقالماس دائىملىق نېئمەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿***ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رىزاسى باردۇر». ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر***﴾(3/«ئال ئىمران»: 15).

### جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتە مەڭگۈ قالىدىغانلىقى

جەننەتىيلەرنىڭ جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشى جەننەتتىن چىقماسلىقى ۋە ئۆلۈپ كەتمەسلىكىدىن ئىبارەتتۇر. ھەقتائالا ئېيتۇر: ﴿***ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى***

**تەرىپىدىن بولغان مەغفىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾**(3/«ئال ئىمران»: 136).

شۇنداق، ئاللاه بىلەن قەسەمكى، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجرى نېمىدېگەن ياخشى!

ئاللاه تائالا يەنە ئېيتۇر: **﴿سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان - زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خاھلىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾**(11/«هۇد»: 108).

**نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «كىمكى جەننەتكە كىرسە، مەڭگۈ ياشايدۇ، ئۆلمەيدۇ. نازۇ - نېئمەتكە ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ، مەڭگۈ بەختسىز بولمايدۇ. كىيىملىرى كونىرىمايدۇ ۋە ياشلىقى يوقالمايدۇ»[1]. يەنە ئېيتىدۇ: «بىر نىدا قىلغۇچى دەيدۇكى: ‹سىلەر مەڭگۈ ياشايسىلەر، ئۆلمەيسىلەر. ساغلام بولىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولمايسىلەر. ياش تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر. سىلەر نازۇ - نېئمەتتە، بەخت - سائادەتتە چۆمىسىلەر. مەڭگۈ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر›. مانا بۇ ئاللاھنىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكلىرىنى ئېلىپ تاشلىدۇق (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولمايدۇ). ئۇلارنىڭ (سارايلىرى) ئاستىدىن (جەننەتنىڭ) ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېئمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاه بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارغا: «قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ)﴾**(7/«ئەئراف»: 43) **دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر[2].**

---

(1) ئىبنى ئەبىددۇنيا: «سىفەتۇجەننەتى»، (12). ئالبانىي: («سەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 3713) «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن.

(2) مۇسلىم (2837).

## ئۆلۈمنى بوغۇزلاش

ئۆلۈم كىچىككىمۇ كېلىپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. تىجارەتچىگىمۇ كېلىپ، تىجارىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بىتابقىمۇ كېلىپ، كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلىدۇ. دېمەك، ئۆلۈم ھەممىگە كېلىدۇ. چوڭ - كىچىك، باي - كەمبەغەل ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆلۈم بىر ئىشىكتۇركى، بارچە ئىنسان بۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ. ئۆلۈم بىر نېئمەتتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان كىشىنىڭ يېنىدا تىلغا ئېلىنسا، ئۇ كىشىگە شۇ نېئمەتنىڭ ھۇزۇرىنى ئازلىتىپ قويىدۇ. ئۆزئارا مۇڭدىشىپ، ئۆلپەتلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدا تىلغا ئېلىنسا، بۇ ئۆلپەتلىشىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما، جەننەتتە بولسا ئۆلۈم يوقتۇر.

نەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: «دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىپ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگۈزۈلگەندە، ئۆلۈم بەئەينى ئالا قوچقارغا ئوخشاش ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاندىن بىر نىدا قىلغۇچى: ‹ئى جەننەت ئەھلى! بۇنى تونۇمسىلەر؟› دەيدۇ. جەننەت ئەھلى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ئۆلۈمنى كۆرگەن ئىدى. ئۇلار: ‹شۇنداق تونۇيمىز، بۇ ئۆلۈمدۇر› دەيدۇ. ئاندىن يەنە ئۇ نىدا قىلغۇچى: ‹ئى دوزاخ ئەھلى! بۇنى تونۇمسىلەر؟› دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسى ئىلگىرى ئۆلۈمنى كۆرگەن ئىدى. ئۇلار: ‹شۇنداق تونۇيمىز، بۇ ئۆلۈمدۇر› دەيدۇ. ئاندىن ئۆلۈم تۇتۇلۇپ بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن ھېلىقى نىدا قىلغۇچى يەنە: ‹ئى جەننەت ئەھلى! مەڭگۈ ياشاش بار، ئۆلۈم يوقتۇر. ئى دوزاخ ئەھلى! مەڭگۈ ياشاش بار، ئۆلۈم يوقتۇر› دەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ: ﴿*ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر*﴾(19/«مەريەم»: 39) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر»[1].

ھايھات! جەننەت ئەھلىنىڭ خۇشال - خۇراملىقى ۋە ھۇزۇر -

(1) نەسائىي: «ئەسسۇنەنۇلكۇبرا»، (11254). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 522) «سەھىھ» دېگەن.

ھالاۋىتى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ غەم - قايغۇسى، يىغا - زارى، ھەسرەت - نادامىتى ۋە ئازاب - ئوقۇبىتىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ - ھە!

## كۆرۈش

**جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى مەڭگۈ قېلىشىغا ئىشەنچىسىنىڭ ئېششى ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ بوغۇزلانغانلىقىنى ئەينەن كۆرىدۇ.**

# خاتىمە

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، دۇرۇد ۋە سالاملار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئەسھابلىرىگە بولسۇن. سۆزىمىزگە كەلسەك:

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، قەلبنىڭ ھەقىقىي بويسۇنغان ھالدا ئاللاھقا يۈزلىنىشىدۇر ۋە بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى سۆيۈشنى ۋە ئۇ زاتقا ئىبادەت قىلىشنى ھاسىل قىلىشىدۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئاللاھقا **شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)» ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ**﴾[(39/«زۇمەر»: 9)].

كىشىنىڭ ئاخىرەتكە جەزمىي ئىشىنىشى ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنى ھەمدە ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلىشى ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردا تەۋرەنمەي تۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئۇشبۇ مەقسەتتە بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. ئۇنىڭدا «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن مەزمۇنلارغا چىڭ ئېسىلدىم.

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا بىزنى ئەڭ كۆپ چارچاتقان ئىشلاردىن بىرى، مۇناسىپ رەسىم ۋە لايىھەلەرنى تاللاش بولدى. بۇنداق بولۇشى بۇ كىتاب جەننەت، دوزاخ، پىلسىرات ۋە تارازا قاتارلىق غەيب ئىشلار ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ بىز كۆرۈپ باقمىغان ۋە مۇئەييەن شەكىل ياكى رەسىملەر بىلەن ئىپادىلىيەلمەيدىغان مەزمۇنلاردۇر. شۇنداقتىمۇ بىز شەرئىي پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلغان ۋە كىتابنىڭ ئېسىللىكىگە

**تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا مۇناسىپ رەسىملەرنى قويدۇق[1].**

**ئەگەر بىرەر ئەيىب - نۇقسانىنى كۆرسىڭىز، تۈزۈتۈپ چۈشەنگەيسىز. دەرۋەقە پەقەت ۋە پەقەتلا ئۇلۇغ ئاللاھلا ئەيىب - نۇقساندىن پاكتۇر.**

**ئاللاھتىن بۇ كىتاب بىلەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت بېرىشىنى ۋە پېقىر كىتابىدىن بەزى مەلۇماتلارنى كۆچۈرۈپ ئالغان قېرىنداشلىرىمغا ياخشى مۇكاپات بېرىشىنى سورايمەن. ئامىن[2].**

**دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەرىيفي**

**رىياد**

**ھ. 1432، 9 - زۇلھەججە / م. 2011، 5 - نويابىر**

**تاماملاندى.**

---

(1) غەيبىياتقا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن ئىپادىلەشنى نامۇناسىپ دەپ قاراپ، كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە رەسىملەر چىقىرىۋېتىلدى — ت.

(2) ئۇستاز ئەلى ئىبنى نايىف ئەششەھۇدنىڭ «**نعيم الجنة وعذاب النار في القرآن والسنة**» دېگەن كىتابىدىن «جەننەت» ۋە «دوزاخ» تېمىسىدا كۆپ پايدىلاندىم.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ رۈكنىلىرىدىن بىرىدۇر. كىمكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشنى ۋە ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقنى يالغانغا چىقارسا، ئۇلۇغ ئاللاھقا كافىر بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: ﴿زالىملار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ﴾ (7/«ئەئراف»: 45) دېگەن.

- ئۇنداقتا ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟
- ئۆلۈم دېگەن نېمە؟
- قەبردە نېمىلەر بولىدۇ؟
- ھەۋز دېگەن نېمە؟ تارازا دېگەن نېمە؟
- پىلسىرات دېگەن نېمە؟ نامەئى ئەئماللەر دېگەنچۇ؟
- جەننەت ۋە دوزاخنىڭ سۈپىتى قانداق؟
- ئاخىرەتتىكى ئاجايىب ئىشلار قايسىلار؟ ئاخىرەتتە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟
- ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىمىزنى قاچان كۆرىمىز؟

خوش ئۇنداقتا ئاخىرەت دۇنياسى ھەققىدىكى سەپىرىمىزگە ئاتلىنايلى!

ISBN 978-1-959397-94-6
9 781959 397946 >

ساپىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى